مەھمۇت شاكىر

# ئىزباسار تۆت خەلىپە

(خۇلەپائىر راشىدىن)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# خلفاء الراشدين

محمود شاكر

تەرجىمە قىلغۇچى:
سابىرجان
بەتچىك:
ئا.روزى توختى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە

تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىگە ئومۇمىي نەزەر ........ 14
خەلىپىلىك ۋە بەيئەت ئۆتكۈزۈلۈشى ........ 24
ھەزرىتى ئەبۇبەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ........ 32
ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى ھاياتى ........ 36
ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكى ........ 58
ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى ........ 58
ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەتلىرى ۋە فەتىھلىرى ........ 72
زەيد ئىبنى ئۇسامە قوشۇنى ........ 75
مۇرتەدلەر (ئىسلامدىن يېنىۋالغانلار) گە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر ........ 79
ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن فەتىھلەر ........ 93
ئىران سەپىرى ........ 94
شام (سۇرىيە) نىڭ فەتىھ قىلىنىشى ........ 100
پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدىكى جەمئىيەتكە بىر نەزەر ........ 118
ھەزرىتى ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ........ 124
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھاياتى ........ 124
ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەر ........ 161
يەرمۇك جېڭى ........ 163
فەھل ئۇرۇشى ........ 177
دەمەشق (شام) نىڭ فەتھى ........ 177
بەقەئە ۋەقەسى ........ 182
مارجۇررۇم ئۇرۇشى ۋە ھەمسىنىڭ فەتھى ........ 183
قىننەسرىننىڭ فەتھى ........ 184
ئەجنادەيننىڭ فەتھى ........ 185
قۇددۇسنىڭ فەتھى ........ 187
ھىمس شەھىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق فەتھى ........ 188
جەزىرە (جىزرە) نىڭ فەتھى ........ 189
سۇرىيە ساھىللىرىنىڭ فەتھى ........ 189
مىسىرنىڭ فەتھى ........ 192

www.munber.org

شەرقىي سەپلەرنىڭ ئەھۋالى ........ 194
نەمارىق ئۇرۇشى ........ 196
ئەل جىسر ئۇرۇشى ........ 196
ئەل بۇۋەيب ئۇرۇشى ........ 197
قادىسىيە ئۇرۇشى ........ 199
مەدائىنىنىڭ فەتھى ........ 208
جەلۇلەنىڭ فەتھى ........ 209
ھەلۋاننىڭ فەتھى ........ 210
تىكرىت ۋە مۇسۇلنىڭ فەتھى ........ 210
مەسەبزاننىڭ فەتھى ........ 211
ئەھۋازنىڭ فەتھى ........ 211
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتى ........ 221
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ........ 221
ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ئىسلام جەمئىيىتى ........ 235
الله نىڭ بەندىسى ئۆمەردىن ئىسيانكارنىڭ بالىسى ئىسيانكارغا: ........ 243
ھەزرىتى ئوسمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ........ 257
ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھاياتى ........ 257
ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىكى ........ 266
ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى فەتىھلەر ........ 272
غەربىي سەپ ........ 273
شەرقىي سەپتە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەر ........ 276
ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 279
ھەزرىتى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ........ 297
ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياتى ........ 297
ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى ........ 303
ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى ........ 303
ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ........ 310
ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېھىت قىلىنىشى ........ 338

# كىرىش سۆز

ئالەملەرنىڭ رەببى اللە تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 30 يىلغا يېقىن بىر مەزگىل ئۆتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىل ئىسلام تارىخىدا «تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە تۆت خەلىپە ئارقىمۇئارقىدىن خەلىپىلىك تەختىگە چىققان، اللە تائالا نىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان، مەمنۇن ۋە رازى بولغان بۇ مەزگىل خىلافەتىرراشىدە (ئەڭ ئەۋزەل ۋە توغرا خەلىپىلىك) دەۋرى دەپ ئاتالغان.

بۇ دەۋر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاتقان دەۋرنىڭ ۋە ئىدارە شەكلىنىڭ داۋامى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىدىن باشلاپ، تاكى ھەزرىتى ئەلى شېھىت بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى 40 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مۇددەت ئىزچىل تۈردە داۋام قىلغان ئەڭ توغرا ئىسلامىي رەھبەرلىك شەكلىنىڭ يېگانە ئۆرنىكىدۇر، دۇنيادا بارلىق ئالاھىدىلىك ۋە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن مۇنداق بىر رەھبەرلىك شەكلى قايتا مەيدانغا كېلىپ باقمىدى. پەقەت بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىدىكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ قىسقا سۈرگەن دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بەزى جەھەتلەردىن ئۆزىدە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسەتكەن ئىسلامىي ئىدارە شەكىللىرى بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئىدارە شەكلى، ئۆزى ۋە مىللىتى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەيدىغان ھەرقانداق رەھبەر ۋە سىياسەتچى تاللىيالايدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرۋاقىت ئۆز رەھبەرلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزلىرىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە اللە تەرىپىدىن دەۋەت قىلىنىدىغان ئىلاھىي نىزامدۇر.

مۇسۇلمانلارنى تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا باشقۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ دۆلەت ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققانىدى. ئەلۋەتتە! بىز ئېيتقان مەدەنىيەت بۇ يەردە بىز چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەدەنىيەت بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئىنساننى ئۆزىگە قۇل قىلىدىغان، ئۇنى ئېزىدىغان، شەھۋەت ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە، پۇتمەس ـ تۈگىمەس مەنپەئەت ـ توقۇنۇشلىرىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان، پىتنە ـ پاسات تېرىپ، باشباشتاقلىقنى ھەر يەرگە يايىدىغان، قانۇنسىزلىق ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ھايۋانىي ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ قۇلى قىلىۋالىدىغان، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىش،

www.munber.org

بايلىق ۋە قولىدىكى ئەۋزەل شارائىتنى يولىدىن ئېزىش ۋە يوغانچىلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدىغان، جىنايەت گۇرۇھلىرىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بىزار قىلىپ، ھەر تۈرلۈك شۇملۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىدىن ئۇرغۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان مەدەنىيەت بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت - سائادەت ئاتا قىلىدىغان مەدەنىيەت مانا بۇ مەدەنىيەتتۇر.

ئەنە شۇ مەنىدىكى (ۋەھشىي سۈرەتلىك) مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى سەۋەبى بىلەن ئاۋام خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەجىر - مېھنىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئاز ساندىكى كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر - بىرىنى يۆلەش ئارقىلىق بۇ مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەدەنىيەت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك دائىرىدىكى مەلۇم كىشىلەرگىلا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى.

ھەقىقەت شۇدۇركى، ئىسلام دىنى ئىنسانغا ھاياتنى ئەڭ توغرا شەكىلدە شەرھىيلەپ، الله بېغىشلىغان ھەرتۈرلۈك ئارتۇقچىلىق ۋە ئۈستۈنلۈكلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ئۆز ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىغا ئېلىشى ۋە قېرىنداشلىرىغا زۇلۇم قىلىشىنى ھەقلىق دەپ قارىغۇدەك دەرىجىدە ئۇلۇغ ۋە ئالاھىدە بىرى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغانىدى. چۈنكى ھېچبىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەتنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشىغا ھېچقانداق ھەققى ۋە ھوقۇقى يوق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسان باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش قەدىر - قىممەتسىز ۋە ئېتىبارسىز مەخلۇق ئەمەس. شۇنداقلا، ئىنسان مەيلى قەدىمكى ياكى زامانىمىزدىكى كۈنگە، ئايغا، يۇلتۇزلارغا، دەل - دەرەخلەرگە چوقۇنىدىغان بۇتپەرەسلەرنىڭ مەبۇدلىرىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە ئىنسان قىممەت - ئېتىبارلىق، شۇنداقلا دۇنيانى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان مەخلۇق. ئەمما ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاندا، بۇ ھوقۇقىدىن چەكسىز دەرىجىدە پايدىلىنىش ھەققى بېرىلمىگەن. ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنى ياراتقان، يەر يۈزىنىڭ ۋارىسى قىلغان، ھاياتنى رېتىمغا سالىدىغان پرىنسىپ ۋە يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن الله تائالا ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ۋاقتى ۋە قىلغان ھەر بىر ئىش - پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىگە جاۋابكار بولۇپ، ياخشىلىق قىلسا، ئەلۋەتتە مۇكاپاتىنى ئالىدۇ؛ يامانلىق قىلسا، ئەلۋەتتە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ.

مۇسۇلمان ـــ رەببىنىڭ ئۆزى ۋە ئۆز ئىلكىدىكى ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە رەببى ئالدىدا ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىدىن

جاۋابكار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكى ۋە يەر يۈزىنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا بارلىق مەۋجۇدىيەتلەردىن تېخىمۇ ئۈستۈندۇر.

مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تۈنجى ئۆرنەك ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر شەخس ئىسلامنى ئەڭ توغرا شەكىلدە چۈشىنىپ يېتىشى ۋە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئورنىنى بىلىشى نەتىجىسىدە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانىدى. شۇنداقلا ھەر بىر شەخس جەمئىيەتتە ياراملىق كىشى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ بىردىن ئۇل تېشىنى ھاسىل قىلغانىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن، ئۈستۈن ۋە ئۈلگىلىك جەمئىيەت مەيدانغا كەلگەن بولدى. ۋە يەنە شۇ سەۋەب بىلەن ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە سىڭگەن ئۇ ئىسلامىي ئاڭ تۈرتكىسىدە ھەر كىشى ئۆزلىكىدىن جىھادقا ئاتلىناتتى، شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن، كۆپلىگەن يەرلەر فەتىھ قىلىنغانىدى. ئۇ دەۋرنىڭ مەسئۇللىرى (ئۇلارمۇ خەلىپىلەر ئىدى) بولسا، خەلق ئىچىدە بۇ ئورۇنغا ئەڭ مۇناسىپ ۋە بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئەڭ ياخشى ئىجرا قىلالايدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇ دەۋردە ئىنسانىي بىر مەدەنىيەت دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. جەمئىيەت ئەزالىرى ئاجايىپ زور بەخت - سائادەتكە ئېرىشىپ، تەڭ - باراۋەر، تىنچ - ئىتتىپاق، ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە ئادالەت ئىچىدە ھايات كەچۈرگەنىدى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئورۇنلىنىپ، مولچىلىق ۋە باياشاتچىلىققا چۆمگەنىدى.

بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەلىپىلەرنى زامانىمىز دىكتاتورلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئەسلى تۈسىنى ئالغان بۇ نادىر كىشىلەر بىلەن كۆزلىرى ماددىي ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەتكە لىق تولغان بۇ دىكتاتورلار ئارىسىدىكى پەرقنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. تۆت خەلىپىنىڭ ھاياتى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردىن بىر قانچە مىسال كەلتۈرسەكلا، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

بارلىق مۇسۇلمان خەلق ئۆزلىرىنىڭ "ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى" دەپ بىلگەن خەلىپىلەرنىڭ ھاياتىي كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ھازىر ئۆز بېشىدىكى دىكتاتورلارنىڭ شۇلاردەك ھايات كەچۈرۈشىنى ھەرگىز تەلەپ قىلالمايۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئېغىر بېسىم ۋە شىددەتلىك زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەچكە خەلق ئاۋازىنى چىقىرىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ. ئەمما مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىسلامنىڭ بىر ھايات نىزامى شەكلىدە يولغا قويۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلماقتا ۋە ئالدىغا كەلگەن ھەربىر پۇرسەتتە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، سەمىمىيلىك ۋە

www.munber.org

پەيداكارلىق بىلەن مۇجادىلە ئېلىپ بارماقتا. ئىران بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئىران پادىشاھلىق دەۋرىدە پەتنە ـ پاسات، زۇلۇم ۋە بېسىم قاتتىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، زۇلۇم، دىكتاتورا ۋە ئىدارىي جەھەتتە باشقا ھەرقانداق مۇسۇلمان دۆلەتتىن ئېشىپ چۈشكەن، شۇنداقلا شاھنىڭ زۇلۇمى ھەممىدىن بەك ئاۋام خەلقنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىراننىڭ مەخپىي ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى دۇنيادىكى ھەرقانداق تەشكىلاتتىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۇففار دۆلەتلەر نېفىت ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلار يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنى ئىرانغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق ئىسلامىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇشقا ئاتىۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق بىر يەردە ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلگەن ھامان، دەرھال ئۇلارنى قوللاپ، شاھنىڭ دىكتاتورىسىغا قارشى چىقتى. كۇففار دۆلەتلەر بۇ ئىسلامىي ھەرىكەتنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى، چۈنكى ئۇلار مۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى كۈتمىگەن ۋە ئويلاپمۇ قويۇشمىغانىدى. شۇڭا بۇ ئىسلامىي ھەرىكەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز بېرىلگەن زەربە بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى زىيانغا ئۇچرىدى ۋە ئۇلارغا (يەنى مۇسۇلمانلارغا) ئىسلام ھاكىم بولدى. شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت ئىسلام دۈشمەنلىرى (غەربلىكلەر، ئامېرىكا ۋە دۇنيا سىئونىست ـــ خرىستىئان ئىتتىپاقچىلىرى) دۇچ كەلگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئەڭ زور ۋەقە بولدى.

تۆۋەندىكىلەر ئومۇمىي خەلق ھاياتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇشى ئېتىبارى بىلەن تۆت خەلىپىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات كۆرۈنۈشىدىن بېرىلگەن بىر قانچە مىساللاردۇر.

تۆت خەلىپە (ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى) كەمتەرلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقتا ئەڭ نادىر كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە سايلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئولتۇرغان سۈنهى مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى سېغىپ، باشقا ئىشلىرىغا ياردەم قىلاتتى. ئۇ خەلىپىلىككە سايلانغاندىن كېيىن، قوشنا ئائىلىلەردىن بىرى: ”ئەبۇبەكرى بۈندىن كېيىن مەھەللىمىزنىڭ قويلىرىنى ساغمايدۇ“ دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى: ”ئۇنداق ئەمەس، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قويلارنى داۋاملىق ساغىمەن. مەن تاپشۇرۇۋالغان بۇ ۋەزىپىنىڭ مېنىڭ ئەخلاق ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى خالىمايمەن“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ بۇ ئىشنى ئۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتكىچە بولغان ئالتە ئاي ئارىلىقتا توختىماي داۋاملاشتۇرغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۆزى تۆگىدىن چۈشۈپ ئالاتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا: ”بىزگە بۇيرىساڭ، بىز ئېلىپ بېرەتتۇق

ئەمەسمۇ؟“ دېسە، ئۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماڭلار! ـ دېگەنىدى“ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بىر خەلىپە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن بۇ كەمتەرلىكنى ئىنسانلار (الله ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگەن كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتى ھەم يۇتتۇرۇپ قويدى. زامانىمىز كىشىلىرى كىچىككىنە مەنسەپكە ئېرىشكەن كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلاپ، كىشىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىشقا ۋە كۆرەڭلەشكە باشلايدۇ. كىشىلەر بىر مۇنچىلىغان توساق، نۆۋەتچى، قاراۋۇل، مەخپىي جاسۇسلارنىڭ توسالغۇلىرىدىن ئۆتەلىگەندىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمدى جەمئىيەتنىڭ دەرت ـ شىكايەتلىرى، مەسىلىلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ھەققىدىكى تېمىلارغا قاراپ باقايلى! بۇ، بىزگە دۆلەت رەھبىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

خەلىپىلەر كۈندۈزلىرى خەلق ئارىسىغا كىرىپ، بازارلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ كۆزىتەتتى. شۇنداقلا، كېچىلىرى شەھەرنى ئايلىنىپ، ئاجىز ـ موھتاجلارنى يوقلايتتى، شەھەر ئەتراپىغا چۈشكەن تىجارەت كارۋانلىرىنى، مۇساپىرلارنى، بەدەۋىيلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا تىرىشاتتى.

بىر كېچە، ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئەنسارلىق بىر ئايالنىڭ تولۇمدا سۇ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئايال باللىرىنىڭ كۆپلىكىنى، لېكىن خىزمەتچىسى يوقلۇقىنى، كۈندۈزلىرى سىرتقا چىقىشنى بىئەپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كېچىلىرى مۇشۇنداق تولۇمدا سۇ توشۇيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر تولۇمنى قولىغا ئېلىپ ئايالنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئاندىن: ”ئەتە ئۆمەرنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ساڭا بىر خىزمەتچى تەيىنلەپ بەرسۇن!“ دەيدۇ. ئايال: ”مەن ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن قانداق كۆرۈشەلەيمەن؟“ دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر: ”سەن بارغىن! ئۇنى الله نىڭ ئىزنى بىلەن كۆرەلەيسەن“ دەيدۇ. ئەتىسى، ئايال ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئاخشام ئۆزىگە ياردەم قىلغۇچىنىڭ دەل ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خىجىل بولىدۇ ۋە دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتماقچى بولىدۇ. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئايالنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بىر خىزمەتچى تەيىنلەپ بېرىش بىلەن بىرگە خەزىنىدىن ئايلىق خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

www.munber.org

تـۆت چـوڭ خەلـىپـىـدىن كېـيـىن دۆلەت بېــشـىغا چىققــان ھەرقانـداق ئــادەم ئاسانلىقچە تەختىدىن چۈشۈپ خەلـق ئارىـسىغا كىـرەلـمەيـدىغان، ھەتتـا ئـۆز ئـۇرۇق - تۇغقانلـىرىنىمۇ يوقلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. زامانىمىزدا بولسا، باشلىقلار ســـىرتقا چىقمـــاقچى بولغانـــدا دۆلەت بىخەتەرلـىـــك ئورگـــانلىرى، جاسۇســـلۇق تەشكىلاتلىرى گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئۇنى ئالدى - ئارقىـدىن قوغدايـدىغان، ساقچىلار سەپ - سەپ تىزىلىپ، باشلىق ئۆتمەكچى بولغان بارلىق يـول - ئۆتكەللەرنى قامال قىلىـدىغان، ئـۇ يەر - بـۇ يەرگە توساقلار سېلىنىدىغان، دۆلەت رەھبىرىنىـڭ قايىـسى ماشىنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچىلىغان ماشىنا بىر - بىرىنىـڭ كەينىدىن غۇيۇلدىـشىپ ماڭىـدىغان بولـۇپ كەتتى.

ئەمدى ھەر جەھەتتىن ھاياتقا بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىقتىسادىي نۇقتىـدا تۇرۇپ بۇ پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى!

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تىجارەتچى بولۇپ، ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ سودا - سېتىق قىلاتتى. خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىيىملىك ماللىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ بازارغا كېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا ھەزرىتى ئـۆمەر بىـلەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇچراپ: "ئـى رەسـۇلۇللاھنىڭ خەلىپىـسى! نەگە ماڭـدىڭ؟" دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: "بازارغا ماڭدىم" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئـۇلار: "بـازاردا نـىمە ئىـش قىلىـسەن؟ سەن مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تاللانغــان خەلىپىــسەن" دەپ ئاگاھلاندۇرۇشــىدۇ. بـۇنى ئاڭلىغــان ئەبــۇبەكرى: "ئۇنداقتا بالا - چاقامغا كىم قارايدۇ؟" دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئـۆمەر ۋە ئەبـۇ ئۇبەيـدە: "بىز بىلەن كەلگىن! بىرىپ ساڭا مائاش تەيىنلەيلى" دېيىشىدۇ.

ئـۈچەيلەن كېڭەشـىش ئـارقىلىق، ئۇنىڭغـا ھەركـۈنى بىـر قويىنىــڭ يېرىمـى كەلگۈدەك مىقداردا مائاش بېرىلىدىغان بولۇپ كېلىشىدۇ.

«ئەررىيادۇن نادىرە» دە مۇنداق قەيت قىلىنغان:

ھەزرىتــى ئەبــۇبەكرىگە 250 دىنــار ۋە (بېــشى، ئـۈچەي - بــاغرى ۋە پاچــاقلىرى ئېلىـۋېتىلگەن) بىـر قوي يىللىـق مائـاش قىلىـپ بېكىـتىلگەن. ئەممـا بـۇ مائـاش ئۇنىڭغـا يەتمەيتتـى، چـۈنكى خەلىـپىلىككە تەيىـنلەنگەن ۋاقىتتـا بـارلىق مـال - مۈلكىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا بەزى كۈنلىرى بازارغا چىقىپ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا بىـر تـوپ ئايال ئۇچرايدۇ. ھەزرىتـى ئـۆمەر ئـۇلاردىن: "كىمنـى سـاقلاپ تـۇردۇڭلار؟ نـىمە ئەرزىڭـلار بـار؟" دەپ سـورايدۇ. ئـۇلار: "رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى بىـلەن كۆرۈشـمەكچى ئىـدۇق" دەيـدۇ. ھەزرىتـى ئـۆمەر

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى بازاردىن تېپىپ، قولىدىن تۇتقان ھالدا: ”ماڭ!“ دەپ تارتىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: ”مېنىڭ سىلەرگە خەلىپە بولۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ئورنى يوق، سىلەر ماڭا بەلگىلەپ بەرگەن مائاش ھېچنېمىگە يەتمىدى“ دەپ ئاغرىنىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر: ”ماقۇل، مائاشىڭنى ئۆستۈرۈپ بېرەيلى“ دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: ”300 دىنار پۇل بىلەن پۈتۈن بىر قوي بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن“ دەيدۇ. ئۆمەر: ”بۇ ئىشىڭ بولمىدى“ دەيدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، ھەزرىتى ئەلى چىقىپ كېلىپ، ئۆمەرگە: ”ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرەيلى!“ دەيدۇ. ئۆمەر ”سەنچە شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارامسەن؟“ دەپ سورايدۇ. ئەلى: ”ھەئە، مۇۋاپىق“ دەيدۇ. ئۆمەر: ”ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق“ دەيدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: ”سىلەر مۇھاجىرلاردىن پەقەت ئىككىلا كىشى سىلەر. باشقىلار بۇ ئىشقا قوشۇلارمۇ؟“ دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، كۆرسىسىغا چىقىپ خەلققە خىتاب قىلماقچى بولىدۇ ۋە: ”ئى خالايىق، ماڭا قاراڭلار! مېنىڭ يىللىق مائاشىم 250 دىنار ۋە كالللا ـ پاچىقى ئېلىۋېلىنغان بىر قوي (نىڭ گۆشى) ئىدى. ئۆمەر بىلەن ئەلى بۇنى 300 دىنار ۋە پۈتۈن بىر قويغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. سىلەرمۇ بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟“ دەپ سورايدۇ. خالايىق بىردەك: ”بىز رازى!“ دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ، ئەمما بىر چەتتە تۇرغان بىر بەدەۋىي: ”ياق! بىز ھەرگىز رازى ئەمەس. چۆلدىكى خەلقنىڭ ھەققى نەدە قالدى؟“ دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئەمما ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: ”مۇھاجىرلار قوشۇلۇپ بولدى. سىلەر قوشۇلمىساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەرمۇ تىجارەتچى بولۇپ، خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا كېيىن، ئۇنىڭ تاپاۋىتىمۇ ئۆزگىچە يەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ دەردى بىلەن بولۇپ كېتىپ، خۇسۇسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن: ”مەن بىر تىجارەتچى ئىدىم. سىلەر مېنى ئۆزەڭلارغا خەلىپە قىلىپ قويدۇڭلار. شۇڭا دۆلەت خەزىنىسىدىن مېنىڭ خىراجىتىمگە يەتكۈدەك دەرىجىدە مائاش ئالسام، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟“ ھەزرىتى ئوسمان: ”بۇ سېنىڭ ھەققىڭ، خەزىنىدىن مائاش ئېلىپ، بالا ـ چاقاڭغا خىراجەت قىلغىن!“ دېگەن مەنىدە جاۋاب بەردى. سەئىد ئىبنى زەيىدمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەمما ئەلى قاتارلىق بىر نەچچەيلەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. ئۆمەر ئەلىگە خىتابەن: ”سەن قانداق قارايسەن؟“ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى: ”پەقەت ساڭا ۋە ئائىلەڭگە يەتكۈدەك دەرىجىدە ئالساڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلىش ھەققىڭ يوق!“ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئېغىر جاۋابنى ئاڭلاپ، خۇددى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك: ”ھەقىقىي جاۋاب ئەلىنىڭ سۆزىدۇر“ دەپ، ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈردى.



www.munber.org

ھەزرىتى ئوسمان دۆلەت خادىملىرىغا مائاش تارقاتقان ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغانلارغا ئۆز مېلىدىن مەلۇم مىقداردا ئايرىپ بېرەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەزرىتى ئوسمان ئۆزىنىڭ مەردلىكى، قولىنىڭ ئوچۇقلىقى ۋە الله يولىدا جىھاد ئۈچۈن ئاتىغان ماللىرى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەھۋالىمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. مانا ھازىر بىز نەدە، ئۇ ئۇلۇغ ساھابىلار نەدە؟.. زامانىمىزدا دۆلەت خەزىنىلىرى پۈتۈنلەي دىكتاتورلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خالىغىنىچە ئىشلىتىپ، بۇزۇپ ـ چاچماقتا. ئۇنىدىن باشقا ئۇلارغا يەك ئىچىدىن سۈنۇلۇپ تۇرىدىغان مال ـ دۇنيانىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. ئۇمۇ يەتمىگەندەك چەتئەل بانكىلىرىدىكى پۇل، دۆلەت سىرتىغا قاچۇرغان دۆۋە ـ دۆۋە بايلىق... خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئوغرىلىنىپ سىرتقا قاچۇرۇلغان بۇ بايلىقلار شۇ قەدەر جىقكى، چەت دۆلەتلەر قاچۇرۇلغان بۇ بايلىقلارغا تايىنىپ، ئۆز ئىقتىسادىنى كونترول قىلىشماقتا. بۇ مال ـ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىكى بەزى شەخسلەرگە تەۋە بولۇپ، بۇ بايلىق ھەر قانچە كۆپ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇلارغا يەتمەيدۇ، سان ـ مىقدارى ئۇلارنى رازى قىلالمايدۇ.

مەسىلەن، شاھ ئۆز دۆلىتىدىن سىرتقا شۇ قەدەر كۆپ بايلىق قاچۇرغان بولسىمۇ، ئۆزى ئىراندىن قاچقان ۋاقىتتا ئۆزىگە پاناھلىق بەرگۈدەك بىرەر دۆلەت تاپالمىدى. بۇ ئۇنىڭ پەقەت بۇ دۇنيادا ئالغان جازاسى ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر جازاسى بار. زالىملار جازاسىنى مانا مۇشۇنداق تارتىدۇ.

بەلكىم چوڭ ساھابە ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مىسىر فەتھىدىن بۇرۇن دىكتاتور "مۇقەۋقىس" كە قىلغان مۇنۇ سۆزلىرى بايلىق ھەققىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ھېكمەتلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: "پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ بولسىمۇ، بىز قولىمىزدىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقىنى تەلەپ قىلمايمىز."

ئۇنداقتا بىز ھەق ـ ھوقۇقتا تەڭ ـ باراۋەرلىك نۇقتىسىدىن تۆت خەلىپە دەۋرىگە بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى!

بىر كۈنى، ئىككى ئايال (بىرى ئەرەب، يەنە بىرى ئەجەم بولۇپ، ئەجەم ئايال ئەرەب ئايالنىڭ خىزمەتكارى ئىدى) يېمەك ـ ئىچمەك تەلەپ قىلىپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇ ئىككىسىگە ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ بىر ئۆلچەمدىن بۇغداي ۋە قىرىقتىن دىنار بەردى. خىزمەتكار ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەرەب ئايال ھەزرىتى ئەلىگە: "ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ماڭا ئۇ ئايالغا بەرگەنچىلىك نەرسە بەردىڭ، ھالبۇكى، مەن بىر ئەرەب، ئۇ دېگەن ئەجەم تۇرسا؟" دېدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇ ئايالغا: "مەن الله نىڭ كىتابىغا قارىدىم، ئەمما

كىتابتىن ”ھەزرىتى ئىسمائىل نەسەبىدىن بولغانلار ھەزرىتى ئىسھاق نەسەبىدىن بولغانلاردىن ئۈستۈندۇر“ دەيدىغان بىر نەرسە تاپالمىدىم“ دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە بىر قېتىم جۇدا ئىبنى ھۇبەيرە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بەزىدە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئىككى كىشى دەۋالىشىپ كەلسە (ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سىزنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان، يەنە بىرى ساڭا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولسىمۇ)، سەن باشتىكىسىنى جازالاپ، كېيىنكىسىنى ھەقلىق قىلىپ چىقىرىدىكەنسەن. بۇ قانداق ئىش؟“ دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئېڭىكىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ: ”ئۇ شۇنداق مەسىلىكى، ئەگەر ئۇ ئىش مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزەم خالىغانچە ھۆكۈم چىقارغان بولاتتىم. ئەمما بۇ ئىش الله ئورناتقان ئادالەت قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. بۇ قانۇن ئۆز پېتى ئىجرا قىلىنىشى كېرەك“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھەرئىشتا مانا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان ۋە بۇ مۇئامىلىنى ئۆزىگە مىزان قىلىۋالغان باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەر ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خەلقى ئۆزلىرىنى ئۇلارغا ئاتايدۇ ۋە ئۇ قىلغان ھەر بىر ئىشىغا رازىمەنلىك بىلدۈرىدۇ.

شۇڭا ئۇلار ھەر زامان كۆڭلىنى توق تۇتىدۇ، خاتىرجەم ۋە خۇشھال ھايات كەچۈرىدۇ. شۇنداقلا، ھەر بىر پۇقرا ئۆز جېنى، مېلى ۋە شان - شەرىپىنىڭ بىخەتەرلىك ئىچىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئارقىلىق ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشىپ، شاد - خۇرام ياشايدۇ.

يەنە شۈبھىسىزكى، ھەر قانداق جەمئىيەتتە باشقىلارغا يامانلىق قىلىدىغان، ھەر يەردە ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان كىشىلەر بار. ئەمما ئۇ دەۋرلەردە بۇنداق كىشىلەرگە بېپەرۋالىق قىلىنمىغان، ھەم ئۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق پۇرسەت بېرىلمىگەن، ئەكسىچە، ئۇنداق كىشىلەر ھەر دائىم كۆزىتىلىپ، پەند - نەسىھەت ئاڭلىمىغانلار ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، يولى تۈزىتىلىپ تۇرۇلغانىدى. چۈنكى خەلىپىلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇش، ئېلىم - بېرىم ۋە مۇئامىلىلىرىدە دىنىي قائىدىلەرنى ئۆزلىرىگە مىزان قىلىشى، قانداقتۇر سىرتقى بېسىمنىڭ تەسىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىسلامىي تەربىيەنىڭ، الله سۆيگۈسى ۋە الله قورقۇنچىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت ئىدى. شۈبھىسىزكى، خەلىپىلەر ئەخلاق ۋە دۇنيا كۆز قاراشلىرىنى ئىسلامدىن ئالغاچقا، ھەر بىرى دۇنيادا تەڭدىشى يوق رەھبەرگە ئايلانغانىدى.

شۇنداقلا، ئۆزلىرى خەلىپىلىك قىلغان ئۇ جەمئىيەتمۇ ئۆز ئەخلاق ۋە تەربىيەلىرىنى ئىسلامدىن ئالغاچقا، الله يولىغا قويغان چەكلىمىلەرگە ھەردائىم ھۆرمەت بىلدۈردى، بۇ ئۆلچەملەر ئىچىدە ئۆز رەھبەرلىرىگە شەرتسىز بويسۇندى، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلىدى، ھەر بىر كىشى ئۆزىدىن باشقىلارغا ئۆز



www.munber.org

قىرىندىشىدەك مۇئامىلە قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئەڭ پەزىلەتلىك ئۇممەتلەر دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك، شەرمى - هايالىق ئۇممەتلەر ئىدى.

ھەممە ئادەم توغرۇلۇق، ياخشىلىق، ئېسىللىقنى تەۋسىيە قىلىپ، يامانلىقتىن توسسا، ئاگاھلاندۇرسا، نەتىجە يۇقىرىقىدەك بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە!

ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ دۆلەت رەئىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇلارنى توغرا مۇئامىلە قىلىشقا، ھەقنىڭ ۋە ھەقلىق كىشىلەر تەرىپىدە تۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. خەلىپىلەرمۇ ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ دىققەت قىلاتتى.

بىر قېتىم ھەزرىتى ئۆمەر مۇنبەردە تۇرۇپ خەلققە خىتاب قىلىۋېتىپ مۇنداق دېدى: ”ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر مەن مەنپەئەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتسام، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟“ ئارىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى ئىشارەت قىلغان ھالدا: ”ئۇنداق قىلساڭ، سېنى مانا مۇنداق قىلىمىز (بوينۇڭنى كېسىمىز دېمەكچى)“ دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ: ”بۇ گەپنى ماڭا دەۋاتامسەن؟“ دېدى. ئۇ ئادەم قىلىچە ئىككىلەنمەي تۇرۇپ: ”ھەئە، ساڭا دەۋاتىمەن“ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ قېتىم: ”الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!“ دېگەندىن كېيىن: ”بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزسەم، جەمئىيەتتە خاتالىقىمنى تۈزىتىپ تۇرىدىغان مۇنداق بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى مۇيەسسەر قىلغان الله غا ھەمد بولسۇن!“ دەپ رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.

يەنە شۇ دەۋردىكى ئاياللار ھەر سەھەر ئۆز تىرىكچىلىكىگە ماڭغان ئەرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ”الله دىن قورقىڭ! بىزگە ھارام لوقما يېگۈزمىگىن! بىز ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما ئاغزىمىزغا ھارام لوقما يېيىشتىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيمىز!“ دەيتتى.

# تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىگە ئومۇمىي نەزەر

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى بولۇپ، مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرقانداق بىر شەكىلدە ئۇ تارىخنى يېزىپ چىقىدۇ. تارىخنى يازغان ۋاقىتتا، ئەگەر بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويسا، كىتابخانلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تارىخ يېزىلغان دەۋرنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىزاھلاپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى توغرا ۋە دۇرۇست تاماملىغانلىقىغا ئۆز كۆڭۈللىرىدە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ نەزەرىدە راستچىل تارىخچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل بىر مىللەتنىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئۆتمۈشىدىن ۋە ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، خاتالىقلاردىن دەرس ۋە ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ ۋە مىللىتىنىڭ ساپ، ساغلام داۋاملىشىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، كېلەچەك نەسىللەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخنى ناھايىتى دەبدەبىلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق تارىخ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىگە كەلسەك (شۈنىسى ئېچىنارلىقكى)، بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخى كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىققان، كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل گۇرۇھ ۋە مەزھەبلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدە بەكمۇ بۇرمىلىنىپتىلىدى. چۈنكى بۇ جامائەتلەر ھەر دائىم بىر - بىرىنى قارىلاپ، باشقىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىشكە، ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا، باشقىلارنىڭ بىدئەتتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئۈممەت ئۇلۇغلىرىنىڭ تارىخىدا ناھايىتى چوڭ يوچۇق پەيدا بولدى. كېيىنچە ئارىلىرىدىكى ئايرىمچىلىق سەۋەبلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن قوراللىق توقۇنۇشلاردا ناھايىتى ئېغىر جىنايەتلەر يۈز بەردى. بۇ توقۇنۇشلار شۇ دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتىكى، ئىسلام تارىخى بۇ توقۇنۇشلاردا مەيدانغا كەلگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ تارىخىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەلەر ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە مۇبالىغە قىلىنغان ھالدا قەيت قىلىنغاچقا، بۇ دەۋرلەرنىڭ شانلىق تارىخلىرى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىلدى. ھالبۇكى، تارىخ شۇ قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان شەرت ۋە ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا يېزىلىشى كېرەك ئىدى.



www.munber.org

ئەڭ غەلىتە يېرى شۇكى، ھەزرىتى ئەلىنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلايدىغان كىشىلەر قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ۋەقە ۋە خەۋەرلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇلاردىن بەزىلىرى ئەلىگە بولغان ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگۈسى سەۋەبىدىن، پەقەت ھەزرىتى ئەلىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى ھەزرىتى ئەلى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغۇچى ئۆكتەملەر دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ھەتتا بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەۋرىلىرىنى ”قۇرئان ھۆكمى بىلەن ئىماملىققا تەيىنلەنگەن كىشىلەر“ دەپ ئېلان قىلىشتى.

ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرگە خاس سۈپەتلەر بىلەن ئۇلۇغلاپ، پەيغەمبەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى. بۇ خىل مۇبالىغىلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يوق ئىدى. ھىجرىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە بۇ ئېقىملار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، تۆنجى فىقھە ئالىملىرى (ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ھەنبەل قاتارلىقلار) نىڭ ئەسەرلىرىدىن بۇ خىل مۇبالىغىلەر پەقەتلا تېپىلمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، '”ئەھلى بەيت“ چوڭلىرى بىلەن خەلىپىلەر ۋە تۇنجى مۇسۇلمان رەھبەرلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشقانلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات تېپىلمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى "شىئە" كەلىمىسىنىڭ ئۇ دەۋردە "تەرەپدار بولۇش، قوللاش" دېگەندىن باشقا ھېچقانداق سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيىلىك مەنىسى يوق ئىدى. كېيىنچە، بارا ـ بارا ئۆزىگە خاس پىكىر ۋە ئېتىقاد شەكلىنىڭ نامىغا ئايلاندى. بۇ پىكىرنى رەسمىيلەشتۈرۈش ۋە ئەتراپقا يېيىش ئۈچۈن ئۆتمۈش ھەققىدە تارقاتمىغان سەپسەتىسى قالمىدى. ئۇلار ئۆتمۈشتىن شۇنداق بولمىغۇر پىكىر ۋە خەۋەرلەرنى تارقاتتىكى، ئەسلىدە بۇ كىشىلەر بۇنداق نەرسىلەرنى بىلمەيتتى ھەم خىياللىرىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىغا شارائىت تولۇق يارىتىلغاچقا ئۆزلىرىگە دۈشمەن دەپ بىلگەن كىشىلەرنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ۋە ئۆز پىكىرلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تارىخ بېتىگە يېزىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا گۇرۇھۋازلىق قىلىش ئەدەپ كېتىپ، ئارىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى ۋە پۈرسەتپەرەسلەر ئارىدىن نەپ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن توختىماي قاتراشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، باتىنىيلىق ئېقىمى پەيدا بولۇپ، مۇتەئەسسىپ ئوي ـ پىكىر ۋە باتىل ئېتىقادلار كۆپىيىپ كەتتى.

ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇش ئىشلىرى باشلانمىغانىدى. بۇ ئىش ئابباسىيلار خەلىپىسىگە كەلگەندە ئاندىن باشلاندى. ئەمما ئاببادسىيلارنىڭ تارىخ

يېزىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئۇمەۋىيلەرنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش ئىدى. ئاببابىسىيلار ئۆز خەلىپىلىكىنى رەسمىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەل قىلىشى كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە مانا بۇ ئىدى. بۇ ئىش ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنى پۈتۈنلەي قارىلاشقا، ھەتتا ئۇمەۋىيلەرنىڭ پەقەت ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆچىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن خەلىپىلىك تەختىگە چىققانلىقى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ قان دەۋاسى ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقىغا قەدەر بېرىپ تاقالدى.

بۇ ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا يالغان ھەدىسلەر ئويدۇرۇلۇپ، بۇ ئاتالمىش ھەدىسلەرگە بىنائەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە سايلىنىشى كېرەكلىكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تەختكە چىققان خەلىپىلەرنىڭ مۇتتەھەم ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلىنىڭ ھەققىنى تارتىۋالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خەلىپىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەلىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىندى ۋە بىرمۇنچىلىغان كىتابلار يېزىلىپ، ئۈستۈنلۈكىنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى جاكارلاندى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ھەيھات!... ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيەسىدىكى ساھابىلار بۇ ئويدۇرۇلغان سۆزلەر بىلەن بىرىنىڭ ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك تارقاتمىغان ياكى بىر كىمگە ھۇجۇم قىلمىغانىدى.

تارىخ، خەلق ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق ھەر خىل سۆز - چۆچەك ۋە رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغاندىن كېيىن يېزىلىشقا باشلىدى. تارىخچىلار خەلقتىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، قىلچە ئۆزگەرتمەي، ئۆز پېتى يازغان ۋە ئەجدادلىرىنىڭ تارىخلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى توپلىغان بارلىق رىۋايەتلەرنى (توغرا ياكى خاتالىقىغا قارىمايلا) قەيت قىلغاچقا، ھەرخىل رىۋايەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا قارىمۇ قارشىلىق كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ھەرخىل مەزھەب - گۇرۇھلار ئۆزىگە تەۋە تارىخچىلار بەرگەن مەلۇماتتىن باشقىسىغا پەرۋا قىلمايدىغان ۋە باشقىلارنى ئويدۇرمىكەش دەپ ئەيىبلەيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرىمىز بويىچە، (ئوبيېكتىپ دەلىل - ئىسپات كەلتۈرۈش ئۈچۈن) بۇ تېمىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، بىز ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئېلىپ كەلگەن قولايلىق ۋە زامانىمىز ئىنسانلىرىنىڭ ئەمەل - مەنسەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكى بىلەن بىر - بىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان توختاۋسىز مۇجادىلە ۋە ھۇجۇملارنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى ئىختىلاپلارنى كۆزىتىۋاتىمىز؛ شۇنداقلا، (زېھنىمىزگە ئورناپ كەتكەن) ئەينى ۋاقىتتا بىر - بىرىگە قارشى ئېقىملار ئارىسىدا يۈز بەرگەن دۈشمەنلىكلەردىن يولغا چىقىپ،

www.munber.org

ئۇ دەۋرنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى بىلەن ھېسابلاشماي ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا باھا بېرىۋاتىمىز.

شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە شام بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى مۇساپە (بېرىپ ـ كېلىش) ئىككى ئايلىق يول ئىدى. بىر ئەلچى بۇ مۇساپىنى بىر قېتىم بېسىپ كەلگىچە يېڭى ـ يېڭى ۋەقەلەر مەيدانغا كېلىپ، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغاچقا، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن كونا ۋەقە ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، يېڭى مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ۋەقەلەر كىشىدىن كىشىگە، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا، ۋەقەنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىشەنچلىك بىر خەۋەرچىنىڭ سۆزلىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا بەزىدە يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى، كىشىلەر خەۋەرلەرنىڭ قايسى بىرىگە ئىشىنىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالاتتى... بىز بۈگۈن ئۇ دەۋر ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، كاللىمىزغا تېلېفون، سىمسىز ئاپپارات، رادىئو، ئايروپىلان ۋە سۈنئىي ھەمراھقا ئوخشاش خەۋەرلەرنى بىر مىنۇت، ھەتتا بىر قانچە سېكۇنت ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىنى كەلتۈرۈۋېلىپ، ئۇ زاماننىڭ شارائىتلىرىنى ئويلاشمايلا گەپ باشلايمىز.

ئەمەلىيەتتە، خەلىپىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئەمەل ـ مەنسەپ ھېرىسمەنلىكىدىن ئەڭ يىراق كىشىلەر بولۇپ، ھەتتا باشقىلارغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىن بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشتىنمۇ ئۆزلىرىنى چەتكە تارتاتتى. بەزىدە ساھابىلەردىن بىرىدىن بىرەر مەسىلە سورالسا، ئۇ ساھابە بۇ مەسىلىنى باشقا بىر ساھابىگە، ئۇ ساھابىمۇ يەنە بىرىگە ھاۋالە قىلاتتى. بۇ ئەھۋال مۇشۇ پېتى ئايلىنىپ ئاخىرى يەنە باشتىكى شەخسكە بېرىپ توختايتتى. بىر مەسىلە ھەققىدە مەسلىھەت سورالغان ھەر بىر زات (مەنمەنچىلىكتىن، پەقەت ئۆز ھۆكمىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇپ قېلىپ، ئۆزىگە مەنىۋىي بىر مەسئۇلىيەتنىڭ يۈكلىنىپ قېلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن) پەتىۋا بەرمەسلىككە ۋە ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلماسلىققا تىرىشاتتى.

مەسىلەن، سەقىفە كۈنى (ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە سايلانغان كۈنى) گە بىر قاراپ باقايلى!

ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىقلار بىر ـ بىرىنى نامزات كۆرسىتىش، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىدىن باشقا تەرەپكە بۇراش، ئۆزىنى بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئېلىپ قېچىشقا تىرىشقانىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ھەقتە تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”بىر تال ئۇرۇقتىن يېشىللىق پەيدا

قىلغان ۋە شامالنى ياراتقان اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بۇ ۋەقەگە شاھىد بولمىغان بولسام ۋە قولۇمدا ھەق تەرەپتە تۇرۇش ھەققىدە دەلىل بولمىغان بولسا، اللە تائالامۇ ئىلىم ئىگىلىرىدىن زالىمنىڭ زۇلۇم قىلىشى ۋە مەزلۇمنىڭ ئېزىلىشى ئالدىدا سۈكۈت قىلمايدىغانلىقىغا دائىر ۋەدە ئېلىۋالمىغان بولسا ئىدى، بۇ ئىشقا قەتئىي پەرۋا قىلمايتتىم (دۇنيا خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. سىلەر ئەڭ قىممەتلىك دەپ قارىغان خەلىپىلىك ماقامىدىن ئاددىي پۇقرا بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولاتتىم) ھەم شۇ دۇنيانىڭ (پۈتۈن مال ـ بايلىق، سەلتەنەت ۋە دەبدەبىسى بىلەن) مېنىڭ نەزىرىمدە بىر ئۆچكىنىڭ ئوسۇرۇقچىلىك ئەتىۋارى يوقلۇقىنى كۆرگەن بولاتتىڭلار.“

بىز بۈگۈنكى زامانىمىزدا ئەمەل ۋە مەنسەپ ھېرىسمەنلىكى، باشلىق بولۇش سەۋداسى ۋە بۇ يولدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانلىق ۋەقەلەر، قورال كۈچى بىلەن ئالمىشىۋاتقان ھۆكۈمەتلەر، ئىختىلاب ۋە ئىنقىلابلاردىن زېھنىمىزگە ئورناپ كەتكەن دوگمىلىقلار بىلەن ئۇ دەۋرنى تەسەۋۋۇر قىلماقتىمىز ۋە باھا بەرمەكتىمىز. ھالبۇكى، بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق.

ھەقىقەتتە، بارلىق ساھابىلار، بولۇپمۇ خەلىپىلەر بىر ــ بىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئىززەت ـ ئىكرام قىلىشاتتى. ھېچكىم بىر ـ بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى بولغان خەلىپىلەرنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيتتى.

بىز بۇ يەردە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى ياكى باشقا ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغانلىقىنى؛ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى بىلەن كېڭەشكەنلىكىنى؛ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، ئۆز ئورنىغا ھەزرىتى ئەلىنى نائىب قىلىپ قويغانلىقىنى؛ ھەزرىتى ئوسماننىڭ بىر مۇنچە ئىشلاردا ھەزرىتى ئەلىنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ھەتتا (اللە ساقلىسۇن!) بەزى نادان كىشىلەر: «خەلىپىلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا ساھابىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە تىرىشاتتى» دەپ، بۇ ئىشنى يامان تەرەپكە تارتىشتىن يانمايدۇ. بىز بۇ يەردە خەلىپىلەرنىڭ ساھابىلارنىڭ باللىرىنى، بولۇپمۇ ئەھلى بەيت باللىرىنى نەقەدەر ئىززەتلەيدىغانلىقى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز. ئاندىن بىر خەلىپىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپىگە قايسى كۆز بىلەن قارايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىمىز. ئاندىن كېيىن، مەيلى ئۇمەۋىي ياكى ئاباسىيلارنىڭ ئەھلى بەيت چوڭلىرىغا ۋە بارلىق ئەھلى بەيت ئەزالىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە بىر قۇر كۆز تاشلاپ چىقىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇ

www.munber.org

دەۋرىدە ئىككى تەرەپ[1] ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر ھەققىدە كاللىمىزغا ئورناپ كەتكەن كۆچۈرمە ئۆچمەنلىكنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرۈۋېلىشقا تىرىشىمىز.

بىر قېتىم، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا كىيىم تارقىتىپ بەردى، ئەمما تارقىتىلغان كىيىملەر ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ــ ھەسەن ۋە ھۈسەنگە دەل كەلگۈدەك كىيىم تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر يەمەنگە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىككىيلەنگە مەخسۇس كىيىم بۇيرۇتتى. كىيىم يېتىپ كېلىپ، ئۇ ئىككىسىگە كىيگۈزۈلگەندىن كېيىن: «ئۇھ! ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم» دېدى.

يەنە بىر قېتىم، ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ھۈسەيننى بىر ئىش بىلەن ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ. ھۈسەين بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېتىۋېتىپ، يولدا ئوغلى ئابدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن:

- نەدىن كېلىۋاتىسەن؟- دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ خەلىپە ئۆمەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ھۇزۇرىغا بارغانىدىم، لېكىن ئۇ مېنى قوبۇل قىلمىدى، - دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: ئۇنداقتا مېنىمۇ قوبۇل قىلمىغۇدەك، - دەپ ئويلاپ ئارقامغا ياندىم. ئەمما دەل شۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مەندىن:

ـ ئى ھۈسەين! مەن سېنى چاقىرتقانىدىم، سەن نېمىشقا كەلمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى! يولدا ئوغلۇڭ ئابدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ھۇزۇرىڭغا ئالمىغانلىقىڭنى ئۇقتۇم. شۇڭا مەنمۇ ئارقامغا ياندىم، - دەپ جاۋاب بەردىم. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

- سەن مېنىڭ كۆزۈمدە ئابدۇللاغا ئوخشامسەن؟ ئابدۇللاغا ئوخشامسەن (سەن مېنىڭ كۆزۈمدە ئابدۇللادىنمۇ ئەتىۋارلىقسەن دېمەكچى)؟ - دەپ غودۇڭشىپ كەتتى.“

ھەدىسشۇناش تىرمىزى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەققىدە: ”ئۇ بىزنىڭ كاتتىمىز، ئەڭ خەيرلىكىمىز ۋە رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۆھتەرەم زاتتۇر“ دېگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمامى ھەنبەلى نەقىل قىلغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ”ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىييە دەيدۇكى، مەن دادامدىن:

[1] ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيەدۇر.

- ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، كىم ئەڭ خەيرلىك؟
- دەپ سورىدىم. دادام:

- ئەبۇبەكرى، - دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

- ئاندىن قالسىچۇ؟ - دەپ سورىدىم. دادام:

- ئۆمەر، - دېدى. مەن ئۇنىڭ: ئوسمان! ــ دېيىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇراتتىم. مەن يەنە:

- ئۇندىن قالسا سەن، شۇنداقمۇ دادا؟ - دېدىم. دادام ماڭا:

- ياق! مەن پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەردىن بىرى، - دەپ قوپاللىراق تەگدى."

يەنە بىر كۈنى، بىر كىشى ھەزرىتى ئەلىدىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرگە بولغان كۆز قارىشىنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇ كىشىگە: "مەن بۇ ھەقتە ئەڭ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە كىشىمەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەر ئىككىلىسى ھىدايەت رەھبەرلىرى بولۇپ، ئۆزلىرى توغرا يولغا مېڭىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىمۇ ھەردائىم بۇ يولدا مېڭىشقا ئۈندەيتتى. شۇنداقلا، ھەر ئىككىلىسى ۋايىغا يەتكەن مۇرشىد بولۇپ، ئىسلاھاتچى ۋە شەپقەتكار ئىدى. ھەر ئىككىسى دۇنيا لەززىتى، ھارام ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىپ، پاكىز ۋۇجۇت ۋە ساپ ئەقىدە بىلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. الله ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرلەرنى تاكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك بولغۇدەك ھالغا كەلتۈردى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەخلاقى - پەزىلەتتە ھېچكىم ئۇ ئىككىسى يەتكەن مەرتىۋىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇ ئىككىسى كېيىنكى ئەۋلادلار شەرتسىز ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك بولغان تەڭداشسىز رەھبەرلەردۇر" دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئەلى كۇفە شەھىرىدە قازىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، بىر كىشى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كېلىدۇ ۋە: "ئى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى! مېنىڭ مۇنۇ مەسىلەمنى بىر ھەل قىلىپ بەرگەن بولساڭ. الله قا قەسەم ئىچىمەنكى، سەندىنمۇ خەيرلىكرەك بىرىنى كۆرمىدىم" دەپ خىتاب قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئۇ كىشىنى يېقىنىراق كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىدىن:

- سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى:

- ياق! - دەيدۇ. ھەزرىتى ئەلى يەنە:

- ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى كۆرگەنمىدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى يەنە:

- ياق! كۆرمىگەنىدىم، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى:

www.munber.org

- ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنلىكىڭنى ئىپتقان بولساڭ، كاللاڭنى كېسىپ تاشلىغان بولاتتىم. ئەگەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى كۆرگەنلىكىڭنى ئىپتقان بولساڭ، چوقۇم بىر يېرىڭ زەخىملەنگۈدەك دەرىجىدە دەررە ئۇرغان بولاتتىم، - دەيدۇ."

ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەققىدە گەپ بولسىلا، ئۇ: "ئۇ ھەممىمىزنى بېسىپ چۈشتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان اللّٰه قا قەسەم قىلىمەنكى، قايسىبىر خەيرلىك ئىشقا تەشەببۇس قىلىنساق، ئەبۇبەكرى ئۇ ئىشتا چوقۇم بىزنى بېسىپ چۈشەتتى" دەيتتى.

بىر كۈنى، بىر كىشى ھەزرىتى ئەلىدىن: "ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار نېمە ئۈچۈن خەلىپىلىككە سېنى تاللىماي، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى تاللىدى؟" دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا: "ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەندىن بۇرۇن ئوچۇق ئىپلان قىلدى، مەندىن بۇرۇن ھىجرەتكە ئاتلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غاردا بىللە تۇردى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئەبۇبەكرى ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىنى چوڭ تالاپەتكە ئۇچراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تالۇتنىڭ ئاياقلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغان بولاتتى. اللّٰه تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ئەيىبلەۋېتىپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ماختىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟! اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ئەگەر سىلەر اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (اللّٰه ياردەم قىلىدۇ)، اللّٰه ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: غەم قىلمىغىن، اللّٰه ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە، - دەيتتى﴾[1] اللّٰه ئەبۇبەكرىگە رەھمەت قىلسۇن!" دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇمەۋىي ۋە ئابباسىيلار دەۋرلىرىدىمۇ مەيلى ھەزرىتى ئاببىاس ياكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەسەبىدىن بولسۇن، ھەممىسى بەنى ھاشىم نەسەبىدىن بولغان بارلىق كىشىلەرگە چوڭقۇر ئىھتىرام بىلدۈرەتتى. بۇ ئىھتىرام ۋە ھۆرمەتنى كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىمۇ قوبۇل كۆرەتتى. بەنى ھاشىم نەسەبىدىن بىرى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، خەلىپە ئالىي ئىھتىرام بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرەتتى، چىقىدىغان ۋاقتىدىمۇ ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن ئۇزىتىپ قوياتتى.

ئاببىاسىيلار خەلىپىلىكىدىكى مەئمۇن بۇ ھەقتە ئەڭ ئۈلگىلىك نەمۇنە بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەسەبىدىن بولغان ئەلى رىزانى ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا

[1] سۈرە تەۋبە، 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تالىنغانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەلى نەسەبىدىن بولغانلارغا نەقەدەر ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەسەبتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ياخشى رەھبەر، ھىدايەت يېتەكچىسى، ئالىيجاناپ ۋە تەقۋادارلار ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا لايىق بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋال، ھىجرىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىچە، يەنى بىرمۇنچە كىشى ئۆزىنىڭ بۇ نەسەبتىن كەلگەنلىكىنى داۋراڭ سېلىپ، باتىنىيلىق مەزھىبى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان، قارماتىلەر، زەڭگىلەر ھەرىكىتى ۋە ئۇبەيدىلەرگە ئوخشاش بىر قاتار بىدئەت ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغىچە داۋام قىلدى. بۇ سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، ئۇلار داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىستېمىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ۋە مۇسۇلمان خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ۋە كۈرەشچى روھىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، زاھىدلىق ۋە تەسەۋۋۇپ تونىغا ئورىنىۋالغان باشقا ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى خانىقا غېرىبلىقى بىلەن زەھەرلەپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنامىزمىنى (يەنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى) ئۆلتۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئالاتوپىلاڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەيدىغان، ھەتتا ئېرەڭشىمەيدىغان خامۇش ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئىدى. ئەسلىدە، بۇ ئېقىملارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرىگە چېتىشلىق دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ يىلتىزى ئىران مەجۇسىيلىقىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاناسۇھ (ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن روھىنىڭ باشقا بىر بەدەن ئارقىلىق يېڭىدىن تۇغۇلۇشى) ۋە ھۇلۇل (نەئۇزۇبىللا! اللە نىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەر بىلەن بىرلىشىشى) غا ئوخشاش ئورتاق بىر پەلسەپۋي خاراكتېرنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك، شەھۋانىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىباھىيەچىلىك (جىنسىي پائالىيەتتە چەكسىز ئەركىنلىك ۋە مال ـ مۈلك ئورتاقلىقى) نى تەلەپ قىلىشاتتى ۋە پۇرسەت تاپقان ھامان بۇ ئىشلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېلىپ باراتتى، پۇرسەت تاپالمىسا مەخپىي يۈرگۈزەتتى. ئەنە شۇ دەۋرلەردىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلار بىلەن بۇ ئازغۇن ئېقىملار ئارىسىدىكى يوچۇق بارغانسېرى چوڭىيىپ باردى.

تۇنجى ئايرىمىچى گۇرۇھلار ئۆزلىرىگە ئەھلى شىئات (شىئەلەر، يەنى ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى) دېگەن سۈپەتنى بىرىشتى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى خەلق بولسا، ئەھلى سۈننەت دەپ تونۇلغان مۇسۇلمان خەلق ئىدى. كېيىنچە، مۇسۇلمانلار بىلمەيدىغان بىر قاتار يات پىكىر ۋە ھەرخىل پەلسەپىلەر پەيدا بولۇپ يېيىلدى.

ھەزرىتى ئەلىنى قوللايدىغان، ئەمما ئېتىقادلىرىغا ھېچقانداق بىر نۇقسان ئارىلاشمىغانلار پەرقلىق ناملاردىكى بەزى مەزھەبلەرگە تەۋە بولسىمۇ، يەنىلا



www.munber.org

مۇسۇلمان ھېسابلىناتتى. بۇلارغا قارشى، ئېتىقادلىرىغا يات ۋە باتىل پىكىرلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بەزى پىرقىلەر گەرچە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ياكى شىئە ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە كۈچەپ تەرغىب قىلسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

مەيلى ئۇمەۋىيلەر ياكى ئابباسىيلار مەزگىلىدە ئەھلى بەيت[1] دۇچ كەلگەن بېسىم، زۇلۇم ۋە قەتلىئاملارغا كەلسەك، ئەسلىدە بۇ پالاكەت ئۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەكسىچە، مەيلى ئەھلى بەيت بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئەمەل - مەنسەپ سەۋداسىغا چۆمگەنلەر ۋە قوزغالغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا كە

لدى. مەسىلەن، بۇ ۋەقەلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ھۇسەين ئەھلى بەيت بولسا، زۇبەير ئىبنى ئاۋامنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئەھلى بەيت ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ نەۋرىسى زەيد ئىبنى ئەلى ئەھلى بەيت ئىدى، ئەمما ئامر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەل ئاس ئەھلى بەيت ئەمەس ئىدى.

ئەھلى بەيتنىڭ ئۇستىدىكى بۇ بېسىم ئابباسىيلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى. مەسىلەن، خەلىپە مەنسۇر ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىلىرى مۇھەممەد ۋە ئىبراھىمنى ئۆلتۈرگەندىن سىرت، ئۆز تاغىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلىنى ۋە ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىينى ئۆلتۈردى. دېمەككى، بۇ سىياسىي جىنايەتلەر پەقەت ئەھلى بەيت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، قايسى نەسەبكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان كىشىنىڭ ھەرقانداقىغا تەھدىت سېلىناتتى. ئەمەل - مەنسەپ سەۋداسى ھەممە نەرسىدىن ئۇستۈن ۋە ئەڭ ئۇلۇغ نىشان بولۇپ، بۇ يولدا توختىماي قان ئاقاتتى، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۆز ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا، ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارشى قانلىق جەڭلەرگە ئاتلىنىپ كېتەتتى.

مانا مۇشۇ شەرت - شارائىتلاردا ئەمەلدارلارغا قارشى چىقمىغان، سىياسىي ۋەقەلەرگە قاتناشمىغان زاتلار (ئەھلى بەيتنىڭ باشقا ئەزالىرى) ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورۇنلىرىنى ئىزچىل قوغداپ قالالىدى، ھېچكىم (مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئۇلارغا چېقىلالمايتتى، رەنجىتەلمەيتتى، ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلالمايتتى. مەسىلەن، ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى زەينەلئابىدىن، مۇھەممەد باكىر، جافەرى سادىق، ئەلى رىزا، مۇھەممەد ئەل جەۋاد، ئەلىيىۇل ھادى، ھەسەن ئەل ئەسكەرى ۋە بۇلاردىن بۇرۇن ياشىغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ھەزرىتى ھەسەن ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىييە قاتارلىقلار بۇ خىل ئېغىر ئەھۋالغا دۇچار بولمىغانىدى. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن شىكايەتلەر قىلىنغان بولسىمۇ، خەلىپە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، كۆرۈلگەن

[1] ئەھلى بەيت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەردۇر.

بۇ نامۇۋاپىق مەسىلىلەر يۈزىسىدىن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىغان، ھەتتا ئۇلارغا ئۈيغۇن بولغان ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇلارنى مەمنۇن قىلغانىدى.

پەقەت مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە زىت گۇرۇھلارغا بۆلۈش مەقسىتىدە، ناھايىتى ھاياجانلىق بىر شەكىلدە ئىپتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ زۇلۇملار ئەسلىدە ئۇلاردىن باشقىلارغا قىلىنغان زۇلۇملارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ئېتىقاد ۋە پىكىر ئىختىلابى يوق ئىدى. دىنىي ئېتىقادتىكى پەرق كېيىنچە يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسلامغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى.

بۇ ۋەقەلەردىن نەچچە ئەسىر كېيىن ياشىغان نەسىللەر بۇ مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئەسلى ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ چىقمىغاچقا، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلگەن پېتى قوبۇل قىلىش غەپلىتىگە پېتىپ قالدى.

## خەلىپىلىك ۋە بەيئەت ئۇقۇملىرى

### خەلىپىلىك

خەلىپىلىك ـــ مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ الله نىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن قۇرغان ئىلاھىي قانۇنغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە خەلققە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن تاللىنىشى بولۇپ، بۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر.

”ھەقىقەتتە، ئابىستراكىت قانۇن ۋە ئۇنى تولۇقلىغۇچى پرىنسىپلارنىڭ بولۇشىلا جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىسلاھاتى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. قانۇنلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ۋەسىلە بولالىشى پەقەت ئۇ قانۇنلارنى يولغا قويىدىغان بىر ئىجرائىيە ئورگىنىنىڭ بولۇشى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇقەددەس قانۇن - نىزاملار بىلەن بىرگە، ئىنسانلارغا ئۇ قانۇنلارنى تەتبىقلايدىغان بىر ئىجرائىيە ئورگىنىنىمۇ ئاتا قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا بۇ مەقسەتتە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئىجرائىيە ئورگانلىرىغا رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش، ۋەز - تەبلىغ ئېيتىش، ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش، ھۆكۈملەرنى ئىزاھلاشقا ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. بۇ يولدا كۆرسەتكەن خىزمەت ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شەرت - شارائىت



www.munber.org

يارىتىپ بەرگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازا قانۇنلىرىنى تۈزۈپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە ئۆزى شەخسەن جازانى ئىجرا قىلىشقا قاتنىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلانغان خەلىپىلەرمۇ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تولۇق ئىجرا قىلىشتى. خەلىپىلەر پەقەت ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا سايلانمايتتى. ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشىنىڭ باشقا بىر سەۋەبى ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىسلامدا خەلىپىلىك ئۇقۇمى بەكمۇ مۇھىم بىر مەنىگە ئىگە.“

شۈبھىسىزكى، خەلىپە ھەردائىم ئۆزىنىڭ اللہ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا خەلققە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ، ھەر قانداق كەمچىلىكى سەۋەبىدىن قىيامەتتە ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ تۆت خەلىپە اللہ دىن بەكمۇ قورققانلىقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. مەدىنەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى بىرمۇ بىر ئارىلاپ يۈرۈپ، خەلقنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولاتتى.

تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللہ نىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇقى بىلەن بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولغانىدى. مانا مۇشۇ تەرىقىدە، ھەر بىر خەلىپە ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلاتتى (مەسىلەن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارى، ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋارىسى ... دېگەندەك). ئەمما بۇ قوشۇمچىلارنىڭ زەنجىرسىمان ئۇزىراپ كېتىشى ۋە ”خەلىپە“ كەلىمىسىنىڭ كۆپ تەكرارلىنىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، كېيىنكىلەر پەقەت خەلىپە دەپلا ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىن باشلاپ خەلىپىلەرگە ئەمىرۇل مۇئمىنىين (مۇئمىنلەرنىڭ رەئىسى) دېگەن سۈپەت بېرىلىدىغان بولدى.

خەلىپە ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن مەجلىس ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ئورنىغا چىقىدىغان خەلىپىنى شەخسەن ئۆزى تەيىنلەيتتى (ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدەك)؛ ياكى ئارىلىرىدىن بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەش ۋەزىپىسىنى مەجلىس ئەزالىرىغا تاپشۇراتتى (ھەزرىتى ئۆمەردەك)؛ ۋە ياكى ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەزىتى ئەلى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندەك مەجلىس ئەزالىرى كېڭىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەيتتى.

خەلىپىلىكنى (مىراس يولى بىلەن) بىر ئائىلىگە مەخسۇس ۋەزىپە قىلىۋېلىشقا، ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى قانداق (مەيلى ئەھلى بەيت ياكى باشقا بىر نەسەبتىن) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلىپىلىكنى مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ مىراس خاراكتېرلىك سەلتەنەتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ، ئىسلام دىنى مۇنداق بىر رەھبەرلىك سىستېمىسىنى تونۇمايدۇ.

خەلىپىلىك ئۈچۈن ئۈيغۇن بىر شەخسىيەتكە ئىگە بولۇش ھەرگىزمۇ نەسەب بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئەمەس. شۇنداقلا، خەلىپە بولۇش ئۈچۈن ئۈيغۇن بولغان شەخسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن ئالدىنقى خەلىپىنىڭ تۇغقىنى ياكى يېقىنى بولۇشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بەلكى پەقەت سالىھ (اللە نىڭ ئەمىرلىرىنى تولۇق بىجا كەلتۈرىدىغان، دۇرۇست ۋە سەمىمىي) كىشى بولۇشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. ئۇستۇنلۇك پەقەت تەقۋالىق، يەنى اللە بېكىتكەن چەك - چېگرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

مۇغىرە ئىبنى شەئبە ھەزرىتى ئۆمەرگە ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى تەيىنلەش ھەققىدە: "كىمنى تاللىشىڭنى ساڭا تەۋسىيە قىلايمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئوغلۇڭ ئابدۇللاھ نى تاللىغىن!" دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر: "اللە جېنىڭنى ئالسۇن! قەسەم قىلىمەنكى، مەن شۇنداق قىلىش (يەنى ئۆز ئوغلۇمنى خەلىپىلىككە تەيىنلەش) ئارقىلىق اللە نىڭ رازىلىقىنى ئالالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. بىزنىڭ ئائىلە بويىچە سىلەرگە خەلىپە بولۇشقا ئېھتىياجىمىز يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزەمنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكىممۇ مېنى كۆپ ئازابلىدى. مېنى مەمنۇن قىلمىغان ئىشقا ئۆز ئوغلۇمنى قانداقمۇ تەيىنلەپ قويالاي؟! ئەگەر بۇ ۋەزىپىدە بىر خەير بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن بىزگىمۇ نېسىۋە تەگكەن بولاتتى. ياق! ئەگەر خەيرسىز ئۆتكەن بولسا، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن بىر كىشى اللە قا بۇنىڭدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن سوراققا تارتىلسا، شۇ يېتەرلىك. مەن بۇنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتتىم، ئائىلەمدىن يەنە بىرىنىڭ بۇ كۈننى كۆرۈشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. مەن ئۆز ئائىلەمنى تاشلىۋەتتىم، ئۇلارنى كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم قىلىپ قويدۇم. ئەگەر اللە نىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىدىن ئۆزەمنى قۇتۇلدۇرالىسام، بەكمۇ سۆيۈنگەن بولاتتىم" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئۇمەۋىيلەر مەجلىسنى تەرك ئېتىپ، تەختنى بىر - بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئائىلە سەلتەنەتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ نارازىلىقىغا كۆپ ئۇچراپ كەتكەنىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، گەرچە ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى خەلىپىلىكنىڭ ئەھلى بەيتكىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، بۇ، باشقا ئائىلىلەر ئۇمەۋىيلەردىن تېخىمۇ ئۈستۈن دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇمەۋىيلەر (كېيىنكىشىكە تايىنىپ) مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى



www.munber.org

بىلىپ، ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇش يولى بىلەن ھوقۇقنى بىر - بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھوقۇق پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ قولىغا قالغانىدى.

فىقھىشۇناس ئالىملار خەلىپىلىك ئۈچۈن بىر يۈرۈش شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئەمما بۇ شەرتلەر مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولغۇچى كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەر ئىدى. بۇ ئالىملار خەلىپىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش، ئەر كىشى بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئادىل بولۇشى كېرەكلىكىگە دائىر شەرتلەردە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، خەلىپىنىڭ قۇرەيش نەسەبىدىن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلدى. مۇسۇلمان بولۇش — خەلىپىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرت دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىغا باش بولغان كىشىنىڭ ئۆزى شۇ قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداققۇ؟! بىر ئادەم ئىسلامنىڭ سىياسىي ۋە ئىدارىي سىستېمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالماي تۇرۇپ، قانداقسىگە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ، بۇ سىستېمىنى سەمىمىيەتلىك بىلەن يۈرگۈزەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغانلارنى جازالىيالايدۇ؟ ئۇنىدىن باشقا، خەلىپىلىك ئۈچۈن ئەركەك بولۇشىمۇ زۆرۈر شەرت. چۈنكى ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ھېسسىياتچان ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئەرلەردىن ئاجىز بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ئىماملىق (جۈمە نامازلىرىدا)، قوشۇن يېتەكلەش ۋە جىنايەتچىلەرنى جازالاشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدۇ.

خەلىپىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ” ئادىل بولۇش“ شەرتىگە كەلسەك، ھەر ئىنسانىنىڭ ئادالەتكە بولغان مەيلى ۋە كۆز قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ئادالەت دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مەخسۇس ئۆلچەم يوق. بەزىبىر كىشىلەرنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسى ئېنىقتۇر، بولۇپمۇ بىز گېپىنى قىلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئادالەت ئەھلى ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى - پەزىلەتتە باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەت ئۆلچەملىرى جەھەتتىن ئىككىنچى دەرىجىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئىمام بولۇشى (يەنى خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى) جائىزدۇر.

دېمەككى، خەلىپىلىككە تەيىنلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى بولۇشى شەرت ئەمەس. بەلكى پەزىلەتتە ئۆز دەۋر كىشىلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولغان كىشىلەر تەيىنلەنسىمۇ بولىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن كۈنى (ئۆزى بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى تۇرۇپ) مۇنداق دېگەنىدى: ”مەن ئەڭ خەيرلىكىڭلار بولمىساممۇ، مېنى ئۆزەڭلارغا خەلىپە قىلىپ سايلىدىڭلار“. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىر ھېساپتا جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا دالالەت

بولالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ خەلىپىلىكى ئىناۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ھەر بىر پۇقراغا ۋاجىپ ئىدى.

خەلىپىلىككە قويۇلغان "بالاغەت" شەرتىگە كەلسەك، بۇ بالاغەتكە يەتكەن ياشلارغا بەيئەت قىلىشقا (ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەشكە) بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، ئىنسان ياشتا چوڭ، تەجرىبىلىك كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەتلەيدۇ.

مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شىمالدا بىزانسلىقلار (شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى) بىلەن جەڭ قىلىش ئەمرىنى ئالغان قوشۇننىڭ بېشىغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەندە، ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلار خالاپ - خالىماي بۇنى قوبۇل قىلىشتى ھەم قوبۇل قىلماي بولمايتتى. چۈنكى بۇ ئەمرنى ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرى بەرگەنىدى.

ئەمما بەزىلەر قوشۇن ئىچىدە ئۇسامەدىنمۇ كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئەمرگە ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. ھەقىقەتەن قوشۇن ئىچىدە ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئەبۇئۇبەيدەگە ئوخشاش كىشىلەر بار ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارى ئەمر - پەرمان ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بۇ قارارىدا بالاغەتكە يەتكەن بىر ياشنىڭ قوشۇندا ئۆزىدىن كۈچلۈكرەك كىشىلەر بولسىمۇ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالايدىغانلىقىغا دائىر دەلىل بار ئىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، تۇنجى خەلىپە سايلانغان ۋاقىتتا، "پىشقان ۋە تەجرىبىلىك" دەپ ھەممەيلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى بۇ ۋەزىپىگە لايىق كۆرۈشتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ قالغانىدى. ئەمما ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياش ساھابىلاردىن ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام ۋە ساد ئىبنى ئەبۇۋاققاس قاتارلىقلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. چۈنكى بۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ يېشى تېخى 30 دىن ئاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلىپە بولۇش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

خەلىپە (يەنى خەلقنىڭ دۆلەتكە رەئىس سايلىشى) ــ ھەم مەنتىقە ھەم شەرىئەت جەھەتتىن ۋاجىب بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى باشقۇرىدىغان بىر رەھبەرگە موھتاجدۇر. ئىسلامىي دۆلەت شەكلى خەلىپىلىك بولۇپ، بىر جەمئىيەتنى دۆلەتسىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلارنىمۇ خەلىپىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. دۆلەت يوقالسا، خەلقتە ھۆكۈمەتسىزلىك ئېغىر كۈچىيىدۇ، ئىجتىمائىي تەرتىپ بۇزۇلۇپ، پىتنە - پاسات ۋە قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالىدۇ، گۇناھ ۋە جىنايى قىلمىشلار كۆپىيىپ، ئىنسانلار بىر - بىرىنى يەپ تۈگىتىدۇ.

www.munber.org

ئەگەر خەلىپىلىك يىقىلسا، ئىسلام تۇپراقلىرى يات كۈچنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر خانىۋەيران قىلىنىدۇ. ئاۋۋال بىر قانۇن چىقىرىلىپ، جەمئىيەت ئۇنىڭ بىلەن كونترول قىلىنىدۇ. ئاندىن جەمئىيەتنى تۈزەش باھانىسىدە، كۈپرىلىق بىلەن تولغان قانۇن ـ لايىھەلەر يولغا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. دەرھەقىقەت، خەلىپىلىك يىقىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار دۇنيادا مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى.

ئىسلامدا خەلىپىلىك پەقەت كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ خەلىپە نامزاتىغا بەيئەت قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى دېگىنىمىز، جەمئىيەتتە ئادالەت، ئىلىم ۋە تەقۋا قاتارلىق پەزىلەتلىرى بىلەن تونۇلغان، كامىل شەخسىيەتلىك ۋالىيلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بۇلار كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەڭ ئۈست قاتلىمىدىكى بىر تەبىقە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى خەلىپىگە قويۇلغان شەرتلەر ۋالىلارغىمۇ ئوخشاشلا قويۇلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا خەلىپە كېڭەشى ۋالىيلارغا مەسلىھەتچى بولىدىغان ئادىل كىشىلەر بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋالىيلار يەرلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن خەلىپە ئۈچۈن بەيئەت ئالىدۇ. تۆت خەلىپە دەۋرىدە مەدىنە شەھىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋە رەھبەرلىكتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋالىيلارمۇ بۇ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.

ئۇ دەۋرلەردىكى سايلامغا زامانىمىزدىكىدەك پۈتۈن خەلق ئەمەس، بەلكى پەقەت كېڭەش ئەزالىرىلا قاتنىشاتتى. خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بەيئەت قىلىشى ئادەت ۋە نورمال ئىش بولسىمۇ، خەلىپىلەر بۇ ئىشقا بەك داغدۇغا كۆرسىتىپ كەتمەي، بەلكى پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تونۇلغان كىشىلەرنىڭ تەستىقىغىلا قارايتتى. كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكى بەيئەت قىلسا، شۇ كۇپايە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەيئىتى بىلەن خەلىپە تەستىقلانغان بولاتتى. شۇڭا ئاز ساندىكى ساھابىنىڭ بەيئەت قىلماسلىقى بىلەن خەلىپە تەستىقتىن ئۆتمىگەن ھېسابلانمايتتى. ئەگەر خەلىپىلەر كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بەيئەت قىلىشىنى مۇھىم دەپ بىلسە، بۇ ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى (خەلقنىڭ ئۆزىنى قوللاپ ـ قوللىمايدىغانلىقىنى) ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى قايىللىقىنى سىناپ كۆرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن بولاتتى.

خەلىپە سايلىمى دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تەستىقلانغىنىغا قارىغاندا، ئىسلام ئالەمى يېقىنقى زامانلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سايلام ۋە تەستىقلاش سىستېمىلىرىنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. چۈنكى بۇ سىستېمىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سايلام ھەر دائىم ئۆزىنى نامزات قىلىپ كۆرسەتكەن دىكتاتور ياكى سىياسەتچىنىڭ تەشۋىقاتلىرى تەسىرىدە، ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ماس ھالدا نەتىجىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

سىياسەتچىلەر بۇ سىستېمىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ”ئومۇمىي خەلق سايلىمى“ دەپ ئاتالغان يېڭى بىر مېتودنى كەشىپ قىلىشتى. بۇ، ئۆز رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنى رەسمىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن تولۇق ئاۋاز بىلەن تەمىنلەشكە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، خەلق بۇ سايلام ئارقىلىق نامزات بولغۇچىنىڭ تەرەپدارى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. ئاۋاز بەرگەن ۋاقىتتا، نامزات ئوتتۇرىغا قويغان پىلان ۋە كۆز قاراشلارنى قوللايدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېغىزدا دېيىلىدىغىنى مانا بۇ. ئەمەلىيەتتە، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان خەلق سايلىمىنىڭ ھەممىسى مۇتلەق كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىش (ھەممىسى 96 % تىن يۇقىرى) شەكلى بىلەن نامزاتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا داۋاملاشماقتا.

بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە: خەلقنىڭ كۆزقارىشى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى سايلامدا ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ھەققانىيەت تەرەپدارى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە ئېنىق بىر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا خەلق ئومۇمىي سايلامدا يا نامزات بولغۇچىنىڭ پەردازلاپ ئوتتۇرىغا قويغان پىلان، تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانغىنىدىن ياكى قورققىنىدىن ھەر دائىم يالغان ئاۋاز بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خەلقنىڭ بىلىمسىز، نادان تەبىقىسى (ئېچىنارلىقى خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇلار تەشكىل قىلىدۇ) شەخسىي مەنپەئەت، شەھۋەت ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەس مەيلى بىلەن ھەر دائىم ئۆزلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان كىشىلەرگە ياكى تەشۋىقاتىنى ئەڭ دەبدەبىلىك قىلالىغان سىياسەتچىلەرگە ئاۋاز بېرىدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ نادان خەلق سىياسەتچىلەرنىڭ ھەر كۈنى ھەرخىل ئوينايدىغان نەيرەڭۋازلىقىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدۇ. بۇ سايلاملارنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنىكەن:

ئاۋام خەلق تەبىقىسىدىن (ئىلىم يۈزى كۆرمىگەن، نادان) ياش بىر قىز ئاۋاز بېرىش ئۈچۈن سايلام ساندۇقىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. كىمگە ئاۋاز بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرغان قىزغا بىر نامزاتنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئەمما ئۇ نامزاتنىڭ چىراي ـ تۇرقى قىزغا ياقماپتۇ. كىشىلەر قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن يەنە بىر نامزاتنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ نامزات قىزنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز بېرىپتۇ. رەقىبىدىن ئۈستۈن كېلىش ئۈچۈن بىر ئاۋازغا ئېھتىياجى بولغان بۇ نامزات ئۇ قىزنىڭ ئاۋازى بىلەن سايلامدا ئۇتۇپ چىقىپتۇ.

مانا مۇشۇنداق، سايلىغۇچىلارنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلانغان نامزات ھەر خىل نەيرەڭلەر بىلەن سايلامدا ئۇتۇپ چىقالايدۇ. سايلام ھەققىدىكى بۇنداق مىساللار بەكمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىر جەمئىيەت نادان پېتى قالغانسېرى ئۆزلىرىگە



www.munber.org

ھەقىقىي تۈردە خىزمەت قىلىدىغانلارنى سايلىيالمايدۇ. سايلانغۇچىلارمۇ ھەر ئىشقا ھېسسىي مۇئامىلە قىلىپ، پەقەت ئۆز ئارزۇ ـ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ.

دۆلەتمۇ زالىم ۋە خەلققە بېسىم ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالسا، ئىلىم ـ ئىرپان، الله قورقۇسى دېگەنلەردىن نېسىۋىسى يوق، قارا قورساق كىشىلەرنىڭ كۆپرەك سايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ياكى ھەمىشە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانلارنىڭ سايلىنىشى ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ، ئۇلارغا مەيدان ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق دۆلەتنى ئۆزى خالىغانچە ئىدارە قىلىدۇ، ھەتتا بۇ مەنپەئەتپەرەستلەردىن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى كۈتىدۇ.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنى دۆلەتنىڭ ھەر تەرىپىگە يېيىلغان كېڭەش ئەربابلىرىغا بەيئەت قىلىشنى يېتەرلىك دەپ بىلىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار، ۋالىي ، ھاكىم ۋە خەلقمۇ بۇ كىشىلەرنى تونۇيدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ زاتلاردىمۇ خەلقنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ سىرتىدا بىر نەرسە دېيىشىنى توسىدىغان الله قورقۇسى بار بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىدۇر.

# ھەزرىتى ئەبۇبەكرى (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

## ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھاياتى

ئىسمى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئامىر ئىبنى ئامر ئىبنى كەئاب ئىبنى ساد ئىبنى تەيىم.

لەقىمى: ئەتىيق؛ تەخەللۇسى: ئەبۇبەكرى. كىشىلەر ئۇنى سىددىق (راستچىل) نامى بىلەن تونۇيدۇ.

دادىسىنىڭ ئىسمى ئوسمان ئەبۇقۇھافە. ئانىسىنىڭ ئىسمى ئۇممۇل خەير سەلما بىنتى سەخر.

ئانىسىمۇ بەنى تەيىم قەبىلىسىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى. بەنى تەيىم قۇرەيشنىڭ ئون ئىككى ئايمىقىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئابدۇمەنناف ۋە بەنى مەخزۇم ئايماقلىرىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھىجرەتتىن ئەللىك بىر يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ياشتا پەيغەمبىرىمىزدىن ئىككى يىل، بىر نەچچە ئاي كىچىك ئىدى. ئەبۇبەكرى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەنىدى. ئۇلاردىن بىرى، قۇتەيلە بىنتى ئابدۇل ئۇززا بولۇپ، بۇ ئايالىدىن ئابدۇللا ۋە ئەسما تۇغۇلدى. يەنە بىرى، بەنى قىنانەدىن ئۇممۇ رۇمان بىنتى ئامىر بولۇپ، بۇ ئايالىدىن ئابدۇرراھمان ۋە ئائىشە دۇنياغا كەلدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قۇرەيش چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسلامدىن بۇرۇن قۇرەيشنىڭ ئورۇن ۋە مەنسەپلىرى ئون ئايماقتىن ئون كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بەنى ھاشىم ئايمىقىدىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى) ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بولۇپ، بۇ زات جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بۇ ۋەزىپە ئىسلام دەۋرىدىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى.

ئىككىنچى، بەنى ئۇمەييەدىن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارب بولۇپ، قۇرەيشنىڭ ”ئۇقاب“ دەپ ئاتىلىدىغان تۇغى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. قۇرەيشلەر مۇھىم بىر ئىشقا بىرنى باش قىلىپ سايلىماقچى بولۇپ، پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىسە، ھەممىسى ئۇنى سايلاپ قوياتتى.

ئۈچىنچى، بەنى نەۋفەلدىن ھارىس ئىبنى ئامىر. ئۇ ”رىفادە“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. بۇ، قۇرەيش رەئىسلىرىنىڭ قىسىلچىلىقتا قېلىپ، پەرىشان بولغان ھاجىلار ئۈچۈن بەرگەن مەلۇم مىقداردىكى ياردىمىنى توپلاپ، بىرلىكتە كېرەكلىك بولغان كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان خىزمەت ئىدى.

تۆتىنچى، بەنى ئابدۇددارىدىن ئوسمان ئىبنى تەلھە. ئۇ، كەئبىنى قوغداش ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاش خىزمەتلىرىنى قىلاتتى.

بەشىنچى، بەنى ئەسەدتىن يەزىد ئىبنى زەمئە ئىبنى ئەل ئەسۋەد. ئۇ، قۇرەيشنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ، ھېچقانداق بىر ئىشقا قارار بەرمەيتتى. ئۇ، بىر ئىشقا تەستىق سالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىجرا قىلاتتى ياكى ئۇ ئىككىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشاتتى.

ئالتىنچى، بەنى تەيىمدىن ئەبۇبەكرى. ئۇ ئىقتىسادىي جازالارنى قۇرەيشنىڭ نامىدا ئۆتكۈزىۋالاتتى. بىر ئىشنى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن، قۇرەيشلەردىن دەلىل تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ گېپى بەكمۇ كۈچلۈك ھېسابلىناتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماقچى بولغان كىشىگىمۇ ھوقۇق بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ سىرتىدا بىر كىشى بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىشقا ئورۇندىغان بولسا، ئۇنى رەزىل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

يەتتىنچى، بەنى مەھزۇم ئايمىقىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد بولۇپ، چېدىر ۋە قوماندانلىق ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. چېدىر لازىم بولغاندا بىر يەرگە قۇرۇلاتتى ۋە قۇرەيش چوڭلىرى كېلىپ قوشۇننىڭ تەشكىللىنىشى ھەققىدە مەسلىھەتلىشەتتى. قوماندانلىق خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇرۇشلاردا ئاتلىق قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىشىغا ۋە قوماندانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى.

سەككىزىنچى، بەنى ئادىيدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيشلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ھازىرقى دۆلەت ئەلچىسى ياكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا ئوخشاش ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل ئىدى.

توققۇزىنچى، بەنى جىمھ ئايمىقىدىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە. ئۇ پال ئوقلىرىنىڭ ئامانەتچىسى ئىدى.

ئونىنچى، بەنى سەھمىدىن ھارىس ئىبنى قەيس. ئۇ بۇتلارغا ئاتاپ قىلىنغان ماللارغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قۇرەيشنىڭ نەسەبشۇناسى ئىدى. تارىخچى ئىبنى ھىشام «پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

”ئەبۇبەكرى قۇرەيشنىڭ نەسەبىنى ئەڭ ياخشى بىلەتتى. بۇ نەسەبتىكى ياخشىلىق ياكى باشقا نېمە بولسا، ھەممىدىن خەۋەردار ئىدى. يامانلىقلارنى كۆرمەسلىككە سالىدىغان، خۇشپېئىل، ئەخلاقلىق ۋە باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان بىرى ئىدى. قۇرەيش چوڭلىرى ئۇنى يوقلاپ، ئۇنىڭ تىرەن بىلىملىرى، سودا ـ سېتىق تەجرىبىسى ۋە ئاغىنىدارچىلىقى سەۋەبىدىن ھەرخىل تېمىلار ھەققىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تىجارەتچى بولغاچقا، كۆپلىگەن مەملىكەتلەرگە بېرىپ ئايلىناتتى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئەبۇتالىبنىڭ كارۋىنىغا قېتىلىپ شامنى زىيارەت قىلدى. خېلى كۆپ مىقداردا مەبلىغى بار ئىدى ھەم ناھايىتى سېخى ئىدى. ھەردائىم ئۆز مېلىدىن سەرپ قىلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلاتتى. شۇڭا قۇرەيشلەر ئۇنى بەكمۇ سۆيەتتى ۋە ھەر ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلاتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى جاھىلىيەت دەۋرىدىلا ئۆزىگە ئىچىملىكنى چەكلىگەنىدى. شۇڭا مەيلى جاھىلىيەتتە ياكى ئىسلامىيەتتە بولسۇن، ئىچىملىكنى پەقەتلا ئىچمىگەنىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىر مەستكە يولۇقۇپ قالدى. ئۇ مەست قولىنى ئادەمنىڭ چوڭ تەرىتىگە تىقىپ، ئاندىن ئاغزىغا يېقىن ئاپىراتتى ۋە پۇرىقىدىن سەسكىنىپ قولىنى تارتىۋالاتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ يىرگىنچلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزى ھېچ تېتىپ باقمىغان ئىچىملىكنى ھاياتى بويىچە ئاغزىغا ئالماسلىق ھەققىدە ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم ئىچتى.“

ئەبۇنازىم ئىشەنچلىك بىر رىۋايەت ئارقىلىق ھەزرىتى ئائىشەدىن شۇنى نەقىل قىلىدۇ: ”(دادام) ئەبۇبەكرى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئىچىملىكنى ئۆزىگە ھارام دەپ ھېسابلايتتى.“①

ئىبنى ئامىر يەنە بىر ئىشەنچلىك رىۋايەت ئارقىلىق ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ: ”اللہ قا قەسەم قىلىمەنكى، (دادام) ئەبۇبەكرى مەيلى جاھىلىيەت دۆرى ياكى ئىسلام دەۋرىدە بولسۇن، قەتئىي شېئىر ئوقۇمايتتى. ئوسمان بىلەن ئىككىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىلا ئىچىملىككە يېقىنلاشمايتتى.“②

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن پەقەت ئۈچ بېيىتلا شېئىر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى مۇنداق ئىدى:

ئەي تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ!

ساڭا خۇشخەۋەر، ساڭا خۇشاللىق،

① ئىمام سۇيۇتىنىڭ «خەلىپىلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن.

② يۇقىرىقى ئەسەردىن.



www.munber.org

مۇبارەك جەننەتلەر بىر ساڭا لايىق.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھاياتى بويىچە بۇتقىمۇ چوقۇنمىغانىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: ”مەن بۇ ھاياتىمدا بۇتقا چوقۇنۇپ باقمىدىم. يىگىتلىك ۋاقىتلىرىمدا، بىر كۈنى دادام مېنى بۇتلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر بۇتخانىغا باشلاپ باردى ۋە ماڭا:

- ئوغلۇم! مانا بۇلار سېنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھلىرىڭ، - دېدى ۋە مېنى ئۇ يەرگە قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى. مەن بىر بۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، ماڭا يېگۈدەك بىر نەرسە بەر! - دېدىم. ئەمما بۇت جاۋاب بەرمىدى. مەن يەنە:

- مەن يالىڭاچ، ماڭا كىيگۈدەك بىر نەرسە بەر! - دېدىم. بۇت يەنە جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاچچىقىمدا بىر پارچە تاشنى ئېلىپ، بۇتقا قارىتىپ ئاتتىم. بۇت يەرگە دۈم چۈشتى.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەخپىي - ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. ۋەھيى چۈشۈشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭغا بەك سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىب بىلەن بىرلىكتە بارغان ۋە مەشھۇر پوپ بۇھەيرا بىلەن ئۇچراشقان شام زىيارىتىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى چۈشكەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئادەم يوق يەرلەرگە بېرىۋالغىنىدا قۇلىقىغا: ”ھەي مۇھەممەد!“ دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

بۇنى بىر سىر سۈپىتىدە پەقەت ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگىلا ئېيتتى. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ۋە بىردىنبىر سىرداشى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلام دەۋرىدە كۆپ شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھاياتى ھەققىدە بەك ئېنىق ۋە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئۇ دەۋر ھەققىدىكى مەلۇماتلار پەقەت ئۇنىڭ تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىقى، نەسەبشۇناس ئىكەنلىكى، قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ دەۋردىمۇ دوست ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مانا بۇ جەھەتلەردىن ئۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدە تونۇلغان باشقا كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىسلامغا كىرىشى، يەنى ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا ئىسلامغا مايىل بولۇشى ئۇنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قالسىلا ئەڭ مۆتىۋەر كىشى ئىدى.

ئىسلام دىنى ئۆزىگە كۆڭۈل بەرگەن ھەركىشىنى ئۇلۇغلايدۇ ـ ئەلۋەتتە! ئەمما ئۇنى تېخىمۇ بۇرۇن قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا سەممىمي مۇئامىلە قىلىش، قىيىلغان چەك ـ چېگرالارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە بۇ جەھەتتىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ئىسلام دىنى ئۆز مەنسۇپلىرىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. مانا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە مۇجەسسەملەنگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ۋەھيى چۈشكەندىن كېيىن دەرھال ھەزرىتى خەدىچەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

”مەن يالغۇز قالغان ۋاقتىمدا قۇلىقىمغا بىر نىدا ئاڭلاندى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم“ دېدى. ھەزرىتى خەدىچە ئۇنىڭغا: ”الله تائالا سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن ئامانەتكە خىيانەت قىلمايسەن، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭغا كۆڭۈل بۆلىسەن، يالغان سۆزلىمەيسەن“ دەپ تەسەللى بەردى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقلاپ كەلگىنىدە، ئۇ ئۆيدە يوق ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە ئەبۇبەكرىگە: ”ئى ئەتىيق! مۇھەممەدنى ۋەرەقەنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ باققان بولساڭ“ دەپ ئۆتۈندى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەپ تەرىپلەيدۇ: ”ئۆڭى ئاق، ئورۇق ۋە ساقىلى شالاڭ ئىدى. ئالدىغا سەل ئېگىلىپ تۇراتتى، يۈز تومۇرلىرى ئۇچۇق كۆرۈنەتتى. پېشانىسى كەڭ، قوللىرى تۈكسىز ئىدى.“

## ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى ھاياتى

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سەممىمي دوستى ئىدى. شۇڭا ۋەھيى چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىشەندى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىسلامنى دەرھال قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جاھىلىيەت دەۋرىدىلا ھەر جەھەتتىن (يەنى ھاياتى، سەرگۈزەشتىسى ۋە ئەخلاقى قاتارلىق جەھەتلەردىن) ناھايىتى پىششىق تونۇغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سالاھىيەت ۋە لاياقەتنىڭ بارلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنى بولغان ھەنىف ئېتىقادىدىكى كىشىلەرنىڭ ساماۋىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، يېقىندا بىر پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

www.munber.org

ئىبنى ئەسەقىر بىر رىۋايەتتە ئىيسا ئىبنى يەزىدتىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: ”بىر كۈنى، كەئبىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇراتتىم، زەيد ئىبنى ئامىر ئىبنى نۇفەيلمۇ ئۇ يەردە ئىدى. بىر چاغدا ئۇمەييە ئىبنى ئەبىس سالت كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئەي ياخشىلىق ئىزدىگۈچى! ـ دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇ: ـ ياخشى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا: ـ بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ـ ياق! ـ دېدى.ئۇمەييە:

بارلىق دىنلار ئىناۋەتسىز قىيامەتتە،

الله نىڭ دىنى مۇستەسنادۇر ئەلۋەتتە!

دەپ غىڭشىغاندىن كېيىن:

ـ شۇ كەلمەكچى بولغان پەيغەمبەر بارغۇ؟ ئۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ياكى بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقىدۇ، ـ دېدى.

مەن بۇنىدىن بۇرۇن كەلمەكچى بولغان ياكى بىز كېلىشى كۈتۈلۈۋاتقان بىر پەيغەمبەر توغرۇلۇق مۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ قېشىغا باردىم. بۇ كىشى ئاسمانغا ئۇزۇنىدىن ئۇزۇن قارايتتى ۋە ھەردائىم ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپلا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم ئاڭلىغان گەپلەرنى دەپ بەردىم. ئۇ ماڭا:

ـ شۇنداق ئوغلۇم! بىز كىتاب ۋە ئىلىم ئەھلى كىشىلەرمىز. كەلمەكچى بولغان بۇ پەيغەمبەر (توغرىسىنى ئېيتقاندا) ئەرەبلەرنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئائىلىلىرىدىن چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ نەسەبلەر ھەققىدە مەلۇماتىم بار. سېنىڭ ئائىلەڭمۇ نەسەبلىك ئائىلىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن:

ـ تاغا! پەيغەمبەر بىزگە نېمىلەرنى بىلدۈرمەكچى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا:

ـ ئۆزىگە نېمە بىلدۈرۈلسە، ئۇنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇنى زۇلۇم قىلغۇچىلار قاتارىدا كۆرمەيسەن، ـ دېدى.

بۇ سۆزلەر ماڭا تەسىر قىلغانىدى. شۇڭا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىشەندىم، ئۇنى تەستىقلىدىم ۋە مۇسۇلمان بولدۇم.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخى ۋەھيى چۈشمىگەنىدى. بىر كۈنى يەمەنگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئەزد قەبىلىسىدىكى ياشانغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. ئۇ ئادەم بەكمۇ بىلىملىك بولۇپ، كۆپ كىتاب ئوقۇغاچقا بىلىم دائىرىسى بەكمۇ كەڭ ئىدى. ئۇ كىشى مېنى كۆرۈپلا:

ـ سەن ھەرەملىكمۇ (مەككىلىكمۇ دېمەكچى)؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق! ـ دېدىم. ئۇ:

ـ قۇرەيشلىكمۇ سەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەئە! ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن:

ـ بەنى تەيىمدىنمۇ سەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ شۇنداق! مەن بەنى مۇررا، بەنى تەيىم، بەنى ئوسماندىن ئابدۇللاھ مەن، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ مېنىڭ پەيغەمبەر بىلەن دوست بولغانلىقىمنى سۆزلىگىنىمدە ئەۋەتلىمەي يىقىنىڭ ئىچىدىكى شۇنچىلىك خۇشخەۋەر بەردى."

رابىئە ئىبنى كەئەب ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئاسماندىن چۈشكەن بىر ۋەھىيگە ئوخشىتىدۇ. چۈنكى بىر قېتىم شامدا تىجارەت قىلىۋاتقىنىدا بىر چۈش كۆرۈپ، بۇ چۈشنى بۇھەيرە ئىسىملىك بىر پوپقا دەپ بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتتى:

پوپ: ــ سەن قەيەرلىك؟

ئەبۇبەكرى: ــ مەن مەككىلىك.

پوپ: ــ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسەن؟

ئەبۇبەكرى: ــ تىجارەت قىلىمەن.

پوپ: ــ ئەگەر الله تائالا چۈشۈڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ قالسا، سەن خەلقىڭنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى ۋاقتىدىكى ۋەزىرى ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىنكى خەلىپىسى بولىسەن،ـ دەپ ئۇنىڭغا خۇش بېشارەت بەرگەنىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى سىر سۈپىتىدە ساقلىغانىدى.

رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. شۇڭا قۇرەيشلەر دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇبەكرى! قارىغىنا، دوستۇڭ نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ ـ دېيىشتى. ئەبۇبەكرى:

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

ـ كەئبىدە ئولتۇرۇۋېلىپ خەلقنى بىر الله قا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلاردىن:

ـ بۇ راستمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەتراپىدىكىلەر:

www.munber.org

ـ ھەئە، شۇنداق! ـ دېيىشتى. ئەبۇبەكرى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىشىكنى قاقتى ۋە ئۇنى سىرتقا چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭدىن:

ـ ئى قاسىمنىڭ دادىسى! سېنىڭ ھەققىڭدىكى شۇ سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى نېمە؟ ماڭا بۇ ھەقتە بىر چۈشەنچە بەرسەڭ! ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئەبۇبەكرى! مېنىڭ ھەققىمدە نېمە ئاڭلىدىڭ؟“ دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

ـ خەلقنى بىر الله قا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىڭنى ۋە ئۆزەڭنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ”ئى ئەبۇبەكرى! رەببىم مېنى توغرا يولدا بولغانلارغا خۇش ـ بېشارەت بېرىشكە ۋە خاتا يولدا بولغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى. مەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە ئوخشاش دەۋەت بىلەن بارلىق ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدىم.“

بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

ـ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىڭنى پەقەت بىلمەيمەن. سەن ئامانەتكە بولغان سادىقلىقىڭ، يېقىنلىرىڭغا كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشۇڭ ۋە قىزغىن مۇئامىلەڭ بىلەن پەيغەمبەر بولۇشقا ھەقىقەتەن لايىق سەن. قولۇڭنى بەرگىن! ساڭا بەيئەت قىلىمەن، ساڭا ئىشىنىمەن، ئىمان ئېيتىمەن.

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ـ مۇھەممەد! سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىلىڭ بارمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سېنىڭ شامدا كۆرگەن چۈشۈڭ“ دېۋىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

ـ شاھادەت ئېيتىمەنكى، الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھېچ شۈبھىسىز ئۇنىڭ ئەلچىسى سەن! ـ دېدى.

ئەبۇنائىم ۋە ئىبنى ئەسەقىرلار ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: ”خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسام، ھېچكىم ماڭا قۇلاق سالمىدى ۋە سۆزلىرىمنى رەت قىلدى. ئەمما ئەبۇقۇھافە (ئەبۇبەكرى) گە نېمە دېسەم، شۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەر ئىشنى تولۇق بەجا كەلتۈردى.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىچە ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەج ۋە ئەسكىرىي يۈرۈشلەرنى تاپشۇرغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، مەيلى تىنچلىق ۋاقىتلىرى بولسۇن ياكى سەپەرلەردە بولسۇن، ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قالمىدى. جەڭلەردە، مۇھىم ۋەقەلەردە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ۋە ھەق دەۋاسى يولىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويدى، غاردىكى ناھايىتى خەتەرلىك پەيتلەردە يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. اللە تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: ﴿ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، اللە ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دېدى.﴾[1]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ قېتىم يار - يۆلەك بولغان ۋە قىيىن كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئاجايىپ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئوھۇد ۋە ھۇنەين جەڭلىرىدە قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرت ۋە ئەڭ جەسۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. قاتتىق جەڭلەردە ئۆز ئورنىدىن ھەرگىز ئايرىلماي، بار كۈچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى ھەمزە، ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئەل ئاۋۋام ۋە ئەبۇدۇجانەلەردەك دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىشكە پۇرسەت تاپالمىغانىدى ۋە جەڭلەردە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە نامى ئۇلارنىڭكىدەك كۆپ يېيىلمىغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان دۈشمەن سانىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ داڭق چىقىراتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ جەڭلەردىكى ئەھۋالى باشقا ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى قەھرىمانلارچە قوغدايتتى، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن ھۇجۇملارغا ئۆز بەدىنىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بەكمۇ پەزىلەتلىك ۋە ھەددىدىن زىيادە مەرد ئىدى. مال - بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىغا قىلچە ئىككىلەنمەي سەرپ قىلىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنۇ ئايەت چۈشكەنىدى:

[1] سۈرە تەۋبە 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ.﴾[①]

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مۇنداق دېگەنىدى: "ھېچبىر مال ماڭا ئەبۇبەكرى بېغىشلىغان مالدەك يارىمىدى."

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان ھالدا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ۋە جېنىمنى پەدا قىلغىلى سەندىن ياخشىراق بىرى بارمىدى؟! ـ دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا 40 مىڭ دىنارى بار ئىدى. ئۇ بۇ بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان ئىسلام دەۋاسى ئۈچۈن ئاتىۋەتتى. ھىجرەت قىلغان كۈنى ئۇنىڭ قولىدا بەش مىڭ دىناردىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى.

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: "بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مال سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى. دەل شۇ چاغلاردا قولۇمدا ناھايىتى كۆپ بايلىق بار ئىدى. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: ـ ئەگەر پەزىلەتتە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر كۈنۈم بار بولسا، بۇگۈن شۇ كۈننىڭ دەل ئۆزىدۇر، ـ دېدىم ۋە مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئاتىماقچى بولدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئائىلەڭگە بىر نەرسە ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قويدۇم، ـ دېدىم. ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى كېلىپ مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئاتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىنمۇ:

ـ ھەي ئەبۇبەكرى! ئائىلەڭگە نېمە قويۇپ قويدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇبەكرى:

ـ ئۇلارغا الله نى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى قويۇپ قويدۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا مەن: ـ دېمەككى، ئەبۇبەكرىدىن ئېشىپ كېتەلمىگۈدەكمەن، ـ دېدىم."

تىرمىزىنىڭ ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى:

"كىم بىزگە بىر ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا لايىقىدا ياخشىلىق قىلىۋاتىمىز. ئەمما ئەبۇبەكرىگە ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئۇ شۇنداق ياخشىلىقلارنى

---

[①] سۈرە لەيل 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

قىلدىكى، ئۇنىڭ ئەجرىنى پەقەت الله تائالا قىيامەت كۈنى ئىھسان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچكىمنىڭ مېلى ئەبۇبەكرىنىڭ مېلىدەك پايدىلىق بولۇپ باقمىدى.“

ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەزرىتى ئوسمان، زۇبەير ئىبنى ئەل ئەۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، ساد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇلار ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇل ئەرقەم ۋە ئەبۇ سەلەمە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل ئەسەد قاتارلىق ساھابىلار مۇسۇلمان بولدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھويلىسىدا ئۆزى ئۈچۈن كىچىك بىر مەسچىد ياسىۋالغانىدى. ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئەتراپتىكى قوشنىلار يىغىلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى تاماشا قىلىپ، قۇرئان ئاۋازىنى تىڭشايتتى، ئۇ ئەسنادا تۆككەن كۆز ياشلىرىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالى بىر مۇنچە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن خوجايىنىدىن زۇلۇم كۆرگەن قۇللارنى كۆرسىلا، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ئازادلىققا چىقىراتتى ۋە بۇنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلاتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ئىسىملىك بىر قۇلنى ئۇنىڭ خوجايىنى تۇفەيل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىستىن سېتىۋېلىپ، ئازادلىققا چىقاردى. تۇفەيل ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆگەي ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ رۇماننىڭ باشقا ئەردىن بولغان ئوغلى ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى. ئامىر ئىسىملىك قۇل بولسا، تۇنجى بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە الله غا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق زۇلۇم چەككەنلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ كېيىنچە بەدرى ۋە ئۇھۇد جەڭلىرىگە قاتناشتى، بىئرى مەئۇنە پاجىئەسى ۋاقتىدا شېھىت بولدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلال ئىبنى رەبباھ (بىلال ھەبەشى) نىمۇ خوجايىنىدىن سېتىۋېلىپ، ھۆرلۈككە چىقاردى. بىلال ئۇمەييە ئىبنى ھەلەف جەمىھىنىڭ قۇلى بولۇپ، خوجايىنى ئۇنى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە قىيىنىغان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنى بەش ئوقىا (1283 گىرامغا تەڭ بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى) ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالدى. ئالتۇننى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇمەييە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە:

ــ ئەگەر چىڭراق تۇرغان بولساڭ، ئۇنى ساڭا بىر ئوقىا ئالتۇنغىمۇ سېتىپ بەرگەن بولاتتىم، ـ دېگەندە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا:

ـ ئەگەر سەن چىڭ تۇرغان بولساڭ، ئۇنى يۈز ئوقىا ئالتىنىغىمۇ سېتىۋالغان بولاتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

بىلال ھەبەشى ئىسلامغا ناھايىتى ئىخلاسمەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ئىدى. ئۇ بەدرى ۋە باشقا مۇھىم جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق قاتناشتى. ھىجرىيەنىڭ 20 ـ يىلى شامدا ۋاپات بولدى. ئۇمەييە بولسا، ئىچىگە ئورناپ كەتكەن شېرىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇردى ۋە بەدرى غازىتى كۈنى ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى زەننىرە ئىسىملىك بىر دېدەكنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ ئازاد قىلىۋەتتى. بۇ ئايال ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقتىدىكى دېدىكى ئىدى. زەننىرە ئىسلامنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۆمەر ئۇنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالايتتى. ئۇ تاياقنىڭ دەستىدە كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. قۇرەيشلەر: "ئۇنى لات ۋە ئۇززا ئۇردى (بۇ ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويدى)" دېيىشتى. ئەمما ئۇ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ: "اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس، لات ۋە ئۇززا ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلغانلارنىمۇ تونۇمايدىغان جانسىز نەرسىلەردىن ئىبارەت. ئەگەر رەببىم خالىسا، كۆزلىرىمنى قايتا كۆرەلەيدىغان قىلىپ قويۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر!" دەپ ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتىن يانمىدى. اللە تائالا ئۇ كېچىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شىپالىق بەردى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن قۇرەيشلەر بۇ قېتىم: "بۇ مۇھەممەدنىڭ سېھىر ئىشلىتىشى بىلەن بولدى" دېيىشتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنى سېتىۋېلىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈردى.

قۇرەيشلەر ئىسلامغا بولغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېيىشەتتى: "ئەگەر بۇ خەيرلىك بىر دەۋا بولغان بولسا، زەننىرەدەك بىرى بىزدىن بۇرۇن ئۇنىڭ تەرەپدارى بولمىغان بولاتتى!" اللە تائالا قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ كاپىرلار مۆئمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى» دېدى. ﴾[1]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يەنە ھەزرىتى ئۆمەر تەۋە بولغان بەنى ئادىي ئائىلىسىدىن مۇسۇلمان بىر دېدەكنى سېتىۋېلىپ، ئازادلىققا چىقاردى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم سېلىپ، ئىسلامدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى دائىم ئۇراتتى.

ئۇندىن باشقا، بەنى ئابدۇشەمس ئائىلىسىنىڭ بىر دېدىكىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ ئازادلىققا چىقاردى.

[1] سۈرە ئەھقاف، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساھابىلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ كۆپ مۇداپىئە قىلغىنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بولۇشى مۇمكىن. ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: ”دادام ۋاپات بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىشتى. ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن باشقا ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلمىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈمىسى بار بولۇپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرنى شۇنىڭ بىلەن يىراقلاشتۇراتتى. بىرىنى تۇرتۇپ، يەنە بىرىنى تارتقان ھالدا: ”رەببىم الله دۇر دېيىشتىن باشقا گۇناھى بولمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرگەن بىرىنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر؟“ دەپ ئۇلارغا رەددىيە بېرەتتى. شۇ ئەسنادا، ھۇجۇمچىلار ئۇنىڭ ئۆرۈملىرىدىن بىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

”مەن ئېسىمنى بىلىسەم، دادام بىلەن ئانام مۇسۇلمان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئىككى قېتىم (ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى) بىزنىڭ ئۆيگە يولۇقۇپ تۇراتتى. مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇمى چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، دادام ئەبۇبەكرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن ئايرىلدى.

ئۇ ”بەرقۇل غىمەد“ دېگەن يەرگە كەلگەندە، قەررا رايونىنىڭ بېگى مالىك ئىبنى دەغىنەگە يولۇقۇپ قالدى. ئۇ ئادەم:

ـ ھەي ئەبۇبەكرى! نەگە ماڭدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇبەكرى:

ـ خەلقىم مېنى ئۆز يۇرتۇمدىن قوغلىدى. بىر بېشىمغا جاھاننى ئايلانغاچ الله غا خاتىرجەم ئىبادەت قىلىۋالغىلى ماڭدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى دەغىنە:

ـ ئى ئەبۇبەكرى! سەندەك بىرى ئۆز يۇرتىدىن قانداقمۇ قوغلانسۇن؟ سەن پېقىرلارنى كىيىندۈرىسەن، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭغا كۆڭۈل بۆلىسەن، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قولۇڭنى سۇنىسەن، مېھماندوست ۋە ھەق تەرەپدارى تۇرساڭ؟! مەن ساڭا كېپىل بولاي، ساڭا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. سەن كەينىڭگە قايت ۋە رەببىڭگە ئۆز يۇرتۇڭدا ئىبادەت قىل! ـ دەپ ئۇنى مەككىگە قايتۇرۇپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە قۇرەيش چوڭلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا:

ـ ماڭا قاراڭلار! ئەبۇبەكرىدەك بىرىنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاشقا بولمايدۇ. سىلەر پېقىرنى كىيىندۈرىدىغان، خىش ـ ئەقرىبالىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان، مېھماندوست ۋە ھەق تەرەپدارى بولغان مۇنداق ئۆلگىلىك كىشىنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلىۋېتىشكە قانداق پېتىنىدىڭلار؟! ـ

www.munber.org

دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەيدى. قۇرەيشلەر ئۆز كۆڭۈللىرىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا:

ـ ئەبۇبەكرىگە ئېيتىپ قوي! ئۇ ئىبادىتىنى ئۆيىدە قىلسۇن، بىر نېمە ئوقۇسىمۇ ئۆيىدە ئوقۇسۇن. ئەمما بۇ ئىشلارنى سىرتتا، ئاشكارا قىلىپ بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزمىسۇن! بىز ئايال ـ بالىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز، ـ دېيىشتى. ئىبنى دەغىنە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇبەكرى ئىبادىتىنى ئۆيىدە مەخپىي داۋاملاشتۇردى. ئۆيىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق نەرسە ئوقۇمايتتى. ئەمما بۇ زۇلۇملار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى قاتتىق ئازابلىنىدىغان ۋە كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكىدىغان قىلىپ قويدى. قۇرئان ئوقۇغانسېرى ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى قۇرەيش چوڭلىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇلار تەكرار ئىبنى دەغىنەگە ئادەم يوللىدى. ئۇ چاقىرىققا بىنائەن يېتىپ كەلدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا:

ـ ئەي ئىبنى دەغىنە! بىز سېنىڭ كېپىللىكىڭدا بولغاچقا، ئۇنى پەقەت ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئىبادەت قىلىش شەرتى بىلەن ئارىمىزغا قوبۇل قىلغانىدۇق. ھالبۇكى، ئۇ چەكتىن ئېشىپ ئۆيىگە بىر مەسچىد سېلىۋېلىپ، ئۇ يەردە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ، ئۈنلۈك ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ بالا ـ چاقىمىزنى يولدىن چىقىرىۋېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتىمىز. سەن دەرھال ئۇنى توسقىن! ئەگەر ئىبادىتىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە، مەخپىي قىلسا، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەيمىز. ئەكسىچە قىلىدىغان بولسا، ئۇ پاناھلىق تەلىپىنى ياندۇرىۋالسۇن، بىز ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشنى خالىمايمىز. ئەمما ئۇنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبادەت قىلىشىغا يول قويمايمىز! ـ دېيىشتى. ئىبنى دەغىنە ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ساڭا قايسى شەرتلەر بىلەن كېپىللىق قىلغانلىقىمنى بىلىسەن. سەن يا ئۇ شەرتلەرگە بويسۇن ياكى ماڭا قىلغان پاناھلىق تەلىپىڭنى قايتۇرىۋالغىن! چۈنكى مەن ئەرەب خەلقىنىڭ (باشقىلارنىڭ مېنىڭ ھىمايەمدىكى بىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشى ئارقىلىق) ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمايمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

ـ ئۇنداقتا مەنمۇ سېنىڭ كېپىللىقىڭدىن چىقىپ، بىر الله نىڭ كېپىللىقىغا ئۆتتۇم، ـ دېدى."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ مەزگىللەردە مەككىدە ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان بېسىمى قاتتىق ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنە ۋەكىللىرى ئارىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق

ئەقەبە[1] ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. بۇ، ھىجرەتتىن بىر يىل بۇرۇن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن مەككە مۇسۇلمانلىرىغا مۇنداق دېدى: "سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتنىڭ ئىككى سايلىقنىڭ ئارىسىدا بوك ـ باراقسان خورمىلىقى بولغان بىر دىيار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم." شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئاستا ـ ئاستا مەدىنىگە قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارمۇ، كېيىنچە، مەدىنىگە قايتىپ ئۇلارغا قېتىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېلىپ قالغان ساھابىلىرىنىڭمۇ ھىجرەت قىلىشىغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېدى:

"الله تائالا سىلەرگە خاتىرجەم ياشايدىغان يۇرت ۋە بىرمۇنچە مۇسۇلمان قېرىنداش بەخش ئەتتى." ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار توپ ـ توپ بولۇپ يولغا چىقىپ، مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە كۆچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى الله دىن رۇخسەت كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. مەككىدە پەقەت قاماقتا ئېلىنغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغان مۇسۇلمانلارلا قالغانىدى. ئۇنىدىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئەلىمۇ تېخى ھىجرەتكە چىقمىغانىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھىجرەتكە چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە قېتىم رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئۈمىدىم شۇكى، ماڭىمۇ الله دىن رۇخسەت كېلىپ قالار" دېۋىدى، ئۇ: "ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەنمۇ ھىجرەت قىلماقچىمۇ؟" دەپ سۆيۈنۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن، بالدۇر يولغا چىقىشتىن ۋاز كەچتى ۋە دەرھال يېنىدىكى ئىككى تۆگىگە قومۇش يۆپۈكىدىن قىلىنغان يەمنى كۆپلەپ بېرىپ، سەپەرگە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

نىھايەت، رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ باشلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ھىجرەت قىلىشى ئۈچۈن الله تەرىپىدىن رۇخسەت كەلدى. شۇ كۈنى ئادىتىنى بۇزۇپ، چۈش ۋاقتى بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كىردى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتە ئەتىگەن ۋە ئاخشام ۋاقىتلىرىدىلا ئۇنىڭغا يولۇقۇپ ئۆتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەتنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭدىن: "دادام ساڭا پىدا بولسۇن! بىللە ماڭامدۇق؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق" دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى ۋە: "ئى الله نىڭ ئەلچىسى! شۇ ئىككى ئۇلاقتىن بىرنى تاللىغىن" دېدى ۋە ياخشىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، مىنىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن مېنىڭ بولمىغان نەرسىگە مىنەلمەيمەن" دەپ

---

[1] ئەقەبە ـ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر تۆپىلىك.

ئەبۇبەكرنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يالۋۇرغان ھالدا: ''بۇ سېنىڭكى، ئى رەسۇلۇللاھ!'' دېسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''بۇنى قانچىلىك پۇلغا ئالغان بولساڭ، مەن شۇ پۇلنى تۆلىمەي تۇرۇپ مىنەلمەيمەن'' دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: ''مۇنچىلىك پۇلغا ئالغانتىم'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، ئاندىن تۆگىنى قوبۇل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇرلۇقىغا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرنىڭ پۈتۈن مال - بايلىقىنى ئىسلام دەۋاسى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەنلىكىگە ۋە بۇ يولدا قانچىلىك مال سەرپ قىلغانلىقىغا قارىماي، بىر مۇسۇلماننىڭ ئىشلىگۈدەك كۈچى بولسىلا، باشقا بىر مۇسۇلمانغا يۆلىنىۋېلىشىنى، بولۇپمۇ، بىر رەھبەرنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەجىر - مېھنىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈشىنى ياقتۇرمىغاچقا، ئۆزىنىڭ شۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قېلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى، شۇنداقلا، بۇ جەھەتتىمۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولغان ئىدى.

تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھى بىلەن بىرلىكتە سەۋر غارىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يول باشلىماقچى بولغان ئابدۇللاھ ئۇرەيقىد بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇچرىشىشقا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىككى تۆگىسىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يولدا بىردەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ ماڭسا، بىردەم كەينىدە قالاتتى ۋە بەزىدە بىر دەم ئوڭ، بىردەم سول تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھولۇقۇشىنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئى ئەبۇبەكرى! نېمانچىۋالا ھولۇقۇپ كېتىسەن؟ مەن سېنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭنى ھېچ كۆرمىگەنىدىم'' دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

''ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئالدىمىزدىن بىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلەرمىكىن دەپ ئالدىغا ئۆتتۇم، ئارقاڭدىن بىرى پايلاپ كېلىۋاتقان بولسا دەپ كەينىڭگە چۈشتۈم، بەزىدە ئوڭ ۋە بەزىدە سول تەرىپىڭدە مېڭىپ، سېنى يان تەرەپتىن قوغداشنى ئويلاشتىم. ساڭا بىر يامانلىق كېلىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، قالغىنىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ'' دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى غارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كىرىپ، ئىچىنى تازىلاپ تۈزەشتۈردى. غارنىڭ تاملىرىدا بىر قانچە تۆشۈك بار ئىدى، ئەبۇبەكرى سىرت كىيىملىرىنى يىرتىپ، تۆشۈكلەرنى ئەتتى. ئەمما ئىككى تۆشۈك ئوچۇق قالدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىچىگە چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرگەندىن كېيىن، ئەبۇبەكرىمۇ ئولتۇرۇپ، ئايىغى بىلەن ئوچۇق قالغان تۆشۈكلەرنى ئەتتى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېشىنى ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ

يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلدى ۋە ئۇيقۇغا كەتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ پۇتىنى چايان چاقتى. ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راھىتىنى بۇزماسلىق ۋە ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنىدىن قىمىلدىمىدى. لېكىن پۇتى قاتتىق ئېچىشىپ كەتكەنلىكتىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىگە تامچىپ كېتىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

"نېمە بولدۇڭ؟ ئى ئەبۇبەكرى!" دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: "ئاتا ـ ئانام ساڭا قۇربان بولسۇن! مېنى چايان چېقىۋالدى، ئى رەسۇلۇللاھ!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، چايان سوققان يەرگە تۈكۈرىۋىدى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئاغرىقى دەرھال بېسىقىپ، جېنى راھەتلىنىپ قالدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ھەر ئاخشىمى غارغا كېلىپ، كېچىنى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزەتتى ۋە تاڭ ئاتماستىنلا مەككىگە قايتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېچىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. كۈندۈزلىرى خەلقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى تىڭ ـ تىڭلاپ، مەلۇمات توپلايتتى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئاخشىمى ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. ئامىر ئىبنى فۇھەيرەمۇ قويلىرىنى سېغىپ، مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا ئۇلارغا سۈت توشاتتى. ئۈچ كۈن مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىد ئىككى تۆگىنى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسمامۇ ئۇلارغا سەپەر ئوزۇقى ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يانلىرىغا ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنىمۇ ئېلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەدىنىگە بېرىپلا بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ھەزرىتى ئائىشە دادىسىدىن ھال سوراپ كەلگەندە، ئۇ:

ئۆز يۇرتىدا ئەزىزدۇر كىشى،

ھەركىمگە كېلىدۇ بۇ ئۆلۈم ئىشى.

دەپ ئۆز ھەسرىتىنى بايان قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە دادىسىنىڭ مەككىگە بولغان بۇ سېغىنىشلىق سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى رەببىم! مەدىنىنى بىزگە مەككىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك قىلغىن. بۇ يەردىكى ھاياتىمىزغا سالامەتلىك ئاتا قىلغىن. بىزگە سا ۋە

www.munber.org

مۇدنى[1] مۇبارەك قىلغىن. بەزگەكنى ئەبۇبەكرىدىن ئېلىپ، جۇھفەگە بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلدى.

يولباشچى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىد مەدىنىدىن مەككىگە قايتقاندا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا دادىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى كۈنى ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىدى.

ھەزرىتى ئەلى بىركۈنى جامائەتكە خىتاب قىلىۋېتىپ، ئۇلاردىن:

ــ سىلەر تونۇيدىغان ئەڭ يۈرەكلىك ئىنسان كىم؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەت ئۇنىڭغا:

ـ ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن ئەڭ يۈرەكلىك ئىنسانسەن، ـ دېيىشتى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى:

ــ مېنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن كىم بىلەن دوغا چۈشسەم، ئۇنى مۇھەققەق يېڭىپ كەلدىم. ئەمما مەن تونۇيدىغان ئەڭ يۈرەكلىك ئىنسان ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدۇر، بەدرى كۈنى، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قالقان بولغان ئىدى. كېيىنچە ساھابىلەردىن: ”مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىم قوغدايدۇ؟“ دەپ سورىشىدۇق. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تېخى ھېچكىم ئاغزىنى ئاچماي تۇرۇپلا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى.

بەدرى غازىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى چوڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىسلام مۇجاھىدلىرى قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ سەرخىللىرىدىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە شۇنچىلىكىنى ئەسىرگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسىرلەر ھەققىدە ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇلار بىزنىڭ تاغىلىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، يېقىنلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز. مەنچە بۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بىرەيلى. بەلكىم بۇلاردىن ئالىدىغان مال بىلەن خېلى كۈچلىنىپ قالارمىز.

[1] سا ۋە مۇد: ــ كونا دەۋردە دانلىق زىرائەتلەر ئۆچۈن قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى بولۇپ، بىر سا 3.5 كىلوگرامغا، بىر مۇد بولسا، ئىككى ئۇچۇمغا تەڭ كېلەتتى.

ئەگەر الله بۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلىپ قالسا، تېخىمۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشكەن بولىمىز.“

ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋۋال قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش تەرەپدارلىرى ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە مۇشرىكلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئەتىسى، ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ئىككىسىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نېمىگە يىغلايسىلەر؟ يىغاڭلارنىڭ سەۋەبىنى ماڭىمۇ ئېيتىڭلار، ئەگەر يىغلىغۇدەك ئىش بولسا، مەنمۇ يىغلاي. ئەگەر يىغلىيالمىساممۇ، بىر ئامال قىلىپ يىغلاشقا تىرىشاي، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”سىلەرنىڭ جازاغا تارتىلىشىڭلارغا شۇ دەرەختىنمۇ يېقىن بىر ئارىلىق قالدى. چۈنكى الله تائالا: ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپ ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆئمىنلەر!) سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ (ئوچۇق چەكلىمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)دىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.﴾[1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى“ دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇرراھمان بەدرى غازىتىغىچە ئىمان ئېيتمىغان بولۇپ، جەڭ بولغان كۈنى ئۇ مۇشرىك جەڭچىلىرىنىڭ سېپىدا يەر ئالغانىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دادىسىغا: ”بىر قېتىم سەن دەل مەن سېنى ئۇرالايدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدىڭ، ئەمما مەن سېنى ئۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ سەندىن يىراقلاشتىم“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى: ”ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، كۆزۈمنى يۇممايلا سېنى ئۇرغان بولاتتىم“ دېدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلام ۋە بۇ دەۋا يولىدىكى ھېچبىر ئىشقا ھېسسىياتچان مۇئامىلە قىلمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ

[1] سۈرە ئەنفال 67 ـ دىن 69 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

ئىسلامدىن ئىبارەت ناھايىتى ئۇلۇغ دەۋاسى بار ئىدى ۋە ئوغلى بۇنىڭغا قارشى چىققان بىر مۇشرىك ئىدى. بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ماددىي مۇناسىۋەت ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر مۇشرىكنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ــ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[①]

ئۇنىدىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئوھۇد جېڭىدىمۇ مۇشرىكلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدىدى.

كېيىن، بەنى مۇستەلىق قەبىلىسى ئۈستىگە يۈرۈش باشلاندى ۋە سەپەر جەريانىدا ھەزرىتى ئائىشەگە قىلىنغان ئۇ مەشھۇر بەتنام ۋەقەسى مەيدانغا كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆزىگە يىراق تۇغقان بولغان مىستەھ ئىبنى ئەساسە ئىسىملىك كەمبەغەل كىشىگە بۇرۇندىن تارتىپ كۆپ ياخشىلىق قىلغان ۋە ھەردائىم ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما بۇ شەخسمۇ ئۇ كۈنكى پىتنىخورلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشقا ئاچچىقلانغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: "الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن مىستەھكە ھېچقانداق ياخشىلىق قىلمايمەن، ئۇنىڭ ئائىشە ھەققىدە قىلغان بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمەيمەن" دەپ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) گۇناھىنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرماسسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[②]

[①] سۈرە مۇجادىلە 22 ـ ئايەت.
[②] سۈرە نۇر، 22 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى: ”ئەلۋەتتە الله نىڭ ماڭا مەغپىرەت ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن“ دېدى ۋە زامانىدا مەستەھكە قىلغان ياخشىلىقىنى قايتىدىن داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئاندىن: ”الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭغا قىلىدىغان ياردىمىمنى ئەمدى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمايمەن“ دەپ ۋەدە بەردى.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، ھۇدەيبىيەدە تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلگەن مەزگىلدە، مۇسۇلمانلار كۆپلىگەن دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققان ۋە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئېغىر شەرتلىرى ئاستىدا قىيىن كۈنلەرگە قالغان ئىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن الله نىڭ ئەلچىسى ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەلۋەتتە! بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر يەنە:

ـ ئۇنداقتا، بىز ھەقلىق ۋە ئۇلار ھەقسىزمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن دۇنيانى دىنىمىزدىن ئەۋزەل كۆرىمىز؟ ـ دەپ بىرقانچە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوئاللىرىغا:

ـ مۇھەققەقكى، مەن الله نىڭ بەرھەق ئەلچىسىمەن. مەن الله نىڭ ھۆكۈملىرىگە قارشى چىقالمايمەن. ئەلۋەتتە! ئۇ ماڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر، مېنى ئۈستۈن قىلغۇچىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر ئاخىرىدا:

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما سەن بىزنىڭ مەككىگە كېلىپ تاۋاپ قىلىساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق، ئەمما بۇ يىل ئۈچۈن چوقۇم دېمىگەندىمەن؟! ۋاقتى كەلگەندە ئەلۋەتتە كېلىپ تاۋاپ قىلىسەن، ـ دەپ ئۇنىڭ ئاچچىقىدىن يېنىشى ئۈچۈن تەسەللى بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر شۇ ئىشنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئەنە شۇ روھى ھالىتىم بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەبۇبەكرى! بۇ بىر ھەق پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ شەك ـ شۈبھىسىز شۇنداق، ئى ئۆمەر! ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنداقتا، بىز ھەقلىق، دۈشمەنلىرىمىز ھەقسىز ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيانى دىنىمىزدىن ئەۋزەل كۆرىمىز؟ ـ دېگەندەك سوئاللارنى سورىدىم. ئۇ ماڭا ئاچچىقلانغان ھالدا:

www.munber.org

ـ ھەي ئۆمەر! شۇنى بىلگىنكى، ئۇ الله نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسىدۇر. ئۇ الله نىڭ قانۇنلىرىغا قارشى چىقمايدۇ. الله تائالا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە قەتئىي بويسۇن! ئۇ ھەق ۋە توغرا يولدىدۇر ، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـ رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ مەككىگە كىرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىغانمىدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ بۇ يىل چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. مەن:

ـ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھېچ شۈبھىسىزكى، مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن) كەئبىگە كىرىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ، ـ دېدى.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرگە بەرگەن جاۋابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن جاۋاب بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.[1]

ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى بەنى فەزارانىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بۇ ئەسكىرىي يۈرۈشتە چوڭ غەلىبە قازىنىپ، كۆپلىگەن غەنىمەت بىلەن ھېچقانداق چىقىمسىز قايتىپ كەلگەنىدى.

شۇنداقلا، تەبۇك غازىتىدا ۋە جەڭ ئەڭ قىززىغان ۋاقىتلاردا ئىسلام بايرىقى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قولىدا بولاتتى.

ھۇنەين جېڭىدا مۇسۇلمانلار سان جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى ھېچقانداق ئىشقا يارىمىدى. جەڭ بولغان ۋادىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن قىستاپ كەلگەن دۈشمەننىڭ چاپراس ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە قىلتاقتا چۈشۈپ، ئوق يامغۇرى ئاستىدا كىيىك بالىسىدەك ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

دەل شۇ پەيتلەردە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ئاببas ئىبنى فازىل، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى)، ئۇنىڭ قېرىندىشى رابىئە ئىبنى ھارىس ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنى قەھرىمانلارچە قوغدىدى.[2]

---

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 4 ـ جىلد، 301 ـ، 302 ـ بەتلەر.

[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 4 ـ جىلد 301 ـ 302 ـ بەتلەر.

بۇ دەسلەپكى ھولۇقۇشتىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى ۋە ھەزرىتى ئاباسنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، جەڭگە قايتا كىرىشىپ كەتتى. ئاخىرىدا، الله تائالا ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىپ، مۇشرىكلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.[①]

ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ھەج كارۋىنىغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئىش، ئەبۇبەكرى تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ تەخمىنەن ئۈچ ئايدىن كېيىن بولغان ئىدى. ھەج كارۋىنىدا 300 كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يىگىرمىگە يېقىن قۇربانلىق مال قوشۇپ قويدى. ئەبۇبەكرىمۇ بەش تۇياق مال ئېلىۋالغانىدى. ھاجىلار يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تەۋبە سۈرىسى نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ھەزرىتى ئەلىنى جابدۇپ، بۇ سۈرىدىن 40 ئايەت بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى.

ھەزرىتى ئەلى بۇ ئايەتلەرنى تەۋرىيە كۈنى، ھارپا كۈنى، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە نەفرى ئەۋۋەل كۈنى[②] توپلانغان مۇسۇلمانلارغا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خىتابىدىن[③] كېيىن ئوقۇپ، ئېلان قىلدى.

بىر مەزگىللەردە، مەدىنە ئەتراپىدىكى قۇبە دېگەن يەرگە جايلاشقان ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقى بولغان ئامىر ئىبنى بەنى ئەۋف ئارىسىدا سۈركىلىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىلىرىنى تۈزەپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، مۇئەززىنى بىلال ھەبەشىگە ئۆزىنىڭ نامازغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى جامائەتكە ئىمام قىلىپ، نامازنى ئوقۇۋېرىشىنى تاپىلاپ قويدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، نامازنى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىدكە كىرىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە نامازنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە جامائەتنى قوزغىماسلىقى ئۈچۈن شۇنچە ئىما ـ ئىشارەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن كەينىگە چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىماملىق قىلدى. ناماز ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە:

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 243 ـ بەت.

② تەۋرىيە كۈنى: ھارپا كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى ھاجىلار ئاراپات تېغىغا چىقىشقا باشلايدۇ.

ھارپا كۈنى: قۇربان ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى.

نەفرى ئەۋۋەل كۈنى: بىرىنچى كۆچۈش كۈنى دېگەنلىك بولۇپ، ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ۋە ئەييامى تەشرىقنىڭ ئىككىنچى كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

③ «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 268 ـ بەت.



www.munber.org

— ئى ئەبۇبەكرى! ساڭا شۇنچە ئىشارەت قىلسام، نېمە ئۈچۈن نامازنى داۋاملاشتۇرمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇبەكرى:

- ئەبۇقۇھافەنىڭ ئوغلى الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىماملىق قىلىشقا لايىق ئەمەس، - دەپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى ۋە ھۆرمىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ ئۆتتى: ”سىلەر ناماز ئوقۇۋاتقاندا (بەكمۇ جىددىي ۋە خەتەرلىك) بىر ۋەقەگە دۇچ كېلىپ قالساڭلار، يېنىڭلاردىكىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ناماز ئوقۇۋاتقان) ئەر كىشى بولسا، يۇقىرى ئاۋازدا سۇبھانالللاھ دېسۇن، ئەگەر ئايال كىشى بولۇپ قالسا، چاۋاك بىلەن بىلدۈرسۇن!“

نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، بىلال كىرىپ ئۇنى نامازغا چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەبۇبەكرىگە دەڭلار، ئۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ بەرسۇن! - دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇبەكرى بەكمۇ نازۇك بىر ئىنسان، ئۇ سىنىڭ ئورنۇڭغا ئۆتسە، ھاياجانلىنىپ كېتىپ، جامائەتكە ئاۋازىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇيرۇق قىلساڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەر ئىمام بولۇپ بەرسە بولمامدۇ؟ - دېدىم.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسقا ھەم جىددىي تۈستە تەكرارلاپ:

- ئەبۇبەكرىگە دەڭلار، ئۇ جامائەتكە ئىمام بولسۇن! — دېدى. بۇ قېتىم ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ دېگەنلىرىمنى يەنە دېيىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇمۇ بېرىپ شۇ گەپنى قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم تېخىمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا:

- سىلەرمۇ يۇسۇفنىڭ ھەمراھىغا ئوخشايسىلەر (يۇسۇفنى يولدىن چىقارماقچى بولغان زۇلەيخاغا ئوخشايسىلەر دېمەكچى)، دەرھال ئەبۇبەكرىگە ئېيتىڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن! - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرىگە خەۋەر بېرىلدى. جامائەت نامازغا تۇراي دەپ تۇرۇشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا قەدەملەر بىلەن مەسچىدكە چىقتى. ئەبۇبەكرى ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ، مېھرابتىن كەيىنىگە چېكىنمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئورنۇڭدىن مىدىرلىما!“ دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سول تەرىپىدە ئولتۇردى. بۇ ۋەزىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئىماملىق قىلغان بولدى. ئەبۇبەكرى ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلدى، جامائەت بولسا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئىقتىدا قىلدى.

نامازدىن كېيىن، جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشىلىنىپ قالدى دەپ ئويلاپ تارقىلىشتى، ئەبۇبەكرىمۇ شۇنداق دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى رەسۇلۇللاھ! اللّٰه نىڭ لۇتپى بىلەن سىزنى خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك كۆردۈم. بۈگۈن خارىجە قىزى ھەبىبەنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدىم، رۇخسەت قىلامسىز؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەلۋەتتە! — دەپ ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەبۇبەكرىمۇ مەدىنە سىرتىدىكى ئالىيە رايونى سىنىھ مەھەللىسىگە جايلاشقان ئۆيىگە كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. ئەبۇبەكرى ئۆيىدىن قايتىپ، مەسچىد ئالدىغا كەلگەندە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر خەلققە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى: ”مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىشماقتا. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ۋاپات بولمىدى. ئۇ پەقەت ئىمران ئوغلى مۇسا رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ، قىرىق كۈن تۇرۇپ، يەنە - پاسات تېرىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەندەك، رەببىنىڭ ئالدىغا كەتتى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇسا قايتىپ كەلگەندەك ئۇمۇ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنى «ئۆلدى!» دېگەنلەرنىڭ قول ۋە ئاياقلىرى كېسىلىدۇ.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەسچىدتە بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئۇدۇل ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىدىنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇنىڭ مۇبارەك بەدىنى ھۇجرىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۈستى يېپىلغان ھالدا تۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى يېقىنلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ئاچتى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن سۆيدى. ئاندىن ئۆزىگە خاس تەمكىنلىك بىلەن: ”ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ھەقىقەت شۇكى، سەن اللّٰه نىڭ ساڭا تەقدىر قىلغان ئۆلۈمنى تېتىغان بولدۇڭ. ئەمما بۇندىن كېيىن ساڭا ئۆلۈم يوقتۇر“ دېدى.

ئۇ سۆزلىرىنى تۈگىتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ياپتى ۋە مەسچىدكە چىقتى. ھەزرىتى ئۆمەر تېخىچە جامائەتكە خىتاب قىلىۋاتاتتى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: ”ئۆزەڭنى بېسىۋېلىپ، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال!“ دەپ چىرايلىقچە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئۆمەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ سۆزىنى مەجبۇرىي بۆلدى ۋە خەلققە: ”ئى خالايىق! كىم مۇھەممەدكە ئىمان ئېيتقان بولسا، بىلىپ قويسۇنكى، مۇھەممەد ۋاپات بولدى. ئەمما كىم اللّٰه غا ئىمان ئېيتقان بولسا، بىلىپ قويسۇنكى، اللّٰه ھاياتتۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ“ دېدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

www.munber.org

﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر)؟ كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.﴾

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە قۇلاق سالغان خەلق بۇ ئايەتنى خۇددى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ھېسسىياتقا چۆمدى. ئىش ئايدىڭلاشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ئىدى. ساھابىلەر ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيتتى، مۇسۇلمانلار ئەمدى ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلىيالمايتتى. مۇسۇلمانلار بەكمۇ چوڭ مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەچكە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى. بۇ ئىشنىڭ تەسىرىدە ئارزۇ - ئارمانلىرى سۇغا چىلىشىپ، دۇنيا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن خۇددى يولىدىن ئېزىقىپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئۇلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ شۇنداقراق مەنە چىقىپ تۇراتتى.[1]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلام دەۋرىدە ئەنسارىلاردىن بولغان ھارىجە قىزى ھەبىبەگە ئۆيلەنگەنىدى. ئەمما ئۇ ئايالى ھامىلە ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇممۇ گۈلسۈم ئىسىملىك قىزى تۇغۇلدى. كېيىن، بۇ ئايالنى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئۆز نىكاھىغا ئالدى.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر يەنە ئۇمەيس بىنتى ئەسماغىمۇ ئۆيلەنگەنىدى. بۇ ئايال بۇرۇن ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى جافەرگە ياتلىق بولغان بولۇپ، جافەر مۇتە جېڭىدا شېھىت بولغان ئىدى. ھىجرىيەنىڭ ئونىنچى يىلى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ بۇ ئايالدىن مۇھەممەد ئىسىملىك ئوغلى تۇغۇلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايالنى ھەزرىتى ئەلى ئۆز نىكاھىغا ئالدى.[2]

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل كەسىر، 2 ـ جىلد 295 ـ ، 297 ـ بەتكىچە؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 5 ـ جىلد 401 ـ ، 404 ـ بەتلەر.

[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل كەسىر 2 ـ جىلد 385 ـ بەت.

# ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكى

## ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەدىنە خەلقى بولغان ئەنسارلار مەدىنىگەھ ۋە مۇسۇلمانلارغا بىرىنىڭ باش بولۇشى كېرەكلىكىنى جىددىي ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئەتراپتىكى بەدەۋىيلەر ۋە باشقا قەبىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىققان بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، بۇ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرمۇنچىلىغان كۆچمەن ئەرەبلەر ۋە قەبىلىلەر تېخى ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتمىغانىدى. گەرچە ئۇلار ئىسلامغا ئىشەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىگە تولۇق ئورنىشىپ بولالمىغانىدى. بۇ يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزىدىن قورققانلىقلىرى ئۈچۈن، پەقەت تىللىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما چىن كۆڭلى بىلەن ئىمان ئېيتمىغانىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن قىسقا مۇددەت بۇرۇنلا بەزى يەرلەردە ئىسلامدىن يېنىۋېلىش (رىددەت) ھەرىكەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلانغانىدى.

شۇنداق، ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا يەرلەشكەن بەدەۋىي قەبىلىلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقىنى خېلى ئوبدانلا ھېس قىلىشقا ۋە بۇ سەۋەبتىن قاتتىق تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىسلام دەۋاسىنى ئەڭ باشتا ئۇلار (مۇشۇ يەردە) قوللىغان، قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلغان، ئۆيلىرىنى مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارغا ئاچقان، ئۇلارنى باغرىغا باسقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغان ۋە مۇشۇ ئارقىلىق ئەتراپتىكى بەدەۋىي ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرغانىدى.

ئەنسارىلار مۇھاجىرلارنىڭ بىر كۈنلەردە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن) ئەسلى يۇرتى مەككىگە قايتىپ كېتىپ قېلىشىنىمۇ ئويلىشىپ قويۇشقانىدى. چۈنكى مۇھاجىرلار ۋىجدان ئازابىغا چىدىمىغانلىقى ئۈچۈنلا مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار مەككىدىن چىققاندا شەھەر خەلقى تېخى مۇشرىك ئىدى، ئەمما كېيىن ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەككىگە قايتىپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يولغا چىققاندا قورۇ ـ جايلىرى، مال ـ ۋارانلىرى، ئېتىز ـ باغلىرى قالغانىدى. بۇ مەسىلە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ھاياتتىكى چاغلاردىلا ئەنسارىلارنى ئويلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى.

www.munber.org

بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتىھ قىلغان كۈندىن بىرى (ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى) بۇ ئەندىشە ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى. نىھايەت، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككە فەتھىگە چىقىپ، ھۆنەيىن جېڭىدا ھەۋزان ۋە ساقىف قەبىلىلىرىدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر جەئرانە دېگەن يەردە تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتتا، بۇ ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارغا مۇۋاپىق بىر جاۋاب بەرگەنىدى. بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى قۇرەيشلەر ۋە بەدەۋىي ئەرەبلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئەنسارىلارغا ھېچنىمە بەرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى ۋە بۇ ئىش ھەققىدە بىر مۇنچە پىتنە - پاسات تېرىلدى. ھەتتا ئارىلىرىدىن بىرى چىقىپ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمدى ئۆز خەلقىگە ئېرىشتى“ دېگەندەك كىنايىلىك گەپلەرنى قىلدى. سەئد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سەن بىلەن جەڭگە قاتناشقان شۇ ئەنسارى خەلقى قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى ئۆز خەلقىڭگە ۋە بەدەۋىي ئەرەب قەبىلىلىرىگە كۆپلەپ تارقىتىپ، ئۇلار (ئەنسارىلار) نى غەنىمەتتىن مەھرۇم قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا خاپا بولۇشۇۋاتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزگە بەكمۇ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

- سەن قانداق قارايسەن، ئى سەئد؟! - دېدى. سەئدمۇ يانماي:

- مەن خەلقىمنىڭ بىر ئەزاسىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ماڭا خەلقىڭنى توپلاپ بەرگىن! - دەپ ئەمر قىلدى. سەئد مەدىنىلىكلەرنى دەرھال ئەتراپى قاشالانغان بىر يەرگە توپلىدى. بۇ ئارىدا مەككە مۇھاجىرلىرىدىن بەزىلىرىمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلماقچى بولۇۋىدى، سەئد ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما كېيىن كەلگەنلەرنى ئارىغا ئالمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- ئەنسارىلار يىغىلدى، - دەپ خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، الله قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ئى ئەنسارىلار! ماڭا سىلەر توغرۇلۇق بەزى گەپ - سۆزلەر يېتىپ كەلدى. ئۆز ئاراڭلاردا ماڭا خاپا بولۇپسىلەر. سىلەر زالالەتكە پاتقان ۋاقىتىڭلاردا مېنىڭ ئاراڭلارغا كىرىشىم بىلەن الله سىلەرگە ھىدايەت ئاتا قىلمىدىمۇ؟ سىلەر پېقىر ئىدىڭلار، مەن ئاراڭلارغا كەلگەندىن كېيىن، الله سىلەرگە مال - بايلىق ئاتا قىلمىدىمۇ؟ بىر بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، مەن كەلگەندىن كېيىن، الله ئاراڭلارغا مېھرى - مۇھەببەت ئورناتمىدىمۇ؟“ كۆپچىلىك

بۇ سوئاللارغا بىردەك: ”شۇنداق، توغرا!“ دەپ جاۋاب بېرىشتى ۋە: ”بۇ ئېھسان الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭدۇر“ دەپ قوشۇپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنداقتا، ماڭا بىر جاۋاب بەرمەمسىلەر؟“ دەپ سورىدى. ئەنسارىلار: ”ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز؟ مىننەت ۋە ئېھسان پەقەت الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر“ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ئۇلارغا: ”ئەگەر خالىساڭلار، بىر جاۋاب بېرەلەيتتىڭلار، شۇنداقلا، توغرا سۆز قىلغان بولاتتىڭلار ھەم ھەقلىق بولۇپ چىقاتتىڭلار. مەسىلەن مۇنداق دېسەڭلار بولاتتى: «سەن ئارىمىزغا باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ھالدا كەلگەننىدىڭ، بىز سېنى قوبۇل قىلدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزغا پەرىشان ھالدا كەلگەننىدىڭ، ساڭا ياردەم قىلدۇق. ئۆز يۇرتۇڭدىن قوغلانغانىدىڭ، بىز ساڭا پاناھلىق بەردۇق. پېقىر ئىدىڭ، قولۇڭدىن تۇتتۇق.» ئى ئەنسارلار! مەن ئۇلارنى مۇسۇلمان بولسۇن دەپ، ئۇ ئاددىي ۋە ئۆتكۈنچى دۇنيا ماللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتىم. ئەمما سىلەرنى ئېتىقادىڭلار (كۈچلۈك ئىمانىڭلار) بىلەنلا قويۇپ قويدۇم. ئى ئەنسارىلار! باشقىلار بۇ يەردىن قوي، تۆگىلەرنى يېتىلەپ قايتسا، سىلەر الله نىڭ ئەلچىسى بىلەن يۇرتۇڭلارغا قايتىشنى ئۈمىد قىلمامسىلەر؟ مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ھىجرەت ۋەقەسى بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارىلاردىن بىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بارلىق ئىنسانلار بىر يولغا، ئەنسارىلار باشقا بىر يولغا ماڭسا، مەن ئەنسارىلار بىلەن بىر يولدا ماڭغان بولاتتىم. ئى الله! ئەنسارىلارغا ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغىن!...“ دېدى.

ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ساقاللىرى يۆل بولۇپ كەتكىچە يىغلاشتى. ئاندىن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇق“ دەپ تارقىلىشتى.[1]

شۇنداق! مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنسارىلار مۇھاجىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەككىگە قايتىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇھاجىرلارنى ھېسابقا قاتماي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىنى سايلاش ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

ئەنسارىلار مەدىنىلىك بەنى سەئىدە ئائىلىسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى، بۇ يىغىلىشقا مۇھاجىرلار چاقىرىلمىدى. ئۇلار بىلەن كېڭەشىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، مەدىنىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى خەزرەجلىكلەر تەشكىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ رەھبىرىمۇ ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل كەسىر، 2 ـ جىلد 251 ـ ۋە 252 ـ بەتلەر.



www.munber.org

بولۇشتىن بۇرۇن پەۋقۇلئاددە مەمنۇن ۋە رازى بولغان كىشىلەردىن بىرى - سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئىدى. شۇڭا ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەشكە بىردەك كېلىشكەنىدى.

مۇھاجىرلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇ ئىشلاردىن ئەنسارىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يىراق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىلىرى تېخىچە بۇ قايغۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىرى خەلىپىلىككە سايلىنىشى كېرەك دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغانىدى. بۇ ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئىش ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى بولمىغان بىر مەسىلە ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، مۇھاجىرلاردىن بىر توپ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئىدى. بىرى تۇيۇقسىز كېلىپ، سىرتتىنلا:

- ھەي ئىبنى خاتىب! دەرھال سىرتقا چىققىن، ساڭا دەيدىغان بەكمۇ مۇھىم ئىش بار، - دېدى. ئىشنىڭ جىددىيلىكىنى تېخى بىلىپ بولالمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايغۇسىدىن ئۆزىنى تېخى ئوڭشاپ بولالمىغان ھەزرىتى ئۆمەر:

- نېرى بار! ھازىر سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغۇدەك ھالىمىز يوق، - دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن ئۇ ئادەم:

- شۇئان بەكمۇ مۇھىم بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ، ئۇ يەردە سېنىڭمۇ بولۇشۇڭ چوقۇم شەرت. ئەنسارىلار بەنى سەئىدىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىدى. كېيىنچە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىرەر خۇسۇمەتكە سەۋەب بولىدىغان قارار ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ بولۇشۇڭ كېرەك، - دەپ چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇبەكرىگە:

— يۈر! شۇ ئەنسارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايلى، - دېدى ۋە پەقەت شۇ ۋاقىتتا ئاندىن ئۆزلىرىگە كېلىپ، بىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا باشچىلىق قىلىش ئۈچۈن خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئۇلار دەرھال بەنى سەئىدىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولدا ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ ئۇچرىدى. ئۇنىمۇ يانلىرىغا ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئالدىغا ئۇچرىغان ئەنسارلىق ئۇۋەيم ئىبنى سەئىد ۋە مەئەن ئىبنى ئادىي ئىسىملىك ئىككى كىشىدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە مەلۇمات ئالماقچى بولدى، ئۇلار مۇنداق دېدى: ”ئەنسارلارغا يېقىنلاشماسلىقىڭلار ۋە ئۇلارغا قېتىلماسلىقىڭلار سەۋەبىدىن بىرەر ئىشنىڭ چىقىپ قېلىشى ناتايىن. سىلەر مۇھاجىرلارمۇ ئۆز ئاراڭلاردا پىكىر بىرلىكىگە كەلسەڭلار، ئەنسارلار بىلەن ئاراڭلاردا ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ.“

ئەمما مۇھاجىرلارنىڭ ۋەكىللىرى ئورنىدىكى ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىقلار بەنى سەئىدنىڭ ئۆيىدىكى يىغىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن يوللىرىغا داۋام قىلدى ۋە ئاخىرى ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، يىغىلىشقا قېتىلدى. ۋەقەلەرنىڭ يۆنىلىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى. ئەنسارلارنىڭ مۇھاجىرلارغا خەۋەر بەرمەيلا يىغىلىشىدا ئۇ كۈننىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن زۆرۈرىيەت بار ئىدى. بۇ يىغىلىشقا ئەنسارلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. ئۇلار قىسقىچە بىر سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن: ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا سەئد ئىبنى ئۇبادەنى باشلىق قىلىپ سايلايلى!“ دېيىشتى. ئۇلار كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغان سەئدنىمۇ يىغىلىشقا ئېلىپ كەلگەنىدى. سەئد ئوغلىغا مۇنداق دېدى: ”مەن كېسەلمەن، ئاۋازىم كۆپچىلىككە ئاڭلانمايدۇ، شۇڭا سەن مېنىڭ سۆزلىرىمنى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلىغىن!“

ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى، ئوغلى يۇقىرى ئاۋازدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ئۇ ئاۋۋال الله غا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنۇلارنى دېدى: ”ئى ئەنسار خەلقى! سىلەرنىڭ ھېچبىر ئەرەب قەبىلىسىگە نېسىپ بولمىغان دىنىي تەجرىبەڭلار ۋە (ئىسلامدا) ئالاھىدە ئورنۇڭلار بار. ھەممىڭلارغا ئايانكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز خەلقىنى ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت رەھمانغا قۇللۇق قىلىشقا، الله غا شېرىك قىلىۋالغان بارلىق بۇتلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۇلاردىن يىراقلىشىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما ناھايىتى ئاز كىشى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ياكى دىنىنى قوغدىغۇچىلىكى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇلارغا كەلگەن زۇلۇمغىمۇ قارشى چىقالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ شەرەپنى سىلەرگە ئېھسان قىلدى، بۇ ئۈستۈنلۈكنى سىلەرگە يۈزلەندۈردى ۋە بۇ نېئمەتنى سىلەرگە ئاتا قىلدى.

سىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشنى، ئۇنى ۋە ساھابىلىرىنى قوغداشنى، دىنىنى ئۇلۇغلاشنى ۋە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى نېسىپ قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ھەممىدىن بەكرەك قاتتىق قول بولدۇڭلار. مانا بۇ سەۋەبلەر بىلەن، بارلىق ئەرەبلەر خالاپ ـ خالىماي الله نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. (مەركەزدىن) يىراقتىكىلەرمۇ ئۆزىنى بىلىپ بويۇن ئەگدى. الله تائالا بۇ شەكىلدە پەيغەمبىرىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. ئەرەبلەر سىلەرنىڭ قىلىچىڭلارنىڭ سايىسىدا ئۇنى قوبۇل قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەردىن مەمنۇن ۋە رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولدى.“

سەئدنىڭ بۇ سۆزلىرىدىنمۇ مەدىنەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىش ئەندىشىسى چىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئەندىشىلەر ئۇلارنى تېزدىن بىر خەلىپە سايلاشقا مەجبۇر قىلدى.



www.munber.org

مۇھاجىرلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلىشقا كىرىپ كەلدى. ئەنسار چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى، ئۇلار ئولتۇرۇشتى. ئەنسارلار نامىدا سۆزلىمەكچى بولغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال الله غا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

”بىز الله نىڭ دىنىغا ياردەم قىلغان ئىسلامنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بىز. ئى مۇھاجىر قېرىنداشلار! سىلەر بولساڭلار، بىزنىڭ بىر ئايمىقىمىز، بىر پارچىمىز، بىزگە قېتىلغان بىر قوشۇنسىلەر. قارىغاندا، سىلەر بىزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئاساسىمىزنى بۇزۇپ تاشلاپ، بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستۈڭلارغا ئالماقچى بولغاندەك تۇرىسىلەر. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردىن بىرىنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بولسا، چوقۇم بىزدىنمۇ بىر كىشىنى قېتىپ قويغان بولاتتى. شۇڭا خەلىپىلىككە بىزدىن بىر كىشى، سىلەردىن بىر كىشى سايلانسا دەپ ئويلايمەن.“

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

”ئەنسارلارنىڭ ئۇ باياناتچىسى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەن سۆزلىمەكچى بولدۇم. ئۆز ئىچىمدە خېلى ئوبدان تەييارلىق قىلغانىدىم. ئەمما ئەبۇبەكرى:

ـ ماڭا رۇخسەت قىلغىن! ـ دېدى.

ئەلۋەتتە ئۇنى رەنجىتىشنى خالىمىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مەندىن بەكرەك خۇشپېئىل ۋە تەمكىنرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆز باشلىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مەن ئۆز ئىچىمدە پۇختا تەييارلىق بىلەن ھازىرلىغان سۆزلەرنىڭ بىرمۇ بىر ئوخشىشىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقلىرىنى تاللاپ سۆزلىدى. ئەنسارلار ھەققىدە مەيلى ئايەت ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن نېمە بولسا، ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەممىڭلارغا ئايانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر يولغا، ئەنسارلار باشقا يولغا ماڭسا، مەن ئەنسارلارنىڭ كەينىدىن ماڭغان بولاتتىم، ـ دېگەنىدى. سىلەر ئۆزەڭلار ھەققىڭلاردا ئېيتقان ۋە بىزگە ئەسلىتىپ ئۆتكەن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشنىڭ ئەھلى سىلەر. ئەمما، بۇ ئىشقا كەلسەك، ئەرەبلەر بۇ ئىشتا قۇرەيشتىن باشقىلىرىنى ئىشنىڭ ئەھلى دەپ قارىمايدۇ. بۇ، بارلىق ئەرەب مىللىتىنىڭ يەكۈنىدۇر. مەن سىلەرگە خەلىپە بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى كىشىنى كۆرسىتىمەن، كىمنى خالىساڭلار، شۇنى سايلاڭلار. (ئۇ شۇنداق دەپ، ئەبۇئۇبەيدە ئىككىمىزنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئەنسارلارغا كۆرسەتتى.)»“

ھەزرىتى ئۆمەر سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى: ”الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەبۇبەكرىنىڭ مېنى تونتىتىپ قويۇپ، ئۆزى سۆز قىلغىنىغا پەقەتلا رەنجىمىدىم. ئەگەر گۇناھ بولمىسا، ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسام تېخىمۇ ياخشى

بولاتتى. بۇ، مەن ئۇچۇن ئەبۇبەكرىنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالغان بىر مىللەتكە خەلىپە بولۇشتىن ياخشىراق ئىدى. ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئەنسارلار سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

"قەسەم قىلىمەنكى، الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى قىزغانغىنىمىز يوق. الله نىڭ مەۋجۇداتلىرى ئىچىدىمۇ ھېچكىمنى سىلەردىن ئەۋزەل كۆرمەيمىز. ئەمما بۇندىن كېيىن بىزنىڭمىزغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز. شۇڭا ھازىر سىلەر ئاراڭلاردىن بىر كىشىنى تاللاڭلار، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىز ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى تاللايلى. مۇشۇ تەرىقىدە، بىر بىزدىن، بىر سىلەردىن بولۇپ ئەبەدىي داۋام قىلىدۇ. ھەم شۇنداق بولغاندا، بۇندىن كېيىنكى زامانلاردا، ئەگەر قۇرەيشلىك خەلىپە يولدىن چىققۇدەك بولسا، ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنى ئوڭشىشى ياكى ئەنسارلاردىن بىرى ئادالەتتىن يىراقلاشقۇدەك بولسا، قۇرەيشلىك بىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيمىز." (قانداقلا بولمىسۇن، قارشى تەرەپتىن بىرىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ھېچقانداق ئادالەتسىزلىك قىلىنمايدۇ.)

بۇ سۆھبەتلەردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنسارلار مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىدە تۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ھەققە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ھوقۇق (خەلىپىلىك) تىن تەڭ ـ باراۋەر پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئويلاشقانىدى.

ئەمما بۇ يەردە بىر مەسىلە كېلىپ چىقتى. ئەنسارلار (مۇھاجىرلارنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ بولغىچە ئارىلىقتا) ئۇبادەنى خەلىپىلىككە سايلاپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ بولغان ئىدى. ئۇبادەمۇ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئالدىدا ئىدى. ئەمما بۇ ئىش ئەڭ دەسلەپتە مۇھاجىرلاردىن باشلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ يەردە بىر خاتالىق يۈز بەرگەنىدى. بۇ خاتالىقنى مۇشۇنداق پەيتتە ۋە مەۋجۇت شەرت ـ شارائىتلارغا قارىماي تۈزىتىش كېرەك ئىدى.

بۇ ئىش بەكمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك بولۇپ، ئەكسىچە بولغاندا، خەلىپىگە ئاسىيلىق قىلىشتەك بەكمۇ خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى. ئەنسارلارنىڭ رەھبىرى سەئد ئىبنى ئۇبادەنى تەدرىجىي ھالدا بۇ ئورۇندىن چۈشۈرۈش لازىم ئىدى. ئىنسان قانداقلا بولمىسۇن، ئاجىز يارىتىلغانىدى. شۇ ئەھۋالدا كېڭەش داۋاملىشىش ئارقىلىق ئەنسارلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا كەينىگە چېكىنىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلىشى لازىم ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئەنسارلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: "بۇ ئورۇن پەقەت قۇرەيشتىن بولغان بىرىگە لايىقتۇر. شۇنداق بولغاندىلا،

www.munber.org

ئەرەبلەر رازى بولۇشىدۇ. خەلىپىلىككە ئۇلاردىن باشقا كىم كەلسە، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ۋە كىم بۇ ھەقتە بىزگە قارشى چىقسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرىمىز.‘‘

ئەنسارلاردىن خەبباب ئىبنى ئەل مۇنزىر ئورنىدىن تۇرۇپ: ’’خەلىپە بىزدىن بىر، سىلەردىن بىر بولسۇن!‘‘ دېگەن گەپنى تەكرارلىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا: ’’ھەيھات! بىر ئورۇنغا ھېچقاچان ئىككى ئەمىر سىغمايدۇ. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا قەبىلىدىن دەپ ئويلاپلا سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىشىپ چىققان خەلقنىڭ ئىچىدىن بىرى خەلىپىلىككە سايلانسا، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. بۇنىڭغا قارشى چىققانلارغا ئوچۇق دەلىللىرىمىز بار. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولىمىز. كىم بىز بىلەن ئۇنىڭدىن قالغان ئورۇننىڭ جېدىلىنى قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئۇ باتىل ئىشلارغا ئارىلاشقان، گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ۋە ھالاك بولۇشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ‘‘ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر شۇنچە قاتتىق گەپ قىلغان بولسىمۇ، خەبباب ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنسارلارنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا قېتىلىشقا ئۇندەۋەرگەچكە، مۇھاجىرلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئەبۇ ئۇبادە ئىبنى جەرراھ سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى: ’’ئى ئەنسار جامائىتى! بۇ ئۇلۇغ ئىشتا تۇنجى بولۇپ ياردەم قىلغان ۋە قوللىغان كىشىلەر سىلەر ئىدىڭلار. ئۇنداقتا، تۇنجى بولۇپ بۇرمىلىغان ۋە ئۆزگەرتكەنلەر سىلەر بولۇپ قالماڭلار!‘‘

ئۇنىڭ كەينىدىنلا بەشىر ئىبنى سەئد ئەل ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ’’ئى ئەنسار جامائىتى! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىز مۇشرىكلار بىلەن قىلغان جىھادىمىز ئارقىلىق اللہ نىڭ نەزىرىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ۋە بۇ دىنغا ئەڭ بۇرۇن كىرىپ، مەلۇم بىر نوپۇز تىكلىگەن بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەببىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە قىلدۇق. بۇنى (خەلىپىلىكنى دېمەكچى ـ ت) بىز ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز. ئۇنداق بولغانىكەن، بىز مۇشۇ خاسلىقىمىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بەك ئىلگىرىلەپ كەتمەسلىكىمىز ۋە بۇلارنى دۇنيا مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ۋاستە قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

بىزگە قارشى مىننەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى پەقەت اللہ دۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر ئىشتا قۇرەيشلەر ئالدىن كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك. ئۇلار بىلەن بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقىمىزنى اللہ كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن،

سىلەرمۇ الله بەلگىلەپ بەرگەن چەك ـ چېگرىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار ۋە ئۇلار بىلەن ئىختىلاپ قىلىشماڭلار!"

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇسەيىد ئىبنى ھۇدەيرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەنسارلارنىڭ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇھاجىرلاردىن بىرىنى تاللاشقا ئۈندىدى. ئەگەر ئەنسارلار بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالسا، ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ قايتىدىن باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەنچە بېرىپ، مۇھاجىرلاردىن بىرىگە بەيئەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە باشقىلارنى بۇنىڭغا چاقىردى.

نەسئى ۋە ھاكىمنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا بىر دىئالوگ ئۆتكەن بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئەنسارلارغا:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەبۇبەكرنى جامائەتكە ئىمام قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېدى. ئەنسارلار:

ـ ئەلۋەتتە بىلىمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ھەزرىتى ئۆمەر يەنە:

ـ ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاللاپ، ئالدىغا چىقارغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كىم ئۆتەلەيدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ھېچبىرىمىز ئۆتەلمەيمىز، ـ دېيىشتى. ئەنسارلاردىن زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دېدى:

ـ قاراڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلاردىن ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، خەلىپىمۇ مۇھاجىرلاردىن بولۇشى كېرەك. بىزمۇ ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارلىرى بولغان بولساق، بۇندىن كېيىنمۇ خەلىپىنىڭ ئەنسارلىرى بولىشىمىز كېرەك!

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ الله سىلەرگە خەير ـ ئېھسان ئاتا قىلسۇن ۋە سۆز قىلغانلارنى سالامەت قىلسۇن! ماڭا قاراڭلار! ئەگەر بۇندىن باشقا ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمەكچى (تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدىغان) بولساڭلار، بىز سىلەر بىلەن ئىتتىپاق ئۆتەلمەيمىز.

ئۇ گەپلىرىنى تۈگىتىپلا، دەرھال ھەزرىتى ئۆمەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا:

ـ قولۇڭنى بەرگىن! مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن، ـ دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ سەن مەندىنمۇ بەكرەك پەزىلەتلىك سەن، ـ دەپ خەلىپىلىك تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ ئۇنىڭغا:

ـ سەن ماڭا قارىغاندا كۈچلۈكرەك، ـ دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەرمۇ چىڭ تۇرۇپ:

www.munber.org

ـ مېنىڭ كىچىكىمنى سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ بىلەن بىرلىكتە ساقلا تەۋە بولسۇن، ـ دېدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە بىرلىكتە ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەبۇبەكرى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرىنىڭ سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈشى توغرا ئەمەس. سەن سەۋر غارىدىكى ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ ئۆزەڭنى قىلچە ئويلاپ قويماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولدۇڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىڭنى پىدا قىلىشتىن يانمىدىڭ. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا، سېنى ئىمام قىلىپ سايلىدى. شۇڭا بۇ ھەقتە سېنى ئالدىنئالا ئويلىشىمىز لازىم! ــ دەپ ئۇنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشتى.

ئۆمەر بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا، يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇسەييد ئىبنى ھۇدەير ۋە بەشىر ئىبنى سەئدمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرگە بەيئەت قىلدى. بۇنى كۆرگەن باشقىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ئىچىدە سەئد ئىبنى ئۇبادەلا بەيئەت قىلمىدى. ئۇ ئاغرىق بولغاچقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا كېلەلمىدى، بىرەر ئىبىز گەپمۇ قىلمىدى.

مانا بۇ ۋەقە، ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدا خەلىپىلىك سەۋەبىدىن ھېچبىر ئىختىلاپ چىقمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. پەقەت ئەنسارلارنىڭ ئەندىشىسى تۈپەيلىدىنلا بىر خاتالىق يۈز بەردى ـ خالاس! ۋە بۇ سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مەۋقەسى يۈزىسىدىن ئەنسارلارنىڭ كېيىنگە چېكىنىشى زۆرۈر بولغان بىر تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەنسارلارنىڭ بەنى سەئدنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك تېمىسىدا ئۆزلىرىنى مۇھاجىرلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش، رەھبەرلىك سەۋداسىغا بېرىلىپ ئۇنى ياكى بۇنى قوللاش مايىللىقى ياكى نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ.

سەئد ئىبنى ئۇبادەگە كەلسەك، بۇ زات بارلىق ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئەمما مەقسەت بۇ زاتنى سايلاش ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بولۇپ، بۇ، مەدىنىنىڭ شەرت ـ شارائىتى، مىللەت ۋە دۆلەت مەسىلىلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى ئەندىشىدىن كېلىپ چىققانىدى.

بۇ ۋەقە، ھىجرىيەنىڭ ئون بىرىنچى يىلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىل) رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى يۈز بەرگەنىدى.①

① «ئەل كامىل» ئىبنۆل ئەسىر، 2 ـ جىلد 304 ـ بەت.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە سايلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى (خەلىپىلىك سۈپىتى بىلەن) خەلقنى نامازغا چاقىردى. ئۇ مېھرابقا چىقىپ تۇرۇشىغا، ھەزرىتى ئۆمەر ئاۋۋال اللە قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، خەلققە مۇنداق دېدى:

”ئى خالايىق! تۈنۈگۈن سىلەرگە خىتاب قىلغانىدىم، ئەمما ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچىمدىن كەلگەن سۆزلەر ئىدى. خەلىپىنىڭ سايلىنىشى ھەققىدىكى سۆز - ئىبارىلىرىم يا اللە نىڭ كىتابىدا يوق ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئامانەت قىلغان بىرەر ئېغىز سۆزىگە تايانغان ئەمەس. ئەمما مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ئەبەدىي رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ۋاپات بولدى ۋە سىلەرگە اللە نازىل قىلغان كىتابنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مانا بۇ كىتاب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھبەرلىك قىلغان ھىدايەت يولىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار، ئۇ سىلەرنى ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ. اللە تائالا سىلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىكىڭلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غاردىكى جان يولدىشى، سىلەرگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بىر زات ئۈستىدە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشىڭلارنى مۇيەسسەر قىلدى.“

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان خەلق بەنى سەئىد يىغىلىشىدىكى بەيئەتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بەيئەت قىلدى. ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى اللە قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، خەلققە شۇ تارىخىي سۆزلەرنى قىلدى:

”ئى خەلقىم! مەن گەرچە ئاراڭلاردىكى ئەڭ پەزىلەتلىك بىرى بولمىساممۇ، سىلەرنىڭ خەلىپەڭلار بولۇپ سايلاندىم. ئەگەر سىلەرگە توغرا رەھبەرلىك قىلالىسام، ماڭا ياردەم قىلىڭلار. ئەگەر ئادالەتسىزلىك قىلسام، مېنى توغرا يولغا باشلاڭلار. توغرىلىق ئامانەت، يالغانچىلىق بولسا، خىيانەتتۇر.

شۇنى بىلىڭلاركى، ھالال يول بىلەن ئۆز رىزقىنى تېپىپ يەۋېتىپ، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان كىشى تاكى ئۆز ھەققى قايتۇرۇپ ئېلىنغىچە مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ كۈچلۈك كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئاراڭلاردا ئۆزىنى كۈچلۈك دەپ ئويلاپ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان كىشىمۇ ئۇنىڭدىن شۇ ھەق ئېلىنىپ ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇلغىچە مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئاجىز كىشى ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىلىپ قويۇڭلاركى، قايسى مىللەت جىھادنى تەرك ئەتكەن بولسا، مۇھەققەق اللە ئۇ مىللەتنى خار - زەبۇنلۇققا يۈزلەندۈردى. ۋە قايسى مىللەت ئارىسىدا پاھىشىۋازلىق ئەۋج ئالسا، مۇھەققەق اللە ئۇ مىللەتكە ئومۇمىي يۈزلۈك بالايىئاپەت بەردى.

www.munber.org

مەن الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان مۇددەتكىچە، سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر مەن الله غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەنە شۇ چاغدا ماڭا ئىتائەت قىلىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ. قېنى ئەمدى، ھەممىمىز نامازغا تۇرايلى. الله ھەممىمىزگە مەرھەمەت ئاتا قىلسۇن!“

بۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلاردىن باشقا ھەممەيلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلدى. ئۇلارمۇ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. پەقەت سەئد ئىبنى ئۇبادەلا بىر ئاز كېچىكتى. كېيىن ئۇمۇ كېلىپ بەيئەت قىلدى ۋە مۇجاھىد بولۇپ جەڭگە قاتناشتى. كۆپ ئۆتمەي، سۈرىيە تۇپراقلىرىدا ۋەزىپە ئالغان بىر جەڭدە شېھىت بولدى.

ئەبۇ سۇفياننىڭ ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئابباسنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە قارشى كۈشكۈرتكەنلىكى ھەققىدىكى ئاتالمىش سۆز - چۆچەكلەرگە كەلسەك، بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. چۈنكى ئەبۇسۇفيان ئىسلامغا ئىلاجىسىزلىقتىن كىرگەنلەردىن بىرى بولغاچقا، بۇنداق ئىشنى قىلىشقا جاسارەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلامغا كۈچلۈك ئىمان بىلەن چىڭ باغلانغان ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر شۇنداق ئىش راستىنلا يۈز بەرگەن تەقدىردە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەبۇسۇفياننى سوراققا تارتىشى ۋە بىر مۇنچىلىغان ئىختىلاپ ۋە تەپرىقچىلىققە سەۋەب بولىدىغان بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىشى لازىم ئىدى. ھالبۇكى، تارىختا مۇنداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنى يوق. بۇ پەقەت بەزى رىۋايەتچىلەرنىڭ ئويدۇرمىسىدىن ئىبارەتتۇر - خالاس!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئورنىغا ھەزرىتى ئەلىنىڭ چىقىشى ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويغانلىقىمۇ پۈتۈنلەي يالغان ۋە ئەمەلىيەتكە زىت بىر ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى دىنىي ئەمر بولۇپ، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بىر ۋەسىيەت بولسا، ھېچبىر مۇسۇلمان ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ. ئۇ كۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋەسىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇلارغا بەكمۇ ئېغىر ھاقارەت قىلىش ۋە بارلىق ساھابىلەرنىڭ ئىمانىدىن گۇمانلىنىش دېگەن بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئويلاپ بېقىڭ! ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇنداق بىر ۋەسىيەتكە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلسۇن؟! ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەزرىتى ئەلى بۇنداق بىر ۋەسىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلارغا ھەرگىزمۇ كۆز يۇممىغان ۋە قاراپ تۇرمىغان بولاتتى. چۈنكى

ھەزرىتى ئەلى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچكىمگە پىسەنت قىلمايتتى.

ئەگەر بەزى كىشىلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆرۈنۈشتە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلغان بولۇپ، كۆڭلىدە تەستىقلىمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا، بىز ئۇلاردىن سوراپ باقايلى: ئەجىبا، ساھابىلەر قاچان بىر ـ بىرىگە ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىپتۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەققىدە مۇنداق ئاقماس گەپلەرنى قىلىش ئۇلارغا "بۆلگۈنچى" دېگەن بەتنامنى چاپلاش بىلەن ئوخشاش. اللە بىزگە بۇنداق ئىشلاردىن پاناھلىق بەرسۇن!

ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەيئەت ئۈچۈن ئايالى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ۋاپاتىغىچە كېچىككەنلىكى ھەققىدىكى پىتنە ـ پاساتمۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كېلىپ قارار بەرگەن بۇ مۇھىم ئىشتا ئالتە ئاي كېچىكىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆپلىگەن ئىمانى ۋە كىچىك ياشلىرىدىلا مۇسۇلمانلارغا قىلغان بىرلىك ۋە باراۋەرلىك چاقىرىقلىرى، ئىسلام قېرىنداشلىقىغا بولغان ئۆرنەك مۇئامىلىلىرى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇ ئىككى زات ئارىسىدا بەزى تالاش ـ تارتىشلار ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ، خەلىپىلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى مىراس بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولۇپ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى:

ھەزرىتى فاتىمە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن دادىسى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نىڭ فەدەك ۋە خەيبەردىكى مىراسىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىس بىلەن جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "بىز پەيغەمبەرلەر جامائىتى پېقىنلىرىمىزغا مىراس قالدۇرمايمىز. بىزدىن كېيىنكە قالىدىغىنى سەدىقىدۇر(يەنى بارلىق ئۈممەتكە ئائىتتۇر)."

ھەزرىتى ئەلى ۋە فاتىمە بۇ سۆزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى ھەزرىتى فاتىمە ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئىنتايىن مول بىلىمى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ئارىلىرىدا كىچىككىنە كۆڭۈل ئاغرىقى يۈز بەردى. ئەمما بۇ ئىش قايتا تەكرارلانمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەزرىتى ئەلى ئۇ كۈنلەردە ئۆيىدىن سىرتقا كۆپ چىقالمىغاچقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ياردەم قىلىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇھىم مەسىلىلەردە، دىندىن قايتقان مۇرتەد ئىسيانچىلار ۋە مەدىنىگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان باشباشتاقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇداپىئە پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ئىشلاردا ھەردائىم ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىلىرىدىن

www.munber.org

بىرى ئىدى (كېيىنكى مەزمۇنلاردا بۇ توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز). ئەلىنىڭ ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئۆيىدىن چىقماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئايالى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ كېسىلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، ھەزرىتى فاتىمەمۇ ۋاپات بولدى. ھەزرىتى ئەلى شۇنچە ۋاقىت ھەزرىتى فاتىمەنىڭ كېسىلى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەنىدى. ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن رەنجىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلى خاپا ھالدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەككە كەلسەك، بۇمۇ ئىسلامنى ۋە ئىسلامنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيدىغان نادانلارنىڭ ئويدۇرمىسى ئىدى.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئىسلامدا قاچان ئاياللار ئەرلەرنى ياكى ئەرلەر ئاياللارنى پات - پات يوقلاپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ، دەرت - ھال ئېيتىشىدىغان ئىش كۆرۈلۈپتۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەزرىتى فاتىمە دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، كېسەل بولۇپ ئۆيىدىن تالاغا ھېچ چىقالمىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بولسا، خەلق ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىك قىلغان ۋاقىت، تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى بولغاچقا، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ بەكمۇ كۆپ ئىدى (بۇ ھەقتىمۇ كېيىنچە تەپسىلىي توختىلىمىز).

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بولغىنىكەن، مەيلى ھەزرىتى ئەلى بولسۇن ياكى ھەزرىتى ئاباس بولسۇن ۋەياكى پۈتۈن بەنى ھاشىم قەبىلىسى بولسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلغان كۈنى ئۇلارمۇ بەيئەت قىلغانىدى. بەنى ھاشىم قەبىلىسى ياكى باشقا بىر قەبىلىدىن بىرمۇ ئادەم بۇ بەيئەتتىن قېلىپ قالمىدى.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، قۇرئان كەرىمدە خەلىپىلىك ھەققىدە بەلگىلىك بىر سىستېما بايان قىلىنمىغان، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىگەنىدى. مۇسۇلمانلار پەقەت ئىسلامنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىغا دائىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بېرىش تەرىقىسىدە بەيئەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى. بەيئەت شەرتنامىسىگە ئاساسەن، بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالالمايدۇ. بۇ مەيلى خەلىپە بولسۇن ياكى ئاددى پۇقرا بولسۇن، ھەممەيلەن ئۈچۈن ئوخشاش كۈچكە ئىگە. خەلىپىلىك — خەلىپە بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر كېلىشىمنامە بولۇپ، بۇ كېلىشىمنامىگە بىنائەن خەلىپە سۆز - ھەرىكەتلىرىدە الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىنغان ماقامغا، دۆلەت ۋە ئۈممەتنىڭ مېلىغا دۇرۇست مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچكەن بولىدۇ. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارمۇ بەيئەت قىلىش ئارقىلىق خەلىپىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچكەن بولىدۇ. ئەگەر خەلىپە ئىسلامنىڭ چەك - چېگرىلىرىدىن ھالقىپ كەتسە، ئۇنىڭغا بولغان بەيئەت ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ

ۋە مۇسۇلمانلار خەلىپىنى خەلىپىلىك كېلىشىمنامىلىرىگە رىئايە قىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئەگەر ئىشلار ئۆز يولىغا كىرىپ قالسا، خەلىپىلىك يەنە داۋام قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەش ئەزالىرى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ ياكى ئۆزى ئىستىپا بېرىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن كۈنى مۇنداق دېگەنىدى:

”مەن اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان مۇددەتكىچە، سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر مەن اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەنە شۇ چاغدا ماڭا ئىتائەت قىلىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ.“[1]

## ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك خىزمەتلىرى ۋە فەتىھلىرى

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي (ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىككى يىل، ئۈچ ئاي، ئون كۈن داۋاملاشتى)، ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر سىڭدۈردى. ھالبۇكى، بۇ ئىشقا بەكمۇ ئۇزۇن يىللار كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامنى ئىلمىي يوسۇندا يولغا قويۇشى ۋە بۇ يولدا چىڭ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئىسلامنى نەقەدەر ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە ساغلام، كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مانا بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسلامنى ساغلام ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلامنى (ئۇرۇش - جېدەل ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە) تىك تۇتۇپ تۇرالىغان ۋە ئەقىدىلەرنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىنى توسىيالىغان ئەڭ بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى ھېسابلانماقتا.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەر ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ زات ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان، ئەمما قەلبلىرىگە ئىمان سىڭمىگەن نۇرغۇنلىغان بەدەۋىي ئەرەبلەر بار ئىدى. اللہ تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەئرابىلار:«ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، اللہ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، اللہ ھەقىقەتەن

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 5 - جىلد 427 - ، 433 - بەتلەر.



www.munber.org

(مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»﴾[1]

ئۇندىن باشقا:

﴿ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر، الله (مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى (الله يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن، الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ.﴾[3]

ئىككى يۈزلىمچىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىلا بار بولۇپ، مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ئەمما مۇسۇلماندارچىلىقتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان بىرمۇنچە ئادەم بارئىدى. بولۇپمۇ، بەدەۋىي ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، الله تائالا بۇ ئەھۋالنى ئەلچىسىگە بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق پۇرسەت تاپقان ھامان دىنىدىن قايتىدىغانلىقىنى سەمىگە سالغانىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا مۇرتەدلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ھەتتا يەمەندە ئەل ئەسۋە ئەل ئەنسى، يەمامەدە مۇسەيلىمەتۇل كەززاب ۋە نەجىد دىيارىدا تۇلەيھەتۇل ئەسەدىي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئاتىۋېلىشتى، ئەمما خەلققە ئوچۇق - ئاشكارە جاكارلاشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتىشىدىن قورققانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، ئۇلار دەرھال ئىسلامدىن يېنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 14 - ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە، 97 - ۋە 98 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە تەۋبە، 101 - ئايەت.

ئوچۇق ئىپلان قىلدى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەي، نۇرغۇنلىغان بەدەۋىي ئەرەبلەرنىڭمۇ ئىككى يۈزلىمچىلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلاپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئېتىقاد ۋە ھاياتىغا قايتقانلىقىنى جاكارلاشتى. بۇ پىتنىدىن پەقەت مەدىنە مۇنەۋۋەر، مەككە مۇكەررەم ۋە تائىف شەھەرلىرىلا ساقلىنىپ قالدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىك ماقامىغا چىقماي تۇرۇپلا، بۇ مۇرتەدلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى زاكات بەرگۈچىلەرنىڭ سىرتىدا تۇتۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار خەلىپىنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە رازىمەنلىك بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقانىدى.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زاكات دىنىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەمىرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ماددىي ئەمر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇسۇلمانلار ماددىغا بەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قان - تۆكۈپ جەڭ قىلىشى ماددىي ھايات ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، زاكات ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك نەرسە ئىدى؟

ئەمما ئۇلار زاكاتنىڭ اللہ نىڭ كەسكىن ئەمرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھېچقاچان بۇ ھەقتە بىپەرۋالىق قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ ئىشقا كۆز يۇمۇش ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈن پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش دېگەنلىك بولاتتى. ئىسلام ئەمر ۋە چەكلىمىلىرى بىلەن بىر پۈتۈندۇر، شۇنداقلا، بۆلۈنمەس بىر پۈتۈندۇر. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئىجرا قىلىپ، قالغان قىسمىغا سەل قاراش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولغانىكەن، اللہ نىڭ: ”اللہ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر“ دېگەن ھۆكمى ئەنە شۇلارغا قارىتىلغانىدى.

مۇرتەدلەر مەدىنە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر سانىنىڭ ئاز، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئۆزلىرىگە بويۇن ئەگدۈرەلەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. ئەمما نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇ خىيالى تامامەن سۇغا چىلاشتى. چۈنكى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەقىقەتەن ئىسلام مۇقىم بەلگىلىۋەتكەن ھۆكۈملەرنىڭ ھېچبىرىگە سەل قارىمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىدى ۋە ئاخىرقى نەپىسىگىچە بۇ يولدا تىرىكىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزانس (شەرقىي رىم) لارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان ۋە زەيد ئىبنى ئۇسامەنى قوماندان قىلىپ قويغان قوشۇننىمۇ ئەينى ۋاقىتتا نىشان ئۈستىگە ئەۋەتىشتە چىڭ تۇردى. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ناھايىتى چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقاتتى. چۈنكى، بۇ

www.munber.org

چوڭ قوشۇننى ئۇ تەرەپكە ئەۋەتمۇەتسە، ئۇنىڭ قولىدا مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان تۇزۇك ئەسكەر قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ بۈيۈك رەھبەر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانى بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى.

## زەيد ئىبنى ئۇسامە قوشۇنى

ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاسراندى بالىسى زەيدنىڭ ئوغلى، زەيد بولسا ھارىسەنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇسامەنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەچىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىسى ئۇسامەنى ھەم ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى.

دادىسى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىزانس ئىمپېراتورلۇقىغا قارشى مۇئتە جېڭىغا ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋېتىپ شېھىت بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىزانسلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تەييارلىماقچى بولغان قوشۇننىڭ بېشىغا ئۇنىڭ ئوغلىنى قويماقچى بولدى ۋە كۆپ ئۆتمەي بۇ قوشۇننى تەييارلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاتلىق قوشۇن بىلەن پەلەستىننىڭ جەنۇبىدىكى بەلقا رايونى (ھازىرقى غەززا ئەتراپى) غا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرىدى. دەرھال سەپەرۋەرلىك قىلىندى، خەلق ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى، تۇنجى مۇھاجىرلار ئۇسامەنىڭ قوشۇنغا بىرىنچى بولۇپ قېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئۆمەرمۇ بار ئىدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەييارلىغان ئاخىرقى قوشۇن ئىدى. ھەربىي تەييارلىقلار جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. قوشۇنغا ئەسكەر تىزىملاش ئىشى تېخى داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇسامە قوشۇنغا يۈرۈش قىلىش ئەمرىنى بەرمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ئۇ خەلىپىلىك سۈپىتى بىلەن قوشۇنغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن نىشانغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ئەمر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىنىڭ ئەتىسى كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ جاكارچىسى: ”ئۇسامەنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مەدىنىدە ھېچكىم قالمىسۇن، ھەممەيلەن ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جۇرفتىكى قىشلاقتا يىغىلسۇن!“ دەپ جاكارلىدى. ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلققە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

”ئى خالايىق! مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاددىي بىر ئىنسان مەن. بۇنى بىلىمەن، ئەمما سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەسلىكتە قىلىپ كېتەلىگەن ئىغىر ۋەزىپىلەرنى ماڭا يۈكلەيدىغاندەك تۇرىسىلەر. راستىنى ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللىۋالغان ۋە ئۇنى بالايىئاپەتتىن قوغدىغانىدى.

مەن بولسام، يېڭى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى يولغا قويغۇچى ئەمەس، بەلكى يولغا قويۇلۇپ بولغان ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغۇچى بەندىمەن. ئەگەر بۇ يولۇمدا داۋام ئەتسەم، مېنى قوللاڭلار. ئەگەر يولۇمدىن ئازسام، مېنى ئاگاھلاندۇرۇڭلار.

ماڭا قاراڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز يۇمغان ۋاقىتتا، ھېچبىر كىشى ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىر قامچە بولسىمۇ ئۇرۇپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ دەۋا قىلىپ كەلمىدى. ئەمما ئاگاھ بولۇڭلاركى، مېنى دائىم يولدىن ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بىر شەيتىنىم بار. ئەگەر ئۇ مېنى ئازدۇرۇپ كەتسە، مېنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، مەندىن سىلەرگە بىر زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن! ھەركىم ياشايدۇ، ئەمما ھېچكىم ئۆز ئەجىلىنىڭ قاچان توشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر خەيرلىك بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولساڭلار، تاكى ئەجىلىڭلار توشقىچە شۇ خەيرلىك ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا تىرىشىڭلار. لېكىن بۇنىمۇ الله خالىمىسا، سىلەر ئۆز ئىختىيارلىقىڭلار بىلەن قىلالمايسىلەر. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەردائىم ئەجەلگە تەييار بولغان ھالدا ياشاڭلار، ئەجىلىڭلار سىلەرنىڭ خەيرلىك ئىشىڭلار ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتتا كېلىپ قالمىسۇن.

شۇنداق ئىنسانلار ياشاپ ئۆتتىكى، ئۇلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى ۋە (ئۆزلىرىنى ئۇ دۇنيادىن ئايرىم ھېسابلاپ) ھەردائىم باشقىلارنىڭ رىزقىنى يەپ ئۆتتى، سىلەر ھەرگىز ئۇلاردىن بولۇپ قالماڭلار! جىددىي، چەبدەس ۋە چاققان بولۇڭلار! ئۆلۈم ھەر قاچان ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن سىلەرنى قوغلاپ تۇرىدۇ. ئۆلۈمدىن قورقۇڭلار، دادا، بالا ۋە قېرىنداشلىرىڭلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار. باشقىلار (ئۆلگەنلەر) جېنىنى پىدا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەۋەسلەنگىنىڭلاردەك، تىرىكلەردىنمۇ زوقلىنىڭلار!“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قارارگاھقا بېرىپ قوشۇننى ئۈزىتىپ قويۇپ، مەدىنىگە قايتتى. قوماندان ئۇسامە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر ئىشنى ئۆتۈندى: ”سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىگە بېرىپ ئېيتقىن! رۇخسەت قىلسا، مەن ھازىرچە قوشۇننى چېكىندۈرۈپ تۇراي. چۈنكى ئەڭ كۈچلۈك ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قوشۇنغا قېتىلدى. شۇڭا بۇ خەتەرلىك پەيتتە خەلىپىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن.“



www.munber.org

ئەسكەرلەرمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېيىلغان بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدىن قايتىش ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن كۆچىيىپ كېتىۋاتقان خەتەرلەرنى خېلى ئوبدانلا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، ئەنسارلارمۇ ھەزرىتى ئۆمەردىن: "ئەگەر (خەلىپە) بۇ قوشۇننى ئەۋەتىشتىن راستىنلا ۋاز كېچەلمىسە، ئەڭ بولمىغاندا بىزگە ياشتا ئۇسامەدىن چوڭ ۋە تەجرىبىلىك بىرىنى قوماندان قىلىپ بەرسۇن!" دەپ تەلەپ قىلىشتى. ئەمما ئۇلار ئەبۇبەكرىنىڭ ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىشىنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۇسامەنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئەبۇبەكرگە بايان قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆمەرگە: "ماڭا قاراڭلار! ئىت ۋە بۆرىلەرنىڭ مېنى پارچىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارار بەرگەن بىر ئىشتىن ئەسلا ۋاز كەچمەيمەن" دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ قېتىم: "ئەنسارلارمۇ ئۇسامەنىڭ ئورنىغا ياشتا ئۇنىڭدىن چوڭ ۋە تەجرىبىلىك بىرىنى تەيىنلەپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ" دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قاتتىق غەزەپلەندىكى، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ساقىلىدىن تۇتتى ۋە مۇنداق دېدى: "ئاناڭ ئۆلسۇن، ئى ئىبنى خەتتاب! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن نەرسىنى مېنىڭ بۇزۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر ـ ھە؟!"

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال قارارگاھقا قايتتى. ئۇسامە ئۇنىڭدىن:

ـ قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ كۆزۈمدىن يوقىلىپ، يولۇڭغا مېڭىش! خەپ، ھەممىڭ يېتىم قېلىشارسەن! سەن خەقنىڭ يۈزىدىن پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسى ئالدىدا رەسۋا بولدۇم، ـ دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قارارگاھقا قايتا كېلىپ، ئەسكەرلەرنى ئاتلاندۇردى. ئاندىن ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يولغا سالدى. ئۆزىمۇ قىسقا بىر ئارىلىققىچە قوشۇن بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇسامە ئات ئۈستىدە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پىيادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف يېتىلىۋالغانىدى. ئۇسامە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە: "ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يا سەن ئېتىڭغا مىنگىن ياكى مەن ئېتىمدىن چۈشەي!" دەپ ئۆزىنىڭ تۆۋەنچىلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: "ياق! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەنمۇ ئېتىڭدىن چۈشمىگىن، مەنمۇ مىنمەي. الله يولىدا مېنىڭ ئاياغلىرىمنىڭمۇ بىرەر سائەت توپا ـ چاڭ بولسا، نېمە بوپتۇ؟ بىلىپ قويۇڭلاركى، الله تائالا

جىھادقا قاتناشقان بىر مۇسۇلماننىڭ ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن يەتتە يۈز ھەسسە ساۋاب بېرىدۇ، مەرتىۋىسىنى يەتتە يۈز ھەسسە ئۆستۈرىدۇ ۋە يەتتە يۈز گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ" دېدى. ئۇسامە ئۇنىڭغا: "ھەزرىتى ئۆمەرنى ماڭا ياردەمچى قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەن بولساڭ!" دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن قوشۇننى يەنە بىر قېتىم توختىتىپ مۇنداق خىتاب قىلدى: "ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! بىر ئاز توختاڭلار! سىلەرگە دەيدىغان ئون نەسىھىتىم بار. ئۇلارنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. خىيانەت قىلماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار، پاناھلىق تىلىگەنلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار، باشقىلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرمەڭلار، ياشانغانلارنى، كىچىك باللارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، خورما دەرەخلىرىنى زىدە قىلماڭلار، كۆيدۈرمەڭلار، ھېچقانداق دەل ـ دەرەخنى كەسمەڭلار، دۈشمەننىڭ قوي، كالا، تۆگىلىرىنى بوغۇزلىماڭلار (يېمەكلىك بۇنىڭ سىرتىدا).

ئالدىڭلارغا دۇنيا ھاياتىنى تەرك ئېتىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بەزى كىشىلەر ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز چېقىلغۇچى بولماڭلار. ۋە يەنە ئالدىڭلارغا دەستىخان سېلىپ، ھەرخىل تائاملار تارتىدىغان كىشىلەر ئۇچرايدۇ، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇلار ﷲ نىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن دەستىخىنىغا قول ئۇزىتىڭلار. ئاندىن يەنە چېچىنىڭ ئوتتۇرىنى چۈشۈرىۋېتىپ، ئەتراپىنى خۇددى يۆگەكتەك قويۇپ قويغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىسىلەر، ئۇلارنى قىلىچ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇڭلار! قېنى ئەمىسە، ﷲ نىڭ نامى بىلەن ئالغا! ﷲ جېنىڭلارنى ئالماقچى بولسا، دۈشمەننىڭ قىلىچى ياكى خولېرا بىلەن ئالسۇن!"[①]

ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەگە مۇنداق دەپ تەلىمات بەردى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا قانداق ئەمر بەرگەن بولسا، شۇنداق قىلغىن. ئاۋۋال قۇززا دىيارىدىن باشلا، ئاندىن ئابىلگە كەل! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرلىرىدىن ھېچقانداق نۇقسان قويما ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ھېچنەرسە قوشمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققانلىقىمغا ھەيران قالما!"

ئۇسامە ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. زىل مەرۋە ۋە ۋادى قاتارلىق يەرلەرگە يولۇقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان يەرگىچە يېتىپ باردى. ئاتلىق قوشۇنى بىلەن قۇززا قەبىلىسى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى، ئابىلغا ھۇجۇم قىلدى. نۇرغۇن غەنىمەت توپلىدى. بۇ ۋەزىپە، بېرىپ ـ كېلىشتىن سىرت، 40 كۈندە ئاران تاماملاندى.

ئۇسامە قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەييارلىغانلىقى سەۋەبى بىلەن) ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا ئەۋەتىلىشى ۋە بۇنىڭ مەدىنە ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان شۇنچە چوڭ خەۋپكە قارىماي ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىلچە

---

[①] بۇ ئىپادە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغانىدى ـ ت.



www.munber.org

ئەندىشە قىلماسلىقى، ئۇنىڭ نەقەدەر جەسۇر ۋە تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە نەتىجىنىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بەرگەن قارارنى ئىجرا قىلىش يولىدا نەقەدەر چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قارار بەرگەن بولسا، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ چوقۇم خەيرلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ قوشۇننى يۇرۇشكە ئاتلاندۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەقسەت مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، مۇناپىق ۋە مۇرتەدلەرنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش ئىدى. بۇ مەقسەت بولمىغان بولسا، قوشۇن بۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ چەت - ياقىلىرىغا ئەۋەتىلمەيتتى ۋە بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىنمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەدىنىدە يولغا قويۇلغان شەرىئەت ئەھكامىغا قارشى چىققانلار ۋە شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان كۆچمەن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن ھېچكىم قورقۇپ قالمىدى. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەك ۋەھىملىك ئۇنسۇرلار ھېسابلانمايتتى.[1]

## مۇرتەدلەر (ئىسلامدىن يېنىۋالغانلار) گە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش بىلەن تەڭلا مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ، ھەر يەرنى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى قاپلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋال پەقەت مەدىنە، مەككە، تائىف ۋە بەھرەيىندىلا كۆرۈلمىدى. رىددەت (ئىسلامدىن يېنىش) ھەرىكەتلىرى يېيىلغان يەرلەر ئىچىدە پەقەت مەدىنىنىڭ غەربىگە جايلاشقان خەلق ئۇسامە قوشۇنىنىڭ بىزانسقا قارشى يۈرۈش قىلىشىدىن قورقۇپ، ئارىسالدى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئويلاشقانىدى: '"ئەگەر مۇسۇلمانلار راستىنلا شۇنداق زور كۈچكە ئىگە بولمىغان بولسا، بىزانسلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتمىگەن بولاتتى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ تۇرايلى. ئەگەر بىزانسلار مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋالسا، ھەممە ئىش ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدۇ ۋە بىزنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئايرىم ئۇرۇشۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئەگەر ئۇسامەنىڭ قوشۇنى بىزانسلارنى يېڭىۋالسا، ئۇ چاغدا ئىسلام ئۆز ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن بولىدۇ، بۇ ئەھۋالدا بىز ھېچنىمە قىلالمايمىز، يەنى مۇسۇلمانلارغا چېقىلىشتىن بىزگە ھېچقانداق پايدا چىقمايدۇ."

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 - جىلد 307 - ۋە 309 - بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 - جىلد 427 - ۋە 432 - بەتلەر.

مەدىنىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ئىسلامدىن يېنىش ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆرۈلمەسلىكىدىكى بىردىنبىر سەۋەب مانا بۇ ئىدى.

ئەسلىدە مۇرتەدلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى مۇسەيلىمەتۇل كەززاب، تۇلەيھا ۋە ئەسۋەدكە ئوخشاش ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشىدە سۆرۈلۈپ يۈرىدىغانلار؛ يەنە بىر خىلى بولسا، اللّٰه قا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن ۋە ناماز ئوقۇيدىغان تۇرۇپ زاكاتنى رەت قىلغان ۋە ئۇنى اللّٰه نىڭ كەسكىن ھۆكمى ئەمەس، بەلكى دۆلەت خەلقتىن مەجبۇرىيي يىغماقچى بولغان باج دەپ قارايدىغانلار ئىدى.

مانا بۇ ئىككىنچى خىلدىكى مۇرتەدلەر زاكاتنى ئۆزلىرىدىن بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ئالدىغا ۋەكىللەر ئەۋەتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئاباستىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە مۆتىۋەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ھەتتا بۇ مۇسۇلمان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىچىدە مۇرتەدلەرنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولغان بىرنەچچىسى بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئۆمەر، ئەبۇئۇبەيدە ۋە ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئازاد گەردىسى سالىم قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە بۇ مەشھۇر سۆزىنى دەل شۇ چاغدا ئېيتتى:

"اللّٰه قا قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا (دۆلەتكە) تۆلىگەن نەرسىنى (بۈگۈن) تۆلىمەسلىك ئۈچۈن تىركىشىدىغان بولسا، (تۆلەيدىغان نەرسىسى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرچىلىك نەرسە بولسىمۇ) ئۇلاردىن شۇ نەرسىنى تۆلەتكىچە ئېلىشىمەن."

ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىشىلەر: اللّٰه دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، - دېگىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم. كىشىلەر پەقەت لائىلاھە ئىللاللاھ دېيىش ئارقىلىقلا ئۆز جېنى ۋە مېلىنى مەندىن قوغداپ قالالايدۇ. ئۇنىڭ ھېسابى اللّٰه قا خاستۇر» دېمىگەنمىدى؟ ئەمدى بىز قايسى ھەق بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچالايمىز؟"

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ مۇنداق دېدى:

"اللّٰه قا قەسەم قىلىمەنكى، ناماز بىلەن روزىنى بىر - بىرىدىن ئايرىمىغان ئادەم بىلەن توختىماي ھەپىلىشىمەن. زاكات ـــ مالنىڭ ھەققىدۇر. قەسەم قىلىمەنكى، زاكات قىلىپ بېرىدىغان نەرسە بىر ئوغلاق بولسىمۇ، ئۇنى بەرمەسلىك ئۈچۈن تىركەشكەن ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇشتىن يانمايمەن."

www.munber.org

شۇنداق، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلامنى مانا مۇشۇنداق بۆلۈنمەس، بىر پۈتۈن دەپ بىلەتتى. چۈنكى پەرزلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى يوق بولۇپ، زاكات ھەرقانچە ئىقتىسادىي تىپما بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ ئىسلامنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، اللہ قا قۇللۇق قىلىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. ئىسلامنىڭ بىر قىسمىنى ئىجرا قىلىپ، يەنە بىر قىسمىغا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ساھابىلەر بۇ خەتەرلىك پەيتتە ئىشنى چىرايلىقچە بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايتتى. چۈنكى ھەممە يەر بىرلا ۋاقىتتا ئىسلامدىن يېنىش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن تەۋرىنىشكە باشلىغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە مۇنداق دېدى: ”ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! خەلققە بىراز سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن!“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: ”مەن سېنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم. ھالبۇكى، سەن مېنى خاتا يولغا ئىتتىرىپ، پەرىشان قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىسەن. ياكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شىر يۈرىكىڭ ئىسلام دەۋرىدە توخۇ يۈرىكىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ۋەھيى چۈشۈشتىن توختىدى، دىن ۋايىغا يەتتى. ئۇنداقتا، مەن تېخى ۋاپات بولماي تۇرۇپلا، دىن زەربىگە ئۇچراپ، يېمىرىلسۇنمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى پەقەت دىنىنىڭ ھەققىنى ئۆتەش ئارقىلىقلا ئۆزىنى مەندىن قۇتقۇزالايدۇ، بۇ دىنىنىڭ ھەققى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىشتۇر» دېمىگەنمىدى؟ اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مېنى تەرك ئېتىپ، ئوتتۇرىلىقتا يالغۇز تاشلاپ قويسىمۇ، مەن ئۆزەم يالغۇز مۇرتەدلەر بىلەن ئېلىشىمەن“ دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى زاكات بېرىشنى خالىمىغان مۇناپىقلارنىڭ ۋەكىللىرىگە قوپال تەگدى ۋە ئۇلارغا ھاقارەت قىلىپ، تەلەپلىرىنى رەت قىلدى. ئۆز ئەدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇشقا زورلىدى. مۇناپىقلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سان جەھەتتە بەكمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. چۈنكى ئۇ مەزگىللەردە ئۇسامەنىڭ قوشۇنى بىزانسلارغا قاراپ يۈرۈش قىلغاچقا، مۇسۇلمانلار ئاندا - ساندا قېلىپ قالغانىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىلىرىنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ چۆللەرگە قارىتىپ ئېچىلغان دەرۋازىلىرىغا نوپۇزلۇق ساھابىلەرنى قاراۋۇل قىلىپ قويدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئەل ئەۋام، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، ئابدۇرراھمان ئىبنى

ئەۋف ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇندىن باشقا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى جامائەتنىڭ مەسجىدتە ھەردائىم تەييار ھالەتتە تۇرۇشىنى ئەمر قىلدى. ئۇلارنى يىغىپ مۇنداق دېدى: ”ئى جامائەت! يەر يۈزى قايتىدىن كۇپرىلىققا تولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇرتەدلەر بىزنىڭ سانىمىزنى ئاز كۆردى. ئۇلارنىڭ كېچە ياكى كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىشى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. دۈشمەنلەرنىڭ بىزدىن ئەڭ يىراقتىكىلىرى كۆپ بولسا 12 مىل يىراقلىقتا تۇرماقتا. ئۇلار تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى، ئەمما بىز ئۇلارنى رەت قىلىپ، بىز بىلەن بولغان بىتىمنى بۇزدۇق. شۇڭا ھەممىڭلار بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۇلارغا قارشى ھەردائىم تەييار تۇرۇڭلار!“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەنىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ كەلگىچە، مۇرتەدلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلماسلىقنى پىلانلىدى. شۇڭا ئۇ بەزىدە ئۆزىگە كەلگەن ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىپ، بەزىدە ئۆزى ئۇلارغا ۋەكىل ۋە ھەيئەتلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى.

لېكىن بەزى مۇناپىق قەبىلىلەر بىزانسقا قارشى يۈرۈش قىلغان قوشۇن قايتمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەدىنىگە بېسىپ كىرىشنى خىيال قىلىشاتتى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى ئۇزىتىپ، مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا مەدىنە كېچىلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. بۇ مۇناپىقلار ئىسلام قوشۇنى بەكمۇ يىراقلاردا بولغاچقا، مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ يوقلۇقىدىن خاتىرجەم ئىدى.

مۇناپىقلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، جىددىي پەيتتە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن زۇلھەسسە دېگەن يەرگە بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇلار مەدىنىگە كىرىش ئېغىزلىرىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، شەھەرنى قوغدىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەرگە دۇچ كەلدى. مۇھاپىزلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە خەۋەرچىلەر يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. بۇ خەۋەرچىلەر دەرھال مەسجىدكە بېرىپ، ۋەقەنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزدى.

خەلىپە مۇھاپىزلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈشىنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىر قوشۇننى باشلاپ، شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە باسقۇنچىلارنى بىردەمدىلا تىرە ـ پىرەڭ قىلىۋەتتى. ئۇلار دۈشمەننى قوغلاپ، زۇلھەسسە دېگەن يەرگە كەلگەندە، دۈشمەننىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ياردەمچى قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. مۇناپىقلار تۇلۇملارغا ھاۋا تولدۇرۇپ، ئېگىز يەرلەردىن پەسكە قارىتىپ دومىلىتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تۆگىلىرىنى ھۈركۈتمەكچى ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كۆپ قوغلاشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراپ مەدىنىگە قايتتى.



www.munber.org

بۇ ئارىلىقتا مۇناپىقلار زۇلقىسسەدىكى تەرەپدارلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. شۇ كېچىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ مەدىنىدە قايتىدىن تەييارلىنىپ، يېرىم كېچە بولغاندا قوشۇننى باشلاپ مەدىنىدىن چىقتى.

قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتىغا نۇمان ئىبنى مۇقەررىن، سول قانىتىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇقەررىن ۋە ئارقا سەپكە ئۇلارنىڭ ئىنىسى سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىن قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. سەھەر ۋاقتى، تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا دۈشمەنلەر بىردىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولالمىغان دۈشمەنلەر پاتپاراق بولۇپ، ھەرتەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ باش قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنى تاكى زۇلقىسسەگىچە قوغلاپ باردى. ئۇ يەردە نۇمان ئىبنى مۇقەررىننى چېگرا قوغداشقا تەيىنلەپ قويۇپ، قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قايتتى.

بۇ زەپەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى تىنجىدى. قەبىلىلەر ئىچىدە مۇسۇلمان پېتى قېلىپ قالغانلارمۇ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا تىرىكەشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، مۇسۇلمانلارنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. يەنى قەبىلىلەردىن يىغىلغان زاكات مەدىنىگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى. ئىسلام مالىيەسىگە مەسئۇل كىشىلەردىن سەفۋان ئىبنى سەفۋان بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ زاكات ماللىرىنى ئېلىپ، گۇگۇم ۋاقتى بىلەن تەڭ، سەئد قوغداۋاتقان كىرىش ئېغىزىدىن؛ زەبرىقان ئىبنى بەدر بەنى ئەۋف قەبىلىسىنىڭ زاكات ماللىرىنى ئېلىپ، شۇ كېچە ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قوغداۋاتقان ئېغىزدىن؛ ئادىي ئىبنى ھاتەم ئۆزى مەنسۇپ بولغان تاي قەبىلىسىنىڭ زاكات ماللىرىنى ئېلىپ، سەھەر ۋاقتى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قوغداۋاتقان ئېغىزدىن مەدىنىگە كىرىپ كەلدى.

بۇ ۋەقە ئۇسامە قوشۇنى يولغا چىقىپ، نەق ئىككى ئاي بولغاندا يۈز بەردى. ئۇندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى سۆيۈندۈرىدىغان ئۈچىنچى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ ۋەقەدىن ئون كۈن ئۆتمەيلا، ئۇسامەنىڭ قوشۇنلىرى زەپەر قۇچۇپ، كۆپلىگەن غەنىمەت بىلەن قايتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا نائىب قىلىپ بەلگىلەپ: "سىلەر ئارام ئېلىۋېلىڭلار!" دېگەندىن كېيىن، زۇلقىسسە ۋە مەدىنىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىغا تەيىنلەپ قويغان ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە مۇناپىق ۋە مۇرتەدلەرنىڭ ئۇستىگە قايتا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا:

"ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! ئۆتۈنۈپ قالايلى، مۇنداق قارامىلىق قىلمىغىن! ئەگەر سېنىڭ بېشىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا، بىزنىڭ

تەرتىپىمىز بۇزۇلىدۇ. دۈشمەنلىنىڭ كۆزىدە سېنىڭ ماقامىڭنىڭ ئورنى بەك چوڭ. شۇڭا سەن ئورنۇڭغا باشقا بىرىنى تەيىنلىگىن! ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىرى بىلەن تولدۇرىۋالالايسەن“ دەپ ئۆتۈندى. ھەزرىتى ئەلىمۇ:

”قىلىچىڭنى قىنىغا سېلىپ، مەدىنىگە قايتقىن! بۇنداق قارارلىق قىلىپ، بىزنى ھەسرەتتە قويمىغىن! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن ئايرىلىپ قالساق، شەرىئەت ئەھكامىنى سەندەك تەرتىپلىك ئىجرا قىلالمايمىز“ دەپ ئۇنى يولىدىن قايتۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما ئۇ:

”ياق! قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆز جېنىم بىلەن سىلەرگە ياردەم قىلىشقا تىرىشىمەن“ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن زۇلقەسسەگە قاراپ يولغا چىقتى. يەنە نۇمان ئىبنى مۇقەررىن ۋە قېرىنداشلىرىنى ئالدىنقى قېتىمقىدەك يانلىرىغا ئېلىپ، ئەل ئەبرەق رايونىدىكى رەمزە دېگەن يەرگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى مۇناپىقلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇشتى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. مۇناپىقلار چېكىنىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەدىنىگە قايتتى.

بۇ ئارىلىقتا يەنە قەبىلىلەردىن يىغىلغان زاكات ماللىرى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىندى. مال شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىنىڭ چىقىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئۇسامەنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ خېلى ئوبدان ئارام ئېلىۋالدى. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان مۇناپىقلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن ئون بىر سەپكە ئايرىدى. بۇ سەپلەرنىڭ قوماندانلىرى ۋە قوشۇننىڭ نىشانلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

بىرىنچى، خالىد ئىبنى ۋەلىد: ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان تۇلەيھا ئىبنى خۇۋەيلىد ئەل ئەسەدىينىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىسا، ئەل بەتتاھ رايونىدىكى مالىك ئىبنى نۇۋەيرە ئەل ياربۇئى ئەل تەمىمىينىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل: ئۇمۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان، بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ رەئىسى، يەمامەلىك مۇسەيلىمەتۇل كەززاپ بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى يەمامەدە ئۇرۇش قىلىدىغان ئىكرىمەنىڭ قوشۇنىغا ياردەمچى قوشۇن قىلىپ بەلگىلىدى.

www.munber.org

تۆتىنچى، مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇئۇمەييە: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ قوشۇنىغا يەمەندە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى جاكارلىغان يالغانچى ئەل ئەسۋەد ئەل ئەنسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

بەشىنچى، ئەمر ئىبنى ئاس: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ قوشۇنىنى شىمالدىكى قۇزا قەبىلىسىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى.

ئالتىنچى، خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەل ئاس: شامنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا ئەۋەتىلدى.

يەتتىنچى، ھۇزەيفە ئىبنى مىھسان: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا ئۇماندىكى دەبا خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ئەمرىنى بەردى.

سەككىزىنچى، ئەرفەجە ئىبنى ھەرسەمە: ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ ئاۋۋال ماھاراغا بېرىپ، ئاندىن ھۇزەيفەنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىشنى بۇيرىدى.

توققۇزىنچى، مائىن ئىبنى ھاجىز: ئۇنىڭ قوشۇنىنى بەنى سۇلەيم ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ھەۋازىن قەبىلىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى.

ئونىنچى، سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىن: ئۇنىڭ قوشۇنىنى يەمەننىڭ تىھامە رايونىدىكى ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

ئون بىرىنچى، ئەل ئەلا ئىبنى ئەل ھەزرەمىي: بۇ قوماندان بەھرەينگە قاراپ يولغا چىقتى.[①]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇننى باشلاپ ئەل ئەبرەقنىڭ رابزا رايونىدىكى ئەبس ۋە زۇبيان قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇزەھە رايونىدىكى باشقا تارماقلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان تۇلەيھامۇ مۇشۇ يەردە ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ قوشۇننى ھەرقايسى سەپلەرگە بۆلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تاي قەبىلىسى جايلاشقان يەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ۋە ئۇ يەردىكى تاي قەبىلىسى بىلەن ئابس ۋە زۇبيان قەبىلىلىرىنىمۇ جازالاندۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاۋۋال خەيبەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن تەي قەبىلىسى بىلەن جەڭ بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا جىددىي ياردەمچى قوشۇن بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد خەلىپىنىڭ تەلىماتىغا بىنائەن تاي قەبىلىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەمما ئوخشاش ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان، شۇنداقلا ئۇ قەبىلىنىڭ رەئىسى

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 314 ـ ، 318 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جىلد 442 ـ ، 449 ـ بەتلەر.

بولغان ھاتەم ئىبنى ئادىيمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ خەلقنى قايىل قىلىش ئۈچۈن خالىدتىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى. خالىد ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ خەلقنى ئۈچ كۈن ئىچىدە قايىل قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇ يەردىن بۇزەھەگە قاراپ يولغا چىقتى.

بۇ يەردىكى توقۇنۇشتا تۇرشاۋۇللىرىدىن ئۇككاشە ئىبنى مىھسان بىلەن سابىت ئىبنى ئەرقەم شېھىت بولدى. رەسمىي جەڭ باشلاندى، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئۇيەينە ئىبنى ھىسن ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى فەزارا ئىغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇيەينە قەبىلىسىنى تاشلاپ قاچتى. تۇلەيھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىلا ئىسلامدىن يانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىرار ئىبنى ئەل ئەزۋەر باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەنىدى. مۇرتەدلەر قېچىپ سۇھەيراغا بېرىۋېلىشتى، كېيىن سانلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى.

دەل شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى خەۋەر يېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇرتەدلەر جاسارەتلىنىپ، قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى. غەتفانلىقلارمۇ ئۇمەييە ئىبنى ھېسنىنىڭ باشچىلىقىدا بەنى ئەسەد بىلەن بىرلىشىۋالدى. ئۇلار ئۇندىن بۇرۇن تەي قەبىلىسى بىلەن كېلىشەلمىگەنىدى.

غەتفانلىقلار بىلەن بەنى ئەسەدنىڭ بىرلىشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن دىرار ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يىتىپ مەدىنىگە قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ ئەمرىدىكى قوشۇن تارقىلىپ كەتتى. لېكىن، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ بۇزەھە رايونىدىكىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى بىلەنلا بەنى ئەسەد، بەنى ئامىر ۋە غەتفانلىقلار يېڭىدىن ئىسلامغا قايتىشتى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ يەردىكى ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بىتەھ رايونىدىكى تەمىم قەبىلىسىنىڭ بەنى يەربۇ دېگەن ئايمىقىغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ قەبىلىنىڭ بېشىدا مالىك ئىبنى نۇۋەيرە دېگەن بىرى بار ئىدى. بەنى تەمىم قەبىلىسى ئىچىدە بەكمۇ شىددەتلىك زىددىيەت ـ توقۇنۇش ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پەيتتە، سەجاھ ئىسىملىك بىر ئايال (بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشنى خالىغانلار بىرلەشتى، خالىمىغانلار قېچىپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار يەمامەگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ كۈنلەردە، مۇسەيلىمەنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى ئەتراپىغا خېلى كۆپ تەرەپدار توپلىغانىدى. ئەمما مۇسەيلىمە بۇ ئايالدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە چېقىلماسلىق ھەققىدە ئەھدىلەشتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئىككىسى توي قىلىشتى، ئەمما ئۇ كۈنلەر پەقەت ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. ئۇ ئايال يەنە ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ، مۇسەيلىمەگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. قايتىش يولىدا بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا



www.munber.org

ھەمراھ بولدى. ئۇلار يەمامەگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، بۇ يەرنىڭ كىرىمىنى يىرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى ئاستىدا مۇسەيلىمە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئەمما ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، تۇپراقلىرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى شەرئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئۆتكۈزدى.

سەجاھ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قايتقاندا، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىكىلەر ھەيران قېلىشتى ۋە بۇرۇن ئۇنىڭغا يول قويغانلىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشتى. كۆپ ئۆتمەي، خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرى تۇتۇلۇپ، خالىدنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بەردى ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق ھەق - ھوقۇقى بولماي تۇرۇپ، بەنى يەربۇ ئايمىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ ئەسنادا، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تۇرشاۋۇللىرىنىڭ قوماندانى دىرار ئىبنى ئەل ئەزۋەر بەنى يەربۇنىڭ رەئىسى مالىك ئىبنى نۇۋەيرەنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقەدە بىر يۈرۈش ئىختىلاپلار مەيدانغا كەلدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد مالىك ئىبنى نۇۋەيرە ئۆلۈپ، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ تەمىمگە ئۆيلەندى.[1]

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە يالغانچى مۇسەيلىمەنى جازالاش ئەمرىنى ئالغانىدى. ئۇ ئەمرگە بىنائەن يەمامەگە قاراپ ئاتلاندى، شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، ئەمما ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. ئىكرىمە تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلدى، ئەمما قوشۇنى يالغانچى مۇسەيلىمەنىڭ قەبىلىسى بەنى ھەنىفە تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. شۇراھبىل بولسا، ياردەمچى قوشۇننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىكرىمەنىڭ ساقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئۇ يەردىكى ۋەزىپىسىنى توگىتىپ، ئاسىيلارنى جازالىغاندىن كېيىن، ھۇزەيفە ئىبنى مىھسان ۋە ئەرفەجە ئىبنى ھەرسەمەلەرنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ، ئۇماندىكى مۇرتەدلەرگە قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلىشىنى، ئاندىن يەمەندىكى ئىشلىرىنى توگىتىپ، ھەزرەمۇت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن بولغان مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىشىنى بۇيرىغانىدى.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 - جىلد 319 - ، 331 - بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 - جىلد 452 - ، 462 - بەتلەر.

خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇرتەدلەرگە قارشى جەڭلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ، بۇ جەرياندا ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرى ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇنى دەرھال يالغانچى مۇسەيلىمەنىڭ ئۈستىگە قايتا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مەدىنىگە قايتىشتا بىتاھ دېگەن يەرگە قويۇپ قويغان قوشۇنىنى تۈزەشتۈرۈپ، كەينىدىن كەلمەكچى بولغان ياردەمچى قوشۇننى ساقلاشقا باشلىدى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، مۇسەيلىمەنىڭ ئۈستىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەمامەگە بېرىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنەنىڭ ياردەمچى قوشۇننى كۈتمەيلا، ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىدىن مۇرتەدلەر تەرىپىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆردى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، دۈشمەن سەپلىرى ئىچىدە قالغان ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلار (بەنى ھەنىفە قەبىلىسىدىن) سەمامە ئىبنى ئەسئال قوماندانلىقىدا شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ياردەم قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ كۆپ پايدىسى بولمىغانىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ، شۇراھبىلنى ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنبىھلىدى. كۆپ ئۆتمەي، يالغانچى مۇسەيلىمە ئۆزىنىڭ ئىسيانچى قوشۇننى باشلاپ، ھەنىفە ۋادىسىنىڭ ئۈستۈنكى تۆپىلىكلىرىدىن (بۇرۇن ئەقرەبە، ھازىر جۇبەيلە دەپ ئاتىلىدىغان يەر) مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

خالىد يەمامەنىڭ تۈۋەيق دەپ ئاتالغان دۆڭلۈكىنى بويلاپ ھەرىكەتلەندى. ئۇنىڭ ۋە سول قاناتلارنىڭ بېشىدا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قېرىندىشى زەيد ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەبۇھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە بار ئىدى. مۇھاجىرلارنىڭ تۇغى ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد گەردىسى سالىمنىڭ، ئەنسارلارنىڭ تۇغى سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسنىڭ قولىدا ئىدى. ئاڭغىچە، دىرار ئىبنى ئەل ئەزۋەرمۇ شىمال تەرەپتىكى بىر تۆپىلىكتىن (مەلھەم تەرەپتىن) ئەقرەبە تەرەپكە قاراپ چۈشۈپ كەلدى.

جەڭ بەكمۇ شىددەتلىك باشلاندى. دەسلەپتە، مۇرتەدلەر مۇسۇلمانلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى، ھەتتا بىر قىسىم ئەسكەر خالىدنىڭ قارارگاھىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئەمما ئارقىدىنلا ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، دۈشمەنگە قاتتىق ھۇجۇم باشلاپ، ئۇلارنى چېكىندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. كاززاپ مۇسەيلىمە قېچىپ، بىر باغقا (بۇ باغ كېيىن ئۆلۈم بېغى دەپ ئاتالغان) كىرىپ يوشۇرۇنىۋالدى. ئەمما قۇتۇلالمىدى، ناھايىتى كۆپ ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى،

www.munber.org

مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن زەيد ئىبنى خەتتاب، سابىت ئىبنى قەيس ۋە باشقا ئۇقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ۋە مۆتىۋەر شەخسلەر بۇ جەڭدە شېھىت بولدى.[1]

ئۇمماندىكى لاقىت ئىبنى مالىك ئەل ئەزدىمۇ مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن كەلگەچكە، خەلىپە بۇ يەرگە ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ قوماندانلىرى جەيفەر ۋە ئۇبادلار ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە تاغ ۋە دېڭىز ساھىلىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئاندىن جەيفەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە خەۋەر يوللاپ، ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھۇزەيفە ئىبنى مىھساننى ئۇممانغا، ئەرفەجە ئىبنى ھەرسەمەنى مەھرەگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇمماندىكى ئىشقا تۇتۇش قىلىشىنى، ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا، جەيفەر ۋە ئۇبادە بىلەن ئالاقىلىشىشىنى تاپىلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ياردەم ئۈچۈن ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمەنى ئەۋەتتى. ئىكرىمە بۇندىن بۇرۇن، يەمامەدە تالاپەتكە ئۇچراپ، خەلىپىدىن ئۆزىنى قوشۇنى بىلەن بىللە ئۇممانغا ئەۋەتىشىنى ئۆتۈنگەنىدى.

ئىكرىمە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ تەلىماتىنى ئېلىپلا، ھۇزەيفە ۋە ئەرفەجەنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقىپ، ئۇممانغا بارمايلا ئۇلارغا يېتىشتى، ئاندىن جەيفەر ۋە ئۇبادە بىلەن خەۋەرلەشتى. ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ، پىلان تۈزدى ۋە بىرلىكتە ساھھار دېگەن يەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دۈشمەنلەرمۇ بۇ چاغقىچە لاقىتنىڭ قوماندانلىقىدا دەباغا يىغىلدى ۋە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭ باشلاندى.

جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ئەگەر بەھرەين ۋە باشقا يەرلەردىن مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن كەلمىگەن بولسا، لاقىت مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ، لاقىتنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. مۇسۇلمانلار توپلانغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەرفەجە ئارقىلىق ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە يوللىدى.

ھۇزەيفە بۇ يەردە قېلىپ ئۇممانىنى ئىدارە قىلماقچى بولدى. ئىكرىمە ماھراغا قايتتى، بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ مۇرتەد بولۇپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، شىھرىت ئىسىملىك بىرىگە بويسۇناتتى. ئۇلار دېڭىز بويىدىكى جايلارغا يەرلەشكەن بولۇپ، سان جەھەتتىن يەنە بىر قىسمىغا قارىغاندا ئاز ئىدى.

ئىكرىمە ئىشنى بۇلاردىن باشلاپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇرتەدلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. مۇسبىھ ئىسىملىك بىر ئىسيانچىغا ئەگەشكەن بۇ مۇرتەدلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى تىركىشىش ئۈچۈن تۆپىلىكلەرگە يەرلەشتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 331 ـ ، 337 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جىلد 462 ـ 469 ـ بەتلەر.

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىكرىمە قولغا كىرگۈزۈلگەن غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئەسىرگە ئېلىنغان شەھرىت بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە يوللىدى.[1]

يەمەننى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يەرنىڭمۇ ھەربىر يۇرتىغا بىردىن زومىگەر ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئەسۋەد ئەل ئەنسى ئىسمىلىك بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىلا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىلان قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىق ئۇ يەرگە ئەلچىلەر ئارقىلىق خەۋەر يوللاپ تۇردى، ئۇلارمۇ خېلى يۇمشاپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى بىلەنلا، يەمەنلىكلەر ئەھدىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە تەيىنلىگەن ۋالىيلاردىن ئامىر ئىبنى ھازىم ۋە خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئىككىسى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى، باشقىلىرى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھىغا سىغىندى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇرتەدلەرگە قارشى مۇجادىلىگە كىرىشتى. ئاۋۋال ئۇلارغا ئەلچىلەر ئارقىلىق خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنى قايىل قىلىشقا ۋە ئىسلامغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن مېڭىشقا تىرىشتى). ئۇسامەنىڭ قوشۇنى قايتقاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇرتەدلەرگە قارشى ئەسكىريي بىرلىكلەرنى قۇردى. دەل شۇ كۈنلەردە، مەككە ۋالىيسى ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدمۇ ئۆز قېرىندىشى خالىد ئىبنى ئۇسەيدنى تىھەمەدىكى مۇرتەدلەرنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. خالىد ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشتى. مەككە ۋالىيسى يەنە ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاسنى تائىفقا، ئىبنى رابىئەنى شەنۇئاغا ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ غەلىبە قىلدى.

يەمەننىڭ تىھەمە رايونىدىكى ئۇق ۋە ئەشئارى قەبىلىلىرى داۋالغۇپ تۇراتتى. تاھىر ئىبنى ئەبۇ ھالە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە بۇ ئىشنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، خەۋەر يوللىدى. ئەمما خەلىپىدىن بىر جاۋاب كەلمەي تۇرۇپلا، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلىنى بۇجەيلە ۋە چۇسئۇم قەبىلىلىرىگە ئەۋەتتى. جەرىر ئۇلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن نەجراندا تۇرۇپ قالدى.

ئاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تاھىر ئىبنى ئەبۇھالەنى ساناغا ئاتلىنىپ، ئۇ يەردە مۇداپىئەسىز قالغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىر

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 343 ـ، 345 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جىلد 462 ـ، 469 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ ئىبنى سەۋرگە مەكتۇب ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قوشۇلغانلارنى ئەسكەرلىككە ئالغاچ، ئۆزىنىڭ تەلىماتىنى كۈتۈشنى ئەمر قىلدى.

ئۇندىن باشقا، مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇئۇمەييەنىمۇ يەمەنگە ئەۋەتتى. مۇھاجىر مەككە يولى بىلەن يولغا چىقتى، خالىد ئىبنى ئۇسەييىدمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار تائىفقا يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇل ئاس ئۇلارغا قېتىلدى. ئاندىن سۇئادتا جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلى ، تەھەمەدە ئابدۇللاھ ئىبنى سەۋر قېتىلدى. نەجرانغا كەلگەندە فەرۋا ئىبنى مۇسەيقمۇ قېتىلدى. قوشۇن قوماندانى مۇھاجىر مۇرتەدلەرنىڭ باشچىلىرىدىن ئامىر ئىبنى مادىي قەرىب بىلەن قەيس ئىبنى ئابدى يەغۇس ئەل مەقشۇھنى تۇتۇپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئەۋەتتى. ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يەمەنگە كىردى ۋە تارقىلىپ قېچىپ يۈرگەن مۇرتەد قەبىلىلىرىنىڭ پېشىگە چۈشتى.

ھەزرەمۇت خەلقىمۇ مۇرتەد بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا تەيىنلىگەن ئۇككاشە ئىبنى مېھسەن ۋە زىياد ئىبنى لەبىد ئەل بايادى ئىسىملىك ۋالىيلار تېخىچە شۇ يەردە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ئىبنى ئەبى ئۇمەييەنى مۇرتەدلەرگە قارشى يۈرۈشكە بۇيرىدى، ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىچە، مەدىنىدىن يولغا چىقمىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنى شۇ ۋەزىپە بىلەن يەمەنگە ئەۋەتتى.

مۇھاجىر بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ ساناغا كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تەيىنلىگەن يېڭى ۋالىينى كۈتۈۋاتاتتى. مۇھاجىرمۇ ئىكرىمەگە ئوخشاش ھەزرەمۇتنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانىدى. ئىككىسى مەرىبتە ئۇچرىشىپ، ھەزرەمۇتقا بىرلىكتە كىردى ۋە ئۇ يەرگە ھاكىم بولدى. غەنىمەت ئالغان ماللارنىڭ بەشتىن بىرىنى ئەسىر ئېلىنغان ئەشئاس ئىبنى قەيس بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئەۋەتتى. ئەشئاس كېيىنچە ھىدايەتكە ئېرىشىپ، تاكى مۇجاھىد بولۇپ ۋاھا دېگەن يەرگە بارىدىغان قوشۇنغا قېتىلغىچە مەدىنىدە تۇردى. مۇھاجىر يەمەندە ۋەزىپە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، فەيرۇزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇندىن باشقا، زىياد ئىبنى لەبىد ئەل بايادى بىلەن ئۇبەيدە ئىبنى سەئدمۇ ھەزرەمۇتقا يەرلەشتى.

بەھرەيىندە بەنى ئابدۇلقەيس ۋە بەنى بەكىر قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ يەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا تەيىنلىگەن مۇنزىر ئىبنى سارى ئىسىملىك ۋالىي باشقۇرۇۋاتاتتى. ئەمما بۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ۋاپات بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، بەھرەيىن خەلقى مۇرتەد بولۇپ كەتتى. پەقەت بەنى ئابدۇلقەيس قەبىلىسى جارۇدنىڭ سايىسىدا مۇسۇلمان پېتى قالدى. بەنى بەكىر قەبىلىسى بولسا،

مۇرتەدلىكتە چىڭ تۇردى. جارۇد ئەسلى خرىستىئان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ، ئىسلام بىلەن تونۇشقاندى ۋە بىر مەزگىل مەدىنىدە تۇرۇپ، ئىسلامنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، ئۆز يۇرتىغا مول ئىسلامىي بىلىم بىلەن قايتقاندى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇنىڭ قەبىلىسى مۇرتەدلىك يولىغا قاراپ ماڭدى. ۋە ئۇلار جارۇدقا:

"ئەگەر مۇھەممەد پەيغەمبەر بولغان بولسا ئۆلمىگەن بولاتتى" دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان جارۇد خەلقىنى يىغىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

"ئەي بەنى ئابدۇلقەيس خەلقى! سىلەردىن بىر نەرسە سورىماقچىمەن. ئەگەر بىلسەڭلار، ماڭا جاۋاب بېرىڭلار. ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئاغزىڭلارنى ئاچماڭلار!"

"قېنى سورىغىن" دېيىشتى ئۇلار. جارۇد ئۇلاردىن:

"الله تائالا نىڭ بۇنىدىن بۇرۇنمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار:

"ئەلۋەتتە بىلىمىز" دەپ جاۋاب بېرىشتى. جارۇد يەنە:

"ئۇنداقتا، سىلەر بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلارمۇ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلاپ بىلدىڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇلار:

"ئەلۋەتتە باشقىلاردىن ئاڭلاپ بىلدۇق" دېيىشتى. ئاندىن جارۇد:

"ئۇنداقتا، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە نېمە بولدى؟" دەپ سورىدى. ئۇلار:

"ئۆلدى" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن جارۇد:

"مۇھەممەدمۇ ئەنە شۇلارغا ئوخشاش ئۆلدى. ئەمما مەن شاھادەت كەلتۈرىمەنكى، الله دىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر!" دەپ ئۇلارغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇلار بىردەك:

"بىزمۇ شاھادەت ئېيتىمىزكى، الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر!" دەپ ئىمانلىرىنى پاكلاپ، دەرھال ئىسلامغا قايتتى. ئاندىن جارۇدقا قاراپ:

"سەن بىزنىڭ كاتتىمىز، خوجايىنىمىز ۋە ئارىمىزدىكى ئەڭ پەزىلەتلىكىمىز سەن!" دەپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ، مۇسۇلمانلىقىنى داۋاملاشتۇردى.

كېيىنچە، جارۇد بۇ جامائەتنى ھەربىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىككى ئايرىم يەرگە يىغدى. بۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان مۇرتەدلەرگە ھاتىم ئىبنى دۇبەي

www.munber.org

قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى بەھرەيىنگە يوللىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات مەزگىلىدە بۇ يەرنىڭ ۋالىيسى ئىدى.

ئۇ بەھرەيىنگە يېقىنلاشقاندا، مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلىقتا چىڭ تۇرغان سۇمامە ئىبنى ئەسئەل باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى. دەل شۇ پەيتلەردە، جارۇد ئۆز قول ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ھاتىم ئىبنى دۇبەيگە؛ ئەلا ئىبنى ئەل ھەزرەمىنىڭ قوشۇنى بولسا ھەجەر ئەتراپىدىكى مۇرتەدلەرگە قارشى (بىرلا ۋاقىتتا) ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا زەپەر ئاتا قىلىپ، كاپىرلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلدى.[1]

## ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن فەتىھلەر

ئىسلام دەۋىتى مەلۇم بىر رايون ياكى بىر مىللەتكە خاس ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يەر يۈزى بۇ دەۋەتنىڭ مەيدانىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ئىسلام دەۋىتى بىر مەزگىل ئاقساپ قالدى. بۇ ۋەقەلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن دەۋەتنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى ۋە ئۆز شەكلى بىلەن داۋاملىشتۇرۇلۇشى ، بۇ خەيرلىك پائالىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق توسالغۇغا قارشى مۇجادىلە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ ــ جىھادتۇر.

مۇرتەدكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ئەمدى جىھادنىڭ باشلىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بىر تەرەپتىن مەجۇسىيي پارسلار ئىسلامىي چاقىرىققا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنى قوللاپ، مۇرتەدلەرگە ياردەم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزانسلار ئىسلام دەۋاسىغا ھۇجۇم قىلىپ، خرىستىئانلاشقان ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئىسلامغا قارشى كۈشكۈرتمەكتە ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن ئېلىشىشى، بۇ ھەقتە الله تائالادىن ياردەم تىلىشى ۋە ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن توغرا يولدىن چىقمىغانلارنىڭ چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ كۈنكى مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق مۇسۇلمانلار ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئىككى خىل دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلمىسا بولمايتتى. بۇ ئىككى دۈشمەن بىر ـ بىرى بىلەن توختىماي ئىختىلاپ قىلىشقاچقا، ئارىلىرىدا توقۇنۇش بار

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 339 ـ ، 352 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 2 ـ جىلد 469 ـ ، 473 ـ ، 476 ـ ، 477 ـ بەتلەر.

ئىدى. بۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئىختىيارىي ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن قولايلىق ئىدى.

**فەتىھ سەپلىرى**

## ئىران سېپى

پارسلار غەربتە سۈرىيە ئويمانلىقىدىن، جەنۇبتا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىن باشلانغان ۋە بارغانسېرى كېڭىيىپ ماڭىدىغان ناھايىتى چوڭ زېمىنغا ھاكىم ئىدى. بىزانس (شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى) غا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا ئېرىشكەن غەلىبە تاكى ئىستانبۇل بوغىزىغىچە ئىلگىرىلىسە، بەزىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاناتولىيەنىڭ فىرات دەرياسى بويىغىچە چېكىنەتتى. مەيلى تۆۋەنكى مىسسوپوتامىيەدىكى تۈزلەڭلىكلەر بولسۇن ياكى فىرات ۋە دىجلە دەرياسى بويىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بولسۇن، ھەممىسى پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا ئىدى.

بەنى تەبلىغ، بەنى بەكىر، بەنى شەيبان، بەنى رابىئە ۋە تەي قەبىلىلىرى ئەنە شۇ رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇلاردىن بەنى تەبلىغگە ئوخشاش بەزى قەبىلىلەر خرىستىئان ئىدى.

تەي قەبىلىسىنىڭ رەئىسى فىرات بويلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، پارسلارنىڭ ئۇ رايونلاردىكى نوپۇزىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. بەنى شەيبان قەبىلىسىدىن ئەل مۇسەننا ئىبنى ھارىسە ئەش شەيبانى ئىسىملىك پالۋان بىر كىشى مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ بەھرەيىندىكى مۇرتەدلەرگە قارشى جەڭدىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىدىن مۇسۇلمان بولغانلار بىلەن بىرلىكتە پارسلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن ئۆزىنى ئۆز يۇرتىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. مۇسەننا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پارسلارغا قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىپ، كۆنسېرى ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن پارسلارنىڭ سانى نەچچە ھەسسە كۆپ بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا خرىستىئان بولغان ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا مۇسەننانىڭ ئەتراپىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ سانى كۆنسېرى ئازلاشقا باشلاپ، ياردەمچى قوشۇنغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد يەمامەدىكى ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۇ يەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا ئىراققا بېرىپ، مۇسەنناغا ياردەم قىلىش ئەمرىنى بەردى. ئۇندىن باشقا، ھىراغا جەنۇب تەرەپتىن كىرىشنى، ئۇ



www.munber.org

ۋاقىتلاردا قوماندان ئاياد ئىبنى غەنەمنىڭمۇ ئۇ يەرگە شىمال تەرەپتىن يېتىپ كېلىشى مۇمكىنچىلىكىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھىرادا ئۇچرىشىشىنى، ھىراغا كىم بۇرۇن بارسا، شۇنىڭ باش قوماندان بولۇشىنى بىر ئەمر سۈپىتىدە تاپىلىدى.

بۇ ھادىسە ھىجرەتنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى يۈز بەرگەنىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ كەينىدىن كەئكە ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمى، ئاياد ئىبنى غەنەمنىڭ كەينىدىن بولسا، ئابىد ئىبنى ئەۋف ئەل ھىميەريي ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. خالىد ئەمرنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ھىراغا قاراپ ئاتلاندى. يول ئۈستىدە ئەللىس دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە يولۇقۇپ، بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بوسبورى سىلوبا ئىسىملىك زومىگەر بىلەن بىر ئەھدىنامە تۈزۈشكەندىن كېيىن، ھىرا سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ يەردە پارس دۆلىتى تەرىپىدىن ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىياس ئىبنى قەبىسە ئەت تائى ئىسىملىك بىرى بار ئىدى. خالىد ئۇنىڭ نامىدا خەلققە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

”سىلەرنى الله قا ئىشىنىشكە ۋە يالغۇز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. ئەگەر قوبۇل قىلساڭلار، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ھەقلەردىن بەھرىمەن بولىسىلەر. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭلار، بىزگە جىزيە تۆلەيسىلەر. ئەگەر ئۇنىمۇ قوبۇل قىلمىساڭلار، شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەر ئۆلۈمنى خۇددى سىلەر شارابنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ماڭا بىر جاۋاب بېرىڭلار!“ خەلق ئۇنىڭغا: ”بىزنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇشقىدەك ھالىمىز يوق“ دېيىشتى ۋە 190 مىڭ دەرھەم جىزيە تۆلەيدىغانغا كېلىشتى. يەنە بىر تەرەپتە، مۇسەننا تۇرۇۋاتقان رايوندا ھېلى كەسكەر جەڭ مەيدانىدا، ھېلى فىراتنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ھۇرزۇمان بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

خالىد مۇسەنناغا خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇبۇللە تەرەپلەرگە چۈشۈپ، ئۇ يەرلەردىكى تارقاق قوشۇنلارنى بىرلەشتۈرمەكچى بولدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئون سەككىز مىڭ ئىدى. مۇسەننا خالىدتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئاتلاندى، ئەدىي ئىبنى ھاتەم ۋە ئاسىم ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمىي قاتارلىقلار مۇسەننادىن بىر كۈن كېيىن يولغا چىقتى. خالىد بۇلار بىلەن ھافىر دېگەن يەردە ئۇچراشماقچى بولدى. ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇبۇللە دىيارىدا ھۇرمۇزنىڭ باشچىلىقىدىكى پارس قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشتى.

ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا ھۇرمۇز بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپ، خالىدنى سۈيىقەستلىمەكچى بولدى. ئەمما كەئكە بۇ ھىيلىنى بىلىپ قېلىپ، ھۇرمۇزنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۈيىقەستچىلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېلىشتى. مۇسۇلمانلار كەچ كىرگىچە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى

ئارقىغا چېكىندۈردى. ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. پارس لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنى زەنجىرلەر بىلەن باغلىۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش زاتۇس سەلاسىل (زەنجىرلىك ئۇرۇش) دەپ ئاتالدى.

خالىد مۇسەننانى قېچىپ كەتكەن پارس لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا، مۇئەققەل ئىبنى مۇقەررىننى غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى توپلاش ئۈچۈن ئۇبەللەگە ئەۋەتتى. مۇسەننا قاچقانلارنى قوغلاپ، پارس لەشكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باشچىسى بولغان نەھر ئىسىملىك ئايالغا يېتىشتى ۋە ئۇلار كىرىۋالغان قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. مۇسەننا باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللىرىغا ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇئەننا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى، مۇسەننا ئۇ ئايال بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى. قېرىندىشى مۇئەننا ئۇ ئايالغا ئۆيلەندى. مۇسەننا قەلئەدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قولغا ئېلىپ، ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇ ئەتراپتىكى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان يەرلىك دېھقان خەلققە چېقىلمىدى ۋە ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى.[1]

شۇ مەزگىللەردە، ساسانىيلار خانى ئارداشىر كاريانوس ئوغلى قارىن قوماندانلىقىدىكى ناھايىتى چوڭ قوشۇننى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن مەزار (ھازىرقى باسرا بىلەن ۋاسىت ئارىلىقىدىكى مىسان) دېگەن يەرگە كەلگەندە قوماندان قارىن (باشقا بىر ئىرانلىق قوماندان) ھۇرمۇزنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ لەشكەرلىرىنى ئۇ يەرگە يىغىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى.

دەل شۇ پەيتتە، خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇننى باشلاپ، پارسلارنىڭ بۇ چوڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇئەققەل ئىبنى ئەل ئەئشا پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانى قارىننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاناتلارنىڭ بىرىگە باشچىلىق قىلىۋاتقان ئاسىم ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى ئەنوشىجاننى، ئادي ئىبنى ھاتەممۇ ئۆز قارشىسىدىكى قۇبازنى ئۆلتۈردى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن پارس قوشۇنلىرىنىڭ سانى 30 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خالىد ئىبنى ۋەلىد غەنىمەتتىن دۆلەتنىڭ ئۈلۈشىنى ئايرىۋېتىپ، قالغىنىنى ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بەردى.[2]

پارسلار سەۋاد رايونىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان ۋە كەسكەرگە يېقىن بولغان ئەل ۋالجاغا يىغىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ قېتىم، بىرى ئەندەرزار، يەنە بىرى بەھمەن جازەۋەيھ ئىسىملىك

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 354 ـ ، 356 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جىلد 498 ـ ، 500 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جلد 500 ـ ۋە 501 ـ بەتلەر.

www.munber.org

كىشىلەرنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىككى قوشۇن پارس قوشۇنىغا ياردەمچى قوشۇن بولۇپ قوشۇلدى.

يەنە خالىد ئىبنى ۋەلىد (ئەل هافىرنىڭ قوماندانلىقىنى سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىنگە تاپشۇرۇپ) پارسلارغا قارشى هۇجۇمغا ئۆتتى. پارسلار بۇ قېتىممۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ كەتتى.

پارسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىسىدىكى بۇ مەغلۇبىيەتكە قاتتىق ئېچىنغان خرىستىئان ئەرەبلەر پارسلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇلۇلەيس دېگەن يەرگە يىغىلىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خالىد دەرهال ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىمۇ تارمار قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 70 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىككىنچى قېتىم هىراغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەرنىمۇ تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كەئكە ئىبنى ئامىرنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئىراقنىڭ شىمالىغا ئەۋەتىلگەن ئاياد ئىبنى غەنەمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ يەردىن فەللۇجەگە، ئاندىن كەربالاغا يولۇقۇپ، بۇ يەرنى ئاسىم ئىبنى ئامىرغا تاپشۇرۇپ ئۆزى يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ تۇرشاۋۇللىرىغا ئەل ئەقرا ئىبنى هابىس باشچىلىق قىلىۋاتاتتى.

مۇسەننا بولسا، تىخچە دىجلە دەرياسى بويىدا پارسلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. خالىد ئەنبارنى فەتھ قىلىپ، ئۇ يەرگە زەبىرقان ئىبنى بەدرىنى مەسئۇل قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە يېقىن بولغان ئەينۇت تەمىر رايونىغا قاراپ ئاتلاندى. خەلقىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان ئەرەب، يەنە بىر قىسمى پارس بولغان بۇ رايوننى قورشاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۆزىگە قارشى قورال كۆتۈرگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلارنى ئەسىر ئالدى. بۇ يەرنى ئۇۋەيم ئىبنى ئەل كاهىلغا تاپشۇرۇپ، تېخىچە دەۋمەتۇل جەندەل دېگەن يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئاياد ئىبنى غەنەمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەرهال يولغا چۈشتى. چۈنكى ئاياد ئۆزىگە ياردەم قىلىشى هەققىدە خالىدقا خەۋەر يوللىغانىدى. خالىدمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: "يېنىڭغا دەرهال يېتىپ بارىمەن" دەپ خەۋەر يوللىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇققان دەۋمەتۇل جەندەل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بىزانس تەرەپتىن قوللىغۇچىلىرى بولغان بەنى قەلب، غەسسانىلەر، تەنۇھ ۋە دەجائىم دېگەندەك خرىستىئان ئەرەب قەبىلىلىرىدىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلدى. خالىد بۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا، بۇ يەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆزئارا پىكىر ئايرىمچىلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئۇقەيدىر ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئايرىلىپ چىقتى. جۇدى بولسا، ئۆز قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ۋە

ئۇنىڭغا ياردەم ئۈچۈن كېلىپ، قەلئەگە سىغمىغان قوشۇنلار بىلەن بىللە ئىسلام قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خالىد ئۆزى بۇ يەردە قېلىپ، ئەل ئەقرا ئىبنى هابىسنى ئەنبارغا يوللىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۆزىمۇ هىراغا قاراپ يول ئالدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد هىرانى ئاياد ئىبنى غەنەمگە تاشلاپ قويۇپ يەنە يولغا چىقتى. تۇرشاۋۇللىرىغا يەنە ئەل ئەقرا ئىبنى هابىس باشچىلىق قىلىۋاتاتتى. خالىد ئەين دېگەن يەرگە كەلگەندە ياردەمچىلىرىدىن ئەبۇ لەيلانى هەنەفىسكە، كەئكەنى كۇفە بىلەن سۇرىيە ئارىسىدىكى ئەل خۇسەيد ۋادىسىغا ئەۋەتتى. بۇلاردىن كەئكە خۇسەيد خەلقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. هەنەفىس خەلقى قورقۇپ، ئەل مۇسەييەهقا قاچقانلىقى ئۈچۈن ئەبۇلەيلا هېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئىبنى ۋەلىد هەر ئىككى ياردەمچىسىنى يېنىغا ئېلىپ، ئەل مۇسەييەهقا قاراپ ماڭدى. هەنەفىس ۋە ئەل خۇسەيدتىن قاچقانلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ توپلاشقانىدى. مۇسۇلمانلار بۇلارنىمۇ ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سانا ۋە زۇمەيلگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ يەرلەرنىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن ئەررادابقا (هازىرقى راسسافانىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ) قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يەرگە هىلال ئىبنى ئەققە ئىسىملىك بىرى هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. خەلق خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرهال قېچىشتى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ يەرلەرنى ئىستىلاھ قىلغاندىن كېيىن، قوشۇننى باشلاپ فاراد (هازىرقى سۇرىيە بىلەن ئىراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەبۇ كامال رايونىنىڭ قىرىق كېلومېتىر شەرقىگە توغرا كېلىدۇ) دېگەن يەرگە قاراپ هەرىكەتلەندى. رامىزان ئېيى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم پارسلار بىلەن بىزانسلار مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەنىدى. ئىككى تەرەپ فىرات دەرياسى بويلىرىدا توقۇنۇشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پارس، بىزانس، بىزانسلارغا ياردەم بەرگەن ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە مۇسۇلمانلاردىن جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

خالىد فىرات بويلىرىدا ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن، زۇلقەئدە ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى هىراغا قايتىش ئەمرىنى بەردى. ئۇ ئاسىمغا قوشۇننىڭ بېشىدا هەرىكەت قىلىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى هەربىي تاكتىكىلار تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىندۇرمەسلىك مەقسىتىدە قوشۇننىڭ كەينىدىن ماڭىدىغانلىقى هەققىدە خەۋەرنى يېيىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە يېقىن هەمراهى بىلەن بىرلىكتە هەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە كەتتى.

ئۇ هىراغا قايتقاندا، قوشۇن تېخى شەهەرگە يېتىپ كەلمىگەنىدى. خالىدنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن هەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن

www.munber.org

كېيىن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلاندى ۋە ئۇنى ئىراقتىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، سۈرىيەگە ئەۋەتتى. خالىد ھىرادىكى چېغىدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن مۇنداق بىر مەكتۇب تاپشۇرۇپ ئالدى:

”قوشۇننى باشلاپ يەرمۇكقا قايت! چۈنكى قوشۇن كۆپ چارچىدى ھەم زەئىپلىشىپ كەتتى. ئاندىن ئۆتكەندە قىلغان ئىشىڭنى يەنە بىر قېتىم ھەرگىز قىلىپ سالما! ھېلىمۇ ياخشى خەلقنى ئېچىندۇرغىدەك بىرەر ئەھۋالغا يولۇقمىدىڭ. ئەمما ئۆز ۋەزىپەڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن قول ئاستىڭدىكى قوشۇنىڭمۇ سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما! ئى سۇلايماننىڭ دادىسى! ئەمما سېنىڭ نىيىتىڭنىڭ دۇرۇستلۇقى ۋە ئالغان قەدەملىرىڭ تۈپەيلىدىن تەبرىكلەيمەن. قالغىنىنى ئېلىپ كەلگىن، الله ھەممىسىگە ئېرىشىشكە نېسىپ قىلسۇن!

ھەرگىز كۆرەڭلەپ كەتمىگىن! بولمىسا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تالاپەتكە يۈزلىنىسەن. شۇنداقلا، ھەرگىز ئۆز نەپسىڭگە ئىشەنمە! ئەسلىدە ساڭا بۇ غەلىبىلەرنى ئاتا قىلغان ۋە مۇكاپاتلاندۇرغان الله تۇر. ئىراقتا ھەر يەرگە تەيىنلىگەن ئادەملىرىڭنى تاشلاپ، يەمامەدىن ئىراققىچە ساڭا ھەمراھ بولغان ۋە ھىجازدىن كېلىپ ساڭا قېتىلغان قوشۇندىكى سەركەردىلەرگە بىلدۈرمەي، مەخپىي شەكىلدە دەرھال شام تەرەپكە ئۆت! ئۇ يەردە ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپ، قوماندانلىق سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتىدۇ ۋە ھەممەيلەن بىر ساڭىلا بويسۇنىدۇ.“

خالىد ئىبنى ۋەلىد خەلىپىنىڭ بۇ ئەمر مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىراقتىكى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى مۇسەننا ئىبنى ھارىسەتەششەيبانىغا تاپشۇرۇپ، دەرھال فارادتىن شامغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سۈرىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدەگە مۇنداق دەپ مەكتۇب يوللىدى:

”الله نىڭ ئاخىرەتتە، ئۇ قورقۇنچلۇق كۈندە ھەممىمىزنىڭ ئىمانىنى سالامەت قىلىشىنى ۋە بۇ دۇنيادىمۇ بىزنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقلاردىن قوغدىشىنى تىلەيمەن! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىدىن بىر مەكتۇب تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ ماڭا سۈرىيەگە بېرىپ، قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتتۈشۈمنى بۇيرۇپتۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ مېنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى مەن ھەرگىز تەلەپ قىلمىدىم. قوماندانلىق يەنىلا سېنىڭ ئەمرىڭدە بولىدۇ. ساڭا ئەسلا بويۇنتاۋلىق قىلمايمىز، ئەمرىڭگە خىلاپ ھەرىكەت قىلمايمىز ۋە سېنىڭ بۇيرۇقۇڭسىز ھېچقانداق ئىشقا قارار بەرمەيمىز. سەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەيرلىكلىرىدىن سەن. بىز سېنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرىڭنى ئىنكار قىلمايمىز، شۇنداقلا، سېنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىڭنى ئالماي تۇرۇپ ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز.

اللە تائالا ھەممىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارغا سەۋەبىي بىلەن بىزگە ياخشى نەتىجىلەر ئاتا قىلسۇن، ھەممىڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىسۇن، اللە ساڭا سالامەتلىك ۋە رەھمەت ئاتا قىلسۇن!“

خالىد ئىبنى ۋەلىد سۇرىيە قوماندانى ئەبۇئۇبەيدەگە بۇ مەكتۇبنى يوللىۋېتىپ، ئۆزى قارادىن دەۋمەتۇل جەندەلگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاندىن سەھران ۋادىسى يولى بىلەن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.[①]

## شام (سۇرىيە) نىڭ فەتھ قىلىنىشى

خالىد ئىبنى سەئد ئىبنى ئاس يەمەندىن مەدىنەگە قايتقاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا تەيماغا بېرىپ ئۇ يەردىن ھېچ ئايرىلماسلىقىنى، ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارنى ئەسكەرگە ئېلىشىنى، ئەمما بۇرۇن مۇرتەد بولغانلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماسلىقنى، كېيىندىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلمىغۇچە ھەرىكەتلەنمەسلىكنى ئەمر قىلدى. خالىد ئىبنى سەئد بۇيرۇقنا بىنائەن تەيماغا بېرىپ، قوشۇن توپلىدى، قوشۇن كۆنسېرى زورىيىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن خاۋاتىرلەنگەن بىزانسلار ئۆزلىرىنىڭ سۇرىيەدىكى ياندىش ئەرەب قەبىلىلىرىنى كۈشكۈرتتى.

بىزانسلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بەنى قەلب، تەنۇھ، لەھم، جۇزام قەبىلىلىرى بىلەن غەسسانىيلار مۇسۇلمانلارغا قارشى قولغا قورال ئالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خالىد ئىبنى سەئد ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە خەۋەر يوللىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: ”ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىل! ھەرگىز قورقمىغىن ۋە اللە تىن ياردەم تىلىگىن!“ دەپ جاۋاب يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئىبنى سەئد دۈشمەن ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كەتتى. خالىد دەرھال ئۇلار تاشلاپ كەتكەن يەرنى ئىشغال قىلدى ۋە بۇ يەردىن ھەرىكەتلەنمەي تۇرۇپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە يەنە خەۋەر يوللاپ، بۇندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب يوللىدى: ”ئالدىڭغا قاراپ ئىلگىرىلىگىن! ئەمما ئارقاڭدىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ بارمىغىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرمىگىن!“ خالىد ئىبنى سەئد بۇ تەلىماتقا بىنائەن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بۇ ئارىدا، بەزىدە دۈشمەن قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشقا مەجبۇر بولغاچقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن،

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 356 ـ ، 357 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 6 ـ جىلد 501 ـ ، 513 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەرھال ئۇنىڭغا ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل قوماندانلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننى ئەۋەتتى. ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ بېرىشى بىلەن، قۇددۇس ئەتراپىدا ماھان قوماندانلىقىدىكى دۈشمەن قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى، ماھان شامغا قاچتى، خالىد ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. لېكىن مەرجۇس سەفەر دېگەن يەرگە بارغاندا، بىزانىسلارنىڭ يەنە ماھان قوماندانلىقىدىكى ناھايىتى زور قوشۇنغا دۇچ كەلدى. بۇنى كۆرگەن خالىد ئىبنى سەئىد زىل مەرۋەگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل بولسا، قول ئاستىدىكى قوشۇن بىلەن ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغانلارنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، يەمەندىكى مۇجاھىدلارمۇ قايتىپ كەلدى.

ھىجرەتنىڭ ئون ئۇچىنچى يىلى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق زاكات يىغقۇچىلارنى ئالماشتۇردى. ئامىر ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى قۇزائە قەبىلىسىنىڭ زاكىتىنى يىغىشقا تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن ئۇنى بۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن ئۇماننىڭ زاكىتىنى يىغىش ۋەزىپىسىگە قايتا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق خەۋەر يوللىدى:

"مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا تەيىنلىگەن ۋەزىپىگە قايتا تەيىنلىدىم. مەن ساڭا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى قايتا بەردىم ۋە بۇنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە ساڭا قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىۋاتىمەن. سەن بۇ ۋەزىپىنى بۇرۇن قىلغانىدىڭ، ھازىر شۇ ۋەزىپەڭگە قايتا تەيىنلەندىڭ. ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! مەن پەقەت سېنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق پايدا - مەنپەئەتىڭنى كۆزدە تۇتتۇم. شۇڭا سېنىڭمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئورۇندىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن!"

ئەمر ئىبنى ئاسمۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى:

"مەن ئىسلامنىڭ ئوقلىرىدىن بىرىمەن. سەن بولساڭ، (الله تىن كېيىن) بۇ ئوقلارنى يىغىپ تەييارلىغۇچى ۋە قوللانغۇچىسەن. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنى قەيەردىن يىغساڭ يىغقىن، ئەمما نىشانغا ئەڭ تېز يېتىپ بارىدىغان، الله دىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئەڭ ياخشىسىنى تاللىغىن!"

خالىد ئىبنى سەئىد ماھاننىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ زىل مەرۋەگە قايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەۋەر يوللىدى:

"ھازىرقى ئورنۇڭدىن باشقا يەرگە يۆتكەلمە! ھاياتىم ئۈستىگە قەسەم قىلىمەنكى، سەن بەكمۇ قورققاق ۋە قاچقاق، شۇنداقلا كۆزۈڭ يەتمىگەن ئىشقا تۇتۇش قىلمايدىغان، جاپاغا چىدماس بىرى ئىكەنسەن."

كېيىنچە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ مەدىنەگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى (بۇ ھەقتە كېيىنچە تەپسىلىي توختىلىمىز).

ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە قوشۇن تەشكىللەپ، سۈرىيەگە ئەۋەتتى:

بىرىنچى، خالىد ئىبنى سەئىد ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن يەزىد ئىبنى ئەبۇسۇفيان يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شامغا قاراپ ھەرىكەتلەندى. ئۇ، شامغا يۈرۈش قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ تۇنجى قوماندانى بولۇپ، داڭقى چىققان سۇھەيل ئىبنى ئامىرمۇ بۇ قوشۇندا ۋەزىپە ئۆتەيتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ كەينىدىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان (يەزىدنىڭ قېرىندىشى) قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ، يەزىدنىڭ قوشۇنىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى. مۇئاۋىيە زىل مەرۋەدىن ئۆتكىچە ئەينى ۋاقىتتا خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە قېلىپ قالغان ئەسكەرلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. پەقەت شۇندىن كېيىنلا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ مەدىنەگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى.

ئىككىنچى، سۈرىيە تەرەپكە مېڭىشقا تەييارلانغان يەنە بىر قوشۇننىڭ بېشىدا ئەمر ئىبنى ئاس بولۇپ، ئۇ پەلەستىن تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى.

ئۈچىنچى، يەنە بىر قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىئوردانىيە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقاتتى. ئۇ ئەسلىدىكى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ بېشىغا كەلتۈرۈلگەنىدى. ئۇمۇ زىل مەرۋەدىن ئۆتكەندە، خالىد ئىبنى سەئىدتىن قېلىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى.

تۆتىنچى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ يەنە بىر قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ قوشۇن ھىمس شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقاتتى. بۇ قوشۇنغا جىددىي پەيتلەردە ياردەمچى بولىدىغان ئالتە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل تەيىنلەندى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەربىي تەييارلىقىدىن خەۋەر تاپقان بىزانس ئىمپېراتورى I ھېراكلىيۇس ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ھىمسقا يېتىپ بېرىپ، زور بىر قوشۇن تەشكىللىدى ۋە يەزىد ئىبنى ئەبۇسۇفيانغا قارشى تزاراق قوماندانلىقىدا، شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنەگە قارشى دراكوس قوماندانلىقىدا، ئەبۇئۇبەيدەگە قارشى فەيقەر ئىبنى ناستور قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئومۇمىي قوماندانلىقىغا فەيقەرنى تەيىنلىگەنىدى. شۇ ۋاقىتتىكى بىزانس قوشۇنىدىكى لەشكەر سانى 240 مىڭغا يەتكەنىدى. ھالبۇكى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ لەشكەر سانى پەقەت 21 مىڭلا

www.munber.org

ئىدى. ئۇنىدىن باشقا، ئىكرىمەنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى.

مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى بىزانسلارنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىدىكى زور قوشۇننى كۆرۈشى بىلەن بىرئاز تەمتىرەپ قېلىشتى. ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئارىلىرىدا ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق ۋە تەجرىبىلىك ھېسابلىنىدىغان ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى. ئەمر ئىبنى ئاس مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى سەپلەر بويىچە تارقاق ھۇجۇم قىلغاندىن، ھەممىسى بىرلىشىپ بىرلا يەردىن ھۇجۇم قىلسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار خەلىپىگە خەۋەر يوللاپ، ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. باشقا قوماندانلارمۇ ئەمرنىڭ پىكرىنى ئۇيغۇن كۆرۈشتى ھەم ئۇرۇش قوماندانلىق مەركىزى ــ مەدىنە بىلەن خەۋەرلىشىش ئۈچۈن يەرمۇكنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. ئۇنىدىن كېيىن، ئىراقتىكى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىنى ۋە باش قوماندانلىقنى قولىغا ئېلىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

خالىد بۇ خەۋەرنى ئېلىپ، دەرھال فارادتىن يولغا چىقىپ قاراقىرغا باردى. ئۇنى مۇسەننا ئۇزىتىپ قويغانىدى. قاراقىردىن كېيىن سۇۋاغا يولۇقۇپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇ يەر بىلەن ئىراق ئارىسىدىكى بىزانس تۇپراقلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاۋۋال مۇسەييىھقا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ سەرھان ۋادىسى يولى بىلەن ھەۋران تېغىنىڭ شەرقىدىن ئايلىنىپ، تەدمۇر يېقىنىدىكى رىقىقەگە، ئاندىن تەدمۇرغا ۋە ئاخىرىدا قەريەتەينگە يېتىپ باردى.

خالىدنىڭ خەۋىرىنى ئالغان غەسسانىيلار مەرجۇ راھىت دېگەن يەردە ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن تەشكىللىدى. غەسسانىيلار قوشۇنىنىڭ بېشىدا ھارىس ئىبنى ئەيھەم بار ئىدى. خالىد بۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، سۈرىيەنىڭ بۇسرا دېگەن يېرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇسرا ــ خالىد ئىبنى ۋەلىد سۈرىيە تۇپراقلىرى ئىچىدە فەتىھ قىلغان تۇنجى شەھەر ئىدى. ئاندىن يەرمۇكقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز قوماندانلىقىدىكى توققۇز مىڭ كىشى بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىكى ئەسكەر سانى 36 مىڭغا يەتتى.[1]

خالىد ئىبنى ۋەلىدنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار بەكمۇ سۆيۈندى. بۇ ئارىدا، بىزانس قوشۇنىغىمۇ ماھان قوماندانلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇن قېتىلغاندىن باشقا، بىزانس ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن بىرمۇنچىلىغان پوپ ۋە راھىبلارمۇ

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 369 ـ ، 375 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر 7 ـ جىلد 9 ـ ، 15 ـ بەتلەر.

يېتىپ كېلىشكەنىدى. بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىمىز: «خالىد نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلدى؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:

ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، ئۆز قولى ئاستىدىكى ئازغىنە قوشۇن بىلەن بىزانسلارغا قارشى جەڭ قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغاچقا، ئۇ قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قوماندانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام قوشۇنى بىزانسلارغا ھەر تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى بىرلا سەپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە ئۈستۈن بولغان دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرغىلى بولاتتى. ئۇندىن باشقا، ئەگەر خالىد قىسقا يولنى تاللاپ ھىراتتىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن بولسا، بۇندىن بۇرۇن پارسلار بىلەن رىملىقلارغا ئۇرۇش سەھنىسى بولغان بىزانس چېگرىلىرىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇنغا دۇچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنداق بولغاندا، ئىسلام قوشۇنىنىڭ يەرمۇكتا بىرلىشىشى تېخىمۇ تەسكە چۈشەتتى. شۇنداقلا، ئىسلام قوشۇنىنىڭ پىلانى بويىچە باش قوماندانلىقنى ئۆز قولىغا ئالالمايتتى. شۇڭا ئۇ بىزانسلارنىڭ بۇ مۇستەھكەم چېگرىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن دەۋمەتۇل جەندەل يولى بىلەن جەنۇبقا مېڭىپ، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، سۈرىيەنىڭ بۇسرا شەھىرىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاۋران تېغى (ھازىرقى ئىسمى دۇرزۇ تېغى) دەپ ئاتىلغان يانار تاغنىڭ ئالدىغا چىققانلىقىنى بىلدى. بۇ تىك قىيالىق تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈش بەكمۇ قىيىن بولغاچقا، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن بۇ تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تەدمۇرغا يېتىپ باردى. شۇ سەۋەبتىن، قەريەتەين يولى بىلەن غەربكە، ئۇ يەردىن سەنىيىيەتۇل ئۇقەب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، شامنىڭ شەرقىدىن بۇسراغا كىردى. بۇ يەرنى فەتھە قىلغاندىن كېيىن يەرمۇكقا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇرۇش تاكتىكىسى بار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئىچكىرىسىگىچە ھۇجۇم قىلىپ كىرەتتى، ئاندىن ئالاقزادە بولغان دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى ئۇراتتى. ئۇندىن كېيىن دۈشمەن قوشۇنىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنەتتى. بۇنى كۆرگەن دۈشمەن ئۇنىڭ يەنە باشقىچە پىلانلارنى تۈزۈپ، پۇرسەت تاپقاندا قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشەتتى. ئۇندىن باشقا، خالىد دۈشمەننىڭ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر دائىم ئارقا تەرەپكە ياردەمچى قوشۇن قويۇپ ماڭاتتى.

ئۇ ئىراقتىكى فەتھلەردە پۈتۈنلەي مۇشۇ تاكتىكىنى قوللاندى. چۈنكى ئۇ ئىراق تۇپراقلىرىغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، سەۋاد رايونى ۋە ھىرا تەرەپتىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى تېخى تەلتۆكۈس يوقىتىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،



www.munber.org

ئۆزلىرى بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزگەن بەزى يۇرت خەلقلىرىگە تېخى تولۇق ئىشەنچ باغلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپ بۇ ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇنداقلا، خالىد بىزانس تۇپراقلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان بولۇپ، ئىسلام قوشۇنى بىلەن تېخى ئۇچرىشىپ بولالمىغانىدى.

بولۇپمۇ، خالىد ئۆزى فەتھ قىلغان پارس تۇپراقلىرى ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزانسلار ئۇنىڭ پارسلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چېگرا رايونلىرىغا بولغان مۇھاپىزەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق كونترول قىلىۋاتاتتى.

نىھايەت، خالىد ئىراقتىن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئەسكەرلىرى بىلەن يەرمۇكقا يېتىپ باردى. خالىد يېتىپ بارغاندا، بىزانس قوشۇنلىرىمۇ ئۇرۇشقا پۈتۈنلەي تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئۇ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئالدى بىلەن اللە قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنۇ تارىخىي خىتابنى قىلدى:

”بۈگۈن اللە تائالا (مەيدانغا كېلىشىنى) تەقدىر قىلغان ئەڭ مۇھىم كۈنلەردىن بىرىدۇر. بۈگۈن ھېچكىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى بىلەن كۆرەڭلەيدىغان ياكى ئەمرگە بويسۇنماي، باشباشتاقلىق قىلىدىغان كۈن ئەمەس. جىھادىڭلاردا سەممىي بولۇڭلار. ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىڭلارنى باشقىلارنىڭ مۇكاپاتلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىڭلار! بۈگۈن (كېيىنكى كۈنلەردە) ياد ئېتىلىدىغان ۋە ھېسابى اللە قا بېرىلىدىغان كۈندۇر. ھەرگىز ئۆزەڭلارنى مەلۇم بىر جەڭ قېلىپىغا (تاكتىكىسىغا) سېلىۋالماڭلار ياكى ئۆزەڭلارغا ئىشىنىپ كېتىپ يالغۇز ھەرىكەت قىلماڭلار. بۇنداق ئىشنى ئۆزەڭلارغا جائىز كۆرمەڭلار ۋە قىلماسلىققا تىرىشىڭلار! ئۆزەڭلار بۇيرۇلمىغان بىر ئىشنى بېشىڭلاردىكى ئەمىرلىرىڭلارنىڭ پىكىر ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىڭلار!“

خالىدنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەسكەرلەر: ”ئۇنداقتا، سېنىڭ كۆرسەتمەڭ قانداق؟“ دەپ سوراشتى. خالىد ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

”ھازىرقى ئەھۋالىڭلار سىلەردىن بەكرەك (كەينىڭلاردا قالغان) مۇسۇلمان خەلق ئۈچۈن بەكمۇ پايدىسىز، ئەمما مۇشرىكلارغا نىسبەتەن (ئۇلار ياردەمچى قوشۇن بىلەن شۇ قەدەر كۈچلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) بەكمۇ پايدىلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەن شۇ نەرسىنى ئېنىق بىلىپ يەتتىمكى، دۇنيا (مەنسەپ) ھېرىسى سىلەرنى بىر - بىرىڭلاردىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، اللە دىن قورقۇڭلار! شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەربىرىڭلار ئايرىم - ئايرىم يۇرتتىن كېلىپ، بۇ يەردە بىرلەشتىڭلار. ئەگەر ئۆز ئەمىرلىرىڭلارغا بويسۇنساڭلار، مەملىكىتىڭلار بۇنىڭ بىلەن زىيان تارتمايدۇ. ياق، ئەگەر (تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە

ئېرىشىش خىيالىدىكىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن) پۈتۈن قوشۇن سىلەرگە بوي ئەگكەن تەقدىردىمۇ مەملىكەتنىڭلار بۇنىڭ بىلەن چوڭ پايدىغا ئېرىشىپ كەتمەيدۇ. ئاراڭلاردىكى بىرىڭلارغا بويسۇنۇش بىلەن الله ۋە خەلىپىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇڭلار تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەممىڭلار غەيرەت قىلىڭلار! چۈنكى ئالدىڭلاردىكى دۈشمەن جەڭگە تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولدى. بۈگۈن شۇنداق بىر كۈنكى، بۇ كۈننىڭمۇ ئەتىسى بار (بۈگۈن ـ كېيىنكى كۈنلەردە ياد ئېتىلىدىغان ۋە ھېسابى چوقۇم الله قا بېرىلىدىغان بىر كۈن دېمەكچى ـ ت).

شۇنىمۇ يادىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، ئەگەر بۈگۈن دۈشمەننى كەينىگە چېكىندۈرەلىسەك، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق چېكىندۈرەلەيمىز. ئەگەر ئۇلار بىزنى يېڭىۋالىدىغان بولسا، بۇندىن كېيىن بىز ئۆزىمىزنى ھەرگىز ئوڭشىۋالالمايمىز.

شۇڭا ھەممىڭلار ئۆزەڭلارنى سەگەك تۇتۇڭلار. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەمىرلىرىمىزنى سايلاپ چىقايلى! بۈگۈن بىر قىسمىمىز قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيلى، ئەتە يەنە بىر قىسمىمىز، ئۆگۈنلۈككە يەنە بىر قىسمىمىز بۇ ۋەزىپىنى ئۆتكۈزىۋالسۇن. شۇ تەرىقىدە نۆۋەت بىلەن ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلايلى. ئەمما بۈگۈن بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار. بۈگۈنكى ۋەزىپىنى ئۆزەم بىر تەرەپ قىلاي!"

خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ تارىخىي نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، قوشۇننى 36 ياكى 40 پولكقا بۆلدى. ھەر بىر پولكتا مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر بار ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەمىر ئىبنى جەرراھ قوشۇننىڭ ئوتتۇرا قانىتىغا، ئەمر ئىبنى ئاس ۋە شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتىغا، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان سول قانىتىغا مەسئۇل قىلىندى. ئۇ كۈنكى پولك كوماندىرلىرىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

"كەئكە ئىبنى ئامىر، مەزئۇر ئىبنى ئەدىي، ئەيياد ئىبنى غەنەم، ھىشام ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سۇھەيل ئىبنى ئامىر، ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھىل، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئوغلى ئابدۇرراھمان، ھەبىب ئىبنى مەسلەمە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، سەئىد ئىبنى خالىد ئىبنى ئەل ئاس، خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەل ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس، مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇدەيج، زۇبەير ئىبنى ئەۋام، زىرار ئىبنى ئەزۋەر."

ئەبۇدەردا قوشۇننىڭ قازىسى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قوشۇننىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنىڭ مەسئۇلى، قۇبات ئىبنى ئۇشەيم تۇرشاۋۇل بېگى، مىقداد ئىبنى ئەمر بولسا، قوشۇننىڭ مەشقاۋۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ كۈنكى يەرمۇك قوشۇنىنىڭ ئىچىدە مىڭدىن ئارتۇق ساھابە بولۇپ، بەدر غازىتىغا قاتناشقان يۈز پالۋانمۇ بۇ قوشۇندا ئىدى. ئەبۇسۇفيان ئۇرۇش تەييارلىقىدىكى قوشۇننى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن: "الله،



www.munber.org

اللە! سىلەر ئەرەب مىللىتىنىڭ پالۋانلىرى ۋە ئىسلامنىڭ قوغدىغۇچىسى سىلەر. ئالدىڭلاردىكىلەر بولسا، بىزانس لەشكەرلىرى ۋە شىرىك ئەقىدىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى. ئى اللە! بۈگۈن سەن (ۋۇجۇدقا كېلىشىنى) تەقدىر قىلغان كۈنلەردىن بىرىدۇر. ئى اللە! شۇ بەندىلىرىڭگە زەپەر ئاتا قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلىپ، قوشۇننى غەيرەتلەندۇرەتتى.

نىهايەت، ئۇرۇش بەكمۇ شىددەت بىلەن باشلاندى. قوشۇن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاشقا باشلىدى. جەڭ تازا قىززىغان بىر پەيتتە، ماهمىيىە ئىبنى زەنىم پايتەختتىن مەدىنەدىن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى. خەۋەردە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى؛ خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ باش قوماندانلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇئۇبەيدەنىڭ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئەمىر بىلدۇرۇلگەندى. ئەمما خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىق شتابىنىڭ خەۋەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا:

”مەدىنىدىن سالام بار، ئارقىمىزدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىۋېتىپتۇ“ دەپلا جاۋاب بەردى.[1]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى جەمادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى (دۈشەنبە) ۋاپات بولدى. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىككى يىل، ئۈچ ئاي، ئون كۈن داۋاملاشقان بولدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە فەتىھ قىلىنغان يەرلەر ھەرقانچە ئازدەك كۆرۈنسىمۇ، تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق لازىم:

بىرىنچى، ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى بەكمۇ قىسقا داۋاملاشتى.

ئىككىنچى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىنى قاپلىغان مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش بىلەن ئۆتكەچكە، باشقا فەتىھ ئىشلىرىغا پۇرسەت تاپالمىدى.

ئۈچىنچى، قانداقلا بولمىسۇن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە بىر تەرەپتىن بىزانسلار، يەنە بىر تەرەپتىن پارسلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئالاقزادە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ۋە ئۇرۇش ـ توقۇنۇشتىكى قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 376 ـ، 378 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 15 ـ، 24 ـ بەتلەر.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇرتەدلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان توختاۋسىز ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، ئۇلارنى شەرتسىز بويسۇندۇرغاندىن كېيىن كۆڭلى ئازغىنە بولسىمۇ ئارام تېپىپ، باشقا يەرلەرنىڭ فەتھە قىلىنىشى ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ قوشۇنلار ھەم ئىسلام دەۋاسىنىڭ ئەڭ چوڭ توسقۇنى ھەمدە مۇرتەدلەرنى ۋە خرىستىئانلاشقان ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتكەن ئىككى پەۋقۇلئاددە كۈچ (بىزانس ۋە پارسلار) نىڭ ھەيۋەت ۋە نوپۇزىغا ئېغىر دەرىجىدە زەربە بەردى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىلەردىن كېيىن، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ۋە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپىلەرنىڭ بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىغانىدى.

يېشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى (ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن)، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ كېتىشىدىن خاۋاتىرلىنىپ، يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان بۇ ئەھۋالغا قارشى تەدبىر ئالماقچى بولدى. چۈنكى خەلق (ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن) خەلىپىلىك ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىپ قېلىشى؛ بۇ ئورۇنغا مۇناسىپ كىشىلەر مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورقۇش تۇيغۇسى بىلەن چەتكە چىقىپ، بىرمۇنچىلىغان لاياقەتسىز كىشىلەر بۇ ئورۇنغا كېلىش ئۈچۈن بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كىرىپ چىقمىغاچقا، ئۇ ۋاپات بولغاندا، مۇسۇلمانلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى ۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈرۈشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئەھۋالغا قايتا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يەر يۈزىدە الله نىڭ نىزامىنى ئىجرا قىلىدىغان خەلىپىنى ئالدىن سايلاپ قويۇش شەرت ئىدى. بۇ ئىشنى باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ ھەل قىلىش كېرەك ئىدى - ئەلۋەتتە!

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسلىھەتلىرىنى ئالغان چوڭ ساھابىلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ئورۇنغا ئەڭ لايىق ۋە مۇناسىپ نامزات ئىكەنلىكىگە قارار بەردى. ئۇنىڭ قىيىن كۈنلەردە ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن جەددىي ۋە كەسكىن پوزىتسىيىلىرى، سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرى، ھەق ۋە توغرىنى قوللاش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىتى ھەزرىتى

www.munber.org

ئەبۇبەكرنىڭ كۆزى ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كېڭەش ئەزالىرى بولغان ساھابىلەرگە ئۆز كۆز - قارىشىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئېلىنغان قارار تېخىمۇ توغرا بولاتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئاغرىپ قالدى ۋە كېسەللى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ (ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسلىھەتىنى ئالغان) چوڭ ساھابىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

”كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئاغرىپ قالدىم. ئۆزەمنى ياخشى بولالمايدىغاندەك ۋە يېقىندا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. الله تائالا ئەينى ۋاقىتتا سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان بەيئىتىڭلارنى ئىختىيارىي قىلدى، مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ئەھدەمنى بىكار قىلدى، سىلەر ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەمدى ئۆزەڭلار كىمنى خالىساڭلار، شۇنى ئۆزەڭلارغا خەلىپە قىلىپ سايلاڭلار. ئەمما بۇ ئىشنى مەن ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلساڭلار، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.“

ئەمما ئۇلار تۈنجى كېڭەشتە بىر قارارغا كېلەلمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى كۆرسىتىشىپ، مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورقۇش تۈيغۇسى بىلەن خەلىپىلىك تەكلىپىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن باشقىسىنى بۇ ئىشقا ئەڭ مۇناسىپ ۋە لايىق، ئۆزلىرىنى بولسا لاياقەتسىز دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار قايتا يىغىلغان ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە مۇنداق دېدى:

”ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى! بىز سىنىڭ پىكرىڭنى قوللايمىز. سەن كىمنى لايىق كۆرسەڭ، بىز شۇنىڭغا بويسۇنىمىز.“ ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلارغا:

”ئۇنداقتا، ماڭا بىرئاز مۆھلەت بېرىڭلار. الله نىڭ ئەمرلىرىگە ئەڭ ياخشى رىئايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئادالىتىنى خەلق ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ئىجرا قىلىدىغان بىرىنى ئويلىشىپ كۆرەي“ دېدى. ئاندىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

”سەن ھەزرىتى ئۆمەرگە قانداق قارايسەن؟“ دەپ سورىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف:

”ھەزرىتى ئۆمەرنى سەن مەندىنمۇ ياخشى بىلىسەن“ دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

”شۇنداق بولسىمۇ، مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشىڭنى بىلىشنى خالايمەن“ دېدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بۇ قېتىم:

”مەن ئۆمەرنى سەن ئويلىغاندىمۇ ياخشىراق ئويلايمەن“ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەزرىتى ئوسماننى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئاللارنى سورىدى. ھەزرىتى ئوسمان:

”مېنىڭ بىلىدىغىنىم، ئۆمەرنىڭ ئىچىنىڭ تېشىدىن تېخىمۇ بەك پاكلىقى. ئارىمىزدا ئۇنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىدىغان بىرى يوق“ دېدى. بۇ سۆزلەرگە بەكمۇ سۆيۈنگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا:

”قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇنىڭ (ئۆمەر) دىن ۋاز كەچسەم، ھەرگىز سېنى تاشلاپ باشقىسىغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتىم“ دەپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. ئاندىن ئەنسارلاردىن ئۇسەيىد ئىبنى ھۇزەيرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئاللارنى سورىدى. ئۇسەيىد:

”ئۆمەرنى سەندىن قالسا ئەڭ خەيرلىك ئىنسان دەپ بىلىمەن. ھەممە نەرسىگە ياخشى كۆزى بىلەن قارايدۇ، ئەمما يامان ئىشلارغا قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ. بەلكىم ئىچكى ھېسسىياتى سىرتقى مۇئامىلىسىدىن تېخىمۇ خەيرلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشقا ئۇنىڭدىمۇ لايىقراق بىرى يوق“ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ كىشىلەردىن كېيىن، سەئد ئىبنى زەيد بىلەن بىرلىكتە ئەنسار ۋە مۇھاجىرلاردىن بىرمۇنچىلىغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشىدىن باشقا ھەممەيلەن ھەزرىتى ئۆمەر ھەققىدە ياخشى پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۆمەرگە قارشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئۇ شەخس پەقەت ئۇنىڭ ئەسەبىي ۋە بۇيرۇقۋاز ئىكەنلىكىدىن شىكايەتچى ئىدى.

يەنە بىرى: «ئۆزىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنى خەلىپە قىلىپ سايلاپ قويدى» دەپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە قىيداپ يۈردى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: ”ياق! قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۆزۈڭ ھەرگىز توغرا بولمىدى. ئۇ سىلەر ئۈچۈن بەكمۇ خەيرلىك بىر ئىنسان بولىدۇ. يەنە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سېنى خەلىپە قىلىپ قويغان بولسام، سەن ئۆزەڭنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ، بەكمۇ كۆرەڭلەپ كېتەتتىڭ. الله سېنى ئۇ ئورۇندىن چۈشۈرگەنگە قەدەر ھېچكىم ساڭا چېقىلالمايتتى. سەن ئۆزەڭچە مېنى قايمۇقتۇرۇپ، دىنىمغا قارشى بىر ئىش قىلىشىم ئۈچۈن مېنى يولۇمدىن ئازدۇرماقچى بولۇۋاتامسەن؟ الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۆمەرگە بويۇنتاۋلۇق قىلغىنىڭنى ياكى ئۇنىڭ ھەققىدە يامان گەپ ـ سۆز قىلغىنىڭنى

www.munber.org

ئاڭلايدىغان بولسام (ھايات چېغىمدا دېمەكچى)، مەن سېنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىتۇۋېتىمەن!“ دەپ قاتتىق تەگدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇسمان بىلەن ئەلى ھەزرىتى ئەبۇبەكرنى يوقلاپ كىردى. ئۇلار تېخى ئىچىگە ئاچماي تۇرۇپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلاردىن:

”ياكى سىلەرمۇ ئۇمەر ھەققىدە بايىقى پالانچىغا ئوخشاش ئويلامسىلەر؟“ دەپ سورىدى. ئۇ ئىككىسى ھەيران بولغان ھالدا:

”ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى! ئۇ نېمە دېدى؟“ دېيىشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

”ئۆمەرنىڭ سىلەردىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تايىنى يوق گەپلەرنى قىلدى“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۇسمان:

”قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئادەم بەكمۇ خاتا گەپ قىلىپتۇ. ئۇمەر ئەسلىدە ھەم كۈچلۈكلۈكى ھەم ئىسلامدىكى نوپۇزى بىلەن باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە“ دېدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ:

”شۇنداق! ئۇ ئادەم ھەققەتەن خاتا گەپ قىلىپتۇ. ئۇمەر ئەسلىدە سەن بىلگەندەكلا بىر ئىنسان. سەن ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە ئويلىغان بولساڭ، ئۇمۇ شۇنىڭدىنلا ئىبارەت. (ئۇمەر بۇرۇندىن تارتىپ سېنىڭ يېنىڭدا خىزمەت قىلىپ كەلگەچكە) بىز ھەممە ئىشىمىزنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلىمىز ھەم ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز.

سەن ئۆز قارارىڭنى بېرىۋەرگىن، ئۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالما! ئەگەر ئۇمەر ھەققەتەن سەن ئويلىغاندەك چىقىپ قالسا، ئۇ ھالدا سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك چىقماي قالسا، بۇمۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى سەن پەقەت ھەر ئىشىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىك بولۇشىنىلا ئويلايسەن“ دەپ ھەزرىتى ئۇسماننى تەستىقلىدى.

ئاردىن مەلۇم مەزگىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ھەزرىتى ئەبۇبەكرنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

”الله قا شۈكرىلەر بولسۇن! خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇرىسەن“ دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

”شۇنداقمۇ؟“ دەپ مەمنۇنلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. ئابدۇرراھمان:

”شۇنداق“ دېدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا:

”ئەمما مەن بەكمۇ ئىزتىراپلىنىۋاتىمەن. (ئى مۇھاجىرلار جامائىتى!) بولۇپمۇ سىلەرنى ئويلىغانسېرى بۇ ئىزتىراب تېخىمۇ ئېشىۋاتىدۇ. سىلەرنى باشسىز قويۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاراڭلاردىكى ئەڭ نادىر شەخسنى سىلەرگە باش قىلىپ قويدۇم. بۇ ۋەزىپىنى بۇندىن كېيىن باشقىسى ئەمەس، ئۇ ئورۇنلايدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، دۇنيا نېئمەتلىرى ئەمدى سىلەرگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. دۇنيا كېلىشنى خالىسا، چوقۇم كېلىدۇ. ۋە شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، مەخمەل سېلىنچىلاردا ئولتۇرىسىلەر.

ۋە يەنە ئەزەربەيجان يۇڭلىرىدىن قىلىنغان تۆشەكلەردە يانپاشلىنىپ شۇنداق ياتىسىلەركى، يېتىۋېرىپ زېرىكىپ كېتىسىلەر (يۇمشاق نەرسىلەرمۇ بېقىنىڭلارغا پاتىدىغان بولۇپ كېتىدۇ). الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاراڭلاردىن بىرىنىڭ ئۇ كۈنلەردە ھەقسىزلىككە ئۇچراپ، بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتىشى، ئۇنىڭ مال ۋە مەنسەپ ھېرىسى بىلەن دۇنياغا بېرىلىپ كېت شىدىن تېخىمۇ خەيرلىكتۇر.

ئاندىن شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئەتە ـ ئۆگۈن كىشىلەرنى تۈنجى قېتىم ئوك ـ سول دەپ ئايرىپ، ئۇلارنى يولدىن چىقىرىسىلەر. ئى رەھبەر! يول ئۆز يولىدا داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنى يولدىن چىقارماڭلار، يولنىڭ ئاخىرى (الله نىڭ تەقدىرى بىلەن) يا نۇرلۇق بولىدۇ ياكى قاراڭغۇ...“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف: ”الله ساڭا سالامەتلىك ۋە شىپا ئاتا قىلسۇن! بۇنچىلىك غەم ـ ئەندىشە كېسىلىڭنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھازىر كىشىلەر ساڭا بولغان كۆز- قارىشى ئېتىبارى بىلەن ئىككىگە ئايرىلماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەن بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولۇپ، سەن بىلەن بىللە بولغانلاردۇر. يەنە بىر قىسمى سەن بىلەن قارشى پىكىردىكىلەر بولۇپ، پەقەت سېنى تەنقىدلەش ئارقىلىق ساڭا يول كۆرسەتمەكچى بولۇشىۋاتىدۇ. ئۇلار يا سېنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ خالىغىنىچە بولغاندا، ئاندىن سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئەمما سەن ھەردائىم توغرا يولدا ماڭدىڭ، ئىسلاھ قىلدىڭ. شۇنداقلا، دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ باقمىدىڭ“ دەپ ئۇنىڭغا بولغان رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.

يەنە بىر ساھابە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆز ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنى قويماقچى بولۇپ، كېيىنكى ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

”ئۆمەرنىڭ قانچىلىك ئەسەبىي ۋە قوپال ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن. تېخى بېشىمىزغا چىقىسۇن، ئۇ چاغدا قانچىلىك قوپاللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى

www.munber.org

كۆرىمىز. ئەتە - ئۆگۈن رەببىڭ سەندىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭنى سورىسا، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟“ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

”مېنى يۆلەپ قويۇڭلار! بىر ئۆز ئولتۇرۇۋالاي“ دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

”خۇدا ھەققى جاۋاب بېرىڭلار! سىلەر مېنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ سىلەرگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا زۇلۇم قىلغان كىشى اللە تىن قورقسۇن! رەببىم مەندىن ئۇ سوئالنى سورىسا، مەن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەن: ئى رەببىم! سېنىڭ بەندىلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئۇلارغا خەلىپە قىلدىم.“

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، سوئال سورىغان ئۇ ساھابىگە قاراپ: ”مېنىڭ دېگەنلىرىمنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزگىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟“ دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. ئاندىن يەنە ئورنىغا يېتىپ، ھەزرىتى ئوسماننى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا:

”قېنى يازغىن! بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! كاپىرمۇ ئىشەنگەن، پاسىق كىشىمۇ قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەستىقلىغان ۋە يالغانچىمۇ توغرا دەپ قارىغان ئۆلۈم ۋەقەسى بىلەن دۇنيادىن چىقىپ، اللە نىڭ دەرگاھىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان قۇھافە ئوغلى ئەبۇبەكرى بۇ ۋەسىيەتنامىنى قالدۇردى ۋە مۇنداق دېدى: مەندىن كېيىن ئورنۇمغا..... “

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سۆزنى تۈگىتىپ بولالمايلا ھوشىدىن كەتتى. ئورنىغا چىقىدىغان شەخسنىڭ ئىسمى ئاغزىدىن تېخى چىقمىغانىدى. ئەمما ھەزرىتى ئوسمان بۇ جۈملىنى: ”مەندىن كېيىن ئورنۇمغا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى تاللىدىم“ دەپ يازدى. بىر ئازدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھوشىغا كېلىپ:

” نېمە دەپ يازدىڭ؟“ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئوسمان يازغان جۈملىسىنى ئوقۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە تەكبىر كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

”كۆردۈڭمۇ؟ ئەھۋالىم بىردىنلا يامانلاپ كېتىۋېدى، ئۆلۈپ كەتسەم خەلق ئىختىلاپلىشىپ قالارمۇ دەپ بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. اللە ئىسلام نامىدا قىلغان بۇ ساپدىللىقىڭ ئۈچۈن ساڭا خەير - ئېھسان ئاتا قىلسۇن! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئامانەتكە لايىق بىر ئىنسان سەن“ دەپ ھەزرىتى ئوسماننى ماختىدى ۋە ۋەسىيىتىنىڭ قالغان قىسمىنى تاماملاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

”ئۇنىڭ (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار! ماڭا كەلسەك، اللە نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا (ئۇنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى

ئىجرا قىلىشتا) مەيلى ئۆزەم ياكى سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىشنى قىلىشقا تىرىشتىم.

ئەگەر ئۆمەر سىلەرنى ئادالەت بىلەن باشقۇرسا، ئۇ مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىققان بولىدۇ. ياق! ئەگەر ئۇ ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلىسا، ئۇ چاغدا سىلەر ئۆزەڭلار تېرىغان ھوسۇلنى يىغىۋالغان بولىسىلەر. ئۇنىدىن باشقىسىنى مەن بىلمەيمەن. زالىملارغا كەلسەك، ئۇلار كېيىنچە كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ. الله سىلەرگە سالامەتلىك، رەھمەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!"

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سۆزىنى تۈگىتىپ، ھەزرىتى ئوسمانغا ۋەسىيەتنامىنى مۆھۈرلىشنى بۇيرىدى. ئاندىن يېنىغا مۆھۈرلەنگەن ۋەسىيەتنامىنى، ھەزرىتى ئۆمەرنى ۋە ئۇسەييىد ئىبنى ئەل خۇدەيرنى ئېلىپ، خەلق توپلاشقان يەرگە كەلدى ۋە ئۇلارغا:

"ئى خالايىق! مەن ئۆزەمدىن كېيىن ئورنۇمغا چىقىدىغان كىشىنى سايلىدىم. سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟" دېدى. خەلق:

"ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى! بىز بۇنىڭغا رازى بولىمىز" دېيىشتى. دەل شۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

"ئۆمەردىن باشقىسىغا رازى بولمايمىز. ئەگەر ئۆمەر بولۇپ قالسا، بىز رازى بولىمىز" دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

ئاندىن خەلق ئاممىسى پىكىر بىرلىكى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى خەلىپە قىلىپ سايلىدى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. بۇ مەنزىرىدىن زوقلانغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

"ئى الله! مەن پەقەت خەلقنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلدىم. مەندىن كېيىن ئۆز ئارا جېدەل - ماجىراغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم. يامان ئاقىۋەتكە قېلىش ئېھتىماللىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن (سەن ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشى بىلگۈچىسەن) ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەيرلىك، ئەڭ كۈچلۈك، نىشانغا ۋە توغرا يولغا ئەڭ يېقىن بىرىنى تاللىدىم. تۈنجى كېڭەشتىمۇ ئۇ مېنىڭ يېنىمدا بولۇپ، بەندىلىرىڭگە مېنى خەلىپە قىلىپ سايلاتقانىدى.

ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ھاياتلىرى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. باشقىلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق قىل ۋە ئۇنى كامىل خەلىپىلەردىن ئەيلە! ئۇ، رەھمەت پەيغەمبىرىڭنىڭ ھىدايەت يولىدىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سالىھ كىشىلەرنىڭ يولىدىن ماڭسۇن. خەلقىنى ئۇنىڭغا ئىتائەتكار قىلغىن!"

www.munber.org

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ دۇئادىن كېيىن، ئۆز ئورنىغا قايتىپ ھەزرىتى ئۆمەرنى يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ۋەسىيەتلىرىنى بىلدۈردى.[1]

### ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋەسىيەتلىرى

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

"دادام ئەبۇبەكرى سەكراتتىكى چېغىدا مۇنداق دېگەنىدى: «مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇپ سايلانغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ بىر دىنار ياكى بىر دەرھەمىنى ھەقسىز يېۋالمىدۇق. يېگەنلىرىمىز ئۇلاردىن ئاشقىنى، كىيگەنلىرىمىز بولسا، ئۇلار كىيگەننىڭ ئەڭ ناچارلىرى بولدى. ھازىر ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار. مەن خەلىپە بولغاندىن بېرى (ئۆز مېلىمدىن باشقا) نېمە تاپالىساڭلار، ئۇنى كېيىنكى خەلىپىگە تاپشۇرۇپ، قەرزىڭلارنى ئادا قىلىڭلار. چۈنكى مەن بۇلارنى ئىشلەش جەريانىدا ئۆزەمگە ھالال ھېسابلايتتىم ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئېھتىياجىمنى قاندۇراتتىم.» بۇ ئارىدا: «بۈگۈن كۈنگە نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا: «بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە» دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى كۈنى ۋاپات بولغانىدى؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا يەنە: «دۈشەنبە كۈنى» دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېپىنىنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭغا كېپەننىڭ كۆينەكسىز، سەللىسىز پەقەت ئۈچ پارچە ئاق ماتادىن قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: «شۇ تامبىلىمنى يۇيۇپ، ماڭا كېپەن قىلىڭلار» دېدى. ئۇنىڭغا: «الله قا كۆپ شۈكرى! بىزگە خېلى كۆپ رىزق ئاتا قىلدى. ساڭا ئىشلىتىلمىگەن، يېڭى نەرسىنى كېپەن قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: «تىرىك كىشىلەرنىڭ يېڭى نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياجى كۆپ بولىدۇ. ئۆلگەن ئادەم چۈرۈپ كېتىدۇ (ئۇنى يېڭى نەرسە بىلەن كېپەنلەشنىڭ كېرىكى يوق)» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. ئاندىن: «ئۆمەرنىڭ زورلىشى بىلەن (مائاش ھېسابىدا) دۆلەت خەزىنىسىدىن ھازىرغىچە جەمئىي ئالتە مىڭ دەرھەم پۇل ئالغانىدىم. ئۇ پۇل شۇ تامنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ.»"

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپە دەۋرىدە مائاش ئورنىدا ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تىجارىتىنى تاشلىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلنىڭ ھەممىسى بۇ ئىدى.

ئۇ ھالدا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق ئىدى:

بىرىنچى، زىممىسىدا قانچىلىك مال بولسا، ھەممىسى خەلىپە (ھەزرىتى ئۆمەر) نىڭ ۋاسىتىسى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 383 ـ، 391 ـ بەتلەر.

ئىككىنچى، دۆلەت خەزىنىسىدىن ئالغان ھەممە مائاشى ئۇچۇن ئۆزىگە قاراشلىق بىر پارچە تېرىلغۇ يەرمۇ دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلدۇ.

ئۈچىنچى، مەدىنىنىڭ ئەل ئالىيە دېگەن رايونىدىكى ئۆز زېمىنىسىدىكى يەرنىڭ بەشتىن بىرى سەدىقە قىلىپ تارقىتىلىدۇ، قالغان قىسمى باللىرى ئابدۇرراھمان، مۇھەممەد، ئەسما ۋە ئائىشەلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ. بۇ تەقسىماتتىن ھاملە ئايالى ھەبىبە بىنتى ھارىجەدىن تۇغۇلىدىغان بالىسىمۇ بىر كىشىلىك نېسىۋىسىنى ئالىدۇ (كېيىن تۇغۇلغان بۇ بالىسى ئۇممۇ گۇلسۇم ئىدى).

تۆتىنچى، ئۈچىسىدىكى كىيىمى يۇيۇلۇپ كېپەن ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

بەشىنچى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايالى ئۇمەيس بىنتى ئەسما تەرىپىدىن يۇيۇلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسى قالغان مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇلار باللىرىنى باقىدىغان سۈدانلىق بىر خىزمەتچى، يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر تۆگە ۋە مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغان بىر پارچە تېرىلغۇ يەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى ۋە مۇنداق دېدى:

”الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئەبۇبەكرى مۇنداق ئەستايىدىللىق قىلىش ئارقىلىق بىزگە ئۆرنەك بولۇش بىلەن بىرگە بىزنىمۇ مۇشۇنداق بولۇشقا ئۈندىمەكتە.“

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ گەپلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈردى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھايات ۋاقتىدا بالىسىغا بۇ ئامانەتلەرنى خەلىپىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى. ئامانەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان چاغدا، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە:

”تۇۋا خۇدايىم! ھەممىسىنى ساتساڭ، بەش دەرھەمگىمۇ ئالمايدىغان بۇ نەرسىلەرنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلىسىدىن ئالماقچى بولۇۋاتامسەن“ دەپ قاتتىق تەگدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

”ئۇنداقتا، مېنى نېمە قىل دېمەكچىسەن؟“ دەپ سورىدى. ئابدۇرراھمان:

”بۇلارنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بەر!“ دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

”ياق! ھەزرىتى مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله نىڭ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ خەلىپىلىكىم مەزگىلىدە بۇنداق ئىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سەكراتتا يېتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ بۇ ئامانەتكە

www.munber.org

بولغان ئېھتىياجى تۈگىمىگەن بولسا ئىدى، بۇلارنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئۆمرى مۇنداق بىر ئىشنى قىلىشقىمۇ ئۇلگۈرمەيدۇ (ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمىزنى بىز بىلمىز).

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئامانەتلەرنىڭ ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەر ھەققىدە:

”الله ئەبۇبەكرىگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئارقىسىدىن ھېچكىمنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىقى ئۈچۈن بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش قىلدى. ئۇنىدىن كېيىن ۋەزىپىنى مەن تاپشۇرۇۋالدىم ۋە مانا تېرىلغۇ يەرنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن“ دەپ تېرىلغۇ يەرنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ قولىدىن ئالمىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئاغرىپ 15 كۈن ئەتراپىدا ياتتى. ۋە ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، جەمادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى (دۈشەنبە كېچىسى) ۋاپات بولدى. شۇ چاغدا ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئىدى.

مېيىتنى ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئايالى ئۇمەيس بىنتى ئەسما يۇيدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. مېيىت نامىزىنى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان ھەزرىتى ئۆمەر چۈشۈردى. قەبرىگە ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، تەلھە ۋە ئابدۇرراھمان قاتارلىقلار قويدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغان كۈنى ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

”ئى ئەبۇبەكرى! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! شۇنىسى ھەقىقەتكى، سەن بۇ مىللەتنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلدىڭ، كۈچلۈك ئىمانىڭ بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا ئىسلامغا سەممىي باغلاندىڭ. ئېتىقادىڭ ھەممە كىشىدىن تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك، كۆزۈڭ ھەممىدىن بەكرەك توق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بەك يېقىن ئىدىڭ. ئىسلامنى ھەممىمىزدىن بەكرەك قوغدىدىڭ، مۇداپىئە قىلدىڭ. مۇسۇلمانلارغا ھەممىدىن بەك شەپقەتلىك ئىدىڭ. كۆرۈنۈش، ئەخلاق، توغرىلىق ۋە مۇئامىلەڭ ئېتىبارى بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەكمۇ ئوخشايتتىڭ.

الله تائالا سېنى ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن سۆيگۈ ۋە سەممىيىتىڭ ئۈچۈن ياخشى نېئمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەت قىلغان ۋاقىتتا، سەن ئۇنى تەستىقلىدىڭ. باشقىلار ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلغان ۋاقىتتا، سەن بەكمۇ مەردلىك قىلدىڭ. باشقىلار كەينىگە چېكىنسە، سەن ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى سەپتە تۇردۇڭ. شۇڭا الله تائالا ئۇلۇغ كىتابىدا سېنى

سىددىق نامى بىلەن سۈپەتلەپ: «ھەقىقەتنى ئىپتىقانلار ۋە ئۇ (مۇھەممەد) نى تەستىقلىغانلار، ئەنە شۇلار الله قا قارشى چىقىشتىن ئۆزىنى تارتقانلاردۇر» دېدى.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەزرىتى مۇھەممەدنى ۋە سېنى كۆزدە تۇتماقتا. الله قا قەسەم بولسۇنكى، سەن ئىسلام ئۈچۈن بىر قەلئە، كاپىرلار ئۈچۈن بالائى ـ قازا ئىدىڭ ۋە شۇنداق ئىكەنلىكىڭنى ھەردائىم ئىسپاتلىدىڭ. ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى زەئىپلەشتۈرمىدىڭ ۋە ھېچقاچان ئۆزەڭنى قورقۇنچاق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمىدىڭ. سەن خۇددى بوران ـ چاپقۇندا مىدىر ـ سىدىر قىلىپمۇ قويمىغان تاغقا ئوخشايتتىڭ. ھېچقانداق بىر ۋەقە سېنى يىقىتىپ قويمىدى.

سەن بەئەينى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ۋۇجۇدى كىچىك ئەمما الله نىڭ ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشتا ئەڭ كۈچلۈك كىشىسەن. ئۆز نەپسىڭدە بەكمۇ كەمتەر، ئەمما الله نىڭ نەزىرىدە بەكمۇ ئۇلۇغ، يەر يۈزىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كاتتا ئىدىڭ. بىرەر كىشىمۇ سېنى ئۆز ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە ۋاستە قىلالمىدى، سېنىڭمۇ ھەرقانداق بىرىگە تاپشۇرىدىغان ئىلتىماسىڭ يوق ئىدى.

زالىم كىشى (ھەقلىق كىشىنىڭ ھەققى ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلغانغا قەدەر) سېنىڭ نەزىرىڭدە بەكمۇ ئاجىز ئىدى. مەزلۇم بولسا (زالىمدىن ھەققى ئېلىنىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇلغانغا قەدەر)، سېنىڭ نەزىرىڭدە كۈچلۈك ئىدى. الله سېنىڭ ساۋابىڭدىن بىزنى مەھرۇم قىلمىسۇن ۋە سەندىن كېيىن يولدىن چىقىپ كېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلمىسۇن!“

## پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدىكى جەمئىيەتكە بىر نەزەر

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى، ھېچ شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تەبىقىلەرنىڭ بولماسلىقى ئىدى. بۇ دەۋردە، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى خۇددى تارغاقنىڭ چىشلىرىدەك تەڭ ـ باراۋەر بولۇپ، جىنس، رەڭ ھەتتا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى.

بۇ، پەلسەپۋي تېئورما ياكى يېزىپ قويۇلغان بىر پارچە ماقالە ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تىجارىي مەنە ۋە سىمۋوللۇق باراۋەرلىك ئەمەس، بەلكى چىن ئېتىقادتىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي مەنىدىكى باراۋەرلىك ئىدى. بۇ جەمئىيەتتە چوڭلار ھۆرمەتلىنىپ، كىچىكلەر ئىززەتلىنەتتى. كىم موھتاج بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېھتىياجى قامدىلاتتى.



www.munber.org

پۈتۈن جەمئىيەت (بارلىق ئەزالىرى بىلەن) بىر ــ بىرىگە يارەملىشىدىغان ۋە داۋاملىق ھەمكارلىشىدىغان چوڭ بىر ئائىلىگە ئوخشايتتى. خەلىپە بۇ جەمئىيەتتە پەقەت ھاكىمىيەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ياكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەمەس ئىدى. خەلىپە ئۆلۈغى، كىيىم - كېچەكلىرى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، تۇرالغۇ جايى ۋە شەخسىي ئىشلىرى ئېتىبارى بىلەن جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

شۇنداقلا، ئۆزى ياكى ئائىلىسىنى ئالاھىدە تەبىقە ساناپ، باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان مەنپەئەتلەرگە ئۆزلىرى ئېرىشەلەيدىغان ھەرقانداق بىر سۈپىتىمۇ يوق ئىدى. ئەكسىچە، خەلىپە جەمئىيەتنىڭ ئاددىي پۇقرالىرىدىن بىرى ئىدى.

خەلىپە ــ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى، ئىسلامغا بولغان ساداقىتى، ئېتىقادى ئۈچۈن، ئەمىر ۋە قوماندانلىق ئورنىغا يۈكسىلىپ ئۈممەتكە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ ئورۇنغا يەتكەن كىشىلەر ئىدى. خەلىپە ــ جەمئىيەتتىكى ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا ياشايتتى، كوچا ـ كويلاردا ئۇلار بىلەن بىللە كېزەتتى، بىرلىكتە بازار ـ رەستىلەرنى ئايلىناتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلىشاتتى. بەزىدە خەلىپىنىڭ ئۆيى ئاددىي پۇقرانىڭ ئۆيىدىنمۇ ئاددىي ـ ساددا بولاتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۆيى تار، پەنجىرىسى ئاز بولاتتى.

ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا ئارىلىشىپ كەتكەن چاغلىرىدا، كىشىلەرگە تەلىمات بېرەتتى، بەزىلىرىنى ئاگاھلاندۇراتتى، خەلقنىڭ شەرىئەت ئەھكامىغا قانچىلىك ئەتائەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرەتتى ۋە موھتاج كىشىلەرنى ئىزدەيتتى. بەزىدە كىشىلەر يولدىلا ئۇنىڭدىن مەلۇم بىر مەسىلىنى سورايتتى، ئۇمۇ شۇ يەردىلا جاۋاب بېرەتتى. يىغىلىشلارغا قېتىلاتتى، پىكىر ئالماشتۇراتتى. خەلقنىڭ ئېھتىياجلىرى، دۆلەت ۋە جىھاد مەسىلىلىرى ۋە ئۈرۈش سەپىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىدىن كەلگەن خەۋەرلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشەتتى.

خەلىپىلەر بەكمۇ كەمتەر ئىدى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قوشنىلىرىنىڭ قويلىرىنى ساغاتتى. كېچىلىرى پۇقرالارنىڭ ئارىسىدىكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، كونترول قىلىش، ئېھتىياجلىرىنى سوراش ۋە خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن (بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە) كوچىنى چارلايتتى. بولۇپمۇ، ئۇسامە ئىبنى زەيىد قوشۇنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە ئەسكىرىي كۈچ قالمىغانلىقتىن، شەھەرنىڭ چوڭ يول ۋە كوچىلىرىدا قاراۋۇلدەك ئايلىنىپ كۆزىتەتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ئىسلام قوشۇنى بىر تەرەپتىن مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن فەتھلەر ئېلىپ بېرىش

ئۇچۇن ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانىدى. مەدىنىدە ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇسسەيد ئىبنى ھۇدەير ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ ساھابىلەر قالغانىدى.

بۇلار (ھەيھات!) جىھادتىن قېچىش ياكى كەينىدە تۇرۇش ئۇچۇن قالمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىش، لازىم بولغاندا ئۆزلىرى بىلەن كېڭىشىش، شۇنداقلا مەدىنىنى قوغداش مەقسىدى بىلەن خەلىپە شەخسەن بۇيرۇق ۋە تەلەپ قىلىپ ئېلىپ قالغانىدى. دەرۋەقە، بۇ شەخسلەرنىڭ ھەر بىرى (بۇنىدىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك) مەدىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرىنى نازارەت قىلىغانىدى. ئەمما بۇ ۋەزىپە جەريانىدا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا مەدىنىنىڭ مەركىزىدىكى مەسچىتتە خەلىپە بىلەن بىرگە بولۇۋاتقان كىشىلەر بىلەن داۋاملىق تۇردە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى ۋە شۇ ئارقىلىق، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ھادىسىگە قارشى تەييار ھالەتتە تۇراتتى.

بۇ ھۆرمەتلىك ساھابىلەر شۇنچە ھۆرمەت ۋە مەۋقەگە ئىگە بولسىمۇ، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە تەرەپلىرى يوق ئىدى. خەلق ئارىسىدا شۇنچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسىمۇ، يەنىلا شۇلار بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ تاكى ئەڭ دەسلەپكى ئېغىر كۈنلەردىن ئېتىبارەن مۇسۇلمان بولۇشى، داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئورۇن ئېلىشى، الله يولىدا ئۇزۇن يىل جىھاد قىلىشى، ئىسلام ئۇچۇن ئەجىر - مېھنەت سىڭدۈرۈشى ۋە ئىسلامىي دەۋەت يولىدا ھەددى - ھېسابسىز پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىشى خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى ئىدى. ئۇنىدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەتلىشى ۋە پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئۇلار بىلەن كېڭەشكەنلىكى سەۋەبىدىن (ئۇلار) ئالاھىدە ئېمتىيازغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن مەھكىمىگە ئەرز - شىكايەت قىلالايتتى، ھەقلىرىنى ئۇلاردىن ئالالايتتى. ھەركىم ئۇلارغا خالىغان شەكىلدە جاۋاب بېرەلەيتتى. يەنى ئۇلارنىڭ ھېچكىمدىن ئالاھىدە ئېمتىيازى يوق ئىدى.

مۇجاھىدلارغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىكىدىن قوشۇنغا قېتىلىپ، جىھادقا چىقاتتى. ئۇ دەۋرلەردە ئەسكەرلىك رەسمىيىتى ياكى مەجبۇرىيي ھەربىي ۋەزىپىلەر يوق ئىدى. كىشىلەر يا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يېتىش ياكى الله يولىدا (ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى مەقسىدى بىلەن) زەپەر قۇچۇش ئۇچۇن جىھادقا چىقاتتى. ئۇلارنى جىھادقا تۈرتكە قىلغان بىردىنبىر ئامىل — ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئورۇنداپ، الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

www.munber.org

بۇ مۇجاھىدلار بىر تەن، بىر ۋۇجۇدقا ئوخشايتتى. ئىمان قېرىنداشلىقى مەنىسىدە ئۆز ئارىلىرىدا ھەقىقىي قېرىنداش ئىدى. مەيدانغا كەلگەن بىر قاتار ۋەقەلەردە ئۆز يېنىدىكى قېرىندىشىنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنىڭغا دالدا قىلاتتى، بىرى باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى شېھىت بولاتتى. بۇ، ئۇنىڭ مۇئمىن قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جانپىدالىق قىلىدىغانلىقى ۋە قېرىندىشىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەلا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

قوشۇندا ئەڭ ئاددىي ئەسكەردىن تا ئەڭ ئالىي قوماندانغىچە بارلىق ئەسكەرنىڭ تامىقى ئوخشاش ئىدى. كىيىملىرىمۇ بەك ئاددىي ۋە بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. بۇ جەھەتلەردە نۆكەر بىلەن باش قوماندانىنىڭ ئارىسىدا دەرىجىگە ئاساسەن پەرقى يوق ئىدى. ھەتتا تاماق تارقىتىلغان ۋاقىتتا، قوماندان ھەممە ئەسكەرگە ئوخشاش تاماق تارقىتىلغان - تارقىتىلمىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سوراپ تەكشۈرەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئوخشاش تاماقتىن، ئوخشاش مىقداردا يېگەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگۈچە، ئۆز تامىقىدىن بىر لوقمىمۇ يېمەيتتى. قوماندان بۈگۈن قوماندان بولسا، ئەتىسى ئاددىي نۆكەر سۈپىتىدە قوشۇنغا خىزمەت قىلاتتى. بۈگۈن، تېخى تۈنۈگۈن ئۆز ئەمرىدە بولغان ئەسكەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇناتتى ۋە بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە يات تۇيۇلمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، پەقەت ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش جەھەتتىنمۇ بۈگۈن قوماندان بولۇش بىلەن ئەتىسى ئاددىي نۆكەر بولۇشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

پەقەت بىر ئەسكەر قوماندانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەمرىدىكى باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ئىتائەت قىلىشى، ئۇرۇش پىلانىنى ئورۇنداش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىلىرى ئۆزگىرىپ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولىدۇ.

چېگرادا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ياكى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئائىلىلىرىدىن ئەسلا ئەنسىرىمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچىكىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. چۈنكى ئائىلىسىنى قوغدايدىغان، ئۇلارغا ئىگە بولىدىغان كۈچلۈك ۋە مەسئۇلىيەتچان بىر ئورگان بار ئىدى.

ئەسكەرنىڭ ئائىلىسىگە ئالدى بىلەن خەلىپە مەسئۇل بولاتتى. ئەسكەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، جىھاد قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامىي دەۋەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. پىيادىلەر ئۈچۈن ئايرىلغان غەنىمەت ئۇلارغا تەڭ مىقداردا تارقىتىپ بېرىلگەندەك، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئايرىلغان غەنىمەتمۇ ئۇلارغا تەڭ مىقداردا تارقىتىپ بېرىلەتتى. بىر مۇجاھىد بىر دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ

ئەسكەر شۇ دۈشمەننىڭ ئۈستىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بولاتتى.

ھەر قەبىلىنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ياكى ئۆز قەبىلە تۇغلىرى ئاستىدا قوشۇنغا قېتىلىشىنىڭ سەۋەبى تېخىمۇ كۆپ غەيرەت ـ جاسارەت كۆرسىتىش بولۇپ، باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قاينىمىغا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كىرىپ كېتەتتى. بولمىسا، مەرتىۋە جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. مەسىلەن، ئۇباد ئىبنى بۇشىر يەمامە جېڭى بولغان ۋاقىتتا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتا قالماسلىق ئۈچۈن ئەنسارلارغا توختىماي چاقىرىق قىلاتتى، جەڭ ئالدىدا ئۇلارنى غەيرەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا، شەھەر ۋە يېزا ـ چۆللەردە ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ياشانغانلاردىن باشقا ھەممەيلەن ئالدىنقى سەپكە قېتىلاتتى. بۇ تۈنجى مۇسۇلمان ئاۋام ئىچىدىكى بىر كىشى قولى قورال تۇتالايدىغانلا بولسا، ئۆزىنى ھەرگىز كۈچسىز ۋە ئاجىز ھېسابلىمايتتى. شۇڭا ئۇرۇشقا چاقىرىق قىلىنغان ھامان سەكسەن ياشتىن ھالقىغان قانچىلىغان بوۋايلار قولىغا قورالىنى ئېلىپ، ئالدىنقى سەپتە ياشلاردىن قېلىشماي، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغانىدى. چۈنكى جىھاد ھەربىر قەھرىماننىڭ ئەڭ مۇقەددەس غايىسى ئىدى. ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ھەمكارلىشاتتى. كىم بولسا بولسۇن، ئارىلىرىدىكى بىر كىشىگە خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا قارىغاندەك قارايتتى. بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇئامىلە ۋە ئېلىم ـ بېرىمدا بەكمۇ ئەستايىدىل بولاتتى، ھەرگىز بىر ـ بىرىنى ئالدىمايتتى، ساختىپەزلىك قىلمايتتى.

بۇ جەمئىيەتتە ھىيلە ـ مىكىر ۋە غەۋغا دېگەن ئىشلار يوق ئىدى. مادامىكى، ئىسلام شەرىئىتى بۇ خىل ئىشلارنى چەكلىگەنىكەن، ئۇنداقتا ھېچبىر تېمىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايتتى. شۇنداقلا، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئامالىنىڭ بارىچە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشقا تىرىشاتتى. ئارىلىرىدا گۇناھ، جىنايەت ياكى خىجىللىقتا قالىدىغان ئىشلار ھەرگىز يۈز بەرمەيتتى. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى ئەخلاقسىزلىقنى چەكلەپ، خاتا يوللاردىن قاتتىق توسۇيتتى.

ئىسلام شەرىئىتى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يولغا قويۇلغان بۇ مەزگىل ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ خىل ۋەقەلەر قول بىلەن سانىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئاز ئىدى.

ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلاتتى. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش بىر جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ئىدى. ئۇلار ئۇممەت موھتاج بولۇۋاتقان بەزى خىزمەتلەرنى

www.munber.org

بىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار بالىلىرىنى ئىسلام تەربىيىسى بىلەن چوڭ قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن تولدۇراتتى. توقاللىرى بىلەن ئۆز ئاچا - سىڭىللىرىدەك ئەپ ئۆتتى، قوشنىلىرىغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرىغا ئورتاق بولاتتى. ئۇلارغا مۇسىبەت يەتكەندە تەڭ كۆز يېشى تۆكسە، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا تەبەسسۇم بىلەن ئۇلارنى تېخىمۇ خۇش قىلاتتى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنى بەختىيار بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە چۈشكەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداشقا تىرىشاتتى.

# ھەزرىتى ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھاياتى

ھەزرىتى ئۆمەر بەنى ئادىي ئايمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، بەنى ئادىي ئايمىقى قۇرەيشنىڭ كىچىك بىر تارمىقى، يەنى بىر ئائىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۆمەرنىڭ دادىسى خەتتاب قوپاللىقى ۋە تاش يۈرەكلىكى بىلەن ھەممىگە تونۇلغانىدى. ئۇنىدىن باشقا، قۇرەيشكە تەۋە ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئوسمان ئىبنى ھۇۋەيرىس قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلىككە قارشى چىققان جىيەنى (ئىنىسىنىڭ ئوغلى) زەيد ئىبنى ئامىرغا قىلغان زۇلۇمى بىلەنمۇ نامى ئەتراپقا پۇر كەتكەنىدى.

بۇ ۋەقە مۇنداق باشلانغانىدى:

بىر كۈنى قۇرەيشلەر ئىبادەت قىلىش، قۇربانلىق سويۇش، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇتلىرىنىڭ ئالدىغا توپلانغانىدى. ئۇ كۈنى ھەريىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدىغان بايرام كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ بايرام ۋە مۇراسىمغا يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلىپ ئۆتكەن تۆت كىشى (يەنى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئوسمان ئىبنى ھۇۋەيرىس، زەيد ئىبنى ئامىر) قېتىلمىدى. ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ بىر - بىرىگە مۇنداق دېيىشتى:

”ھەممىڭلار بىلىپ تۇرۇپسىلەر، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم بولسۇنكى، شۇ مىللىتىمىز ئەسلىدە ھېچقانداق بىر دىنغا تەۋە ئەمەس، بۇ مىللەتنىڭ ھېچقانداق دىنى يوق. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىنى بۇزمىلاپ، ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بىز چوقۇنۇۋاتقان شۇ تاش پارچىلىرى زادى نېمە؟ ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىسا ياكى كۆرەلمىسە، بىزگە ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمىسە... بۇرادەرلەر! بىز بىرلىكتە ئۆزىمىزگە ھەقىقىي بىر دىن ئىزدەيلى. قەسەم قىلىمەنكى، بىزنىڭ ھېچبىر دىنىمىز يوق، ھازىر بىز دىنسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز!“

مانا بۇ يىغىلىشتىن كېيىن، بۇ تۆت كىشى يۇرت - يۇرت كېزىپ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ھەقىقىي تەۋھىد دىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. زەيىد ئىبنى ئامىرمۇ باشقا بۇرادەرلىرىگە ئوخشاش بۇ مەقسەد بىلەن مەككىدىن ئايرىلماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئايالى سافىيە بىنتى ھەزرەمى بۇ ئىشنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىغانىدى. زەيىد مەككىدىن چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئايالى دەرھال تاغىسى خەتتاب ئىبنى

www.munber.org

نەۋفەلگە خەۋەر بەرمەكچى، خەتتاب زەيىدنى توسۇۋالماقچى بولغانىدى. خەتتاب سافىيەنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۇنى: "زەيىد بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ھامان ماڭا تېزدىن خەۋەر بەرگىن!" دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. زەيىد بۇتپەرەسلىككە قارشى چىقىپلا قالماي، يەھۇدىيلىق ۋە خرىستىئانلىقنىمۇ ياقتۇرمايتتى. ئۇ پەقەت ئۆز خەلقىنىڭ دىنىنى تەرك ئېتىپ، بۇتقا چوقۇنۇش، لەش، قان ۋە بۇتلار ئۈچۈن ئاتالغان قۇربانلىقلارنى يېيىش قاتارلىق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقانىدى. شۇنداقلا، قىزلارنىڭ تىرىك كۆمۈۋېتىلىشىگە قارشى چىقاتتى. ئۇ ئۆز ئېتىقادى توغرۇلۇق: "مەن پەقەت ئىبراھىمنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇتقا چوقۇنغان خەلقى بىلەن زىتلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنىغا قارشى چىقتى. ئۇ ھەر پۇرسەتتە قۇرەيش خەلقىگە مۇنداق دەيتتى:

"ئى قۇرەيشلەر! شۇ زەيىدنىڭ جېنىنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قولىدا تۇتۇپ تۇرغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (مەندىن باشقا) ھېچقايسىڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ئەمەسسىلەر!" ئاندىن: "رەببىم! قانداق ئىبادەت قىلسام رازى بولىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، شۇ پېتى ئىبادەت قىلغان بولاتتىم. ئەمما مەن بىلمەيمەن" دەيتتى. ھەرقېتىم شۇنداق دېگەندىن كېيىن قوللىرىنى يەرگە قويۇپ الله قا سەجدە قىلاتتى. كەئبىگە ھەر كىرگىنىدە: "ئى الله! سېنىڭ ئەمىر - پەرمانىڭغا ھەرۋاقىت تەييارمەن. سەن ھەق ۋە ھەقىقەت سەن! پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن، ساڭىلا بويۇن ئېگىمەن، سېنى ھۆرمەتلەيمەن" دەيتتى.

خەتتاب بولسا، زەيىدكە زۇلۇم قىلاتتى. مىللىتىنىڭ دىنىنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلەيتتى، ئۆچمەنلىك قىلاتتى. مەككىدىن چىقىشىغا ھەردائىم توسقۇنلۇق قىلاتتى.

ئۇ زەيىدكە بەكمۇ قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلماي، تاش يۈرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆمەرمۇ دادىسىنىڭ بۇ خۇيىنى ئۇدۇم قىلىپ ئالدى. ئۇمۇ ھەردائىم زەيىدكە زۇلۇم قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھىجرەتتىن 42 يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەندە، ئۇ 29 ياشلىرىدا ئىدى. ۋەھيى كېلىپ، ئالتە يىلغىچە جاھىلىيەت ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى، يەنى ئۆمەر ۋەھيى كېلىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن ئىمان ئېيتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جاھىلىيەتتە 35 يىل، ئىسلامدا 30 يىل ياشىغان بولىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر جاھىلىيەتتە 35 يىل ياشىغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى ئورنى پەقەتلا ئۆسمىگەن، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق نام چىقىرالمىغانىدى. ئەگەر ئىسلام بولمىغان بولسا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نامى چىقمىغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان ۋە ئەسلەپمۇ قويمىغان بولاتتى. جاھىلىيەت

دەۋرىدە، ئۇ پەقەت قۇرەيشلەر بىلەن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەن چاغلاردا، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىرخىل ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى ـ خالاس! بۇمۇ پەقەت بىر شەكىلدىن ئىبارەت ئىدى. ئەسلىدە قۇرەيشلەر ئۇرۇشخۇمار خەلق ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەھرىمان ياكى جەڭگىۋار دېگەندەك نامىلىرى پەقەتلا يوق بولۇپ، ئۇلار شەھەرلەرگە جايلاشقان ۋە تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىدىغان بولغاچقا، ھەردائىم بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىقتا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھەممىدىن ئاۋۋال ماددىي مەنپەئەتلىرىنى ئويلىشىدىغان خەلق ئىدى.

ئۇلار ھەرەمدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا قۇرەيشنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورنى بار ئىدى. شۇڭا باشقا قەبىلىلەر قۇرەيشكە قارشى چىقمايتتى، ئۇلارغا بىھۆرمەتلىك قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ھۆرمەتلىگەن كىشىلەر كەئبىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچىلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ خاتىرىسى، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ياسالغان قۇرۇلۇش ــ كەئبىنى ھەر يىلى زىيارەت قىلاتتى، يەنى ھەج قىلاتتى. قۇرەيشلەر بولسا، كەلگەن زىيارەتچى قەبىلىلەرگە ساھىبخانلىق قىلاتتى، ئۇلارنى كۈتەتتى، سۇ ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغدايتتى.

قۇرەيشلەر بەنى قەنان بىلەن بىرلىشىپ بەنى قەيسكە قارشى جەڭ ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەر تېخى كىچىك بولۇپ ئۇچ ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى. بۇ، ھەزرىتى ئۆمەر ياشىغان جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيشلەر بىلەن باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدا چىققان ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا ئەلچىلىك دېگەندەك ئىشلارمۇ بەك كۆپ ئەمەس ئىدى. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، جەمئىيەتتە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھېچقانداق رولى يوق بولۇپ، بەك چوڭلاردىن ھېسابلانمايتتى. ئۇ مەنسۇپ بولغان ئائىلىنىڭ ئەزالىرىمۇ بەك ئاز ھەم خۇددى بەنى ئابدۇمەنناف، بەنى مەھزۇن، بەنى ئابدۇددار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئائىلىلەردىن ئىدى. شۇنداقلا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز ئائىلىسىنىڭمۇ مۆھىم ئەزاسى ھېسابلانمايتتى. چۈنكى، ھەزرىتى ئۆمەر ياشىغان جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۆلچەملىرى بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بۇ ئۆلچەملەر ئارقىلىق بەلگىلىنەتتى. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى مال ـ بايلىق ئىدى. ئەمما ئۆمەر ناھايىتى كاتتا بايلاردىن ھېسابلانمايتتى. ئۇندىن باشقا، كۈچلۈك بولۇشمۇ بۇ ئۆلچەملەردىن بىرى بولۇپ، كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن ئائىلىسى چوڭ، ئائىلە ئەزالىرى كۆپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەنى ئادىي ئائىلىسىنىڭ نوپۇسى بەكمۇ ئاز بولۇپ، ئۆمەرنىڭ بىر ئاكىسى ۋە بىرمۇنچە باللىرى



www.munber.org

بار ئىدى. ئەلچىلىك ئىشىغا كەلسەك، ئۇ پەقەت ئۆز ئائىلىسىگىلا ۋەكىللىك قىلالايتتى.

مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، زەيىد ئىبنى ئامىر خەتتاب ۋاپات بولدى. بەنى ئادىي ئائىلىسىنىڭ ۋەكىللىكى ۋە قۇرەيشنىڭ ئەلچىلىكى ئۇنىڭغا قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قورقماس ۋە قوپاللىقى بولۇپ، ئۇندىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى.

مەككىدە ئىسلام نۇرى پارلاشقا باشلىدى. ھەرخىل خەلق ئاممىسى ۋە قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر جامائەت ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆمەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى سەئد ئىبنى زەييىد ئىبنى ئامىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى خەتتاب بىنتى فاتىمە (ئۆمەرنىڭ سىڭلىسى) ئىدى. ئۇندىن باشقا، شۇ ئائىلىدىن نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە كىشىمۇ مۇسۇلمان بولغانىدى.

ئۆمەرگە كەلسەك، ئۇ مۇسۇلمان بولمىغاننى ئاز دەپ، بىر نەرسىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان قوپال ۋە نادان بىر ئادەم شۇ نەرسىگە چىڭ ئېسىلىۋالغاندەك، جاھىلىيەتنىڭ ئۆلچەم ـ ئېتىبارلىرىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرىۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۇ باشقا بىر نەرسىگە ئىشەنگىچە ياكى قايىل قىلىنغىچە ئۆزگەرمەيتتى ـ ئەلۋەتتە! شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئەسەبىي مۇئامىلىسى ۋە ئەخلاقى دادىسىدىن ئۇدۇم قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇندىن باشقا، ئۆزىگە تاغىسى ئەبۇجەھىلدىنمۇ ئىسلامغا دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈۋالغاچقا، ئىسلام ئۈچۈن چوڭ بىر توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى.

ئۆمەرنىڭ ئانىسى (ئەبۇ جەھىلنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسى) ھەنتەمە بىنتى ھىشام ئىدى. شۇڭا، ئانىسى ۋە تاغىسىدىن ئالغان ئەشەددىي ئىسلام دۈشمەنلىكى تەسىرىدە، ئۆز يېزنىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى سەئد ئىبنى زەييىد بىلەن ئۇنىڭ ئايالى (ئۆز سىڭلىسى) فاتىمەگە بەكمۇ قەبىھ ۋە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى، ئۆمەرگە ئۇقتۇرماي مۇسۇلمان بولغانىدى.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىككى، ئۈچ، تۆتتىن قىلىپ مەخپىي ھالدا بىر ئۆيگە يىغىپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي قائىدە ـ پرىنسىپلىرى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكۈچىلەرنى ئەۋەتەتتى. سەئد ئىبنى زەييىد ۋە ئۇنىڭ ئايالى فاتىمەنىڭ ئۆيىمۇ بۇ ئۆيلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنناھامۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلەتتى. ئۇلارغا خەبباب ئىبنى ئەرەت ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى.

ئۆمەر بۇ ئەھۋالنى بىلىپ بەكمۇ غەزەپلەندى. ئۇ قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ شۇنچە قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە بەكمۇ ئاچچىقلىناتتى ۋە قايغۇراتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلمىغان ساھابىلىرىدىن ھەمزە، ئەلى ۋە ئەبۇبەكرى قاتارلىقلار بىلەن پات ـ پات مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە سەفا يېقىنىدىكى بىر ئۆيدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەرنىڭ قېنى قىززىپ، دەرھال قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى ۋە ئۇلار ئۇچراشقان يەرگە قاراپ ئاتلاندى.

ئۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، قۇرەيشنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇۋاتقان بۇ سەۋەبنى (سەۋەبلىك كىشىلەرنى دېمەكچى) يوق قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. يولدا ھەقەمسايىسى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

بۇ كىشىمۇ ئۆمەرنىڭ يېزنىسى ۋە يۇرتدىشى بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇراتتى. نۇئەيم ئۇنىڭدىن:

"ھەي ئۆمەر! نەگە ماڭدىڭ؟" دەپ سورىدى. ئۆمەر:

"مۇھەممەدنى ئىزلەپ ماڭدىم. شۇ قۇرەيشنىڭ بىرلىكىن بۇزغان، دىنىنى تەرك ئەتكەن ۋە خەلقنىڭ ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلغان، ئىلاھلىرىغا كۇپۇرلۇق قىلغان ئادەم بارغۇ؟! مەن ئۇنى ئۆز قوللىرىم بىلەن ئۆلتۈرىمەن!" دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نۇئەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۆمەرنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن:

"ئى ئۆمەر! سەن ئۆز نەپسىڭگە يېڭىلىپسەن. سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىۋەتسەڭ، بەنى ئابدىمەنناف قەبىلىسى سېنى بوش قويۇپ بېرەمدۇ؟ ئۇنداق بولغانىكەن، ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئاۋۋال ئۆز ئائىلەڭنى باشقۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟" دېدى. ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

"قايسى ئائىلىنى دەيسەن؟" دەپ سورىدى. نۇئەيم:

"كىم بولاتتى؟ سىڭلىڭ بىلەن يېزنەڭ (سەئىد بىلەن فاتىمە). قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئىككىسىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، مۇھەممەدكە ئېتىلىپتۇ. سەن ئاۋۋال بېرىپ ئۇلارنى باشقۇرغىن!" دەپ جاۋاب بەردى.

نۇئەيم مۇنداق دەيدۇ:

"مەن ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن قورققانىدىم. ئەگەر راستىنلا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماقچى بولسا، سەئىد بىلەن

www.munber.org

فاتىمەگە قىلسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈيىقەستتىن قۇتۇلۇپ قالسۇن دەپ ئويلىدىم."

ئەلۋەتتە، نۇئەيم ئىسلامغا قارشى يامان نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۇيىقەستتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ مۇسۇلمان ئىدى. شۇنداقلا، بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار بىلەن يىغلىپ، بىرلىكتە ئىسلامنى ئۆگىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆمەرنىڭ ئەسەبىي بولۇش بىلەن بىرگە ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى ۋە بىرەرسى ئۇنى كۆشكۈرتمىگىچە ئۇنىڭ سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۆمەرنىڭ تەبىئىتىمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. دەرۋەقە، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېتىقادى ئۆزگەردى ۋە مۇسۇلمان بولدى (بۇ توغرىلىق كېيىنچە توختىلىپ ئۆتىمىز).

ئۆمەر قوپال بولۇش بىلەن بىرگە ناھايىتى ھېسسىياتچان ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئېغىز سۆز، غەزەپلەندۈرىدىغان بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بولمىسىلا، ناھايىتى مۇلايىملىشىپ كېتەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئىسلامغا شىددەت بىلەن قارشى چىقىپ، مۇئمىنلەرگە شۇنچە زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە ئۇلارغا قاراپ قاتتىق ئۆكۈنەتتى.

دەرۋەقە، ئىسلام مۇھاجىرلىرى ھەبەشىستانغا قاراپ ماڭغان ۋاقىتتا (بۇلارنىڭ ئىچىدە بەنى ئادىي ئائىلىسىنىڭ توختاملىق ئەزاسى ئامىر ئىبنى رابىئە ۋە ئايالى لەيلامۇ بار ئىدى) ئۆمەر بۇ ئائىلىگە يولۇقتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئۆمەر تېخى مۇشرىك ئىدى. ئۆيى ئىگىسى يول تەييارلىقى ئۈچۈن سىرتقا بىر نەرسە ئالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۆمەر ئامىرنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، غەمكىن بىر قىياپەتتە:

"ئى ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى! سىلەر راستىنلا كېتىشكە قارار بەردىڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئامىرنىڭ ئايالى لەيلا ئۇنىڭغا:

"شۇنداق! قەسەم قىلىمەنكى، بۇ دىياردىن كېتىمىز. الله نىڭ شۇ چەكسىز دۇنياسىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشىغىلى بولىدىغان بىر يەرگە كېتىمىز. چۈنكى، بىزگە ھەقىقەتەن بەك ئېغىر زۇلۇم قىلدىڭلار، بىزنى بەكمۇ ئەزدىڭلار. الله بىزگە بىر چىقىش يولى بەرگىچە بۇ يەرلەرگە قايتىپ كەلمەيمىز" دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

"الله سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن!" دېدى. لەيلا ئۇندىن بۇرۇن ئۆمەرنى بۇنداق غەمكىن ھالەتتە كۆرمىگەنىدى.

ئامىر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئايالى ئۇنىڭغا:

"ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! باياتىن ئۆمەر كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قانچىلىك پەرىشان بولغانلىقىنى بىر كۆرگەن بولساڭ" دېدى. ئامىر ئايالىدىن:

"سەن ئۇنى بىر كۈنى مۇسۇلمان بولىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ " دەپ سورىدى. لەيلا:

"ھەئە!" دېۋىدى، ئامىر:

"خەتتابنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولسا بولىدۇكى، سەن كۆرگەن ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولمايدۇ" دەپ ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان قوپال ۋە ئەسەبىي مۇئامىلىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى ئىپادىلىدى.[1]

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن تۆت ئايالغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياللىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

بىرىنچىسى، ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ سىڭلىسى زەينەپ بىنتى مەزئۇن: بۇ ئايال (ئاۋۋال ھۇنەيس ئىبنى ھەززاف ئەس سەھمىگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەگكەن) ھەفسە ئانىمىزنىڭ ئانىسى بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەردىن تۇغقان بۇ قىزدىن باشقا، ئابدۇرراھمان ئەل ئەكبەردىن (ھىجرەتتىن ئون يىل بۇرۇن) ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇلمۇ تۇغقانىدى.

ئىككىنچىسى، سەبىئە: ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايالدىن بالىلىق بولمىغان.

ئۈچىنچىسى، ئۇممۇ گۇلسۇم مەلىكە بىنتى ئەمر خۇزەي: بۇ ئايال قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ پالۋانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللاھنى تۇغقانىدى. ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە ۋاقتىدا، ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن (مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ مەجۇسىي خىزمەتچىسى) ئەبۇ لۇئلۇئەنى كۈشكۈرتكەنلىكى ۋە سۈيىقەستنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پىلانلىغانلىقى ئالغا سۈرۈلگەن ئىرانلىق ھۇرمۇزاننى ئەنە شۇ ئابدۇللاھ ئۆلتۈرگەنىدى. ئابدۇللاھ سەففىيىن جېڭىدا مۇئاۋىيەنىڭ سېپىدا تۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىگە قارشى جەڭ قىلدى ۋە ئۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، قەرىبە بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە مەھزۇمى: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇممۇ سەلەمەنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايالدىنمۇ بالىلىق بولمىغانىدى.[2]

* * *

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 85 ـ ۋە 86 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 3 ـ جىلد 118 ـ ، 120 ـ بەتلەر.

[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 59 ـ، 60 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 229 ـ بەت.

www.munber.org

ھەزرىتى ئۆمەر نۇئەيمدىن ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ راستىنلا مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تاغىسىنىڭ ئوغلى سەئىد ئىبنى زەيد بىلەن سىڭلىسى فاتىمەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا، خەبباب ئىبنى ئەرەتمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تاھا سۈرىسىدىن ئايەتلەر يېزىلغان بىر ۋاراق بار ئىدى. خەبباب بۇ ئايەتلەرنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېزنىسى ۋە سىڭلىسىغا ئۆگىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئىشىككە يېقىنلاپ كەلگەن ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان خەبباب، دەرھال ئىچكىرىكى ئۆيلەردىن بىرىگە كىرىپ يوشۇرۇندى. فاتىمە بولسا، قۇرئان ۋارىقىنى تىزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۆمەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما ئۇلار قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۆمەر ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۆمەر ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ:

”باياتىن بىرى كۇسۇلدىشىپ نېمە ئوقۇۋاتاتتىڭلار؟ ئېيتىڭلار!“ دەپ تەھدىت سالدى. ئۇلار:

”خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسەن. بىز ھېچنېمە ئوقۇمىدۇق“ دېيىشتى. ئەمما ئۆمەر:

”ياق! مەن ھەممىنى بىلدىم. سىلەر مۇھەممەدكە بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپسىلەر“دەپ چىلىق تۇردى ۋە يېزنىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى سىلكىشلەشكە باشلىدى. بۇ ئارىدا، ئېرىنى ئاكىسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان فاتىمەنىمۇ ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. ئەھۋال بۇ يەرگە كەلگەندە، يەنە تاقەت قىلىشقا چىدىمىغان يېزنىسى ۋە سىڭلىسى ۋارقىرىغان ھالدا:

”شۇنداق! بىز مۇسۇلمان بولدۇق، ﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتتۇق. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!“ دەپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ يۈزىنىڭ قانغا بويالغىنىنى كۆرۈپ سەل يۇمشىدى ۋە ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنگەن ھالدا سىڭلىسىغا قاراپ:

”بايا ئوقۇغان نەرسىنى ماڭا بەرگىنە!“ دەپ ئۆتۈندى. ئۆمەر ساۋاتلىق ئىدى. ئەمما سىڭلىسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

”ئۇنى يىرتىۋېتىشىڭدىن قورقىمەن“ دېدى. ئۆمەر بۇتلىرىغا قەسەم قىلغان ھالدا:

”قورقما! ساڭا ساق پېتى قايتۇرۇپ بېرىمەن“ دەپ ئۇنىڭغا كېپىللىك بەردى. ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان سىڭلىسى ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىدلىنىپ مۇنداق دېدى:

”ماڭا قارا ئاكا! سەن بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن ھازىر نىجىس، مەينەت ھالەتتە سەن. ھالبۇكى، قۇرئاننى پاك، پاكىز كىشىلەرلا تۇتالايدۇ“ دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر يۇيۇندى، ئاندىن سىڭلىسى ئۇنىڭغا ئۇ ۋاراقنى بەردى. ئۆمەر ئۇ ۋاراقتا يېزىلغان ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ: ”ۋاھ ـ ۋاھ! نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئۇلۇغ سۆزلەر بۇ؟!“ دەپ ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى يوشۇرۇنۇۋالغان يەردە تۇرۇپ ئاڭلىغان خەببابمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەملىنىپ، ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭغا:

”ئى ئۆمەر، ماڭا قارا! سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشىڭنى الله دىن ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى تۈنۈگۈن ئۇنىڭ: « ئى الله! ئىسلامنى ئەبۇل ھاكەم ئىبنى ھىشام ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئىككىسىنىڭ بىرسى) بىلەن كۈچلەندۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئى ئۆمەر! ئۇنداق قىلما، الله قا بويۇن ئەگكىن!“

بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان ئۆمەر:

”ئى خەبباب! ئۇنداقتا، مۇھەممەدنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن بېرىپ مۇسۇلمان بولاي!“ دېدى. بۇنىڭغا بەكمۇ سۆيۈنگەن خەبباب:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا يېنىدىكى پالانچى ئۆيدە قالغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە ساھابىلىرىمۇ بار“ دېدى. ئۆمەر قىلىچىنى ئېسىپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشىكنى قاقتى. ئۆي ئىچىگە ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىنىشى بىلەن ساھابىلەردىن بىرى ئىشىككە بېرىپ سىرتنى كۆزەتتى ۋە ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى يېنىغا ئاسقان ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھولۇققان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

” ئى رەسۇلۇللاھ! ئىشىك ئالدىدا ئۆمەر تۇرىدۇ. قىلىچىنى يېنىغا ئېسىۋاپتۇ“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەمزە:

”قويۇپ بەرگىن، كىرسۇن! ئەگەر نىيىتى ياخشى بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمىز. ئەگەر نىيىتى يامان بولسا، ئۇنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىمىز“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ:

”ئىشىكنى ئېچىڭلار، كىرسۇن!“ دەپ بۇيرىدى. ساھابە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆمەر ئىچىگە كىرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئۇنىڭ يەكتىكىنى سىقىملاپ تۇرۇپ، بىر سىلكىدى ۋە:

www.munber.org

”ئى ئىبنى خەتتاب! بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ ماڭا قارا! شۇ خۇيۇڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ، الله ساڭا چوڭ بالايىئاپەت بېرىدۇ“ دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۆمەر:

”ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە الله قا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله تىن چۈشكەن ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم“ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشاللىقىدىن تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى. تەكبىر ئاۋازىدىن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇققان ساھابىلەرمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

”مەن ئۆزەم ئىسلامدىن يىراق بولۇش بىلەنلا قالماي، باشقىلارنىمۇ يىراقلاشتۇراتتىم. ئۇندىن باشقا، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىچىملىك بىلەن بەكمۇ ئۆلپەتداش بولۇپ، ھەردائىم ئىچىپ تۇراتتىم. بىزنىڭ ھازۇرا دېگەن يەردە يىغىلىدىغاب بىر يېرىمىز بار ئىدى. قۇرەيشلىك ئۆلپەتلىرىم بىلەن ئۇ يەردىكى بەنى مەھزۇندىن ئامىر ئىبنى ئابىد ئىبنى ئومراننىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر يەردە يىغىلىپ ئىچىشەتتۇق ھەم كۆڭۈل ئاچاتتۇق. بىر كۈنى كەچتە ئادىتىم بويىچە ئۆلپەتلىرىم بىلەن تېپىشىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردىم، ئەمما ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ئەجىبا، پالانچىنىڭ مەيخانىسىغا بېرىپ باقايمۇ؟ ـ دەپ ئويلىدىم. مەككىدە بىر مەيپۇرۇش بار ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا بارسام، بەلكىم ئىچكىدەك بىر نەرسە تاپالارمەن دېگەن خىيال بىلەن شۇ يەرگە قاراپ ماڭدىم، ئەمما ئۇنىمۇ تاپالمىدىم. ئاندىن: كەئبىگە بېرىپ، يەتتە ياكى يەتمىش تۇرلۇك تاۋاپ قىلايمۇ؟ ـ دەپ ئويلاپ، كەئبىگە باردىم. كەئبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ تۇراتتىم، بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ نامازغا تۇرغان ۋاقىتتا، ئالدىنى شام تەرەپكە قىلاتتى. كەئبە شام بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا قالاتتى. ئۇ دائىم رۇكنۇل ئەسۋەد بىلەن رۇكنۇل يەمامەنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. لېكىن، مېنى تونۇۋالسىز كۆرۈپ قېلىپ، چۆچۈپ كەتمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن ھىجرى ئىسمائىل تەرەپتىن كەئبىنىڭ يوپۇقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھالدا ناھايىتى ئاستا مېڭىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بولۇپ، ئايەت ئوقۇۋاتاتتى. مېڭىپ ـ مېڭىپ دەل ئالدىغا كەلدىم. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىنلاشتىمكى، ئارىمىزدا كەئبە يوپۇقىدىن باشقا بىر نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ ئوقۇغان قۇرئاننى ئاڭلاپ قەلبىم شۇررىدە ئېرىپ، كۆزلىرىم نەملەشتى ۋە ئىچىمدە ئىسلامغا بولغان بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى تۈگەتكىچە ئورنۇمدىن قىمىرلىمىدىم. ئۇ نامىزىنى تۈگىتىپ كەئبىدىن چىقتى.

ئۇ ئۆيگە قايتىش يولىدا ئىبنى ئەبۇ ھۇسەيىننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. يول سەئيى قىلىنىدىغان يەر (ھاجىلار ھەرەم مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىدىغان ۋاجىب ئىبادەت سەئيى دەپ ئاتىلىدۇ ـ ت.) دىن چىققۇچە مۇشۇ پېتى داۋاملىشاتتى. ئاندىن ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن ئەزھەر ئىبنى ئابدى ئەۋفنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىن، ئۇندىن كېيىن، ئەل ئەھنەس ئىبنى شۇراقنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، يولنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئۆيىگە يېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى دارۇرراقتادا بولۇپ، ئۇ ئەتراپ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيانغا قارايتتى. مەن ئۇنى يول بويى كۆزىتىپ ماڭدىم. دەل ئاباس بىلەن ئىبنى ئەزھەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلدى. ئۇ ئۆزىگە بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرىگەندى. ماڭا ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە:

ـ بۇ ۋاقىتتا، بۇ يەرلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ ئى ئىبنى خەتتاب! ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ الله قا، پەيغەمبىرىگە ۋە الله تىن كەلگەن ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتماقچىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشاللىقىدىن الله قا ھەمدۇ سانا ئوقۇدى ۋە ماڭا:

ــ الله تائالا ساڭا ھىدايەت ئاتا قىلىپتۇ، ئى ئۆمەر! ـ دەپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، مۇبارەك قوللىرى بىلەن مەيدەمنى سىلىدى ۋە ماڭا دۇئا قىلدى. ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆيىگە كەتتى.“

يەنە ئاڭلىتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن: ”قۇرەيشلەر ئىچىدە كىم ئەڭ كۆپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدۇ؟“ دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا جەمىل ئىبنى مۇئەممەر ئەل جىمھىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى جەمىل، ماڭا قارا! مەن مۇسۇلمان بولدۇم ۋە مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردىم. سېنىڭ بۇندىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ. جەمىل جاۋاب بەرمەپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ كەينىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپتۇ ۋە ئۆزىگە سەل قارىماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. جەمىل بۇ ئىشنى خەلققە يېيىش ئۈچۈن سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۆمەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. جەمىل كەئبىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە: ”ئەي قۇرەيشلەر! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆز دىنىنى تەرك ئېتىپتۇ“ دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر خەلق ئاممىسىغا قاراپ: ”ياق! بۇ ئادەم يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ھېچقانداق دىنىم بولمىسا، قايسى دىنىنى تەرك ئېتىمەن؟ مەن پەقەت مۇسۇلمان بولدۇم“ دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغاندىن كېيىن:

www.munber.org

”شاھادەت ئېيتىمەنكى، الله تىن باشقا (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) ئىلاھ يوقتۇر. مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر“ دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خەلق غەليان چىقىرىپ، ھەزرىتى ئۆمەرگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ھەممىسى ئۇنى ئۇرۇپ يەنچىۋەتمەكچى بولغانىكەن. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئۇلارنى ئۇرۇپ، ئۆزىنى قوغداشقا تىرىشىپتۇ. مانا مۇشۇنداق، ئەتىگەن سەھەر ۋاقتىدىن تاكى كۈن تىكلەشكىچە تىركىشىپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. خەلق ئۇنىڭ بېشىغا يىغىلىپتۇ، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا قاراپ: ”ماڭا قاراڭلار! مېنى نېمە قىلماقچى بولساڭلار، شۇنى قىلىڭلار. ئەمما الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىز ئەڭ ئاز 300 كىشى بولغان بولساق، يا بىز سىلەرنى بۇ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىراتتۇق ياكى سىلەر بىزنى قوغلايتتىڭلار“ دەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئۇستىگە يەمەندە ئىشلەنگەن يەكتەك ۋە كەشتىلەنگەن تون كىيگەن، ياشانغان بىر قۇرەيشلىك كىشى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كىشى خەلق توپىغا يېقىنلىشىپ:

ــ نېمە بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئۆمەرنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇ ئادەم دىنىنى تەرك ئېتىپتۇ، ــ دېيىشىپتۇ. ئۇ كىشى:

ــ ھە، ئۇنىڭ تىلىنى باغلىماقچىمۇ سىلەر؟ بۇ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن بىر يول تاللاپتۇ. ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ سىلەر بەنى ئادىي ئائىلىسى بۇ كىشىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاشلاپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەزرىتى ئۆمەردىن ۋاز كېچىپ تارقىلىپ كېتىپتۇ.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ”قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار دادامنى خۇددى كېيىمدەك ئورىۋالغانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ گېپى بىلەن ئۇ كىيىم دادامنىڭ ئۇستىدىن سىرىلىپ چۈشكەندەك بولدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، بىر كۈنى دادامدىن:

ــ دادا، سەن مۇسۇلمان بولغان كۈن سېنى ئورىماقچى بولغانلارنى سەندىن يىراقلاشتۇرغان ئۇ كىشى كىم ئىدى؟ (الله ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن!) ــ دەپ سورىدىم. دادام:

ــ ئوغلۇم، ئۇ ئادەم ۋائىل ئىبنى ئاس ئىدى. ئەمما الله ئۇنىڭدىن رازى بولمىسۇن! ــ دېدى.[①]

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد 86 ـ 88 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 3 ـ جىلد 120 ـ 123 ـ بەتلەر.

”مەن مۇسۇلمان بولغان كۈن، مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنى راسا خاپا قىلىشنى ئويلىدىم. ئەقلىمگە ئەبۇ جەھىل كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ئۇ سىرتقا چىقتى ۋە ماڭا:

ــ خۇش كەلدىڭ جىيەنىم! نېمە بولدى؟ بىر ئىش بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ مەن مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ساڭا بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دەپ ئۇنى خاپا قىلماقچى بولدۇم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپلا ئىشىكنى يۈزۈمگە قارىتىپ جاڭگىدە يېپىۋېتىپ:

ــ ئېلىپ كەلگەن ئۇ خەۋىرىڭنى نەگە ئېلىپ بارساڭ بار! ـ دېدى.“

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيتتى:

”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر بىز كەئبىدە ھەرگىز ناماز ئوقۇيالمايتتۇق. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قۇرەيشلەر بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى كەئبىدە ناماز ئوقۇيالايدىغان بولدى. بىزمۇ ئۇنىڭ سايىسىدا كەئبىدە ناماز ئوقۇيدىغان بولدۇق. ھەزرىتى ئۆمەر ساھابىلەردىن بىر مۇنچىسى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانىدى.“

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يەنە مۇنداق دەيدۇ:

”ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خۇددى چوڭ بىر فەتىھ ئېلىپ بېرىلغاندەك ئىش بولدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى زەپەر، خەلىپە سايلىنىشى بولسا، رەھمەت ئىدى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، بىز كەئبىدە ناماز ئوقۇيالمايتتۇق. ئەمما ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قۇرەيشلەر بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. بىزمۇ ئۇنىڭ سايىسىدا كەئبىدە ناماز ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولدۇق.“

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

”ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۆلسەك ياكى ساق قالساقمۇ ھەق يولدا بولغان يەنىلا بىز ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

”ئەلۋەتتە! جېنىم قۇدرەت قولىدا بولغان الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئۆلسەڭلار ياكى ساق قالساڭلارمۇ توغرا يولدا بولغان پەقەتلا سىلەر بولىسىلەر“ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر:

”ئۇنداقتا، بىز نېمىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرىمىز؟“ دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ھۆرلۈكىنىڭ ئېلىنغانلىقىغا قارشى نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئاندىن:



www.munber.org

”سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئەھۋالدىن (مەخپىي ئىش قىلىشتىن) قۇتۇلۇپ چىقمىساڭ بولمايدۇ“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئىشنى ئاشكارىلاشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. چۈنكى، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەسىلىسى دەسلىپىدە تەربىيە ۋە ياردەمگە موھتاج كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. ئەمما بۇ بالا چوڭ بولۇپ، ئۆزى ماڭالىغۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت ۋە ئىبادەت ئىشلىرىنىڭ ئەمدى ئاشكارە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاندىن، ساھابىلىرىنى ئىككى سەپ قىلىپ تىزىپ، كەئبىگە قاراپ ماڭدى. بۇ سەپلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەر، يەنە بىرىدە ھەمزە بار ئىدى. ئۇ ئىككىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كۆرگەن مۇشرىكلار قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇلار ھېچقاچان مۇنداق (توپلاشقان ھالدا) ئەپسۇسلانمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرگە «فارۇق» ئۇنۋانىنى بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەرگە كەلسەك، قۇرەيشلەردىن ھېچكىم ئۇنى بوزەك قىلالمايتتى. ئەمما ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ يامان مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆمەر بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ قايغۇراتتى ۋە: «مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا قانداق كۈن كەلسە، مېنىڭ بېشىمغىمۇ شۇنداق كۈننىڭ كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، كۇپۇرلۇقنىڭ بېشى بولغان مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم قىزىرىشتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تەكرار - تەكرار خاتىرىلىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، پۇرسىتى كەلگەندە ئۇلارنى راسا دۇمبالاپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇلاردىكى ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە مۇشرىك چوڭلىرى بىلەن تەڭ تۇرالايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھېچقاچان مۇسۇلمانلار نائىل بولمىغان نېئمەتكە ۋە ئۇلاردا بولمىغان سالامەتلىككە ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلەر ئۇنىڭغا قارشى بىر سەپ بولدى. بىر كۈنى، ھەزرىتى ئۆمەر قۇرەيش چوڭلىرىدىن ئۇتبە ئىبنى رابىئەنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، بارمىقىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ، چىڭ بېسىشقا باشلىدى. بۇ ئاغرىققا چىدىمىغان ئۇتبە ۋار - ۋار قىراپ كەتتى. ئەتراپتا تۇرغان خەلق ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەلپازىدىن شۇنداق قورقۇپ كېتىشتىكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە يېقىنلاشقانلارنىڭ ئىچىدە خەلققە تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىم بولسا، شۇنى تۇتۇپ راسا دۇمبالىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق چىل بۆرىدەك تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان بېسىمى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئەمما ئىسلام دىنى مەدىنىدە تېز يېيىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا بولۇپ تەييارلىنىپ، مەككىنى خۇپىيانە تەرك ئەتتى. ھەزرىتى ئۆمەردىن باشقا مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق يوشۇرۇن ھالدا مەككىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئەلى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

"ئۆمەردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى مەككىدىن ناھايىتى مەخپىي چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۆمەر ھىجرەت قىلىشقا قارار بەرگەن ۋاقتىدا، قىلىچىنى يېنىغا ئېسىپ، ئوقياسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، بىر قولىدا ئوق، يەنە بىر قولىدا ھاسا تايىقىنى تۇتۇپ، ئۇدۇل كەئبىگە ماڭدى. بىر توپ قۇرەيشلىك كەئبىنىڭ ئەتراپىدا توپلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر ھېچقانداق ھولۇقماي بېرىپ، كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا قاراپ:

ـــ الله ھەممىڭنىڭ جازاسىنى بەرسۇن! سەن خەق يېقىندا كۆرگۈلۈڭنى كۆرۈشىسەن. ماڭا قاراش! ئاراڭلارغا كىم ئانىسىنى ئارقىسىدىن يىغلىتىشنى، بالىسىنى يېتىم قىلىپ، ئايالىنى تۇل قويۇشنى ئويلىسا، كېلىپ شۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىدا قارشىمغا چىقسۇن! ـ دېدى.

ئەمما قۇرەيشلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشى كېلىپ، ئۇنى ئۈزىتىپ قويىدى. يولدا ئۆمەر ئۇلارغا بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، پايدىلىق يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاندىن ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ كەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھىجرەت تەييارلىقىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رابىئە ۋە ھىشام ئىبنى ئاس ئىسىملىك ئىككى دوستىغىمۇ خەۋەر بەردى. ئۇلار بىللە ھىجرەت قىلماقچى بولغانىدى ۋە مەككىدىن ئون مىل يىراقلىقتىكى غىفار دىيارىدا ئۆزلىرى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا كۆرۈشمەكچى بولۇشتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كېلەلمىگەننى ساقلىماي، قالغانلار مەدىنىگە مېڭىۋېرەتتى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ئەيياش دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. ئەمما ھىشام مەككىدىكى مۇشرىكلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، دىنىدىن مەجبۇرىي ياندۇرۇلدى. ئۇلار يولغا چىقىپ، مەدىنىگە يېقىن قۇبە يېزىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە رىفائە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇردى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تاغىلىرى بىلەن ئەيياشنىڭ تاغىسىنىڭ بالىلىرى بولغان ئەبۇجەھىل ۋە ئىنىسى ھارىس قاتارلىقلار ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش مەقسىتىدە كەينىدىن ئىز قوغلاپ،



www.munber.org

قۇبەگىچە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشنى خالىمىدى. ئەمما ئەيياشنى يانلىرىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «ئاناڭ سېنى كۆرمىگىچە ئۆزىنى كۈننىڭ تەپتىدىن دالدىغا ئالمايدىغانلىقىغا ۋە چېچىنى تارىمايدىغانلىقىغا قەسەم قىپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەيياش ئۆمەرنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالدى. ھەزرىتى ئۆمەر: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ سېنى دىنىدىن ياندۇرۇشتىن باشقا نىيىتى يوق. شۇڭا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلە ۋە ئۇلار بىلەن قايتىمەن دەپ ئويلاشما! يەنە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئاناڭ ئىسسىپ كەتسىلا، قەسىمىنى بۇزۇپ سايىدا ئولتۇرىدۇ. بېشىغا بىر تال پىت چۈشكەن ھامان، قولىغا دەرھال سۈزگۈچنى ئېلىپ سۈزىدۇ، ئاندىن چېچىنى مايلايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى.

ئەمما ئەيياشنىڭ كۆڭلى قايتىشقا مايىل بولۇپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ قايتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە باھانىلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ مەككىدە خېلى كۆپ مېلىم قالدى. مەن بېرىپ ئۇلارنى يىغىپ كەلسەم، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسى بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن. بۇ جەرياندا ئانامنىڭ قەسىمىنىمۇ ئورۇندىغان بولىمەن» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا: «سەن مېنىڭ قۇرەيشلەر ئارىسىدىكى بايلاردىن ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن. مەن مېلىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا ئاتىۋېتەي. سۆزۈمگە قۇلاق سال، ھەرگىز قايتما!» دېدى.

ئەمما ئەيياشقا نەسىھەت كار قىلمىدى. ئۇ قايتىشقا قەتئىي نىيەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر: « بوپتۇ، سەن قايتىشقا نىيەت باغلىغان بولساڭ، باشقا ئامال يوق. ئەڭ بولمىغاندا، مۇنۇ تۆگەمنى ئېلىپ ماڭ. ئۆزى نەسىللىك ۋە يۇۋاش بىر تۆگە. ئەگەر يولدا بۇ ئادەملەردىن چاتاق چىقسا، بۇ تۆگە بىلەن قېچىپ، جېنىڭنى قۇتۇلدۇرارسەن» دېدى.

دەرۋەقە، مەككىگە قايتىپ (40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى) دەژنان دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئەبۇجەھىل: «جېيەنىم! مېنىڭ تۆگەم بەكمۇ ھېرىپ كەتتى. خاپا بولمىساڭ، سېنىڭ تۆگەڭگە بىردەم مىنگەن بولسام» دەپ بىر باھانە ئويدۇرۇپ چىقتى. ئەيياش: « ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپ تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگەر ـ تەگمەي مۇشرىكلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى باغلىدى ۋە مەككىگە ئېلىپ كېلىپ: «ئى مەككە خەلقى! بۇ پەسكەش ئادىمىڭلارنى ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار!» دەپ جار سالدى. ئۇلار ئەيياشنى زىندانغا تاشلىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئائىلىسى، ئىنىسى زەييىد، تاغىسىنىڭ ئوغلى سەئىد ئىبنى زەييىد، كۈيئوغلى ھۇنەيس ئىبنى ھۇزافە ۋە ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان ۋاقىد ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىقلار يېتىپ كەلگىچە رىفەئە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇردى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىللە مەدىنىگە قاراپ

يولغا چىقتى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كاللىسى ھەردائىم ئۇ ئىككى دوستىنىڭ ئاقىۋىتىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشىنى تىلەپ يۈردى. كېيىنكى مەزگىللەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئىنىسى ۋەلىد ئىبنى ئەل ۋەلىدنى ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇ بىر يولىنى تېپىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، مەدىنىگە قايتۇرۇپ كەلدى.“

ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا مەسلىھەت سورايدىغان چوڭ ساھابىلەردىن بىرى ئىدى. بەزىدە كەلگەن ۋەھىيلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالاتتى. ئۇ، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىكى چوڭلۇق دەرىجىسىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كېيىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولۇپ، بۇ قەھرىمانلىق مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسى بىلەن ئەتراپقا تونۇلدى. ئۇمۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغدايتتى ۋە ئۆز جېنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قالقان قىلاتتى. دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرلىرىنى تولۇقى بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى. ھېچقاچان بىر مەسىلىنى ئۆز كۆز قارىشى ياكى ئىدىيىسى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىنى ھەر دائىم ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباسنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ئۇ قەدەر سۆيۈندىكى، ئەگەر ئۆزىنىڭ دادىسى خەتتاب مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنچىلىك سۆيۈنمىگەن بولاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەگەر خەتتاب مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئابباسنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىغا خۇش بولغاندەك خۇش بولمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى تىجارەت كارۋىنىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بەدرىگە باردى، كارۋان بالدۇر ئۆتۈپ كېتىپ، قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما مۇسۇلمانلار كارۋاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەنسارلاردىن مەسلىھەت ئالماقچى بولدى. سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە مىقداد ئىبنى ئامىرلار نۆۋەت بىلەن سۆز قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي: ”ئى مۇسۇلمانلار! ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار!“ دەپ ساھابىلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى.

شۇ ئەسنادا، سەئد ئىبنى مۇئاز سۆز ئېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! قارىغاندا سەن بىزدىن پىكىر ئالماقچى بولۇۋاتقان ئوخشىمامسەن؟“ دەپ، پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا، ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ پىكىر بايان قىلالايدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب تاپماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”شۇنداق! مەن سىلەرنىڭ پىكىرلىرىڭلار بويىچە ئىش قىلماقچىمەن“ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مىقداد جاسارەتلىنىپ جايىدا گەپ قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ﷲ تائالا يۈز بېرىشىنى تەقدىر قىلغان بەدرى جېڭى باشلاندى. ھەقنى ۋە ھەقلىق بولغانلارنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇڭا بولسا كېرەك، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدىغان تىجارەت كارۋىنى بىلەن ئۇچراشتۇرمىغانىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كاپىرلارنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار زەپەر قازاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغاننىڭ ئۈستىگە، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىنمۇ بۇنداق بىر جەڭگە تەييارلىقسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىجارەت كارۋىنىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوراللىرى ئاز، ئۇلاغلىرى يوق دېيەرلىك، كىيىم - كېچەك ۋە ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىمۇ بەك ناچار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا مەككە قوشۇنى قورەيشنىڭ چوڭلىرى ۋە كاتتىباشلىرىدىن 70 ئۆلۈك، 70 كە يېقىن ئەسىر تاشلاپ مەككىگە قايتتى.

بۇ، ئىسلام بىلەن كۇپرىلىق ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى جەڭ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ئۈچۈن ئالغان تۇنجى قەدىمىدىلا ئىرق ۋە قان مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد ۋە ئىمان مۇناسىۋىتىنىڭلا ئىنسانلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا بىرلەشتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرگىنى مانا بۇ ئۇلۇغ كۈچ ئىدى. (قارشىسىدىكى قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ) ھەرقانداق شەرت - شارائىت ئاستىدا كۈپۈر ئەھلى، مۇشرىكلار بىلەن ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە قىلچە پىسەنت قىلمىغان ھالدا بۇ جەڭدە تاغىسى ئەل ئاس ئىبنى ھىشامنى ئۆلتۈردى. ئۇ، بۇ پرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزى قىلغان بۇ ئىشتىن ھەردائىم پەخىرلىنىپ يۈردى. ئۇ بىر قېتىم سەئىد ئىبنى ئەل ئاسنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە تەتۈر قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە: «ماڭا خاپا بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىۋاتىسەن. بەلكىم، دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ خاپا بولۇپ يۈرگەنسەن. ئەگەر داداڭنى مەن ئۆلتۈرگەن بولسام، سەندىن ھەرگىز كەچۈرۈم سورىمىغان بولاتتىم. ئەسلىدە مەن داداڭ بىلەن ئىسمىداش بولغان (تاغام) ئاس

ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرەنى ئۆلتۈردۈم. داداڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز كېلىپ قالغىنىمدا ئۇ خۇددى ئۆكۈزدەك ئەتراپنى توپا - چاڭغا كۆمۈۋەتكەنىدى. مەن يۆنىلىشىمنى ئۆزگەرتتىم. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ (يەنى داداڭنىڭ) تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۆلتۈرىۋەتتى» دېدى.

بەدرى جېڭى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلاردىن ئەسىر ئالغان 70 كىشىنى ئالدىغا سېلىپ، مەدىنىگە قايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس، تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۇقەيل (ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى) قاتارلىقلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىلىق يەنە ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سوراشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قاتارلىقلار بۇ ساھابىلەردىن بىر قانچىسى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! بۇلار بىزنىڭ تاغىلىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، يېقىنلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز. مەنچە بۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى. بەلكىم بۇلاردىن ئالىدىغان مال بىلەن خېلى كۈچلىنىپ قالارمىز. ئەگەر اللہ بۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلىپ قالسا، تېخىمۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشكەن بولىمىز“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئەي ئىبنى خەتتاب! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟“ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر: ”ياق! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ پىكرىم ئەبۇبەكرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەنچە بولغاندا، سەن ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن بېرىپ شۇ تۇغقىنىمنىڭ بوينىنى چاپاي! ئاندىن ھەمزىگە رۇخسەت قىلغىن، ئۇ بېرىپ ئابباسنىڭ بوينىنى چاپسۇن! ئاندىن ئەلىگە رۇخسەت قىلغىن، ئۇمۇ قېرىندىشى ئۇقەيلنىڭ بوينىنى چاپسۇن! مۇشۇ ئارقىلىق كۆڭلىمىزدە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن قىلچە مېھىر - مۇھەببەت ۋە مايىللىقنىڭ يوقلۇقىنى خەلقى ئالەم بىلسۇن!“ دېدى. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لام - جىم دېمەي بىردەم ئولتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىپ چىقىپ: ”اللہ تائالا بۇ كېڭەشتە ئولتۇرغان بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق يۇمشاق قىلغانكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى پاختىدىنمۇ بەكرەك يۇمشاپ كېتىدۇ. ۋە بەزىلىرىنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق قاتتىق قىلغانكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تاشتىنمۇ بەكرەك قېتىپ كېتىدۇ. ئى ئەبۇبەكرى! سەن بىر قاراشتا ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئوخشاپ كېتىسەن. چۈنكى ئۇ: «كىم ماڭا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ بىر پارچەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىم ماڭا قارشى چىقسا، اللہ ئۇنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» دەيتتى. يەنە بىر قاراشتا سەن ھەزرىتى ئىساغا ئوخشايسەن. چۈنكى ئۇ: « ئەگەر ماڭا قارشى چىققانلارنى جازالىساڭ، مۇھەققەقكى، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارنى

www.munber.org

كەچۈرسەڭ، سەن يەنىلا ھەممىدىن ئۇلۇغ، چەكسىز ھېكمەت ئىگىسىسەن» دەيتتى. ئى ئۆمەر! ساڭا كەلسەك، سەن ھەزرىتى نۇھقا ئوخشايسەن. چۈنكى ئۇ: ﴿پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ﴾[1] دەپ يالۋۇرغانىدى. سەن يەنە فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەربابلىرىغا: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، چۈنكى ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2] دەپ بەددۇئا قىلغان ھەزرىتى مۇساغا ئوخشايسەن.“ بۇ ئوخشىتىشلاردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ”سىلەر پېقىرسىلەر (ئىقتىسادىي كۆچكە ئېھتىياجىڭلار بار). شۇڭا ئەسىرلەرنى چەك تۇتۇڭلار. يا ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار ياكى بوينىنى چېپىپ تاشلاڭلار!“

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئەبۇبەكرى بىلەن ئىككىسى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىگە يىغلايسىلەر؟ ئەگەر يىغلىيالىسام، مەنمۇ سىلەر بىلەن تەڭ يىغلاي. ئەگەر يىغلىيالمىسام، يىغلاشقا تىرىشاي،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىزنى يىغلاتقان نەرسە تۇنۇگۇن ھەمراھلىرىڭلارنىڭ ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدە بەرگەن مەسلىھەتىدۇر. چۈنكى، بۇ سەۋەب بىلەن سىلەرگە كېلىدىغان جازاغا ئاۋۇ يەردە تۇرغان دەرەختىنمۇ يېقىن بىر ئارىلىق قالدى، ـ دېدى. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرغانىدى: ﴿پەيغەمبەرگە دۈشمەننى كۆپ ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، اللە سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللە نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.﴾[3].

[1] سۈرە نۇھ، 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە يۇنۇس، 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ۋە 68 ـ ئايەتلەر.

ئۇندىن كېيىن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە ( سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىهادقا ئەمر قىلدى)، الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.﴾[1]

ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ناتىقى سۇھەيل ئىبنى ئامىرمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن! مەن سۇھەيلىنىڭ 32 چىشىنى تۆكۈپ، بۇندىن كېيىن ساڭا قارشى نۇتۇق سۆزلىيەلمەس قىلىۋېتەي. ئۇ ئەمدى نەگە بارسا، تىلىنى چايناپ يۈرسۇن،ـ دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق! مەن ھېچكىمنىڭ ۋۇجۇدىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. گەرچە پەيغەمبەر بولساممۇ، بۇ ئىش تۈپەيلىدىن الله تائالامۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا زەخمەت يەتكۈزىدۇ،ـ دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. ئاندىن:

ــ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرىسەن! ـ دەپ مۆجىزە خاراكتېرلىك سۆز قىلدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر گۇرۇھ مەككە مۇسۇلمانلىرى مۇرتەد بولۇش ئۈچۈن نىيىتىنى بۇزدى. ئۇلار شۇنداق داۋراڭ سېلىشقا باشلىدىكى، مەككە ۋالىيسى ئەتتاب ئىبنى ئۇسەييدمۇ ئۇلاردىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە، سۇھەيل ئىبنى ئامىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، الله قا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان بولسا، ئۇنداقتا، ئىسلام تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، كىم ئەقلىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بولسا، دەرھال كاللىسىنى ئالىمىز!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق قايتىدىن تۆۋبە ئىستىغفار ئېيتىشىپ، بېسىقىپ قالدى.

بەدرى ئەسىرلىرى ئارىسىدا ۋەھب ئىبنى ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئەل جىمەھىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئۇمەير ئىبنى ۋەھب قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ قۇترانقۇلىرىدىن ۋە

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 4 ـ ئايەت.

www.munber.org

زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرگە كۆپ زۇلۇم قىلغانلاردىن بىرى ئىدى. بىركۈنى، ئۇمەير ئىبنى ۋەھب بىلەن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلار ھەققىدە پاراڭلاشتى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەمۇ بەدرى ھازىدارلىرىدىن بىرى بولۇپ، جەڭدە دادىسى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ۋە باشقا يېقىنلىرى ئۆلگەنىدى. سەفۋان:

— قەسەم قىلىمەنكى، شۇنچە ئىشتىن كېيىن بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، - دېدى. ئۇمەير بولسا:

— توغرا ئېيتىسەن. مەنمۇ ﷲ قا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بوينۇمدىكى قەرزلىرىم ۋە مەندىن كېيىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان بالا - چاقىلىرىم بولمىغان بولسا، بېرىپ مۇھەممەدنىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن بولاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئوغلۇممۇ ئۇلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سەفۋان پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭغا:

- قەرزىڭ ماڭا ئائىت، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن تۆلەۋېتىمەن. بالا - چاقىلىرىڭمۇ مېنىڭكىلەر بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئۇلار ھاياتتا بولسىلا، مەن ئۇلارنى باقىمەن. ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېرىشكە قۇربىم يېتىدۇ، - دېدى. ئۇمەير:

- بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن! - دەپ ئاگاھلاندۇردى. سەفۋانمۇ:

- خاتىرجەم بولغىن، ھېچكىم ئۇقمايدۇ، - دەپ ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى.

ئۇمەير مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەسنادا، ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنىدىكى مەسجىدكە يېقىن بىر يەردە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ﷲ نىڭ بەدرى جېڭىدا مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق ۋە ئېھسان ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ئۇمەيرنىڭ قىلىچىنى ئاسقان ھالدا تۆگىسىنى مەسجىد ئالدىدا چۆكتۈرۈپ، يەرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى ئەتراپىدا تۇرغانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: « ئاۋۇ ئىت، ﷲ نىڭ دۈشمىنى ئۇمەيرغۇ؟ ئۇ چوقۇم بىر يامان نىيەت بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. مەككىلىكلەر بىلەن بىزنى كۈشكۈرتۈپ بەدرى ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەم دەل مۇشۇ شۇ» دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، دەرھال مەسجىدكە كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ ﷲ نىڭ دۈشمىنى ئۇمەير ئىبنى ۋەھب قىلىچىنى ئېسىپ مەسجىدنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، - دەپ خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— قېنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى قىلىچىنىڭ تاسمىسى بىلەن باغلىغاندىن كېيىن، بىرەر پىشكەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بىر توپ ئەنسار بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئالدىغا ئىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

ـ ئۇ يېشىۋېتىڭلار! ـ دەپ ئەمر قىلدى. ئاندىن ئۇمەيرگە قاراپ:

ـ قېنى بېرى كەل! ـ دېدى. ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يېقىنلاشقاچ:

ـ ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـــ ئى ئۇمەير! الله بىزگە سېنىڭ سالىمىڭدىنمۇ خەيرلىكرەكىنى نېسىپ قىلدى. بىزنىڭكىسى جەننەتنىڭ سالامىدۇر، ـ دېدى. ئەمما ئۇمەير ئۆزىنى ئاقلاپ:

ـ ئى مۇھەممەد! مەن بۇ سالامنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ يەرگە نېمە مەقسەد بىلەن كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئەسىر چۈشكەن ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم. ماڭا بۇ ھەقتە بىر ياخشىلىق قىلغان بولساڭلار! ـ دەپ بويۇن ئېگىشكە باشلىدى. ئەمما بۇ گەپكە ئىشەنمىگەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، ئۇستۇڭدىكى بۇ قىلىچ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇمەير:

ـــ الله بۇنداق قىلىچنىڭ بالاسىنى بەرسۇن! يا بىر ئىشقا يارىمىسا بۇ؟ ـ دەپ كىنايىلىك ۋە مەيۈسلۈك جاۋاب بېرىشكە تىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ قېتىم جىددي قىياپەتتە:

ـ راست گەپ قىل! ـ دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇ:

ـ بۇندىن باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كەلمىدىم، ـ دەپ چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۆجىزە خاراكتېرلىك گەپ قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـــ ياق! ئەكسىچە، سەن سەفۋان بىلەن ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بەدرى جېڭىدا ئۆلگەنلەرنى ئەسلىدىڭلار. سەن: « خەپ شۇ قەرزىم ۋە بالا ـ چاقام بولمىغان بولسا، بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم» دېدىڭ. ئاندىن سەفۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، سەفۋان سېنىڭ قەرزىڭنى ۋە ئائىلەڭنى ئۆز ئۇستىگە ئالىدىغان بولدى. ئەمما شۇنى بىلىپ قويغىنكى، الله تائالا سەن بىلەن بۇ مەقسىدىڭ ئارىسىدا سەن ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان ئەڭ چوڭ توسالغۇدۇر!»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئۇمەير:

ـ شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن الله نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى سەن. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆز ۋاقتىدا ئاسماندىن چۈشكەن بۇ خەيرلىك خەۋەرلەرنى بىزگە دەپ بەرسەڭ، بىز



www.munber.org

سىنى يالغانچىغا چىقىرىپ، ۋەھيىلەرنى ئىنكار قىلغانىدۇق. سەن ھازىر دېگەن گەپلەرنى مەن سەفۋان بىلەن ھېچكىم يوق يەردە ئولتۇرۇپ دېيىشكەنىدۇق. الله قا قەسەم قىلىمەنكى، بۇلارنى ساڭا الله تىن باشقا بىرى خەۋەر قىلغان ئەمەس. مېنى بۇنچە يول ماڭدۇرۇپ ھىدايەتكە ۋە ئىسلامغا ئېرىشتۈرگەن الله قا ھەمدۇسانا بولسۇن! - دەپ شاھادەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولدى.

بەدرى جېڭى بولۇپ، بىر يىل ئۆتمەيلا ئوھۇد جېڭى يۈز بەردى. ئوھۇد جېڭىدا مۇسۇلمانلار ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ جەڭدىمۇ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى قاتتىق قوغدىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەككىلىك مۇشرىك قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەبۇسۇفيان ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ئۈچ قېتىم:

— مۇھەممەد ئارائىلاردا بارمۇ؟ ئۇ تىرىكمۇ؟ - دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار! — دېدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ قېتىم:

— ئەبۇبەكرى تىرىكمۇ؟ - دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ يەنە:

- ئىبنى خەتتاب (ئۆمەر) تىرىكمۇ؟ - دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى. يەنە ھېچقانداق جاۋاب كەلمىگەندىن كېيىن:

- ھەي ئەسكەرلىرىم! مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئۈچ رەھبىرىنى ئۆلتۈرۈپسىلەر، - دەپ مۇسۇلمانلارنى ئازارلاشقا ۋە كۆرەڭلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا چىداپ تۇرالمىغان ھەزرىتى ئۆمەر:

— ھەي الله نىڭ دۈشمىنى! سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن. ھېچقايسىمىز ئۆلمىدۇق، بىر كۈنى سېنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىۋېتىمىز! - دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيان:

- بۈگۈن بەدرى جېڭىنىڭ ئۆچى بولسۇن! ئارىمىزدىكى ئۇرۇش توختاپ قالمايدۇ. ئەي ھۇبەل! تېخىمۇ ئۇلۇغ بول! - دەپ قۇرۇقتىن قۇرۇق تەھدىت سېلىشقا ئۆرۈندى. بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەبلەنگەن ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله نىڭ بۇ دۈشمىنىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانسەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەنمۇ: "الله ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغدۇر" دېگىن! — دېدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان:

ـ ئى ئۆمەر! بېرى كەلگىنە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ بېرىپ باققىن! نېمە دەيدىكىن؟ ـ دېدى. ئۆمەر يېقىنلاپ بېرىۋېدى، ئەبۇسۇفيان:

ــ خۇدا ھەققىدە جاۋاب بەر! بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈرمىدۇقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر:

ــ الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئۆلمىدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىدىن گۇمانلانمىغان ئەبۇ سۇفيان ئاخىردا:

ـ ئەلۋەتتە! سەن ئىبنى قەمئەدىنمۇ راست گەپ قىلىسەن، ـ دەپ ئۆزىگە: « مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم» دېگەن كىشىنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىغا ئىشەندى.

يەنە بىر جەڭ باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنى جازالاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ سەپەرگە چىقتى. بۇ قەبىلىنىڭ ئايماقلىرى تېخى ئۇرۇش تەييارلىقىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، مۇرەيسىغ دېگەن يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېڭىپ، ھەممىسىنى دېگۈدەك ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋا، بالا ـ چاقىلىرىنى بىر يەرگە توپلىدى. ئەمما مەدىنىگە قايتىش ئالدىدا، قوشۇن سېپى ئارىسىدىكى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بەنى غىفار قەبىلىسىگە مەنسۇپ مائاشلىق مەدىكارى جەھجەھ بىلەن ئەنسارلاردىن جۇھەينە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان سىنان ئىسىملىك بىرىنىڭ ئارىسىدا سۇ تالىشىپ جېدەل چىقتى. سىنان ئەنسارلارنى، جەھجەھ بولسا مۇھاجىرلارنى ياردەمگە چاقىردى. مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ جېدەلدىن خەۋەر تاپتى. ئىبنى ئۇبەي ئۇ پەيتتە خەزرەجلىكلەردىن بىر توپ كىشى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا زەيىد ئىبنى ئەرقام ئىسىملىك ياش بىر يىگىتمۇ بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: « دېمەك، شۇنداق قىلىشتى ـ ھە! بىزنىڭ دىيارىمىزدا بىزگە قارشى بىر ـ بىرىنى قوللاپ، بىر ـ بىرىگە بولۇشۇۋاتىدۇ، ـ شۇنداقمۇ؟ الله قا قەسەم قىلىمەنكى، بىز بىلەن قۇرەيشلىك كەلگۈندىلەر ئارىسىدىكى ئەھۋال بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەسلىكى لازىم ئىدى. ئەپسۇس، ئادەم بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دېگەندەك ئىش بولدى ـ دە، بۇ. ئەمما مەدىنىگە بىر قايتايلى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى قانداق قوغلايدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىدۇ!» دېدى. ئاندىن ئەتراپىغا توپلانغان قەبىلە كىشىلىرىگە قاراپ: « ماڭا قاراڭلار! بۇلارنى سىلەر ئۆزەڭلار مۇشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويدۇڭلار. ئۇلارنى ئېلىپ يۇرتۇڭلارغا ئورۇنلاشتۇردۇڭلار، مال ـ مۈلكۈڭلارنى بۆلۈشتۈڭلار. ئەگەر

www.munber.org

قولۇڭلارنى سەل چىڭ تۇتۇپ، بۇنچىۋالا سىخىيلىق قىلمىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئۇلار بارىدىغان باشقا يەر تاپقان بولاتتى» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ كاللا قايمۇقتۇرۇپ، قۇتراتقۇلۇققا سەۋەب بولىدىغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ياش يىگىت (زەييىد ئىبنى ئەركام) دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە دېيىلگەن گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئۆمەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ گەپلەرگە شۇنداق غەزەپلەندىكى: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئابباد ئىبنى بۇشرەگە بۇيرۇق قىلغىن! دەرھال بېرىپ ئۇ مۇناپىقنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسۇن!» دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئى ئۆمەر! ئەتە خەلق قوپۇپ: ”مۇھەممەد ئۆز يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرىۋاتىدۇ“ دېمەمدۇ؟ ياق! ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. تۇر، قوشۇننىڭ دەرھال قايتىشقا تەييارلىق قىلىشىنى جاكارلىغىن!» دېدى. خەزرەجلىكلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى ئۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئەيىبلەپ، يول بويى تەنقىدلەپ ماڭدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئۆمەر! شۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟ قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈندىگەندە ئۆلتۈرگۈزگەن بولسام، بەزىلەر قوتراپ كېتەتتى. ئەگەر ھازىر ئۆلتۈرۈشكە ئۈندىسەڭ، ئۇلارنى ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزىۋېتەتتىم» دەپ بۇ ئىشقا نەقەدەر توغرا قارار بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر: «الله قا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ پىكىر ۋە قارارلىرىنىڭ مېنىڭكىگە قارىغاندا نەقەدەر توغرا ۋە خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ يەتتىم» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى.

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنى 30 كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەككىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇربا دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. بۇ يەر بىر ۋادىغا يېقىن جايلاشقان كىچىك بىر يەر بولۇپ، نامىمۇ بۇ ۋادىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ يەردە ياشايدىغان ھەۋازىن قەبىلىسى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن توپلىنىپ، بەزىبىر تەييارلىقلارغا كىرىشكەنىدى. ھەزرىتى ئۆمەر قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقتى. ئۇلار كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزلىرى يوشۇرۇناتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر يولباشچىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تۇرباغا بارغاندا، دۈشمەنلەر مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ، بۇ يەردىن يىراقلىشىپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەدىنىگە قاراپ قايتتى. يول ئۈستىدە يولباشچى ھەزرىتى ئۆمەرگە: «ئەگەر خالىساڭ، سېنى خۇسئۇم قەبىلىسى تەرەپكە باشلاپ باراي» دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ماڭا ھېچبىر تەلىمات بەرمىدى. ئۇ مېنى پەقەت ھەۋازان قەبىلىسىگىلا ئەۋەتتى» دەپ ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلدى.

مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەزىيەتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، بىر توپ ساھابىلىرى بىلەن كەئبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما قۇرەيشلەر ھۇدەيبىيە دېگەن يەردە ئۇلارنى توسۇپ، مەككىگە كىرىشكە يول قويمىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇش قىلغىلى كەلدى دەپ ئويلاشقانىدى. قۇرەيشلەر ئەگەر مەككىنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىدىغان بولسا، بۇ خەۋەرنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ۋە شۇ سەۋەبلىك قۇرەيشلەرنىڭ ئۇ قەبىلىلەر ئۈستىدىكى ھەيۋىسىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىدىن، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە تەسىرات پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى قۇرەيشلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولدى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى تاللىدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر: « ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ ماڭا بىر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئائىلەم بەنى ئەدىيدىن مېنى مەككىدە قوغدىغۇدەك بىرەر كىشىمۇ يوق. قۇرەيشلەر مېنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارشى چىققانلىقىمنى ۋە ئۇلارغا قانداق قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا مەن سىلەرگە بۇ ئىشقا مەندىنمۇ مۇۋاپىقراق بىرىنى كۆرسىتىپ قوياي. ئۇ ئوسمان ئىبنى ئەففاندۇر» دەپ ئۆزرىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئۇلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئارىدا بىرمۇنچە كۆرۈشۈش، سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى» تۈزۈلىدىغان بولۇپ كېلىشىشتى. سۈلھىنامىنىڭ شەرتلىرى يېزىلىسىلا، ھەممە ئىش پۈتەتتى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىشنى ئىچىگە پەقەتلا سىڭدۈرەلمىدى. بەلكىم، ئۇ بۇ سۈلھىنامىنىڭ كېيىنچە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە كۆز قارىشىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەسلىدە ھەقلىق بولغان تەرەپ بىز ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەلۋەتتە، شۇنداق! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر يەنە:

ـ ئۇنداقتا، بىزنىڭ شېھىتلىرىمىز جەننەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى دوزاختا ئەمەسمۇ؟ ـ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ:

ـ شەك ـ شۈبھىسىز شۇنداق! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ قېتىم:

www.munber.org

ــ شۇنداق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دىنىمىزنى دۇنياغا تېگىشىمىز؟ ياكى الله بۇ ئەھۋالغا ھۆكۈم چىقارماي تۇرۇپ قايتىپ كېتەمدۇق؟ ـ دەپ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى بايقىغان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە:

ـ ئى ئىبنى خەتتاب! ئۇ الله نىڭ ئەلچىسىدۇر. الله ئۇنى ئۇتتۇرىلىقتا ئامال ـ چارىسىز تاشلاپ قويۇپ پەرىشان قىلمايدۇ، ـ دەپ نەسىھەت قىلدى. دەرۋەقە، كۆپ ئۆتمەي سۈرە فەتھە چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر خۇشاللىقىدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! فەتھمۇ؟ ـ دەپ تەكرار سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، ـ دەپ خۇشخەۋەر بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا قىلغان سۆزلىرىم ئۈچۈن شۇ قەدەر قورقتۇم ۋە پۇشايمان قىلدىمكى، گۇناھىمغا كەففارەت بولۇشى ئۈچۈن توختىماي سەدىقە بېرەتتىم، ناماز ئوقۇيتتىم، روزا تۇتاتتىم ۋە قۇل ئازاد قىلاتتىم.»

يەنە ھۇدەيبىيە كۈنى، رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئەلىگە سۈلھنامىنىڭ شەرتلىرىنى يازدۇرۇۋاتاتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ۋەكىلى سۇھەيل ئىبنى ئامىر يېزىلغان شەرتلەرنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، سۇھەيل ئىبنى ئامىرنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل دادىسى تەرىپىدىن باغلانغان زەنجىر ـ كىشەنلەر ئىچىدە سۆرۈلۈپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. (بۇ يىگىت مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن دادىسى تەرىپىدىن مۇشۇنداق جازالاندۇرۇلغانىدى.)

ئەبۇ جەندەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ پاناھىغا سىغىنماقچى بولغانىدى. ئەمما ئۇنى كۆرگەن دادىسى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى ۋە بىر تەرەپتىن ئوغلىنى قاتتىق ئۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: « ئى مۇھەممەد! ھەممە ئىش كېلىشكىنىمىزدەك بولسۇن!» دەپ ۋارقىراپ، ئوغلىنى مۇسۇلمانلارغا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى سۈلھنامىنىڭ بىر شەرتى مۇنداق ئىدى:

«ئەگەر قۇرەيشتىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، يېقىنلىرىنىڭ رازىلىقىسىز مەدىنە ھۆكۈمىتىگە سىغىنسا، ئۇ قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.»

سۈلھنامە تېخى يېزىلىپ بولمىغان بولسىمۇ، شەرتلەر ئاغزاكى شەكىلدە پىكىر بىرلىكى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ بولۇنغانىدى. شۇڭا سۇھەيل ئىبنى ئامىر مۇسۇلمانلارغا: «ئەبۇ جەندەل مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ رازىلىقىسىز

مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىدى. شۇ سەۋەبتىن، سۈلھىنامە شەرتلىرىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك» دېمەكچى بولۇۋاتاتتى.

ئەمما ئەبۇ جەندەل بەكمۇ ئېچىنىشلىق ھالەتتە بولۇپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە: «مېنى مۇسۇلمانلىقتىن ياندۇرسۇن دەپ بۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتامسىلەر؟» دەپ ۋارقىراپ، مۇسۇلمانلاردىن ياردەم تىلەيتتى. مۇسۇلمانلار بۇ مەنزىرىگە قاراپ غۇلغۇلا قىلىشتى. تۇيۇقسىز بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئۇلۇغ بىر دۆلەت رەھبىرىگە خاس تەمكىنلىكى بىلەن: «ئەي ئەبۇ جەندەل! چىشىڭنى چىشلەپ، الله يولىدا پىداكارلىق كۆرسەت. الله تائالا پات ئارىدا ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئېزىلگەن كىشىلەرگە بىر چىقىش يولى بېرىپ، سىلەرنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ ـ ئەلۋەتتە! بىزگە كەلسەك، بىز بۇلار بىلەن سۈلھىنامە تۈزدۇق. بىز بۇ شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇلارغا قارشى چىقساق بولمايدۇ» دەپ ئۇنى قايىل قىلماقچى ۋە پەسكويغا چۈشۈرۈشمەكچى بولدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىشقا پەقەت چىداپ تۇرالمىدى ۋە ئەبۇ جەندەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تىنچلاندۇرغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ، باشقىلارغا چاندۇرماي قىلىچىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ، دادىسىغا قارشى چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشتى. ئۇ ناھايىتى سۈنئىي بىر ئىپادە بىلەن: «ئى ئەبۇ جەندەل! سەۋر قىلغىن! بۇ ئادەملەر مۇشرىك (مەيىنەت) ئىنسانلاردۇر. ئۇلارنىڭ قېنى ئىتنىڭ قېنىدىن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ كۆرۈنۈشتە ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرمەكچى بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا باشقا بىر ئىش قىلدۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئەبۇجەندەل ئۇنچە بىئارامliqta ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى چۈشەنمىدى ياكى دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمىغانىدى. نىھايەت، سۈلھى ئىمزالاندى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭغا شاھىد بولدى.[①]

لېكىن، قۇرەيشلەر بۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى بەكىر قەبىلىسى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەنى خۇزەئە ئارىسىدا چىققان توقۇنۇشتا ئۆز ئىتتىپاقدىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن بەنى خۇزەئە قەبىلىسىنىڭ ۋەكىلى بۇدەيل ئىبنى ۋەرەقە مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن قۇرەيشلەرگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. قۇرەيشلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرى خىلاپلىق قىلغان سۈلھىنامىنى يېڭىلاش مەقسىتىدە ئەبۇ سۇفياننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 190 ـ، 191 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشلەرنىڭ سۇلھىنامىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، (مۇمكىن بولسا) سۇلھىنامىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتماقچى ئىدى. ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى (ئەبۇسۇفيانىنىڭ قىزى) راملە (ئۇممۇ ھەبىبە) نىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماقچى بولۇۋېدى، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ھەبىبە دەرھال سېلىنچىنى قاتلاپ ئېلىۋەتتى. دادىسى ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا:

ـ قىزىم! مېنى سېلىنچىغا لايىق كۆرمىدىڭمۇ ياكى سېلىنچىنى ماڭا لايىق كۆرمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇممۇ ھەبىبە دادىسىغا:

ــ ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېلىنچىسى. سەن بولساڭ، مۇشرىك ۋە ناپاك بىرىسەن. رەسۇلۇللاھنىڭ سېلىنچىسىدا ئولتۇرۇشىڭغا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيان:

ـ ۋاھ قىزىم! مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بەكمۇ ئەسكى بولۇپ كېتىپسەن، ـ دېيىشتىن باشقا بىر نەرسە قىلالمىدى. ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشقا بىر يەردە كۆرۈشۈپ، كېلىش مەقسىدىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئارىدا ۋەسىلە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: «مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» دەپ رەت قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا باردى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ: «سىلەر ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە ئىلتىماس قىلىمەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ قوغلىۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يەردە ھەزرىتى فاتىمە ۋە ھەزرىتى ھەسەنمۇ (ئۇ تېخى كىچىك ئىدى) بار ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن ئەتراپتا تەمتىلەپ يۈرەتتى. ئەبۇ سۇفيان ھەزرىتى ئەلىگە مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «ئى ئەلى! سەن بۇ خەلق ئىچىدە ماڭا ئەڭ يېقىن بىرىسەن. بىر ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئالدىڭغا كەلدىم. قۇرۇق قول قايتىشنى خالىمايمەن. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئارىمىزغا بىر ۋەسىلە بولغان بولساڭ.» ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا: «ھەي ئەبۇ سۇفيان! سەن نېمە دەپ يۈرىسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيىسى شۇنداق قەتئىيكى، ئۇنىڭغا بۇ توغرىلىق ھەزگىز ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ» دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى جىددى قىياپەتتە رەت قىلدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ قېتىم ھەزرىتى فاتىمەگە بۇرۇلۇپ: « ئۇ مۇھەممەدنىڭ قىزى! ئەگەر بولمىسا، شۇ بالاڭغا دېگىنكى، ئۇ مېنىڭ ھىمايە قىلىش تەلىۋىمنى قوبۇل قىلسۇن! بەلكىم ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى قىلىپ بولسىمۇ تەلىۋىمنى قوبۇل كۆرسە، ئوغلۇڭ بۇ سەۋەب بىلەن قازانغان شان ـ شۆھرىتى سايىسىدە تاكى قىيامەت قايىم بولغىچە ئەرەبلەرنىڭ كاتتىسى بولۇپ ياد ئېتىلىدۇ» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ھەزرىتى فاتىمە: «ئوغلۇم

سېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى چىقىپ خەلققە ئېلان قىلغۇدەك ياشتا بولمىسا، بۇ ئىشنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەسۇلۇللاھ قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان كىشىنى ھېچكىم ھىمايە قىلالمايدۇ» دەپ ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى.

نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئەبۇسۇفيان يەنە بىر قېتىم ھەزرىتى ئەلىدىن مەسلىھەت سوراپ: « ئى ئەبۇ ھەسەن! مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەنغۇ؟ ماڭا بىر يول كۆرسەتكىن!» دېدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ: «قەسەم قىلىمەنكى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ساڭا پايدىلىق بىرەر چارىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما سەن يەنىلا كەنانە قەبىلىسىنىڭ چوڭىسەن. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئەتراپىنى ئايلان ۋە دەردىڭنى خەلققە ئاڭلات! بەلكىم ئۇلار ئىلتىماس قىلىپ قالسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەن بىلەن كۆرۈشۈپ قالار. ئاندىن يۇرتۇڭغا قايتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىل!» دەپ ئۇنى قوغلاشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسۇفيان نائۈمىد مەككىگە قايتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار دەرھال يىغىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا ناھايىتى چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ، مەككىنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى. قوشۇن مەككىگە يېقىن بىر يەرگە قارارگاھ قۇردى. ھەزرىتى ئابباسمۇ مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئۇمۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە ئۇرۇش قىلغان ھالدا كىرىشكە (يەنى قان تۆكۈلۈشكە) قوشۇلمايتتى. ئۇ ئىچىدە مەككىگە كىرىپ قۇرەيش چوڭلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىخەتەرلىك تەلەپ قىلىشقا قايىل قىلىشنى ئويلاپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، ئەبۇسۇفياننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېچىرىغا مىندۈرۈپ، قارارگاھقا ئېلىپ ماڭدى.

ئەبۇسۇفيان يول بويى مۇجاھىدلار ياققان ھەربىر گۈلخاننىڭ يېنىدىن ئۆتكىچە، ئۇ گۈلخاننى كىمنىڭ ياققانلىقىنى سوراپ ماڭدى. شۇ تەرىقىدە كېتىۋېتىپ ھەزرىتى ئۆمەر ياققان گۈلخاننىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى كۆرۈپ شۇ يەردىلا ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ھەزرىتى ئابباس قېچىرنى دېۋىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارگاھىغا قاراپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى ۋە ئاخىرى يېتىپ باردى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلگەنىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن: «ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بۇ ئەبۇسۇفيان ھېچكىمدىن رۇخسەت ياكى ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ بۇ يەرگىچە كەلدى. ئۆتۈنۈپ قالاي! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، ھازىرلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي!» دېدى. ھەزرىتى ئابباس رەسۇلۇللاھقا: «ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! ئۇنى مەن ئۆز كېپىللىقىمغا ئالدىم» دەپ ئارىغا كىردى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشتە چىڭ تۇرىۋەرگەنىدى، ھەزرىتى ئابباس ئاچچىقلىنىپ: «ئى ئۆمەر! سەل ئۆپكەڭنى بېسىۋالغىن! ئەگەر ئۇ سەن مەنسۇپ بولغان بەنى ئادىي قەبىلىسىدىن بولغان بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرىمەن دېمەيتتىڭ. ئەمما بىلىسەن،

www.munber.org

ئۇ بەنى ئابدۇمەنناف قەبىلىسىگە مەنسۇپ» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ: «سەنمۇ ئۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتمە، ئى ئابباس! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر دادام خەتتاب مۇسۇلمان بولغان بولسا، مەن سېنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىڭغا سۆيۈنگەندەك سۆيۈنمىگەن بولاتتىم. چۈنكى، سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دادامنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن بەكرەك سۆيۈندى» دەپ ئەبۇسۇفياننى ئاياغ ئاستىغا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ ئۆكۈندى.[1]

ئىسلام قوشۇنى مەككىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئەنسارلارنىڭ تۇغى سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ: «مانا بۈگۈن جەڭ كۈنى، يىگىتلىك، مەرتلىك كۈنى. مەككىدە هارام قىلىنغان ئىش بۈگۈن هالالدۇر!» دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ، دەرهال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! سەئد نېمىلەرنى دەپ جۆيلىۋاتىدۇ؟ ئۇ قۇرەيشلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ مۇقەددەس زېمىندا قان تۆكۈپ قويۇشى مۇمكىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىگە: «تېز مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىش ۋە قولىدىن تۇغنى ئال! شەھەرگە قوشۇندىن بۇرۇن سەن كىرگىن!» دەپ تەلىمات بەردى.[2]

نىھايەت ئىسلام قوشۇنى مەككىگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «ھەممىڭلارنى ئۆز ئىختىيارىڭلارغا قويۇپ بەردۇق» دېدى. ئاندىن ئاۋۋال ئەرلەردىن، ئۇندىن كېيىن ئاياللاردىن بەيئەت ئالدى ۋە ئاياللاردىن اللە قا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا ئۆتكۈزمەسلىككە، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، ياتلاردىن ھامىلە بولۇپ ئۆز ئەرلىرىگە زورلاپ تاڭماسلىققا ۋە اللە نىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىققا دائىر ۋەدە ئالدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىنت بىنتى ئۇتبەمۇ بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكاللاشماقچى بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشكە باشلىدى. ھىنتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى فەتھ قىلىشىغا قاتتىق ئېچىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالەتتىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ كەتمىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تاكاللىشىپ ئولتۇرماي، ھەزرىتى ئۆمەرگە قاراپ: «سەن مېنىڭ نامىمدا ئۇلاردىن بەيئەت ئالغىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفيانغا مۇسۇلمان بولۇشىنى ئېيتتى. ئەبۇسۇفيان تىلىنى چايناپ، كېكەچلىگەن ھالدا: «ئۇنداقتا، ئۇززانى قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال: « بېرىپ ئۈستىگە تەرەت قىل!» دەپ جاۋاب بەردى.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 227 ـ، 228 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 229 ـ بەت؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 4 ـ جىلد، 489 ـ، 491 ـ بەتلەر.

مەككىنىڭ فەتھى بولۇپ كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەۋازىن، بەنى ساقىف ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ھۆنەينگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. ئۇلارمۇ (ئۆز قىياسلىرىغا ئاساسەن) مۇسۇلمانلار تېخىچە كۈچلىنىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ۋەيران قىلىۋېتىش نىيىتىدە بىر يەرگە يىغىلىپ تەشكىللەنگەنىدى. دەرۋەقە، ھەۋازىن قەبىلىسى ئىسلام قوشۇنىنىڭ قارارگاھىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنى قىلتاقتا دەسسەتتى ۋە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئالدانغان) مۇسۇلمانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سانىنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. مۇسۇلمانلار سېپى بۇزۇلۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇش مەيدانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان بىر توپ ساھابە دۈشمەنلەرگە قارشى قاتتىق تىركەشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئاببااس ۋە ئوغلى فازىل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى ئەبۇسۇفيان ئىبنى ئەل ھارىس بىلەن رابىئە ئىبنى ئەل ھارىس قاتارلىقلار بار ئىدى.

فەتھۇلبارى[1] ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ سۇلايمان ئىبنى بىلالدىن، ئۇ يەھيادىن، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەيندىن نەقىل قىلغان بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ”ھەزرىتى ئۆمەردىن بىر ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن نەق بىر يىل ساقلىدىم. ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، سوئال سوراشقا پېتىنالمايتتىم. ئۇ بىر كۈنى ھەجگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. قايتىش يولىدا، ئۇ تەرەت قىلىش ئۈچۈن بىزدىن ئايرىلىپ شىۋاقلىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگىچە ساقلاپ تۇردۇم ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: ”ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىنى قويمىغان ئىككى ئايال كىملەر؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”ئۇلار ھەفسە بىلەن ئائىشە ئىككىسى“ دېدى. ئاندىن مەن: ”قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ سوئالنى بىر يىلدىن بېرى سورىماقچى ئىدىم. لېكىن ھەيۋىتىڭدىن قورقۇپ سوراشقا پېتىنالمىدىم“ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر: ”ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئەگەر سورىماقچى بولغان بىرەر مەسىلە بولسا، تارتىنماي سوراۋەرگىن! مەن بىلسەملا، ساڭا جاۋاب بېرىمەن“ دېدى.»

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

[1] فەتھۇلبارى ـــ سەھىھۇلبۇخارىنىڭ شەرھىدۇر.



www.munber.org

«قەسەم قىلىمەنكى، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئايالالارنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتۇق. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە بىرمۇنچە ئايەت چۈشۈردى ۋە ئۇلارغا بىر قاتار ھەق ـ ھوقۇق بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۆيدە پۇل ـ مالنى ئۆز مەيلىمچە ئىشلەتسەم، ئايالىم ماڭا:

ـ ئى ئۆمەر! مۇنداق ـ مۇنداق قىلساڭ، تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ بۇ ئىش مېنىڭ دېگىنىمدەك بولسا نېمە بوپتۇ؟ مېنىڭ ئىشىمغا سەن نېمە دەپ ئارىلىشىسەن؟ ـ دەپ قوپاللىق قىلدىم. ئايالىم بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ:

ـ تووۋا... ئى ئىبنى خەتتاب! ساڭا ئېتىراز قىلىشىمنى خالىمامسەن ـ يا؟ ھالبۇكى، قىزىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئېتىراز بىلدۈرىدىكى، شۇ سەۋەبلىك بەزى كۈنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچكىچە بىئارام بولۇپ يۈرىدىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.»

دەرۋەقە، شۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەنىدى. (ئەينى ۋاقىتتا) ھەزرىتى ئۆمەر ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال يەكتىكىنى بويىنىغا ئارتقان پېتى سىرتقا ماڭدى ۋە قىزى ھەفسەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

ـ قىزىم! رەسۇلۇللاھقا شۇنداق ئېتىرازلارنى بىلدۈرۈپسەنكى، بەزىدە ساڭا ئاچچىقلاپ، كۈن بويى بىئارام بولىدىكەن، ـ دېدى. ھەفزە دادىسىغا:

ـ شۇنداق، بىز ئۇنىڭ ئاياللىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئېتىرازىمىزنى بىلدۈرىمىز، ـ دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ: ”ماڭا قارا قىزىم! سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، الله ۋە رەسۇلىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىسەن. يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە بەكمۇ ئىشىنىدىغان شۇ ئائىشەنى ھەرگىز دورىمىغىن!“ دېدىم. ئاندىن ئۇ يەردىن چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى. ھەفزەگە دېگەن گەپلەرنى ئۇنىڭغىمۇ ئەينەن دېۋىدىم، ئۇ ماڭا: ”ئى ئىبنى خەتتاب! سېنىڭ بۇ قىلىقىڭغا بەكمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن. ھەممە ئىشقا بېشىڭنى سوقۇپ باقىسەن. مانا ئەمدى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىغا كىرمەكچى بولۇۋاتىسەن» دەپ مېنىڭ دەككەمنى بەردى. ئەمما مەن كۆڭلۈمدە بۇ ئىشلارغا بەكمۇ نارازى ئىدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيىدىنمۇ يېنىپ چىقتىم.

مېنىڭ ئەنسارلىق بىر دوستۇم بار ئىدى. مەن يوق چاغلاردا ئۇ ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنى ماڭا دەپ بېرەتتى. ئۇ يوق چاغلاردىكى ئىشلاردىن مەن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتىم. بىر كۈنلىرى غەسسان پادىشاھىنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىلىق بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتۇق. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەنسارلىق دوستۇم كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئەنسىز قاقتى ۋە توختىماي: "ئىشىكنى ئاچ! ئىشىكنى ئاچ!" دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. مەن ئىشىكنى ئېچىپ:

ـ غەسسان ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنىدىنمۇ بەكرەك چاتاق ئىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ئايرىم تۇرۇشقا قارار بېرىپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ خوپ بوپتۇ! ھەفسە بىلەن ئائىشە قىلغان ـ ئەتكىنىگە تويىدىغان بولدى، ـ دېدىم. ئاندىن كېيىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ئالدىراش ـ تېنەش بالىخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان زەڭگى يىگىتكە: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆمەر كەلدى دەپ خەۋەر قىلغىن!» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن كىردىم ۋە ئوتتۇرىلىقتا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى يەتكۈزدۈم. مەن ئۇنىڭغا ئۇممۇ سەلەمەنىڭ گەپلىرىنى دەپ بېرىۋېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاستىدا بىر پارچە يالىڭاچ بورا (بورىنىڭ ئۈستىدە ھېچنېمە يوق)، باش تەرىپىدە خورما تالالىرى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر تېرە ياستۇق، ئاياق تەرىپىدە دېۋىرقاي بىلەن ئاشلانغان بىر پارچە تېرە تۇراتتى. باش تەرىپىدىكى تامغا بىر نەچچە پارچە ئاشلانمىغان تېرە ئېسىلغانىدى. قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدە بورا پېتىپ كەتكەن ئىز تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىم ياشاڭغىراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ نېمىگە يىغلايسەن، ئى ئۆمەر!؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىران ۋە بىزانس ئىمپېراتورلۇقلىرى ياشىغان دەبدەبىلىك ۋە ھەشەمەتلىك ئۇ ھايات يادىمغا كېلىپ قالدى. سەن الله نىڭ ئەلچىسى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسەن. يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى بۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن ۋاقىتلىق دۇنيا ھاياتى ئۇلارنىڭ، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ھاياتىنىڭ بىزنىڭ بولۇشىنى خالىمامسەن؟ ـ دەپ ماڭا تەسەللىي بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تاغىسى زەيىد ئىبنى ئامىرنىڭ قىزى ئاتىكەگە ئۆيلەندى. ئاتىكە ئۆمەردىن ئەيياد ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى.



www.munber.org

ئاندىن ئۇ، بەنى مەھزۇم ئائىلىسىدىن ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ قىزى ئۇممۇ ھاكىمغا ئۆيلەندى. بۇ ئايال ئۆمەردىن بۇرۇن ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمەگە ياتلىق بولغانىدى. ئۇممۇ ھاكىم ھەزرىتى ئۆمەردىن فاتىمە ئىسىملىك بىر قىز تۇغدى. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر جەمىلە بىنتى سابىتقا ئۆيلەنگەن، ئۇ ئايال ئاسىم ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئاسىم (ئەمەۋىيلەرنىڭ ئادىللىقى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولغان خەلىپىسى) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى ئىدى. ئاسىم ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى تۇغۇلۇپ، يەتمىشىنچى يىلى رەبزەدە ۋاپات بولدى.

ھەزرىتى ئۆمەر كېيىنچە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇمگە ئۆيلەندى. ئۇممۇ گۈلسۇم ئۆمەردىن زەيىنەپ، ئابدۇرراھمان ئەل ئەۋساد، رۇقىيە ۋە ئابدۇرراھمان ئەل ئەسغەرنى تۇغدى.[1]

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە كۆزىگە ياش ئالغانلىقى ھېچ كۆرۈلمىگەنىدى. ئەمما ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بەكمۇ كۆڭلى يۇمشاق، ھېسسىياتچان ۋە كۆزلىرى ھەمىشە ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. گۇناھكارلارنى قورقۇتىدىغان ۋە تەھدىت قىلىدىغان بىرەر ئايەت ئوقۇسا ياكى ئاڭلىسا، كۆزلىرىگە لىق ياش كېلەتتى. بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن يىراق، ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا قاتتىق تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ شۇنداق دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، اللە تائالانىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىنسا ياكى قۇرئاندىن بىر ئايەت ئوقۇپ بېرىلسە، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىچىملىك ئىچەتتى. ئەمما ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەمىشە بىر ۋەھيى كېلىپ ئىچىملىكنىڭ پۈتۈنلەي چەكلىنىشىنى تىلەيدىغان بولۇپ قالدى ۋە بۇ پىكرىنى دائىم باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى اللە تائالا: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى، ئەمما ئۇ بۇ ئايەتكە بەك رازى بولمىدى. چۈنكى، ئىچىملىكنىڭ پۈتۈنلەي چەكلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەردائىم اللە قا يالۋۇرۇپ، ئىچىملىك توغرىسىدا تېخىمۇ كەسكىن بىر ئەمرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. نىھايەت، اللە تائالا: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 57 ـ، 58 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 229 ـ، 231 ـ بەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنىڭ نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. هەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايەتنى كۆرۈپ كۆڭلى رازى، ئۆزى خاتىرجەم بولدى.

هەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاياللارنىڭ پۈركىنىشى هەققىدىكى پوزىتسىيىسىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پۈركىنىشى ئۈچۈن ئىلاهىي ئەمر كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئېنىق بىلدۈردى. بۇ توغرىلىق ئايەت چۈشۈۋېدى، يەنە شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتى.

مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دادىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. بۇنى كۆرگەن هەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن) خېلى كۆپ مۇنازىرىلەشتى. بۇ مۇناپىقنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، الله تائالا بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللىدى[2]. الله تائالا مۇنداق دېگەنىدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.﴾[3]

هەزرىتى ئۆمەر بۇندىن باشقا بىرمۇنچە مەسىلىلەر هەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە هەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنىدى. مەسىلەن، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىدىن ۋە خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەل ئاسنىڭ ئىشغال قىلىنغان قوماندانلىق ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى توغرىسىدا هەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن كۆپ مۇنازىرىلەشتى ۋە خەلىپىلىككە سايلىنىپلا، خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى ئەل جەرراھنى تەيىنلىدى.[4]

---

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ ۋە 91 ـ ئايەتلەر.

[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 5 ـ جىلد، 117 ـ، 119 ـ بەتلەر.

[3] سۈرە تەۋبە، 84 ـ ئايەت.

[4] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 24 ـ، 30 ـ، 34 ـ بەتلەر.

www.munber.org

# ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەر

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى قوماندانلىق مەركىزى مۇرتەدلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارارلاشتۇرغانىدى. ئۇرۇش پىلانى ئاۋۋال پۈتۈن كۈچنى توپلاپ ئىككى دۆلەتتىن بىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش ۋە يەنە بىر دۆلەتكە قارشى پەقەت مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش دەپ بەلگىلەندى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى دۆلەتكە قارشى ھەرىكەت پىلانى ھەر ئېھتىماللىغا قارشى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە تېز سۈرئەتتە يۆتكىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەنىدى. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوخشاش بىر ھەربىي كۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ پاتىپاراق بولاتتى ۋە پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قالاتتى. چۈنكى، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ھەر ئىككى دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىككى دۆلەت بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا پۇرسەت تاپالمايتتى. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتەتتى.

مۇرتەدلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت پارسلار ئىدى. مۇرتەدلەرنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پارسلار قوللاپ، مۇسۇلمانلارنى تېخى كۈچلىنىپ كەتمىگەن ۋاقىتتىلا بېسىقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى. ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىققان ھەر بىر كاززاپقىمۇ ياردەم قىلاتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىشنى پارسلاردىن باشلىماقچى بولدى ۋە مەدىنە ھۆكۈمىتى ئەل مۇسەننا ئىبنى ھارىسە ئەش شەيبانىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇشتىن يانغان ھامان (ئىسلام دۆلىتىنىڭ) مەدىنىدىكى قوماندانلىق مەركىزى ئۇنىڭ مۇسەننا ئىبنى ھارىسە قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن دەرھال ئىراققا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوماندانلاردىن ئەيياد ئىبنى غەنەمگە ئىراقنىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىش ئەمر قىلىندى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پارسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئىراق تۇپراقلىرى ئىچىدە ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ قوشۇنى سەۋاد رايونى بىلەن جەزىرە (ھازىرقى ئىسمى جىزرە) ئەتراپى ۋە فىرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغا ھاكىم بولغانىدى. بۇنى كۆرگەن پارسلار ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتى ۋە تەشكىللىنىش كۈچىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاننىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن،

پارسلارمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك تەييارلىق قىلىپ، ناھايىتى چوڭ قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام قوشۇنى تېخى بىزانسلارغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى ئىچىدە ئىدى.

خالىد ئىبنى سەئد ئىبنى ئەل ئاس ئۆز قول ئاستىدىكى قوشۇن بىلەن بىزانسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداش قەبىلىلىرى ھاكىم بولغان يەرلەرگە يېقىن چېگرالاردا بىخەتەرلىكنى ساقلاۋاتاتتى. بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قوشۇن تەشكىللەپ سۈرىيەگە ئەۋەتكەندى ۋە بىزانسلارمۇ ئۇلارغا قارشى قوشۇن تەشكىللەشكە باشلىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئومۇمىي ۋە ناھايىتى چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلاشقانىدى. بۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام قوشۇنىغا قارشى ناھايىتى چوڭ قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇندىن باشقا، ئىمپېراتور ھېراكلىيۇس ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھلىق سارىيى ۋە باش قوماندانلىق مەركىزىنى (ھازىرقى سۈرىيەنىڭ) ھىمس شەھىرىگە يۆتكەپ كەلدى. ئىسلام قوشۇنى بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى بايقاش ھامان مەدىنىگە خەۋەر يوللاپ، ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى.

ئىسلام قوشۇنى باش قوماندانلىق مەركىزى ئاساسىي كۈچىنى ئىراقتىن سۈرىيەگە يۆتكىمەكچى بولدى، چۈنكى، پارسلار تۇنجى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن بەكمۇ ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئىچىدە تەخت تالىشىش كۈرىشىگە كىرىشىپ كەتكەن پارسلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، خەلىپە خالىد ئىبنى ۋەلىدكە سۈرىيەدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن نەجىدتىكى قوشۇننى باشلاپ دەرھال يولغا چىقىش ئەمرىنى بەردى.

خەلىپىنىڭ ئەمرىنى تاپشۇرۇۋالغان خالىد ئىبنى ۋەلىد دەرھال سۈرىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. يەرمۇك دېگەن يەردە بىزانس قوشۇنى بىلەن ئىسلام قوشۇنى ئارىسىدا بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر ھايات - ماماتلىق جېڭى ئىدى. دەل شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ئەپسۇسلىنارلىقى، پارسلار بۇ ۋاقىتقىچە ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، تەخت تالىشىش ئىختىلاپلىرىنىمۇ ئاياغلاشتۇرۇپ بولغانىدى. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان مەدىنە ھۆكۈمىتى ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇل ئاسنىڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى سۈرىيەدىن ئىراققا قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىراقتىكى مۇسۇلمان جەڭچىلەرگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش مەقسىتىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلانى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىراقتىكى قوشۇنغا كەينى - كەينىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىشكە باشلىدى.

www.munber.org

سۈرىيەدە بولسا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە بىزانسلارنىڭ بۇ زېمىندىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، بىزانسلىقلار قوغلاپ چىقىرىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن پارس قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش دەسلەپ ئىراق زېمىنىدا باشلانغان بولسا، كېيىن ئاستا ـ ئاستا پارسلارنىڭ ئىچكى تۇپراقلىرىغىچە يېيىلىپ، ئەڭ ئاخىرى پارس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ چۆكۈشى بىلەن ئاياغلاشتى. پارس ئىمپېراتورلۇقى يېمىرىلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

پارس ساسانىيلار دۆلىتى يېمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇرۇش يۆنىلىشى غەربكە سىلجىپ، ئىسلام قوشۇنلىرى مىسىر، شىمالى ئافرىقا ۋە ئاق دېڭىز ئاراللىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يەرلەردىكى ئۇرۇشلار تۆت خەلىپىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى.

## يەرمۇك جېڭى

ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلام قوشۇنى غەرب تەرەپتە قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا خەلىپىلىككە تەيىنلەنىدى. دەل شۇ چاغلاردا، ئىسلام قوشۇنى بىزانسلارنىڭ ناھايىتى چوڭ قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يەرمۇك دېگەن يەرگە يىغىلغان بولۇپ، ھازىرقى سۈرىيەنىڭ ئىئوردانىيە چېگرىسىدىكى دەرئا دېگەن يەرگە قارارگاھ قۇرغانىدى. بەزى تارىخچىلار يەرمۇك دەرياسى ئىسلام قوشۇنى بىلەن بىزانس قوشۇنىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان سىزىق دەپ كۆرسىتىش بىلەن خاتالاشماقتا. بۇ يەرنى بىر ئايلىنىپ چىققان كىشى بۇ يەردىكى چوڭقۇر جىلغىغا قاراپلا بۇ رايوننىڭ ئۇرۇش قىلىشقا بەكمۇ ئەپسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلام قوشۇنى باش قوماندانلىق ئورنىغا قارارگاھىنىڭ مەدىنە بىلەن ئاسان ئالاقىلىشەلەيدىغان ۋە مەدىنىدىن ئەۋەتىلگەن ياردەمچى قوشۇن ئاسان يېتىپ بارالايدىغان بىر يەرگە قۇرۇلۇشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ئىسلام قوشۇنى ئۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارارگاھنى قارشى تەرەپكە قۇرغان (بۇنداق قىلىش بەكمۇ قىيىنغا توختايدۇ ـ ئەلۋەتتە!) تەقدىردە، ئارقىسىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇننىڭ ئۇلارغا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن بولمايتتى ھەم ئۇلارنىڭ مەدىنە بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىمۇ يوققا چىققان بولاتتى. ئەگەر نورمال شارائىتتا، ئەھۋال ئۇ تارىخچىلار ئۇز مەيلىچە ئاڭلاتقىنىدەك بولغان بولسا،

ئۇرۇشنىڭ بېشىدىن تارتىپ تېز - تېز ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇن بۇ جىلغىدىن قانداق ئۆتەلەيتتى ياكى بۇ زېمىندا قانداق ئۇرۇش قىلالايتتى؟

بۇ زېمىننىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقان قوشۇن قوماندانلىق مەركىزى قوشۇننىڭ ئارقا سەپلىرىنى دەرئانىڭ غەربىي شىمالىغا يەرلەشتۈرۈپ، دەرئانى ئارقىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكىلى ۋە مەدىنە بىلەن ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. چۈنكى، بۇ يەردىن جىلغىنى كېسىپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈش تېخىمۇ ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خالىد ئىبنى ۋەلىد باسرادىن يەرمۇككا كەلگىنىگە قارىغاندا، يا دەرئادىن ياكى ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، يەرمۇك جېڭى يەرمۇك دەرياسىنىڭ بىر قىرغىقىدا ئېلىپ بېرىلغان دېيىلسە، ئەقىلغە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ. بۇ يەر ئەررۇقەد ياكى ئەل ئەلەق بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئۇرۇشتا ئەمر ئىبنى ئاس قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئوڭ (شىمال) قاناتتا، يەزىد ئىبنى ئەبۇسۇفيان قوماندانلىقىدىكى قوشۇن سول قاناتتا، ئەبۇئۇبەيدە قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بولسا، سەپنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقانىدى.

مۇسۇلمانلار سېپى ئۈز تۇغلىرىغا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. سەپنىڭ ئەڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ ئەسكەرلىرى، ئەڭ سول تەرىپىدە نەففاسە ئىبنى ئۇسامە ئەل قىنانە ئەسكەرلىرى يەرلەشكەنىدى.

ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس پىيادە قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىق قوشۇننىڭ قوماندانى، باش قوماندان ۋە باش مەسلىھەتچى ئىدى. بەھەيۋەت ۋە كۆرەڭ بىزانس قوشۇنى ئۇرۇش مەيدانىنى خۇددى قارا بۇلۇتتەك قاپلىغان بولۇپ، كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. لەشكەرلەر توختىماي چۇقان سالسا، پوپ ۋە راھىبلار ئۇلارغا روھىي مەدەت بېرىش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا ئىنجىل ئوقۇيتتى. ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەبۇ ئۇبەيدەگە يېقىنلىشىپ: «ساڭا بىر تەلىمات بەرمەكچىمەن» دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە: «الله نىڭ ئەمرى بىلەن تەلىماتىڭنى دەرھال ئورۇنداشقا تەييارمەن!» دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇنىڭغا: «مەنچە مۇنداق قىلايلى: ئاۋۋال بۇ قوشۇنغا قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك دەرىجىدە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلايلى. مەن ئوڭ ۋە سول قاناتلارنىڭ يېمىرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، شۇڭا ئاتلىق قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرايلى. ئەگەر ئوڭ - سول قاناتلىرىمىز كەينىگە چېكىنگىدەك بولسا، ئاتلىق قوشۇن ئۇلارنى ئارقا تەرەپتىن قوغدايدۇ» دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدەمۇ: «توغرا دەيسەن، شۇنداق قىلايلى!» دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئاتلىق قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزى ئوڭ قاناتقا ئايرىلغانلارنىڭ بېشىغا ئۆتتى، سول تەرەپكە قەيس ئىبنى ھۇبەيرەنى

www.munber.org

ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيدەگە ئوتتۇردىكى قوشۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىشنى بۇيرىدى. چۈنكى، ئەگەر قوشۇن تالاپەتكە ئۇچراپ كەينىگە چېكىنىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قوشۇنى بارلىقىنى كۆرۈپ، چېكىنىشتىن توختاپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە قوشۇنىنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ، ئۆز ئورنىغا ئەشەرەئى مۇبەششەرە[1] دىن سەئىد ئىبنى زەييىدنى تەينىلىدى. ئاندىن خالىد ئىبنى بېشىنى قوشۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىغا جايلاشقان ئاياللار تەرەپكە بۇراپ، ئۇلارغا: «ئەسكەرلەردىن كەينىگە چېكىنىپ قاچقانلارنى كۆرسەڭلار، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. دەرۋەقە، ئاياللارمۇ قورال لىق ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەمىرلىرىنى بىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش سېپىدىكى ئورنىغا قايتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ، سەپ تارتىپ تىزىلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىسلام قوشۇنىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئەي اللہ نىڭ بەندىلىرى! اللہ نىڭ دىنىغا ياردەم قىلىڭلاركى، اللہ سىلەرگە تىركىشىش كۈچى بەرسۇن ۋە سىلەرگە زەپەر ئاتا قىلسۇن. ئەي مۇسۇلمانلار! بۈگۈن تاقەت قىلىڭلار، سەۋرچان بولۇڭلار. سەۋر سىلەرنى كۇپۇرلۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ، سىلەرنى اللہ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈپ، رەزىللىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. سەپلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار! ئۇلارغا قاراپ تۈنجى بولۇپ قەدەم ئالغان ۋە ئۇلارغا تۈنجى بولۇپ قورال تەڭلىگەنلەردىن بولماڭلار. نەيزەڭلارنى چىڭ تۇتۇپ، قالقانلىرىڭلار بىلەن قوغدىنىڭلار. ئىچىڭلاردا اللہ نى زىكىر قىلىڭلار. مەن بۇيرۇق بەرمىگىچە ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار!»

قوماندانلاردىن مۇئاز ئىبنى جەبەلمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەسكەرلەرگە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

«ئەي ئەھلى قۇرئان! ئەي ئىلاھىي كىتابنىڭ ئىگىلىرى! ئەي توغرا يولنىڭ ۋە ھەقنىڭ مۇھاپىزلىرى! اللہ نىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ۋە جەننەتكە كىرىش قۇرۇق تەمەننا بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. اللہ نىڭ مەغپىرىتى ۋە كەڭ رەھمىتى بۈگۈنكىدەك جىھادقا چىن ئېتىقادى بىلەن قاتناشقان ۋە اللہ نىڭ مۇجاھىدلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە ھەقىقى ئىمانى بىلەن ئىشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈندۇر. اللہ تائالانىڭ:

﴿اللہ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى﴾[2]

---

[1] ئەشەرەئى مۇبەششەرە ــــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ خۇش بېشارىتىنى بەرگەن ئون كىشى بولۇپ، ئۇلار: تۆت چوڭ خەلىپە، سەئىد، سەئد، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇراھمان ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىقلار.
[2] سۈرە نۇر، 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئەي مۇجاھىدلار! الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. الله نىڭ سىلەرنى دۈشمەندىن قاچقان ھالەتتە كۆرۈشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار! چۈنكى سىلەر ھەر قانداق شارائىتتا الله نىڭ قۇدرەت ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس. الله نىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ غەلىبە قىلالمايسىلەر، ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيسىلەر.»

قوماندان ئەمر ئىبنى ئاسمۇ ئۆز قول ئاستىدىكى قوشۇنغا مۇنداق دېدى:

«ئەي مۇسۇلمانلار! تىز چۆكۈڭلار ۋە كۆزلىرىڭلارنى يۇمۇڭلار! نەيزەڭلارنى تۈزلەپ، مەھكەم تۇتۇڭلار. ئەگەر دۈشمەن ئۈستۈڭلارغا باستۇرۇپ كەلسە، ئاۋۋال ئۇلارغا پۇرسەت بەرگەندەك بولۇۋېلىڭلار. نەيزىلىرىنى سىلەرگە توغرىلىغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى شىر ئوۋغا ئېتىلغاندەك ئېتىلىپ، قىلچە ئارام بەرمەڭلار!

توغرا ئىشتىن مەمنۇن بولىدىغان، راستچىللارغا غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلىدىغان، خاتانى جازالاندۇرۇپ، توغرىنى مۇكاپاتلاندۇرىدىغان الله قا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مەملىكەتنى يۇرت ـ يۇرت، ئوردا ـ ساراي، ھەتتا ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە فەتھە قىلىدىغانلىقىڭلارغا دائىر خۇشخەۋەرلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۆپلۈكى ياكى ئوردىلىرىنىڭ بەھەيۋەتلىكى سىلەرنى ھەرگىز قورقۇتمىسۇن! ئەگەر ئۇلارغا قارشى پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ چىل بۆرىنىڭ كۈچۈكلىرىدەك ھەر تەرەپكە پېتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىلەر.»

ئەبۇ سۇفيان بولسا مۇنداق دېدى:

«ئەي مۇسۇلمانلار! بىلىسىلەركى، سىلەر ئەرەب سىلەر. ھازىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلاردىن، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىدىن ۋە مۇسۇلمانلار سىلەرگە ياردەم قىلالايدىغان يەردىن بەكمۇ يىراقتا تۇرۇۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سانى بەكمۇ كۆپ ۋە سىلەرگە خىرىس قىلىپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇنى تۇرماقتا. ئۇلارنى ۋەتەن، دوست ـ بۇرادەر ۋە بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلىشكە سىلەر مەجبۇرلىدىڭلار. الله قا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ سەممىيىتىڭلار ۋە جەسۇرلۇقۇڭلارلا سىلەرنى بۇ دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بۈگۈن چوقۇم قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلمىساڭلار بولمايدۇ.

خەلىپە ۋە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ماڭمايدىغان، كۆز يەتكۈسىز چۆل ـ جەزىرە بار. بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ بەرداشلىق بېرىش ۋە قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا ياردەم تەلەپ قىلغۇدەك كىشىسى ياكى پاناھلىق تىلىگۇدەك يېرى يوق. بىردىنبىر ئىشەنچىڭلار



www.munber.org

— اللە نىڭ ۋەدىسىدۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، قىلىچىڭلار بىلەن ئۆزەڭلارنى قوغداڭلار ۋە بىر - بىرىڭلارغا ياردەم بېرىشكە تىرىشىڭلار، بىردىنبىر چىقىش يولى مانا بۇ.»

ئەبۇ سۇفيان سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سەپنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان ئايالللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغىمۇ بەزى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئاندىن يەنە قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

«ئەي ئەھلى ئىسلام! ئالدىڭلاردىكى ۋەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە جەننەت ئالدىڭلاردا، شەيتان ۋە جەھەننەم ئوتى بولسا ئارقاڭلاردا تۇرۇپتۇ» دېگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئورۇش سېپىدىكى ئورنىغا قايتتى.

ئۇلاردىن باشقا، ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ قوشۇنغا مۇنداق دەپ ۋەز ئېيتتى:

«بۈگۈن جەننەت ھۆرلىرىگە نائىل بولۇش ۋە اللە تائالانىڭ جەننەت ۋە مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىڭلار. سىلەر اللە تائالا سىلەردىن ئەڭ رازى بولىدىغان يەردە تۇرۇۋاتىسىلەر. شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، بۈگۈن سەۋر - تاقەت قىلغان ۋە بەرداشلىق بەرگەنلەر ئۈچۈن ياخشى پەزىلەتلەر ۋە اللە نىڭ ئېسىل مۇكاپاتلىرى باردۇر.»

ئىككى تەرەپ قوشۇنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى كەلدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەبۇئۇبەيدە ۋە يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان يانلىرىغا دەررار ئىبنى ئەل ئەزۋار، ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە ئەبۇ جەندەل ئىبنى سۇھەيل ئىبنى ئامىر قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قوشۇن باش قوماندانلىق مەركىزى نامىدا بىزانس قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ھەيئىتى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدى. بىزانس قوشۇنىنىڭ قارارگاھىغا كېلىپ: « قوماندانىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىمىز» دېدى. ئۇلارغا قوماندان تېزلا نامىدا ئىجازەت بېرىلدى. مۇسۇلمان قوماندانلار قارارگاھ ئىچىگە كىرىپ، چېدىرنىڭ يىپەك بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى ۋە: «بىز (دىنىمىزنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن) يىپەكتىن قىلىنغان چېدىرغا كىرەلمەيمىز» دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، چېدىرغا كىرگىلى ئۇنىمىدى. بىزانس قوماندان ئۇلار ئۈچۈن ئايرىم يىپەك سېلىنچا تەييارلاتقاندى، ئۇلار سېلىنچا ئۈستىگە ئولتۇرۇشنىمۇ قوبۇل كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزانس (رىم) قوماندانى ساھابىلەر خالىغان يەردە ۋە ئۇلار خالىغان شەكىلدە ئولتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ساھابىلار (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەردائىم ئەنە شۇنداق بولۇپ، ناھايىتى ئاددى مەسىلىلەردىمۇ اللە يولىغا قويغان شەرىئەت ھۆكمىنىڭ ھېچبىرىگە سەل قارىمايتتى. بۇ ئىشتىمۇ چېدىر ۋە سېلىنچىلار گەرچە كىيىم - كېچەك تۈرىگە كىرمىسىمۇ (ئىسلامدا ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشلا چەكلەنگەن)، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پوزىتسىيىلىرى ئۇلارنى دۈشمەن كۆزىدە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولغاچقا، دۈشمەنلەر ئۇلار بىلەن سۆلھى قىلىشقا

مەجبۇرلىناتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تارىختا ئۆزلىرىگە لايىق يەردىن ئورۇن ئالدى. شۇنداقلا، ئۆزلىرىگە خاس ئۇستۇن تەبىئىتى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئېسىل سالاھىيەتكە ئېرىشتى ۋە ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان مۇكاپاتقا نائىل بولدى.

ساھابىلەر بۇ كۆرۈشۈشتە بىزانسلارغا مۇسۇلمان بولۇش ياكى باج تۆلەش ۋەياكى ئۇرۇش قىلىشتىن بىرىنى تاللاش تەكلىپىنى سۇندى. بىزانسلار تەرسالىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىشنى تاللىدى.

بۇ ئارىدا، بىزانس قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن ماھان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە كۆرۈشۈش ئۈچۈن خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى بوش مەيدانغا چاقىردى. خالىد ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ: «سىلەرنى مەملىكىتىڭلاردىن تا بۇ يەرلەرگىچە كېلىشكە مەجبۇرلىغان سەۋەبنىڭ يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق. راست شۇنداق بولسا، مەن ھەر بىرىڭلارغا ئون دىناردىن پۇل بەرگەننىڭ سىرتىدا ھەممىڭلارغا بىرەر قۇردىن كىيىم ـ كېچەك تارقىتىپ بېرەي. سىلەر مەملىكىتىڭلارغا قايتىڭلار، كېلەر يىلى مەن يەنە شۇنداق قىلىمەن» دېگەن تەكلىپنى بەردى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد ماھانغا: «بىزنى مەملىكىتىمىزدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنى سەن دېگەن نەرسىلەر ئەمەس. ئەمما شۇنى بىلىپ قالكى، بىز قان ئىچىدىغان بىر مىللەتمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزانس قېنىنىڭ ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرگىچە كەلدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. قوماندان ماھان بىلەن بىللە كەلگەنلەر: «اللّٰه قا قەسەم قىلىمىزكى، بىز ئەرەبلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمىمىز. باشقىلارغىمۇ شۇنداق چۈشەندۈرەتتۇق» دەپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى ئىزھار قىلىشتى.[1]

شۇنداق، مانا بۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن دۈشمەن بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ھامانغا مەيدان ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېتىنى دېۋىتىپ ئوتتۇرا سەپنىڭ ئوڭ ۋە سولىغا جايلاشقان ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل ۋە كەئكە ئىبنى ئامرنىڭ ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم بېرىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇرۇش باشلىشىنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش رەسمىي باشلانغان بولدى. ئۇ كۈنى، ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، رەجەب ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئىدى.

بىزانسلار ئاۋۋال ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىغا ھۇجۇم باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىغا قاراپ سىلجىدى. بۇ ۋاقىتتا، چوڭ ساھابە ۋە مەشھۇر قوماندان مۇئاز ئىبنى جەبەل مۇنداق دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى:

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 20 ـ ئايەت.



www.munber.org

«ئى پەرۋەردىگارىم! دۈشمەنلىرىمىزنىڭ پۇتلىرىنى تىترىتىپ، يۈرەكلىرىگە ۋەھىمە سال! بىزگىمۇ جاسارەت ۋە غەيرەت ئاتا قىلىپ، سەن يولغا قويغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ھەردائىم ئىتائەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىل! بىزگە دۈشمەنلىرىمىز بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئۇرۇش قىلىدىغان شىجائەت بەر ۋە ئىلاھىي تەقدىرگە رازىمەنلىك بىلەن بويۇن ئېگىشكە مۇيەسسەر قىل، ئى رەببىم!»

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدە بىزانس سەپلىرىدىكى ئەرەب زۇبەيدىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چۇقان سالغان پېتى كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار بولسا، بىزانسلارغا بولغان ھۇجۇمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇلاردىن تالاپەتكە ئۇچراپ قېچىشقا باشلىغانلارنى كەينىگە قايتۇرۇشقا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن دۈشمەننى پەرىشان قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام قوشۇنىدىن قاچماقچى بولغانلارنى ئاياللار توستى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

ئۇرۇش شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتاتتى. قوماندان ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل بار كۈچى بىلەن: «مەن ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھقا قارشى بىرمۇنچە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئادەممەن. بۈگۈن سىلەردىن قورقۇپ قاچامتىم؟» دەپ ۋارقىرايتتى. ئاندىن ئۇ ئەسكەرلىرىگە قاراپ: «ئاراڭلاردا مەن بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئۇرۇشۇپ ئۆلۈشكە قەسەم ئىچكەنلەر بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاقىرىققا دىرار ئىبنى ئەل ئەزۋار ۋە ئىكرىمەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھارىس ئىبنى ھىشام قاتارلىق 400 گە يېقىن ئەسكەر كۆكرەك كېرىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەممىگە تونۇلغان كىشىلەر ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ چېدىرى ئالدىدا ئۇرۇشقان بۇ قەھرىمانلاردىن دىرار ئىبنى ئەل ئەزۋار قاتارلىق بىر گۇرۇھ ئەسكەر شېھىت بولدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى يارىلاندى. بۇ ئۇرۇش داۋامىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يارىلانغان بۇ ئەسكەرلەر ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كېلىنىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە سۇ ئۇزىتىلدى، ئەمما ئۇ يېنىدىكىسىنىڭ قاراشلىرىغا چىدىماي: «ئاۋۋال ئۇنىڭغا بېرىڭلار!» دەپ سۇنى ئىچمىدى. ئىككىنچىسىگە ئۇزىتىلسا، ئۇمۇ ئۈچىنچىسىنى كۆرسىتىپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. سۇ ئىچىلمەي داۋاملىق ئايلىنىپ ماڭدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى يارىدارغا كەلگەندە، سۇ ئۇلگۈرمەي شېھىت بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، سۇنى كەينىگە قايتۇرۇپ باشتا ئىچمىگەن يارىدارلارغا ئىچكۈزمەكچى بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بولۇپ بولغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ تۇنجى قەھرىمانلىرى جان بېرىش ئالدىدا كۆرسەتكەن بۇ ئاجايىپ خىسلىتى بىلەن تارىخنىڭ شەرەپ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.[1]

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 23 ـ بەت.

بىزانسلار ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئوڭ تەرەپكە قوغلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خالىد ئىبنى ۋەلىد قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىزانسلارنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇمدا مۇسۇلمانلار بىزانسلارنىڭ ئالتە مىڭ ئەسكىرىنى يوقاتتى. ئاندىن خالىد قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق يۈز ئەسكەر بىلەن بىزانسلارنىڭ مىڭدەك ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تالاپەتكە ئۇچراتتى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگەندىن كېيىن كەينىگە قايتتى. ئۇلار قايتىپ بارغاندا، (ئالدىنقى بۆلۈملەردە سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك) قارارگاھقا مەدىنىدىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇب يېتىپ كەلگەنىدى.

مەكتۇبتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىككە سايلانغانلىقى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئورنىغا باش قوماندان بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى يېزىلغانىدى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتى سەل پەسلەپ قالغان بىر ۋاقىتتا، رۇم (بىزانس) سەپلىرى ئارىسىدىن گېئورگى (George) ئىسىملىك بىر قوماندان ئوتتۇرىغا چىقىپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. خالىد ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىككى قوماندان بىر - بىرىگە شۇ قەدەر يېقىنلاشتىكى، ئاتلىرى بىر - بىرىگە يانمۇ يان كەلگەنىدى. گېئورگى خالىدقا مۇنداق دېدى:

ـ ئەي خالىد! سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن، ماڭا راستىنى ئېيت، ھەرگىز يالغان گەپ قىلما! چۈنكى، ھۆر ئىنسان يالغان گەپ قىلمايدۇ. مېنى ئالدايمەن دېمە! چۈنكى، مەرت ئىنسان الله قا ئىشىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنمايدۇ. سەندىن شۇنى سورىماقچىمەن: ئەجىبا! الله پەيغەمبىرىڭلارغا ئاسماندىن (كىمگە قارشى ئىشلەتسەڭلار، شۇنى چوقۇم يېڭىدىغان) بىر قىلىچ چۈشۈرگەن بولسا، ھازىر بىزگە قارشى شۇ قىلىچنى ئىشلىتىۋاتامسىلەر قانداق؟

خالىد ئۇنىڭغا:

ـ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بەردى. گېئورگى:

ـ ئۇنداقتا، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، سېنى الله نىڭ قىلىچى دېيىشىدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. خالىد ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالا بىزگە ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا، ئۇ بىزنى ھەققە ۋە توغرا يولغا دەۋەت قىلدى. بىز بولساق، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، قوبۇل قىلغىلى پەقەتلا ئۇنىمىدۇق. كېيىنچە، بەزىلىرىمىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەگىشىشكە باشلىدۇق، بەزىلىرىمىز ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىپ، قەتئىي يېقىنلاشمىدۇق. مەنمۇ ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىپ، يېقىنلاشمىغانلاردىن بىرى ئىدىم. ئەمما، الله تائالا كېيىن

www.munber.org

كۆڭۈللىرىمىزنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، توغرا يولغا مېڭىشقا مۇيەسسەر قىلدى. بىرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن الله نىڭ مۇشرىكلەرگە قاراتقان قىلىچى سەن» دەپ مېنى ئىسلامغا ياردەملىشىشكە چاقىردى. شۇندىن بىرى «سەيفۇللاھ (الله نىڭ قىلىچى)» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىمەن. شۇ سەۋەب بىلەن، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلەرگە ئەڭ شىددەت بىلەن قارشى تۇرىدىغانلاردىن بىرىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. خالىدنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان گېئورگى:

— ئەي خالىد! ئۇنداقتا، سىلەر ئىنسانلارنى نېمىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد:

- بىز ئىنسانلارنى الله نىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىشقا، الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەستىقلاشقا دەۋەت قىلىمىز، - دېدى.

— بۇ دەۋەتىڭلارنى قوبۇل قىلمىغانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى گېئورگى. خالىد:

- ئۇلاردىن جىزيە (باج) ئالىمىز ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلەردىن قوغدايمىز، - دەپ جاۋاب بەردى. گېئورگى يەنە:

- ئەگەر جىزيەنىمۇ قوبۇل قىلمىسىچۇ؟ - دەپ سورىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد:

- ئۇنداق قىلسا، ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز، - دېدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن گېئورگى ئارىسىدا يەنە مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتتى:

گېئورگى:

- بۈگۈن ئىمان ئېيتىپ، سىلەرگە قېتىلغان بىر ياتنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەھۋالى ۋە ئورنى قانداق بولىدۇ؟

خالىد:

— الله نىڭ ئەمرلىرى ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ ئورنىمىز ئوخشاش. يەنى يۇرت چوڭلىرى بىلەن ئاددىي بىر پۇقرانىڭ، باشتىكى بىلەن ئاخىرقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەممەيلەن تەڭ - باراۋەر. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق.

گېئورگى:

ــ بۈگۈن مۇسۇلمان بولغان بىرىنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلار بىلەن ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟

خالىد:

ــ ئەلۋەتتە بار. ھەتتا ئۇلاردىنمۇ كۆپ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ.

گېئورگى:

ــ ئەمما سىلەر خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرسىلەر. بۈگۈن بىرى چىقىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇ قانداقسىگە سىلەرگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ؟ ئۇنى سىلەر بىلەن قانداق سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

خالىد:

ــ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ھايات چېغىدا بۇ ئۇلۇغ دىننى ئۇنىڭدىن ئۆگەندۇق، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ھىدايەتكە ئېرىشتۇق. ئۇ تېخى ئارىمىزدىكى ۋاقىتتا ۋە ئۇنىڭغا ئاسماندىن خەۋەرلەر چۈشۈۋاتقان مەزگىلدە بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. ئۇ ئىلاھىي كىتابنى شەخسەن ئۆزى ئۆگەتتى، مۆجىزە ۋە ئايەتلەرنى بىزگە كۆرسەتتى. شۇڭا، بىز كۆرگەننى كۆرگەن ۋە بىز ئاڭلىغاننى ئاڭلىغان كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى شەرت ئىدى. سىلەرگە كەلسەك، سىلەر بىزگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە كۆرمىدىڭلار ياكى ئاڭلىمىدىڭلار. ئۇنداق بولغانىكەن، ئاراڭلاردىن بىرى ئىسلامنى ھەقىقىي مەنىدە ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابى بىزنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن بولىدۇ.

گېئورگى:

ــ ئەي خالىد! سەن ھەقىقەتەن راست گەپ قىلدىڭ ۋە مېنى ئالدىمىدىڭ.

خالىد:

ــ الله قا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا راست گەپ قىلدىم. سېنىڭ دىلىڭغا بۇ سوئاللارنى سالغانمۇ الله تائالادۇر.

مانا بۇ دىئالوگدىن كېيىن، گېئورگى قولىدىكى قالقاننى يەرگە پىرقىرىتىپ تاشلاپ خالىدقا: «ماڭا ئىسلامنى ئۆگەت!» دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇنى ئېلىپ چېدىرىغا قايتتى. ئاۋۋال ئۇنىڭغا تاھارەت ئالدۇرۇپ، بىرلىكتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇ ۋاقىتتا، بىزانس قوشۇنى مۇسۇلمانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تاكى (قوشۇننىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان) ئىكرىمە ۋە تاغىسى ھارىسنىڭ قوماندانلىقىدىكى مۇداپىئە سەپلىرىگىچە چېكىندۈرگەنىدى.

www.munber.org

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خالىد ۋە گېئورگى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، رۇملارغا قاراپ ئېتىلدى ۋە الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، گېئورگى بۇ قېتىملىق ھۇجۇمدا دۈشمەندىن زەربە يەپ شېھىت بولدى.[1] الله ئىسلامنىڭ بۇ شېھىتىگە رەھمەت قىلسۇن!

ئۇرۇش ئەڭ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈندە، مۇسۇلمانلار پېشىن ۋە دىگەر نامازلىرىنى پەقەت ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىقلا ئوقۇيالىدى. نامازشام ۋە خۇپتەننىڭ ۋاقتىنىمۇ كېچىكتۈردى.

بىزانس قوشۇنى بولسا، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ۋەقۇسە دېگەن يەرگە چېكىندى. قاچمىسۇن دەپ زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ قويۇلغان رۇم ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى.

يەرمۇك جېڭىدا قاتناشقان چوڭ ساھابىلەردىن بىرى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام بولۇپ، بۇ چوڭ ساھابە ئۇ كۈنى يەرمۇك جېڭىدا قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، شۇنداقلا ئەڭ قەھرىمانى ۋە جەڭگىۋارى ئىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار جەڭچىلىرىدىن بىر قانچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سەن بىزگە باشچىلىق قىل، بىزانسلارغا قارشى بىر ھۇجۇم باشلايلى!» دېدى. زۇبەير ئۇلارغا: «سىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر» دېدى. ئەمما بۇ قەھرىمان جەڭچىلەر: «ياق، بىز بەرداشلىق بېرىمىز» دېيىشتى ۋە چاقماق تېزلىكىدە بىزانس سەپلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما ئۇلار بىزانسلارنىڭ بەكمۇ مۇستەھكەم سېپىگە دۇچ كەلدى ۋە زۇبەيردىن باشقا ھەممىسى كەينىگە چېكىندى. زۇبەير بولسا، دۈشمەن سەپلىرىنى خۇددى ئوقتەك ئىككىگە يېرىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن يەنە شۇ تەرىقىدە ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ، سەبداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتتى. بۇ ھەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم قىلدى، ئەمما ئۆزىمۇ مۈرىسىنىڭ ئىككى يېرىگە دۈشمەندىن زەربە يېدى.

بۇ ئۇرۇشتا ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، ئۇنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ھىشام، ئىكرىمەنىڭ ئوغلى ئامىر، سەلەمە ئىبنى ھىشام، ئامىر ئىبنى سەئىد، ئەببان ئىبنى سەئىد، ھىشام ئىبنى ئەل ئاس ۋە ئامىر ئىبنى تۇفەيل قاتارلىقلار شېھىت بولدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۆزىنىڭ يېنىدىكى تۆت ئەسكەر بىلەن ئارقا سەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما ئاياللارنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىشى بىلەن تەكرار دۈشمەنگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە قوماندانلىقىدىكى قوشۇنمۇ ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى، لېكىن باش قوماندانىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن قايتىدىن ھۇجۇم باشلىدى. يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئۇ كۈنى بەكمۇ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. چۈنكى، دادىسى ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «جېنىم ئوغلۇم! ھەرگىز الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 378ـ بەت؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 24 ـ، 26 ـ بەتلەر.

قىلىپ، نامەرتلىك قىلما، سەۋرچان بولغىن! بۇگۈن كۆكرەك كېرىپ ئۇرۇشمىغان بىرمۇ يىگىت يوق. سەن ۋە تەڭتۇشلىرىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىر ۋە قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلار) باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەرداشلىق بېرىشى ۋە الله نىڭ ئەمرىگە تېخىمۇ بەك بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك. جېنىم بالام! ئۇنداق بولغانىكەن، الله نىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن قورقىكى، سېنىڭ ئەمرىڭدىكى جەڭچىلەر (الله دىن) سەندىنمۇ كۆپ ئەجىر تىلەيدىغان ۋە سەندىنمۇ بەكرەك بەرداشلىق بېرىدىغان بولۇپ كەتمىسۇن. بۇ جەھەتلەردە سەن ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن بولغىن!»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان يەزىد دادىسىغا: «خاتىرجەم بولغىن، دادا! ئىنشائاللاھ سۆزۈڭگە لايىق بولۇشقا تىرىشىمەن!» دېدى ۋە ئۇ كۈنى ھەقىقەتەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. يەزىد ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا سەپلىرىگە جايلاشقانىدى.[①]

سەئىد ئىبنى ئەل مۇسەييەب دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بىر ئارىلىقتا ئەتراپنى جىمجىتلىق بېسىپ كەتتى. بىز بىردىنلا بىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ ئاۋازدىن مۇنداق بىر چاقىرىق كېلەتتى: ئى الله نىڭ زەپىرى! ئەمدى بىزگە كەلگىن. ئەي مۇسۇلمانلار! غەيرەت قىلىڭلار، غەيرەت قىلىڭلار!.... قارىساق، ۋارقىرىغان ئۇ كىشى ئوغلى يەزىدنىڭ تۇغى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەبۇ سۇفيان ئىكەن.»

داڭلىق قەھرىمان مالىك ئەشتەرمۇ يەرمۇك جېڭىدا بار ئىدى (ئۇ قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان). يەرمۇك كۈنى بىزانس سەپلىرىدىن بىر جەڭچى چىقىپ:

— مەن بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىدىغانلار بارمۇ؟- دەپ مەيدانغا چۈشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەشتەر دەرھال ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقتى. ئىككىسى يەكمۇ يەك خېلى بىر ۋاقىتقىچە تۇتۇشقاندىن كېيىن، ئەشتەر: « ئال ساڭا!» دەپ بىر زەربە ئۇردى. زەربە جايىغا تەگمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىسلام قەھرىمانىغا ھەيران قالغان بىزانس جەڭچى:

ـ الله مىللىتىمدىن ساڭا ئوخشاشلارنى كۆپەيتسۇن! ـ دەپ تىلىدى. ئاندىن:

ـ ئاھ! ئەگەر سەن مېنىڭ مىللىتىمدىن بولغان بولساڭ، شۇ بىزانس قوشۇنىنى مۇتلەق غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن بولاتتىم، ـ دەپ ئاھ ئۇردى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىزانس ئىمپېراتورى ھېراكلىيۇس يەرمۇك جېڭى بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ئانتاكيا[①] دا ئىدى. بىزانس قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ھەر تەرەپكە قېچىشى بىلەن ھېراكلىيۇس قوماندانلارنى يىغىپ:

---

[①] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 27 ـ بەت.



www.munber.org

ـ ئەي نانقىپىلار! قېنى ئېيتىشە، سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان شۇ خەقلەرمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى. قوماندانلار:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. ھېراكلىيۇس يەنە:

ـ سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپمۇ، ئۇلارنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىز ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدۇق، ـ دېيىشتى. ئىمپېراتور:

ـ ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ كېتىشتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن يېشى ئەڭ چوڭ بىر قوماندان يېڭىلىپ قېلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇلۇغ پادىشاھىم! ئۇلار كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ. بەرگەن ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ. توغرا يولغا باشلاپ، خاتا يولدىن چەكلەيدۇ. بىر ـ بىرىگە ئىنساپ بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ. بىزگە كەلسەك، بىز ئىچىملىك ئىچىمىز، زىنا قىلىمىز، يامان ئىشلاردىن قولىمىزنى تارتمايمىز. سۆزىمىزدە ھەرگىز تۇرمايمىز، بىر ـ بىرىمىزگە غەزەپلىنىمىز، زۇلۇم قىلىمىز. ھەردائىم بىر ـ بىرىمىزگە يامان ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىمىز، الله مەمنۇن بولىدىغان ئىشلاردىن چەكلەيمىز. بۇ دۇنيادا ھەر تۈرلۈك جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، پىتنە ـ پاسات تېرىيمىز. مانا بۇ، بىزنىڭ يېڭىلىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىمپېراتور چارىسىزلىقتىن ئۇنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. ئېيتىلىشىچە، بىزانس مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئەرەب قۇززا قەبىلىسىدىن بىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا جاسۇس قىلىپ ئەۋەتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭغا: «شۇ مىللەتنىڭ ئارىسىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرۇپ كەل ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن!» دەپ تەلىمات بەردى. بۇ ئادەم ئەرەب بولغانلىقى ئۈچۈن چاندۇرماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەلىمات بەرگەن بىزانسلىقنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. بىزانسلىق ئۇنىڭدىن: «قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. جاسۇس ئۇنىڭغا: «راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار كېچىلىرى راھىبلاردەك ئىبادەت قىلسا، كۈندۈزلىرى شىردەك يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدىكەن. ئوغرىلىق قىلغۇچى پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ كەتسىمۇ، قولىنى كېسىدىكەن. زىنا قىلغۇچىلارنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە قاتتىق جازالايدىكەن» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بىزانس مۆتىۋەرى: «ئەگەر ئېيتقانلىرىڭنىڭ راست بولسا، بۇ ئادەملەرگە قارشى چىققاندىن ئۆلۈپلا كەتكەن تېخىمۇ ياخشى. الله تىن تىلەيمەنكى،

① ئانتاكيا ــــ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئانتاكيا ۋىلايىتى.

مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەرگىز بېرىپ قالماي. مەن ئۇلاردىن ياكى ئۇلار مەندىن غالىب كەلمىسۇن!» دەپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن نەقەدەر قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.[1]

بۇ ئۇرۇشتا، ئەبۇسۇفيان قاتارلىق بىر قانچە مۇجاھىد كۆزىدىن ئايرىلدى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ بىر كۆزى ھۇنەين جېڭىدا كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر كۆزى يەرمۇك جېڭىدا قۇيۇلۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قالغان قىسمى ئەما ئۆتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ئەما بولۇپ قالغان باشقا مۇجاھىدلار مۇنۇلار ئىدى: مۇغىرە ئىبنى شەئبە، ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئەل ئەشئاس ئىبنى قەيس، ئامىر ئىبنى مادى قەرىب، قەيس ئىبنى ئەل مەكشۇھ ۋە باشقا بىر قانچىسى...

رۇملار(بىزانسلار) ئۇرۇشنى تاشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە قوغلاپ يۈردى. بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەمەشق (ھازىرقى شام)، ھىمس شەھىرىنىڭ خەلقى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئەھدىنامىسى تۈزدى. چۈنكى، بىزانس ئەسكەرلىرى بۇ تۇپراقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تاشلاپ كەتكەچكە، بۇلار قوغدىغۇچىسىز قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېراكلىيۇس ھىمستىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىري بازىسى، قوشۇنلىرىنىڭ سەپەر ۋە قوماندانلىق مەركىزى قىلىنۋالغان ئانتاكياغا بېرىپ جايلاشقانىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىدتىن كېيىن قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى ئەل جەرراھ بىزانس قوشۇنىنى قوغلاشقا قاتناشمىغان ئەسكەرلەرنى يىغىپ، مەرج ئەس سەفەر دېگەن يەرگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. چۈنكى، بىزانس قوشۇنىنىڭ فىھل دېگەن يەرگە قايتا يىغىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلگەندى. ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ شامغا بېرىپ ئۇ يەردە تۇرۇش ياكى فىھلگە قاراپ ھەرىكەتلىنىشكە قارار بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، پىكىر ئېلىش ۋە شۇ تەلىمات بويىچە ھەرىكەتلىنىش مەقسىتىدە خەلىپىگە خەۋەر يوللىدى. خەلىپە ئۇنىڭغا ئىشنى شامدىن باشلىشى كېرەكلىكىنى، بۇ يەر (شام) بىزانس قوشۇنىنىڭ مەركىزى ۋە سۈرىيەنىڭ قەلئەسى بولغاچقا ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ مۇنداق تەلىمات بەردى:

«شامغا قاراپ ھەرىكەتلىنىڭلار! فىھلدە يىغىلىۋاتقان بىزانس قوشۇنىغا ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئارامىدا قويماڭلار. ئەگەر الله فىھلنىڭ دەمەشقتىن

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 382 ـ بەت.



www.munber.org

بۇرۇن فەتھە قىلىنىشىنى مۇيەسسەر قىلسا، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر شام فەھلدىن بۇرۇن فەتھە قىلىنىپ قالسا، شامغا بىر ھۆكۈمدار تەيىنلەپ قويۇپ، دەرھال فەھلگە قاراپ ئاتلىنىڭلار. اللہ بۇ يەرنىمۇ فەتھە قىلىشنى نېسىپ قىلسا، ئەمر ئىبنى ئاس ۋە شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنەنى پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيەگە ھۆكۈمدار قىلىپ، خالىد بىلەن بىرلىكتە ھەمىسقا قاراپ يولغا چىقىڭلار!»

دەرۋەقە، بۇ ئەمرنامە ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قولىغا تېگىپ كۆپ ئۆتمەيلا فەھل شامدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.①

## فەھل ئۇرۇشى

فەھل ناھايىتى تېز سۈرئەتتە فەتھە قىلىندى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇ يەرگە شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە قوماندانلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. بىزانس قوشۇنىنىڭ 80 مىڭ ئەتراپىدا لەشكىرى بار ئىدى. ئەسلىدە بىزانسلار بۇ يەردىكى سۇلارنى قامال قىلىپ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ شارائىتىنى قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى يولغا قويغانىدى. ئەمما مۇسۇلمانلار (اللہ نىڭ ياردىمى بىلەن) بۇ قىيىن شارائىتقا قارىماي، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قوزغاپ ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈردى ۋە شامدىن بۇرۇن فەھل بىلەن بەيساننى فەتھە قىلىپ بولدى.②

## دەمەشق (شام) نىڭ فەتھى

فەھل فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەبۇ ئۇبەيدە شامنىڭ فەتھە قىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەبۇل ئەنۋەر ئەس سەلەمىنى بىر بۆلەك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تابەريانى فەتھە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇندىن باشقا، بۇ قوشۇننى ئۆزلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاق ئەھدىنى بۇزۇپ، جەنۇبتىكى بىزانس قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان شام خەلقىگە ئەۋەتىلىپ قېلىنىشى مۇمكىن بولغان قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈنمۇ ئەۋەتكەنىدى. ھىمس خەلقىمۇ شۇنداق قىلغانىدى (يەنى ئەھدىنى بۇزغانىدى).

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 376 ـ، 383 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 12 ـ، 36 ـ بەتلەر.

② «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 393 ـ، 396 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 44 ـ ۋە 45 ـ بەتلەر.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار سۇرىيە تۇپراقلىرىدا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، شەھەرلەردىن باشقا يەرلەردە نوپۇسنىڭ ئازلىقى، بۇ يەرلەردە قەبىلە ھاياتىنىڭ ھاكىم ئورۇندا ئىكەنلىكى ۋە قوشۇنىنىڭ تېز ئىلگىرىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەبىلىلەر كۆچمەن ھاياتتا ياشىغاچقا، قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قېلىش قورقۇنچى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىتتىپاقلىشىشىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەبچى بولاتتى. سۇرىيەنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قارىغاندا، دېڭىز ساھىلىغا يېقىن يەرلەرنىڭ (قۇددۇس شەھىرىمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە) تۇپراقلىرى مۇنبەت بولغاچقا، نوپۇسىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، قۇددۇس مۇقەددەس ماكان بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك مۇستەھكەم قوغدىلاتتى.

سۇرىيە دېڭىز ساھىلىنىڭ شىمالى قىسمى تاغلىق ۋە تىك قىيالىق بولۇپ، يۈرۈش قىلىشقا ناھايىتى بىئەپ يەر ئىدى. بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ خۇددى ئۆزلىرى ياشايدىغان زېمىنغا ئوخشاش قوپال ۋە تەرسا كېلەتتى. ئىسلام فەتىھلىرى ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتلاردا، بۇ زېمىندا جۇرجۇملار ۋە ماردلار ياشايتتى. بىزانسلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولغان بۇ خەلق بۇ زېمىننىڭ ئەڭ كونا يەرلىك خەلقى بولۇپ، تەمبەل بويلۇق ئامالىقالارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى باشلاپ شامغا يۈرۈش قىلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوشۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزى سول قاناتنىڭ، ئەمر ئىبنى ئاس ئوڭ قاناتنىڭ قوماندانى ئىدى. ئەيياد ئىبنى غەنەم ئاتلىق قوشۇنغا، شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە بولسا، پىيادە قوشۇنغا باش ئىدى. بۇ ئارىدا، ئەبۇ ئۇبەيدە قول ئاستىدىكى قوماندانلاردىن زىل قەلانى بىر تۈمەن ئەسكەرگە باش قىلىپ، دەمەشق بىلەن ھىمس شەھەرلىرى ئارىسىغا ئەۋەتتى. بۇ بىر تۈمەن ئەسكەر بىزانسلارنىڭ شامغا شىمالدىن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇيتتى. ئۇندىن باشقا، ئەبۇددەردا باشچىلىقىدىكى بىر تۈمەن ئەسكەرنى دەمەشققە يېقىن يەردىكى بارزا دېگەن جايغا ئەۋەتىپ، ۋاقتى كەلگەندە شەھەرنى قورشاۋغا ئالغان ئىسلام قوشۇنىغا ئارقا تەرەپتىن ياردەم قىلىشقا قويۇپ قويدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە دەمەشقنىڭ فەتھىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ۋە مەلۇمات ئىگەللەش مەقسىتىدە قوشۇندىن ئۈچ نەپەر ئەسكەرنى تاللاپ شەھەرگە ئەۋەتتى. بۇلاردىن بىرى، شۇنداقلا بۇ ئۈچىنىڭ باشلىقى بولغان ئەبۇ ئۇمامە ئەل باھىلى بولۇپ، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇندىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

«يولغا چىقىپ، خېلى ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى بىرىگە ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ بۆكتۈرمىدە يېتىشنى بۇيرىدىم. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىرىنىمۇ بۆكتۈرمىگە قويۇپ ئۆزەم يالغۇز شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدىم. كېچە بولغاچقا، دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى تاقاقلىق ئىدى. ئېتىمدىن چۈشۈپ، نەيزەمنى يەرگە سانجىدىم، ئاندىن ئاتنىڭ يۈگىنىنى چىقىرىپ، يەم خالتىسىنى بېشىغا ئېسىپ قويدۇم ۋە ئۆزەم بىر تەرەپتە يانپاشلاپ ياتتىم. تاڭ ئاتقاندا، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. دەل شۇ ۋاقىتتا، دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، دەرۋازىدىن ئىچىگە كىردىم ـ دە، نەيزەم بىلەن نۆۋەتچىنى ئۆلتۈردۈم، ئاندىن ئېتىمغا مىنىپ ئۇ يەردىن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يىراقلاشتىم.

ئەمما دۈشمەن چارلىغۇچىلىرى پېشىمدىن قوغلاپ كەلدى. بىرىنچى بۆكتۈرمىگە كەلگەندە، بۆكتۈرمىدىكى ئەسكەر تۇرغان يېرىدىن ئېتىلىپ چىقتى، دۈشمەنلەر بۇ يەردە چوڭ بىر قوشۇننىڭ بۆكتۈرمىدە بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ دەرھال كەينىگە قايتتى. ئاندىن مەن ئۇ ئەسكەر بىلەن بىللە، ھولۇقماي ـ تېنىمەي يولىمىزغا چۈشتۇق ۋە يەنە بىر ئەسكەرنىمۇ ئېلىپ قارارگاھقا قايتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدەگە بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ شامنىڭ فەتھى ئۈچۈن يەنە بىر مەزگىل خەلىپىنىڭ تەلىماتلىرىنى كۈتتى. كۆپ ئۆتمەي، خەلىپىدىن شەھەرگە يۈرۈش قىلىش توغرىلىق ئەمر كەلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە بەشىر ئىبنى كەئبنى بىر توپ ئاتلىق قوشۇنغا باش قىلىپ يەرمۇكقا جايلاشتۇرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ شامنى قورشاۋغا ئالدى.»[1]

مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ، ئېلىپ بارغان ھەر بىر ئۇرۇشتا (دىللىرىدىكى كۈچلۈك ئىمان سايىسىدا) دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ئۇمامەمۇ ئەنە شۇ كۈچلۈك ئىمانى بىلەن ئۆزى يالغۇز شام دەرۋازىسىغىچە يېتىپ باردى. دۈشمەننىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كېچىنى ھېچقانداق خەۋپسىرىمىگەن، ھولۇقمىغان ھالدا يانپاشلاپ يېتىپ ئۆتكۈزدى. ئەتىگەن سەھەردە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارىتىنى ئالدى ۋە نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن دۈشمەن نۆۋەتچىسىنى بىر ئۇرۇش بىلەن يەرگە يىقىتىپ، قارارگاھقا بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشنىڭ خۇشنۇدلۇقىدا قايتتى.

ئەنە شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى، غەيرەت ـ شىجائىتى، جاسارەت ۋە پىداكارلىقى سايىسىدا رۇملارنىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ، خەلقى ۋەھىمە ئىچىدە لاغ ـ لاغ تىترەپ، ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ، روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىغىچە بېسىپ كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار يالغۇز بىر مۇسۇلماننىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھۇجۇم ۋە تالاپەت دەپ

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 30 ـ ۋە 31 ـ بەتلەر.

بىلەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مۇنداق دەپ بىلەتتى: مۇسۇلمانلار دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىغىر زەربە بېرىدۇ، ئاندىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخىرامان قايتىپ كېتىدۇ.

ئىسلام قوشۇنى شامغا يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن (شەھەرگە يېقىن يەردىكى) ئەل غۇتا دەپ ئاتالغان باغۇ ـ بوستانلىق ۋە ئېكىنزالىقتا كىردى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئالدى بىلەن شامنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىنلەيدىغان يېرىنى ئىگەللەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن قارشىلىق بىلدۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. قوشۇن شەھەرگە شەرق تەرەپتىن يېقىنلىشىپ، شەھەرنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قورشاۋغا ئالدى. ئوتتۇرا قىسىمغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان خالىد ئىبنى ۋەلىد شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن قەيسەن دەرۋازىسىغىچە بولغان سېپىل ئەتراپىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇ يەردىن شەھەرنىڭ جەنۇبىغىچە قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان كىچىك دەرۋازىدىن قەيسەن دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەۋاتاتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە بولسا، غەرب تەرەپتىن جابىيە دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن كىچىك دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقنى قورشاۋغا ئالدى.

قوشۇننىڭ سول قانىتى شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئايلىنىپ قورشاۋغا ئالدى. ئەمر ئىبنى ئاس قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى باشلاپ توماس دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنە بابۇل فەرادىس ۋە بابۇس سالام دەرۋازىلىرىنى كونترول ئاستىغا ئالدى. شام مانا مۇشۇ شەكىلدە بىر قانچە ئايغىچە قورشاۋغا ئېلىندى. ھېراكلىيۇس شەھەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇننىڭ خەلقىقە يېتىپ بېرىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىش مەۋسۈمى يېتىپ كەلگەچكە، ھاۋا بارا ـ بارا سوۋۇشقا باشلىغانىدى. بۇنداق شارائىتتا، تەۋەككۈل قىلىپ ئۇرۇشقا كىرىش بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە، شەھەر پاترىئارخىنىڭ بىر ئوغلى تۇغۇلدى. بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بەكمۇ سۆيۈنگەن پاترىئارخ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چوڭ زىياپەت تەييارلاپ، ئەسكەر ۋە خەلقتىن ناھايىتى كۆپ كىشىنى تەكلىپ قىلدى.

مېھمانلار ئۇ كېچىسى ھەددىدىن زىيادە ئىچىپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلغاچقا، مەست بولۇپ، قاتتىق چارچاپ كەتتى. شەھەرنى قورشاۋغا ئالغان قوشۇننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەتىسى مۇسۇلمانلارنىڭ تاكتىكا ئۇرۇشلىرىغا پوتەيدە تۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرىدىغان دۈشمەن سانىنىڭ ئاز ھەم زەئىپلىكىدىن شۈبھىلىنىپ، خەۋەرچىلەر ئارقىلىق شەھەر ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى.

www.munber.org

خالىد ئۆزىمۇ كىچىلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۇخلىماي، خەۋەرچىلەرگە باش بولۇپ ۋەزىپە ئىجرا قىلاتتى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە قاراپ ئەھۋالنى مۆلاھىزە قىلاتتى. سېپىلغا يامىشىش شارائىتىنىڭ پىشىپ - يېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەن خالىد قوشۇنىنىڭ كەئكە ئىبنى ئامىر ۋە مەئزۇر ئىبنى ئادىيغا ئوخشاش سەرخىل قوماندانلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم سىگنالى بەردى ۋە ئۇلارغا: «سېپىل ئۈستىدىن بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، سېپىلغا يامىشىڭلار!» دەپ ئەمر بەردى.

ئاندىن ئۆزىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە، ھاۋا قاچىلانغان تۇلۇملارنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، سېپىلنىڭ سىرتىكى سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكلەرنى ئۈزۈپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دەمەشق (شام) شەھىرىنىڭ شىمالى تەرىپىدىن باشقا ھەممە تەرىپىگە سېپىل تېمىنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇپ خەندەك كولىنىپ، سۇ بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. شەھەرنىڭ شىمالى تەرىپىدىن بەرادا دەرياسى ئېقىپ ئۆتكەچكە، بۇ دەريا تەبىئى شەكىلدە باشقا تەرەپلەردىكى خەندەكلەرنىڭ رولىنى ئوينايتتى. چۈنكى، شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدىكى سېپىللار دەريا قىرغىقىغا پاراللېل قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، باشقا تەرەپتىكى سېپىللارغا قارىغاندا ئەگرى - بۈگرى ئىدى.

نىھايەت، خالىد ياردەمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سېپىل تۈۋىگە يېقىنلىشىپ، شوتىلارنى سېپىل پەشتاقلىرىغا يۆلەپ يۇقىرىغا ياماشتى. دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىش ئۈچۈن، پوتەيگە چىقىپلا يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى. ئاندىن دەرھال سېپىلنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىدىكى نۆۋەتچىلەرنى ئۆلتۈردى ۋە دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. بۇ قاناتتىكى قوشۇن شەھەرگە خۇددى كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

خالىد ئالدىغا چىققان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قىلىچى بىلەن چېپىپ يۇرۇپ، قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن شەھەر مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەر چوڭلىرى قورقۇپ، قىلىچتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن باشقا دەرۋازىلارغا قاراپ قېچىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ۋە شەھەرنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئۇچۇقچە ئېلان قىلىشاتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قورالنى تاشلاپ، تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

شۇ چاغدا، ئىسلام قوشۇنىنىڭ باشقا قوماندانلىرىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شەھەرنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىدىن قورال ئىشلەتمىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەمما، خالىد خەلقىنىڭ باشقا دەرۋازىلاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن پاناھلىق تەلەپ قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز قولىدىن تىغى قورالىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇنىڭغا: «بىزدىن تىنچلىق تەلەپ قىلدى ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بىزگە تەسلىم

بولدى. بۇ قىلمىشىڭ توغرا ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. ئەمما ئۇ: «مەن شەھەرگە قوشۇنۇم بىلەن مەجبۇرىي بېسىپ كىردىم» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە قىلىچى بىلەن داۋاملىق ئادەم چېپىۋەردى. ئەڭ ئاخىرى، باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى توختىتىشىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. قوماندانلار بىر ـ بىرى بىلەن (ھازىرقى ئەل مەناھىلىيىيە دەپ ئاتىلىدىغان قەلەيچىلەر بازىرىغا يېقىن يەردە) ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن، شەھەر پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى. ئۇ كۈنى، ھىجرەتنىڭ ئون تۆتىنچى يىلىنىڭ رەجەپ ئېيى بولۇپ، يەرمۇك جېڭىدىن دەل بىر يىل ئۆتكەندى. شەھەر مۇھاسىرىسى بىر نەچچە ئاي داۋاملاشتى.[1]

دەمەشقنىڭ فەتھىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدەگە خەۋەر يوللاپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىراقتىن كەلتۈرۈلگەن قوشۇننى خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن قايتا ئىراققا ئەۋەتىشىنى بۇيرىدى. بۇ قوشۇنلار ئىران تەرەپتە جىھاد قىلىۋاتقان ئىسلام قوشۇنىغا ياردەمچى بولاتتى. خەلىپە بۇ قوشۇننىڭ ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قوماندانلىقىدا ھەرىكەتلىنىشى ھەققىدە تەلىمات بەردى.

ئۇندىن باشقا، ئەبۇ ئۇبەيدە يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفياننى دەمەشققە، شۇراھبىل ئىبنى ھەسەنەنى ئىئوردانىيەگە، ئەمر ئىبنى ئاسنى پەلەستىنگە، يەنى بۇ قوماندانلارنى بۇرۇن ئەۋەتىلگەن يەرلەرگە قايتا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى.

دەمەشق ۋالىسى يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان (ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن) دەھيا ئىبنى خەلىپەنى تەدمۇر خەلقىگە، ئەبۇ زەھرا ئەل قۇشەيرىنى ھاۋرانغا ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى شەھەر خەلقىنى تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى. ئىسلام قوشۇنى دەمەشقنى فەتھە قىلىشقا ماڭغاندا، ھاۋراننىڭ غەربىدىكى مەرجۇس سەفەر دېگەن يەردىن ئۆتىدىغان يولدىن ماڭغان بولسىمۇ، ھاۋرانغا يولۇقۇپ ئۆتمىگەچكە، ھاۋران خەلقى بىلەن تېخى تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈلمىگەنىدى.[2]

## بەقەئە ۋەقەسى

ئۇندىن سىرت، ئەبۇ ئۇبەيدە خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك قوشۇننى بەقەئەگە ئەۋەتكەنىدى. خالىد بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، (ھازىرقى زەھرۇل بەيدار دېگەن يەردە) سىنان ئىسىملىك قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك بىزانس قوشۇنى مۇسۇلمانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 392 ـ ۋە 393 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 37 ـ، 40 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 44 ـ بەت.

www.munber.org

مەيسۇن بۇلىقى دېگەن يەردە بىر مۇنچىلىغان مۇسۇلمان ئەسكەر شېھىت بولدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ يەر شېھىتلەر بۇلىقى دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، خالىد يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بەقەئەنىڭ شىمالىدىكى بەئەلبەق دېگەن يەرگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىمۇ ئىسلام تۇپراقلىرىغا قاتتى.[1]

## مارجۇررۇم ئۇرۇشى ۋە ھىمسنىڭ فەتھى

ئەبۇ ئۇبەيدە شەخسەن ئۆزى بىر بۆلەك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، شىمالغا قاراپ سەپەرگە چىقتى ۋە زىت تەلا دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر، ھارىزقى ئەل كادىفەگە يېقىن سەنىيىەتۇل ئۇقابنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى. دەل شۇ يەردە، ئەبۇ ئۇبەيدەگە بىزانس ئىمپېراتورى ھېراكلىيۇسنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پاترىئارخ تېئودور قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى.

بىزانس قوشۇنى دەمەشقنى قۇتۇلدۇرۇش خىيالىدا مارجۇررۇمغا (ھازىرقى لىۋاندا سابىبۇرا رايونى دەپ ئاتىلىدىغان يەر) قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە قوشۇننى باشلاپ تېئودور قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا قارشى يۈرۈش قىلدى. خالىد بولسا، بىزانس قوشۇننى ئارقا تەرەپتىن قورشىدى ۋە ئۇرۇش باشلاندى. رۇم لەشكەرلىرىدىن (ئاندا ـ ساندا قېچىپ قۇتۇلغانلىرىدىن باشقا) ھېچكىم ساق قالمىدى. تېئودورنى خالىد ئۆلتۈردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇندىن باشقا شىنەس ئىسىملىك بىر پاترىئارخ بىلەن توقۇنۇشتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھىمسقا قاراپ قاچتى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. خالىد تېئودورنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ كەينىدىن ھىمسقا قاراپ يولغا چىقتى. ھىمسقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىسى بىرلىشىپ شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. قورشاۋ يەنە ئۈزۈنغىچە داۋام قىلدى. قىش مەۋسۇمى كەلدى ۋە ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، مۇسۇلمانلار سەۋرچانلىق كۆرسىتىپ، قاتتىق بەرداشلىق بەردى. قىش سوغۇقى سەل بوشاپ قالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. شەھەر ئاھالىسى بەرداشلىق بېرەلمەي، يۇرت چوڭلىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن، دەمەشق ئەھدىنامىسىگە ئوخشاش بىر ئەھدىنامە تۈزۈلدى. زېمىن باجغا باغلاندى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغانلارمۇ جىزيە تۆلەيدىغان بولدى. ئەبۇ ئۇبەيدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ زەپەرلەرنىڭ خۇشخەۋىرىنى خەلىپىگە يەتكۈزۈش ۋە يىغىۋېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە يوللاش مەقسىتىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنى مەدىنىگە ئەۋەتتى.

---

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 44 ـ بەت.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەبۇ ئۇبەيدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھېراكلىيۇس مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكىر ۋە تەلىماتلىرىنىمۇ كۇتۇۋاتاتتى. خەلىپىدىن ئۇنىڭغا (بولۇپمۇ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ) ھىمستا تۇرۇشى ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.[1]

## قىننەسرىنىڭ فەتھى

باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ھىمسنىڭ فەتھىدىن كېيىن، خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بىر بۆلەك ئەسكەرگە قوماندان قىلىپ قىننەسكە[2] ئەۋەتتى. خالىد شەھەرنى قورشاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدەدىن كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچە، قەتئىي بوشاشماي ئۇرۇش قىلىپ شەھەرنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ، ھىجرەتنىڭ ئون بەشىنچى يىلى ئىدى. سۈرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ ئىلگىرىلەش دېڭىز ساھىلىدىكى يەرلەردە (بۇندىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن) كۆرۈلمەيۋاتاتتى. شۇ سەۋەب بىلەن، پەلەستىن ئەمىرى ئەمر ئىبنى ئاس مۇسۇلمانلارنىڭ ساھىل قىسىملاردا ئىچكى قىسىملاردىكى ئىلگىرىلەشلەرگە پاراللېل شەكىلدە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، جەنۇبقا قاراپ شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلدى.[3]

بۇ ئەھۋالدا، باش قوماندانلىق مەركىزىمۇ ئىچكى قىسىمدىن ساھىلغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بۇ رايوننى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، پارچە - پارچە ھالغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇ يەرلەرنىڭ فەتھىنى ئاسانلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبتىن يولغا چىققان ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان توسالغۇلارنى يوقىتىپ، ۋەزىيەتنى ياخشى تەرەپكە بۇرىشى لازىم ئىدى.

شۇنداق قىلغاندا، بىزانسلارنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ، بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدلىرى پۈتۈنلەي يوقىغا چىققان بولاتتى. مانا بۇ، ئىچكى قىسىملاردىن ساھىل تەرەپلەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ نىشان ۋە مەقسىدى ئىدى.

شۇڭا، خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى قەيسەرىيەگە قاراپ ھەرىكەتلىنىشكە بۇيرىدى. ئۇنىڭغا ئۇ يەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردە قېلىپ ئەمىرلىك

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 449 ـ ۋە 450 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 89 ـ بەت.

[2] قىننەسرى ـ سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، مەلھە سازلىقىغا قۇيۇلىدىغان قۇۋەيق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خارابىلىرى ھازىرمۇ بار.

[3] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 452 ـ ۋە 453 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 90 ـ ۋە 91 ـ بەتلەر.



www.munber.org

قىلىشىنىمۇ تاپىلىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇئاۋىيەگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «سېنى قەيسەرىيەگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدىم. بۇ شەھەرگە دەرھال يۈرۈش قىل ۋە ئۇ يەرنى فەتھە قىلىش ئۈچۈن الله تىن ياردەم ۋە زەپەر تىلىگىن! يۈرۈش قىلغان ۋاقتىڭدا مۇنۇ دۇئانى پات ـ پات ئوقۇپ تۇرغىن: ”لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم (الله تائالا بىزنىڭ رەببىمىز، ئىشەنچ مەنبەئىمىز، ئۈمىدىمىزدۇر. الله نېمە دېگەن ئۇلۇغ ئىگە ۋە نېمە دېگەن چوڭ ياردەمچىدۇر!؟)»

مۇئاۋىيە خەلىپىنىڭ ئەمرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەيسەرىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلمىغان دۈشمەن قوشۇنى بىلەن بىر نەچچە قېتىم توقۇنۇشتى. ئەڭ ئاخىرى، دۈشمەن قوشۇنىدىن 80 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى ۋە قەيسەرىيەنى فەتھە قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، بىزانس قوشۇنى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىمۇ يوقىتىپ قويغان بولدى.

قەيسەرىيەنىڭ فەتھىدىن كېيىن، خەلىپە ئەمر ئىبنى ئاسقا ئىلىيا (قۇددۇس) شەھىرىنى فەتھە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.[1]

## ئەجنادەيىننىڭ فەتھى

ئامىر ئىبنى ئەل ئاس ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەلىماتى بويىچە ئەجنادەيىنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يەر فەلەستىن تەۋەسىدىكى (ھازىرقى لىۋاندا سۇ ئارشاڭلىرى بىلەن تونۇلغان ساياھەت يېرى) يېقىن بىر يەر بولۇپ، پەلەستىنگە ئۆتىدىغان ناھايىتى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى. بۇ يەردە بىزانسلارنىڭ ئارتابون ئىسىملىك بىر قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدىكى خېلى چوڭ قوشۇنى ساقلاپ تۇراتتى. بىزانسلارنىڭ بۇندىن باشقا، رامەللا ۋە قۇددۇستىن ئىبارەت ئىككى ئايرىم رايوندىمۇ ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى.

ئامىر ئىبنى ئەل ئاس ئارقا تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوشۇننى تەڭشەپ رامەللا ۋە قۇددۇسقا مەلۇم ساندا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى يەردىكى بىزانس قوشۇنىنى ئاۋارە قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتابون قوشۇنىغا ياردەمگە كېلىشىنى توسۇپ تۇرۇشىنى كۆزدە تۇتقانىدى. شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەجنادەيىننىڭ فەتھى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا، دىپلوماتىك كۆرۈشۈشلەرمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئەلچىلەر توختىماي بېرىپ ـ كېلىپ يۈرەتتى. بۇ ئەھۋال، تېتىك ۋە زېرەك

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 456 ـ ۋە 457 ـ بەتلەر.

ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ كۆڭلىگە پەقەتلا ياقمىدى ۋە ئۆزى بىر پىلان تۈزدى. ئۇ كىملىكىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئەلچىسى قىلىپ كۆرسىتىپ ئارتابوننىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. دەرۋەقە، شۇنداق قىلىپ ئەجنادەينگە يېتىپ باردى ۋە ئارتابوننىڭ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىندى. ئەمما ئارتابون ئالدىدىكى بۇ زاتنىڭ ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ كىشى ئەڭ بولمىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىسى ئىدى.

ئارتابون ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ھەرقانچە قىلساممۇ، مۇسۇلمانلارغا بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ چوڭ زىيان سالالمايمەن» دېدى ۋە بىر سۇيىقەست بىلەن ئەمر ئىبنى ئاسنى يوقاتماقچى بولۇپ، خاس ئادەملىرىدىن بىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئەمرنىڭ قايتىش يولىدا بۆكتۈرمە قىلىپ يېتىشنى ۋە ئەمر قايتقاندا دەرھال ئۆلتۈرۈشنى بۇيرىدى. شۇنداق قىلغاندا دىپلوماتىك قائىدىلەرگە ئوچۇق - ئاشكارە خىلاپلىق قىلمىغان بولاتتى. ئەمما، ئەمر ئۆزىنىڭ زېرەك ئەقلى بىلەن ئارتابوننىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ قالدى. ئۇمۇ بۇ ئىشقا قارشىلىق بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئارتابوننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ: «جانابلىرى! بىز بىر - بىرىمىزنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق. ئەمما مەن ھەزرىتى ئۆمەر ساڭا ئەۋەتكەن ئون كىشىلىك ھەيئەتتىن بىرىمەن. ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلساڭ، مەن بېرىپ قالغان توققۇز نەپەرنىمۇ ئېلىپ كېلەي. ئۇلارمۇ كېلىپ سېنىڭ پىكىرلىرىڭنى ئاڭلاپ باقسۇن، بۇ ئىشنى شۇ يول بىلەن ھەل قىلايلى!» دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئارتابوس بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىپ، بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ئەمرنى ئۇزىتىپ قويۇپ. ئاندىن بۆكتۈرمىگە ياتقۇزۇپ قويغان ئادىمىنى ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمر ئىبنى ئاس ئۆزى ئۇچۇن پىلانلانغان سۇيىقەستتىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ قالدى. ئارتابون بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن: « ۋاي ئېسىت! بۇ ئادەم مېنى ئالداپتۇ. قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى ئىكەن» دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

بۇ ئىش ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغاندا، ھەم ئەمرنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدى ھەم بۇ مۇھىم ئادىمىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ سۆيۈنۈپ: «ياشاپ كەت، ئەي ئەمر!» دەپ ئۆزىچە ئۇنى ماختاپ كەتتى.

www.munber.org

كېيىن، ئەجنادەيندە يەرمۇكتىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار بىلەن بىزانىسلار ئارىسىدا قانلىق جەڭ يۈز بەردى. مۇسۇلمانلار ئاخىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ ئەجنادەينگە بېسىپ كىردى ۋە بەيتۇل مەقدەسكە قاراپ ئىلگىرىلىدى.[①]

## قۇددۇسنىڭ فەتھى

مۇسۇلمانلار قوشۇنى سۈرىيەدە بىزانىسلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئايرىم - ئايرىم يۆنىلىشلەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەزىدە بىر يەرگە يىغىلىپ بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مەسىلەن، قۇددۇس فەتھىدىمۇ شۇنداق بولدى. باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە دەمەشققە سەئىد ئىبنى زەيىدنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلەپ، بەيتۇل مەقدەسنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە خەلقنى تەسلىم بولۇشقا قىستاش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

قۇددۇس خەلقى خەلىپىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش شەرتى ئاستىدا شەھەرنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى خەلىپىگە يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئاۋۋال ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى. ھەزرىتى ئەلى خەلىپىنىڭ بېرىشىنى مۇۋاپىق كۆردى، ئەمما، ھەزرىتى ئوسمان بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى. نەتىجىدە، ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئورنىغا ئۇنى نائىب قىلىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىغا ھەزرىتى ئاbbاسنى ئېلىپ قۇددۇسقا قاراپ يولغا چىقتى.

ئەبۇ ئۇبەيدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوماندانلار جابىيە دېگەن يەردە ھەزرىتى ئۆمەرنى كۈتۈۋالدى. ئۆمەر جابىيەدىن بەيتۇل مەقدەسكە يېتىپ باردى ۋە خرىستىئانلار بىلەن كېلىشتى، ئەمما، بىزانىسلارنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە شەھەردىن چىقىپ كېتىش شەرتىنى قوشۇپ قويدى. قۇددۇس فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر مەسجىدى ئاقساغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى كىرگەن ئىشىكىدىن) كىرىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ناماز ئوقۇدى. ئاندىن قۇببەتۇس سەھراغا كىردى ۋە بەيتۇل مەقدەسنىڭ قىبلە تەرىپىگە مەسجىد (بۇ ھازىرھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مەسجىدى دەپ بىلىنىدۇ) سالدۇردى.

قۇددۇس تەلتۆكۈس فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قوماندانلار ئۆزلىرى ئەسلىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان يۆنىلىشلەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.[①]

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 382 ـ ۋە 383 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 93 ـ ۋە 94 ـ بەتلەر.

# ھىمىس شەھىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق فەتھى

ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ھىمىسقا قايتىپ بېرىشى بىلەن تەڭ بىزانس قوشۇنلىرى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جەزىرە[2] خەلقىمۇ ئۇلارغا قېتىلغانىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە قوماندانلىق ھەيئەتلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ بىزانسلارغا قارشى مەيدان ئۇرۇشى قىلىش ياكى شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىش كېرەكلىكى توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى. ھەيئەتلەر مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما، ئەبۇ ئۇبەيدەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر بۆلەك ئەسكەرنى باشلاپ قىننەسرىندىن يېتىپ كەلگەن خالىد شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش پىكرىدە چىڭ تۇردى.

لېكىن، ئەبۇ ئۇبەيدە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ئەھۋالنى خەلىپىگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن خەۋەر يوللىدى. سۈرىيەنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتھ قىلىنغان ھەر بىر شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى پەقەت شۇ يەرنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى ۋە ھۆكۈمەتنى قوغداپ تۇرۇشقىلا يېتەتتى. شۇڭا، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەگەر يېڭى فەتھ قىلىنغان بۇ شەھەرلەردىن ئەبۇ ئۇبەيدەگە ياردەمچى قوشۇن كەلسە، ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئامانلىقى بۇزۇلۇپ، تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە توپلىشىۋاتقان بىزانس قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن شەھەر خەلقىنىمۇ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھەزرىتى ئۆمەر ئىراقتا تۇرۇۋاتقان سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا مەكتۇب يوللاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەئقە ئىبنى ئامىرنى دەرھال ھىمىسقا ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتىشنى، ئۇنىدىن باشقا، ئەييا‍د ئىبنى غەنەم قوماندانلىقىدىكى بىر بۆلەك قوشۇننى بىزانسلارغا ياردەمچى بولۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان جىزرە خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىشنى بۇيرىدى. بۇ بۇيرۇققا بىنائەن، كۇفەدىن قەئقە ئىبنى ئامىر قوماندانلىقىدىكى تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھىمىسقا، ئاياد ئىبنى غەنەم قوماندانلىقىدىكى يەنە بىر بۆلەك قوشۇن جىزرەگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى شەخسەن بىر بۆلەك ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، ئەبۇ ئۇبەيدەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يولغا چىقتى.

ھىمىسنى قورشىۋالغان بىزانس قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئۇرۇنغان جەزىرە ئاھالىسى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا يېتىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ھىمىسنى تاشلاپ، يۇرتلىرىغا قايتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزانس

---

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 94 ـ، 103 ـ بەتلەر.

[2] جەزىرە ــ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ شىرناك ۋىلايىتىگە قاراشلىق جىزرە ناھىيىسى.



www.munber.org

قوشۇنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ شەخسەن قوماندانلىقىدا بىر بۆلەك قوشۇننىڭ ئەبۇ ئۇبەيدەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يەتكۈزۈلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بىزانس قوشۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتتى، كۆنسېرى تېخىمۇ زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەمدى سېپىل سىرتىغا چىقىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىندى ۋە مۇسۇلمانلار اللە تائالانىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەنلەرنى يەڭدى. كۇفەدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان قەئقەنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بۇ ۋاقىتچە تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى. مۇسۇلمانلار ھىمستا غەلىبە قازىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئاندىن يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەر جابىيەدە بولۇپ، ئۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى بۇ يەردە ئالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىمۇ باشقا جەڭچىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئۇرۇش غەنىمەتلىرىدىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالدى. بۇندىن باشقا ھالەپ، مەنبىج ۋە ئانتاكيا خەلقلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى.①

## جەزىرە (جىزرە) نىڭ فەتھى

كۇفەدىن يولغا چىققان ئەيياد ئىبنى غەنەم قول ئاستىدىكى قوشۇننى باشلاپ جەزىرەگە يېتىپ بېرىپ، ھارران، رەھا ۋە رەققا قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىلەن ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى تۈزگەندىن كېيىن، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئارىنى نۇسەيبىنگە، ئەمر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنى رەسۇل ئەينىگە ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ دارا② غا يۈرۈش قىلىپ، بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاسنى ئەرمەنىيە③ گە يوللىدى. ئوسمان دەسلەپ بۇ يەر خەلقى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. كېيىن ئاھالە بېشىغا بىر دىناردىن جىزيە تۆلەيدىغانغا كېلىشتى.④

## سۈرىيە ساھىللىرىنىڭ فەتھى

ئامىر ئىبنى مالىك قارقىيسانى فەتھ قىلغاندىن كېيىن، ھىت خەلقى بىلەن ئەھدىلىشىپ، جىزيە تۆلەشكە كېلىشتى. بۇ ۋاقىتلاردا يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 485 ـ ۋە 486 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 125 ـ ۋە 126 ـ بەتلەر.

② دارا ـ ھازىرقى سۈرىيەنىڭ دەيرۇززۇر ۋىلايىتى.

③ ئەرمىنىيە ـ (ھازىرقى) تۈركىيەدىكى شەرقى ئاناتولىيەنىڭ شەرقى جەنۇبى ياكى ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەب مەنبەلىرىدە ئەرمىنىيە، تۈركچە ماتېرىياللاردا ئەرمەنىستان دەپ يېزىلىدۇ ـ (ت).

④ «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 486 ـ 489 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 126 ـ 128 ـ بەتلەر.

ئىنىسى مۇئاۋىيەنى قوشۇن تۇرشاۋۇللىرىغا باشچى قىلىپ سۈرىيە ساھىللىرى (ھازىرقى لىۋان تۇپراقلىرى) غا ئەۋەتتى. ئۇ باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئەمرى بىلەن ئاق دېڭىز ساھىلىدىكى سۇر، سەيدا، بېرۇت، ئاركا (ھازىر يوق) ۋە ترابلۇس قاتارلىق يەرلەرنى فەتىھ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولدى.[1]

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇسۇلمانلار بۇنچە فەتىھلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ناھايىتى چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. يەنى مۇسۇلمانلار فەتىھ قىلىپ بولغان يەرلەرنى بىر باشتىن تولۇق تازىلاپ چىقمىدى. ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ يەرلەردىن بىرىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى چىقىپ، سۈرىيەنى تەكرار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن بىزانسلارغا ياردەمچى بولىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ چىقىپ، تەلتۆكۈس يوقىتالمىدى.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىچە، بۇ يەرلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھاكىمىيەت ۋە كۈچ مەركىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. چۈنكى بۇندىن بۇرۇن كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئىچكى قىسىملارنىڭ فەتھى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. بۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكەت يۆنىلىشى بولۇپ، مەدىنە بىلەن ئالاقىلىشىشمۇ ئاسان ئىدى. ئىشنىڭ ئەجەپلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، مۇسۇلمانلار (باش قوماندانلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن) دېڭىز قىرغاقلىرىدا بىزانسلارنىڭ بىر مۇنچىلىغان كېمە ۋە ئارمىيىسى بولغان لىۋاندىن ھەردائىم يىراق تۇرۇشقا تىرىشتى. دەل شۇ چاغلاردا، بىزانس دېڭىز ئارمىيىسى بۇ ساھىللاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تېخى دېڭىز ئارمىيىسى يوق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى چۆلدە ياشىغاچقا، كۆپىنچىسى تېخى دېڭىزنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ شۇنداق دېڭىز كۆرۈپ باقمىغانلاردىن بىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ساھىللارنىڭ يېرىم ئارالدىكى تاغلىق رايونلىرىنىمۇ ئۆز كونتروللىقىغا ئالماي، پەقەت تۆپىلىكلەرنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش بىلەنلا بولدى قىلدى.

مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەردىكى نوپۇسنىڭ شالاڭلىقىغا قاراپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە ھېچقانداق خېيىم ـ خەتەر كەلمەيدىغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمىگە مەجبۇرىيى بويۇن ئېگىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەچكە، كۆڭۈللىرىدە ھېچقانداق ئەندىشە تۇيغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىسى بەكمۇ يوقسۇل، زېمىنلىرى ئۇنۇمسىز ئىدى.

بۇ خاتالىق ئەندۇلۇس فەتھىدىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ يەردىمۇ تاغلىق رايون خەلقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئەڭ چوڭ بالا ـ قازا بولۇپ، ئۇزۇندىن مەزگىل

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 394 ـ ۋە 395 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ھاكىمىيەت سۈرۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. سۈرىيە ساھىللىرىدىكى (لىۋان) مانا بۇ خاتالىقلارنىڭ دەردىنى تاكى بۈگۈنلەرگىچە تارتماقتىمىز!

ئىسلام فەتىھ ھەرىكەتلىرى داۋاملىشىۋاتقان ئۇ كۈنلەردە، بىزانسلارنىڭ ساھىللاردىكى قوشۇنلىرىنى كۆرگەن لىۋاننىڭ تاغلىق ئاھالىلىرى دەرھال ئۇلارغا قېتىلىپ، ياردەملىشىشكە باشلىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن، بىزانسلىقلار (بۇ يەردە جىددىي ئېھتىياجلىق پەيتلەردە دەرھال چاقىرىپ كېلەلەيدىغان بىر قوشۇننىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۇپراقلارنى چوقۇم قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدىدە يۈرگەنىدى.

رۇملار ئۆز ھېسابىغا كىرگۈزۈپ قويغان يەنە بىر كۈچ بار بولۇپ، بۇ ـ ئىسلام قوشۇنلىرى بىزانسلارنى سۈرىيەدىن قوغلاپ چىقارغاندا، بىزانسلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، شۇنداقلا خرىستىئانلاشقان غەسسان، تەنۇھ، ئەياد، لەھم، جۇزام، ئامىلە، قىندە، قەيس ۋە قىنانە قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ بۇ تۇپراقلاردىن چېكىندى. بۇ قەبىلىلەر بىزانسلارنىڭ بۇ تۇپراقلارنى شۇنداقلا تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى، بەلكى بىر كۈنلىرى چوقۇم قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ يەرلەردە، بۇ قەبىلىلەرنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرى ۋە بىرمۇنچىلىغان ھەقەمسايىلىرىمۇ بار ئىدى. مانا بۇ ئامىللار، بىزانسلارنىڭ بۇ تۇپراقلارغا قايتا كىرىش جاسارىتى ۋە ئۈمىدىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى.

دەرۋەقە، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىزانسلار لىۋان ساھىللىرىنىڭ بىر قىسمىنى قايتا ئىگەللىۋالدى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي يەنە قوغلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ جۇرجۇملاردىن ئەسكىرىي ئىشلاردا پايدىلانماقچى بولۇشى (مۇسۇلمانلارنىڭ) بۇ ۋاقىتلاردا ئۆتكۈزگەن يەنە بىر خاتالىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇرجۇملار جۇرجۇما دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئانتاكيانىڭ شىمالىدىكى ئامانوس تېغىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەر ئىدى. بۇ يەردە جۇرجۇملارنىڭ بىر دۆلىتى بار بولۇپ، پايتەختى ماراش ئىدى. بۇلار ھېتتىلارنىڭ كېيىنكى نەسىللىرى دەپ پەرەز قىلىنماقتا. ئانتاكيالىقلار سۈرىيەنىڭ فاتىھى (فەتىھ قىلغۇچى) ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئامىر ئەل جەرراھ بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جۇرجۇملار ئالاقزادە بولۇپ، بىزانس تۇپراقلىرىغا كۆچۈشكە باشلىدى. ئەمما مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقا بەكمۇ سەل قارىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئانتاكيالىقلار ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار بۇ شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم فەتىھ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەبۇ ئۇبەيدە جۇرجۇملارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا تەييارلانغان ھەبىب ئىبنى مەسلەمەنى بۇ يەرگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى.

جۇرجۇملارغا كەلسەك، بۇلار پات ـ پات مەيداننى ئۆزگەرتىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىگە قاراپ يول تۇتاتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە مۇسۇلمانلارغا، ئۇستۇنلۇك بىزانسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن چاغلاردا بىزانسلارغا ياردەم قىلاتتى. بۇ ئەھۋال بىزانسلارنى ئۈمىدلەندۇرۇپ، سۇرىيەنى قايتۇرۇۋېلىش جاسارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرگە ئېھتىياجى بارئىدى. ئۇلار جۇرجۇملارنىڭ ئەسكىرى تەربىيە كۆرگەن، ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ئۇلاردىن ئەسكىري ياردەم ئالماقچى ۋە پايدىلانماقچى بولدى. لېكىن ئۇلار ھەققە ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشىنىشكە قەتئىي بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار پەقەت ئۆز مەنپەئەتلىرىنىلا ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇلار بەزىدە رۇملارغا بولۇشسا، بەزىدە مەۋقەسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇراتتى. بۇ يەرلەر مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، جۇرجۇملار پارچىلىنىپ ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلارغا تارقىلىپ كەتتى. ئەمما ئۇلار دۆلەت ۋە كېيىنكى نەسىللەر ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ چوڭ خەتەر بولۇپ كەلدى. ئۇلار تاكى ھازىرقى زامانغا قەدەر بىر يۇرۇش ئاجايىپ ئېتىقادلار بىلەن ياشاپ كەلمەكتە.[1]

## مىسىرنىڭ فەتھى

سۇرىيە تەلتۆكۈس فەتھ قىلىندى. ئەمر ئىبنى ئاس پەلەستىننى ئىسلام تۇپراقلىرىغا قاتقاندىن كېيىن، مىسىرغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئۆمەردىن ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىش بىلەن بىرگە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام قوماندانلىقىدىكى بىر بۆلەك ئەسكەرنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ قوشۇندا زۇبەيردىن باشقا بەشىر ئىبنى ئەرتارا، خارىجە ئىبنى خۇزافە ۋە ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئەل جەھمى قاتارلىق قوماندانلارمۇ بار ئىدى.

ئىككى تەرەپ چوڭلىرى (ئاۋۋال كۆرۈشۈش ئۈچۈن) مىسىرنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئۇچراشتى. مىسىر ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك بىر مەسئۇل خادىم بىلەن ئەبۇ مىيام ئىسىملىك بىر پوپ مۇسۇلمانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

بۇلارنى مىسىر پادىشاھى (ياكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مىسىر ئۆلكىسىدىكى ۋەكىلى) مۇقەۋقەس ئىسكەندەرىيەدىن ئەۋەتكەنىدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۇلارنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە مۇسۇلمان بولۇش، جىزيە تۆلەش ياكى ئۇرۇشۇش قاتارلىق ئۈچ ئىشتىن

[1] مۇئەللىپ بۇ يەردە دۇرزىلەر، مارونىلار ۋە نۇسەيرىلەرگە ئوخشاش ھەر خىل دىن ۋە مەزھەبلەرگە مەنسۇپ كىچىك مىللەتلەرنى كۆزدە تۇتماقتا.



www.munber.org

بىرنى تاللىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مىسىر ۋەكىللىرى ئۇنىڭدىن مۆھلەتنى ئۇزارتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمر ۋاقىتنى پەقەت بىر كۈنلا ئۇزارتىپ بەردى. مىسىرلىقلار مۇسۇلمان بولۇشنى ياكى جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلمىدى، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. مىسىرلىقلار يېڭىلىپ، بەك كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەردىن بىرى سۈرىيەدىن مىسىرغا قاچقان ۋە مىسىرلىقلارنى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتكەن، بىزانسلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى ئارتابون ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەين شەمسنى مۇھاسىرىگە ئالدى. زۇبەير ئىبنى ئاۋام سېپىلغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. زۇبەيرنىڭ سېپىلغا چىققانلىقىنى كۆرگەن خەلق ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئەمر ئىبنى ئاس كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ئەمما زۇبەير كۆپ ئۆتمەي شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، ئامىر كىرمەكچى بولۇۋاتقان دەرۋازىغىچە يېتىپ كەلدى. خەلق ئىلاجسىزلىقتىن ئەمر بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەھدىنامىگە زۇبەير ئىمزا قويدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پۈتۈن مىسىر خەلقى مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇپ، تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئەين شەمس ئەتراپلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافە فۇستاتتىكىگە ئوخشاش بۇ يەرلەرنى ۋە ئەتراپ يېزىلارنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ بولغانىدى.

بۇ يەر فەتىھ قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمر ئىبنى ئاس مۇۋەققەت تۇرۇۋاتقان ئىسكەندەرىيەگە بىر بۆلەك ئەسكەرنى ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىشى بىلەن مۇۋەققەس چارىسىزلىقتىن جىزيە تۆلەش شەرتىنى قوبۇل قىلىپ ئەھدىلەشتى. ئەمر ئىبنى ئاس بۇ يەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافەنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى.

ئەمر ئىبنى ئەل ئاسنىڭ قارارگاھى قۇرۇلغان يەرگە فۇستات شەھىرى بەرپا قىلىندى. ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ چېدىرى قۇرۇلغان يەرگە جامىئە (بۇ جامىئە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە)، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆيلەر سېلىنىش ئارقىلىق فۇستات شەھىرى پۈتتۈرۈلدى. بۇ يەرنىڭ فەتھىدىن كېيىن، ئەمر ئىبنى ئاس خەلىپىنىڭ ئەمرى بويىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرخ باشچىلىقىدىكى قوشۇننى سەئىد رايونىغا ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ بۇ يەرنى فەتھ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى شۇ يەرنىڭ ئىدارىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

ئەمر يەنە خارىجە ئىبنى خۇزەفەنى فەييۇم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا، ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئەل جىمھىنى دىمياتقا ئەۋەتتى. خارىجە فەييۇمنى ئىشغال قىلدى، ئۇمەيرمۇ

دىمىياتنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن يەرلىك خەلق بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى.

مىسىر فەتىھ قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمىر ئىبنى ئاس غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئاۋۋال بەرقەنى ئىشغال قىلدى ۋە خەلقى بىلەن ئەھدىنامە تۈزدى. زۇۋەيلا تەرەپكە ئەۋەتكەن ئۇقبە ئىبنى نافىمۇ ئۇ يەرلەرنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن، ئەن نەۋبە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەمىر ئىبنى ئەل ئاس ترابلۇسنى (لىۋىيەنىڭ ھازىرقى پايتەختى بېيرۇتنىڭ ئورنى) بىر ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ بولۇپلا، سابراتا ۋە شۇرۇست شەھەرلىرىنىمۇ قولغا كىرگۈزدى. ئەمما خەلىپە ئۇنىڭغا مەكتۇب يوللاپ، غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشنى توستى.[①]

## شەرقىي سەپلەرنىڭ ئەھۋالى

ئىران خەلقى ئۆز ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەننىڭ ئۈستىگە، ئوردىنىڭ ئىچىدىمۇ غەليان بېسىقمايۋاتاتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىزانسلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قوشۇننى ئىراقتىن سۈرىيەگە ئېلىپ ماڭدى. پارسلار بۇ يەرلەردە مۇسۇلمانلارنى ئازلاپ كەتتى دەپ قاراپ، بىر پۇرسەت تېپىپ ئىراقتا قېلىپ قالغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغاشنى ۋە (ئۆز خىياللىرىدا) مۇسۇلمانلارنى دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلاپ يۈرەتتى.

پارس شاھى شەھرىيار ئەنە شۇ ئۈمىدتە ئەل مۇسەننا ئىبنى ھارىسە ئەش شەيبانى قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما، ئۆزلىرى باشلىغان بۇ ئۇرۇشتا پارسلار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىراق سېپىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەل مۇسەننا ئىبنى ھارىسە ئۆز ۋاقتىدا (بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تېخى ھايات ئىدى) مەدىنىدىن ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ جاۋابى كېچىككەندى. چۈنكى، خەلىپە ئۇ كۈنلەردە سۈرىيە سېپىدىكى قوشۇنلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەل مۇسەننا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئورنىغا بەشىر ئىبنى ئەل ھاساسىيەنى قوماندان سايلاپ قويۇپ، ئۆزى مەدىنىگە باردى. ئۇ مەدىنىگە يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سەكراتتا بولۇپ، ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەندى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئەل مۇسەننا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەرگە مۇنداق بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلدى:

---

① « ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 514 ـ، 519 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 162 ـ، 167 ـ بەتلەر.



www.munber.org

«ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، كۈن كەچ بولۇشتىن بۇرۇن خەلقنى ئەل مۇسەننا بىلەن ئىراققا بىرىشقا چاقىرغىن! ئاندىن، ئەگەر الله سۈرىيەدىكى قوشۇنلىرىمىزغا سۈرىيەنى فەتھە قىلىشنى مۇيەسسەر قىلسا، سەن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوشۇننى دەرھال ئىراققا قايتۇرغىن! چۈنكى ئۇلار بۇ يەرلەرنىڭ شارائىتىنى بىلگەچكە، ئۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ.»

دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال خەلقنى ئىراققا بىرىشقا چاقىردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد ئەس ساقافىنى بۇ قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. چۈنكى، بۇ زات چاقىرىققا بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشقان ئىدى. ئەمما ئۇ ساھابە ئەمەس ئىدى. شۇنى بىلىپ قېلىش لازىمكى، ھەزرىتى ئۆمەر ساھابە بولمىغانلارنى ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىمەيتتى.

ئەمما ھەزرىتى ئۆمەردىن ئۇنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد ئەس ساقافىنى نېمە ئۈچۈن قوماندان قىلىپ قويغانلىقى سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى: «مەن ھەر زامان چاقىرىققا بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلارنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەيمەن. سىلەر (ساھابىلەرنى دېمەكچى) ئىسلام دەۋىتىنى ھەممەدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغان ئادەمسىلەر. شۇڭلا ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە سىلەرنى تەيىنلەيمەن. بۇ زات، بۇ جىھاد چاقىرىقىغا تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىراققا ئەۋەتىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدىم.» ئاندىن، ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇدنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلماسلىقىنى ، ئۆز ئەمرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ۋە ھەر دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، قوشۇننى ئىراققا ئۇزىتىپ قويدى.

قوشۇن ئىراققا مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر سۈرىيەدىكى باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ئەمر ئىبنى ئەل جەرراھ خەۋەر يوللاپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىراقتىن كېلىپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قېتىلغان خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئىراققا قايتۇرۇشنى بۇيرىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە شامنىڭ فەتھىدىن كېيىن، ئەمرگە بىنائەن بۇ قوشۇننى ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قوماندانلىقىدا ئىراققا قايتۇردى.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر تۆت مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بىجەلى قوماندانلىقىدا ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئىراققا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن كۇفەگە قاراپ كېتىۋېتىپ، تۈيۈقسىزلا پارسلارنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنى بىلەن

دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككى قوشۇن سەپ تارتىپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. پارسلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، تىرىپىرەن بولدى ۋە ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتتى.[①]

## نەمارىق ئۇرۇشى

پارس قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى رۇستەم ئىراققا يېتىپ كەلگەن ئەبۇ ئۇبەيدە قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قارشى ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتتى. ئىككى قوشۇن نەمارىق دېگەن يەردە ئۇچراشتى. بۇ يەر ھىرە بىلەن قادىسىيە ئارىسىدىكى بىر ماكان ئىدى. ئەل مۇسەننا ئىبنى ھارىسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. پارسلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، كەسكەرگە قاراپ قاچتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدى. پارس قوشۇنلىرىغا ياردەمچى قوشۇن كەلگەن بولسىمۇ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇلارغا يېتىشىپ يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن پارسلار مەدائىنغا قېچىپ بېرىۋېلىپ ئاران قۇتۇلدى.[②]

## ئەل جىسر ئۇرۇشى

پارسلار نەمارىق ۋە باشقا يەرلەردە مۇسۇلمانلارغا تەڭ كېلەلمەي، باش قوماندان رۇستەمنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. رۇستەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يەنە شۇنداق چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتتى. پارسلارنىڭ ئىككى تۇغى بولۇپ، بىرى خىسراۋنىڭ، يەنە بىرى فەرىدۇننىڭ ئىدى. پارسلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇچراشقان يەردە بىر كۆۋرۈك بار ئىدى. پارسلار ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئىسلام قوشۇنىدىكى مۆتىۋەرلەر قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدەگە: «ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتۈشىنى تەكلىپ قىل!» دەپ پىكىر بەردى. ئەمما ئەبۇ ئۇبەيدە: «ئۇلار بىزگە ئۇخشاش ئۆلۈمدىن قورمايدىغانلاردىن ئەمەس، شۇڭا بىز ئۇ تەرەپكە ئۆتەيلى!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام قوشۇنى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ پارسلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ناھايىتى شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرى پارسلارنىڭ پىللىرىدىن ئۈركۈشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد ئەس ساقافى ئەسكەرلىرىگە: «ئاۋۋال پىللارغا ھۇجۇم قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەسكەرلەر ئۇرۇشنى بۇيرۇق بويىچە داۋاملاشتۇردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆزىمۇ ناھايىتى يوغان بىر پىلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 396 ـ ۋە 397 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 45 ـ، 47 ـ بەتلەر.

[②] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 47 ـ ۋە 48 ـ بەتلەر.



www.munber.org

خورتۇمىنى كېسىپ تاشلىدى. ئىغىر يارىلانغان بۇ پىل جان ئاچچىقىغا چىدىماي ئېچىنىشلىق چىقىراپ كېلىپ، ئەبۇ ئۇبەيدەنى دەسسەپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

ئەبۇ ئۇبەيدەدىن كېيىن، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر نەچچە قوماندانمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن شېھىت بولدى. ئۇلاردىن كېيىن، ئەل مۇسەننا ئىبنى هارىسە ئەش شەيبانى قوماندان بولدى.

بۇ ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئاجىزلاپ، كەينىگە چېكىنىشكە تەمشەلدى. شۇ ئارىدا، سەپ بۇزۇلۇپ مۇسۇلمانلار كۆۋرۈككە قاراپ قېچىشقا باشلىدى، كۆۋرۈك ئۈنچە كۆپ ئادەمنى كۆتۈرەلمەي چۆكۈپ كەتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان پارسلار ناھايىتى كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى دەرياداا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. قوماندان ئەل مۇسەننا بىر بۆلەك جەڭگىۋار ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، پارسلارنىڭ ئۇر ـ چاپلىرىغا قارشى تۇردى ۋە بىر تەرەپتىن كۆۋرۈكنىڭ قايتا ياسىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. كۆۋرۈك قايتا ياسالغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان قوشۇننى قارشى تەرەپكە ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزىۋالدى.

بۇ ئۇرۇش ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، شەئبان ئېيىدا يەنى يەرمۇك جېڭىدىن قىرىق كۈن كېيىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، پارسلار ئورىدا غەلىيانغا قايتىدىن كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار باش قوماندانلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان رۇستەمنى قوماندانلىق ئورنىغا قايتا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا فەيرۇزان ئىسىملىك بىرىنى مۇئاۋىن قىلىپ قويدى. ئەمما پارس قوشۇنلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە مەدائىنغا قاراپ چېكىنىۋاتاتتى. ئۇلاردىكى بۇ چۈشكۈنلۈكنى سەزگەن ئەل مۇسەننا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەينىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدى ۋە ئۇلارغا يېتىشىپ ئۇزىگە قارشى چىقماقچى بولغان قوشۇننىڭ ناھايىتى كۆپ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ باشقا سەپلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى. ياردەمچى قوشۇن بىلەن تەڭ، مەدىنىدىن يولغا چىققان جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلى قوماندانلىقىدىكى قوشۇنمۇ يېتىپ كەلدى.[1]

## ئەل بۇۋەيب ئۇرۇشى

پارسلار مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ چوڭ قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىككى قوشۇن كۇفە

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 400 ـ، 403 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 48 ـ، 50 ـ بەتلەر.

يېنىدىكى ئەل بۇۋەيب دېگەن يەردە ئۇچراشتى. بۇ قېتىم يەنە قايسى قوشۇننىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتۈشى ھەققىدە مەسلىھەت قىلىندى. ئەل مۇسەننا پارسلارنىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. پارسلار بۇنى قوبۇل قىلىپ قارشى تەرەپكە ئۆتتى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يەنە قانلىق جەڭ ئېلىپ بېرىلدى ۋە مەجۇسىيلارنىڭ سېپى چۇۋۇلۇپ كېتىپ، بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى دەريادا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ئەل جىسىردىكى ئۆچىنى بۇ يەردە ئېلىۋالغاننىڭ ئۈستىگە، ناھايىتى كۆپ غەنىمەتكە ئېرىشتى. پارسلارنىڭ قوماندانى مېھرانمۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەندى. تارىخ ـ ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، رامىزان ئېيى ئىدى.

ئەل بۇۋايب ئۇرۇشى پارسلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ساسانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى تەخت تالىشىش ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە پىكىر بىرلىكى بىلەن شەھرىيارنىڭ ئوغلى يەزدىگىردنى تەختكە چىقاردى ۋە بۇ قارارنى ئىمپېراتورلۇقنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئېلان قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولغان بەزى مەجۇسىيي يۇرتلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قايتا جاسارەتلەندى ۋە ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ يۇرتلارنىڭ چېگرالىرىغا جايلاشقان مۇسۇلمانلار ئەھۋالنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەرگە بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر خەلقنى جىھادقا چاقىردى ۋە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا نائىب قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، يېنىغا ھەزرىتى ئوسمان ۋە باشقا ساھابىلەرنى ئېلىپ، ئۆزى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ مەدىنىدىن يولغا چىقتى. سىرار جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپكىچە بېرىشىنىڭ توغرا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىش ئۈچۈن مەسلىھەت كومىتېتى قۇردى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىمۇ بۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرىپ كەلدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفتىن باشقا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىش تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف خەلىپىگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر دۈشمەن ئالدىدا ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، ئۇرۇشقا سېنىڭ ئورنۇڭغا باشقا بىرى بارسۇن، سەن مەدىنىگە قايتقىن!»

ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆردى. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قوشۇنغا قوماندان بولۇپ سايلاندى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا كېرەكلىك تەلىماتلارنى بەرگەندىن كېيىن، ئىراقتىكى قوشۇننىڭ قوماندانى ئەل مۇسەننا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھقا خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنىڭ دەرھال سەئد ئىبنى



www.munber.org

ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتۈشىنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىراق سېپىدىكى قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى سەئدنىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا كىردى. ئەمما، ئەل مۇسەننا ئۇرۇشلاردىن قېلىپ قالغان يارىسى پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كېتىپ، سەئد ئالدىنقى سەپكە بارغىچە ۋاپات بولدى.

ئىراق سېپىدىكى بارلىق قوشۇن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەمرى بويىچە (سەئد بەلگىلىگەن مەلۇم بىر كۈنى) قادىسىيەگە توپلاندى. ئابدۇرراھمان ئىبنى رابىئە ئەل باھىلى قوشۇننىڭ قازىسى، سەلمان فارىسى ئىجرائىيە باشلىقلىقىغا (خەلىپە تەرىپىدىن) تەيىنلەندى. بۇ قوشۇندا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ساھابە بار بولۇپ، يەتمىشتىن ئارتۇقى بەدرى جېڭىغا قاتناشقان قەھرىمانلار ئىدى.

قوشۇن يولغا چىقىپ، ئۇزەيب دېگەن يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا پارسلارنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى يېڭىپ، ناھايىتى كۆپ غەنىمەتنى قولغا كىرگۈزدى. بۇ ئۇرۇشلاردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئىشغال قىلغان يەرلەرنى قايتا - قايتا ئاختۇرۇپ چىقماي، بەزى يەرلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ سەۋەب بىلەن، فەتھە قىلىنغان بەزى يەرلەردە قېلىپ قالغان دۈشمەن قالدۇقلىرى مۇسۇلمانلارنى ئارقا تەرەپتىن ئاۋارە قىلاتتى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان پارسلار قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنى تاكى ئەڭ دەسلەپ ئۇرۇش بولغان يەرلەرگىچە چېكىندۈرەتتى.[①]

## قادىسىيە ئۇرۇشى

ئۇزەيب ئۇرۇشىدىن كېيىن، سەئد قوشۇنلىرىنى توپلاپ يولىنى داۋاملاشتۇردى ۋە نىھايەت قادىسىيەگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە بىر ئاي ساقلىغان بولسىمۇ، پارسلاردىن ھېچقانداق تىۋىش چىقمىدى. پات - پات ئۇ ياق - بۇ ياقلارغا ئەۋەتكەن كىچىك قوشۇنلار غەنىمەتلەر بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بۇ ئىشتىن، پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەزى قەبىلىلەر بىزار بولۇشقا باشلىدى ۋە ئەھۋالدىن ئىمپېراتورلىرى يەزدىگىردنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئەگەر ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قوغدىمىسا، ھەممە نىمىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇري بولىدىغانلىقىنى ياكى ئۇلار بىلەن ئەھدىنامە تۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مانا بۇ، يەزدىگىردنىڭ باش قوماندان رۇستەمنى ناھايىتى زور قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىشىگە سەۋەب بولدى.

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 412 ـ، 416 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 61 ـ، 64 ـ بەتلەر.

گەرچە رۇستەم يەزدىگىردكە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارغا بىرلا قوشۇن ئەۋەتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، (مۇسۇلمانلارنى يېڭىش ئۈچۈن) ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئىمپېراتور ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇنى ئۇرۇشقا تەييارلانغان 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان بولۇشقا زورلىدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە شۇنچىلىك قوشۇن ئەۋەتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

رۇستەم قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتى ۋە سابات دېگەن يەرگە قارارگاھ قۇردى. بۇ كۈنلەردە، ئىراقتىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى سەئد خەلىپىنى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن ھەر كۈنى دېگۈدەك خەۋەردار قىلىپ تۇردى. رۇستەم قوشۇنى بىلەن مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاپ كەلدى. سەئد قوشۇندىكى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بىر ھەيئەت قۇرۇپ، رۇستەمنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇ ھەيئەتنىڭ ئىچىدە نۇئمان ئىبنى مۇقەررىن، مۇغىرە ئىبنى شەئبە، ئەل ئەشئاس ئىبنى قەيس، فۇرات ئىبنى ھەببان، ئۇتەرد ئىبنى ھاجىب، ھەنزەلە ئىبنى ئەررابىئ ۋە ئامىر ئىبنى مادى يەكرەب قاتارلىقلار بار ئىدى. رۇستەم مۇسۇلمانلار ھەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار ئالدىغا كەلگەندە:

ـــ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى بولمىغاچقا:

ـــ بىز اللە نىڭ بىزگە ۋەدە قىلغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق. دۆلىتىڭلارنى ئىشغال قىلىمىز، بالا ـ چاقاڭلارنى ئەسىرگە ئالىمىز، مال ـ بايلىقىڭلارنى مۇسادىرە قىلىمىز. بۇنى چوقۇم قىلىمىز! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

رۇستەم قوشۇننى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن سەئدنىڭ قادىسىيەدىن چېكىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ مەدائىندە تۆت ئاي كۈتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا ماھىرلىقى ۋە پىداكارلىقىنى، تەرتىپ ـ ئىنتىزامچانلىقىنى ۋە ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇلاردىن بەكمۇ خەۋپسىرەپ تۇراتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. مۇسۇلمانلار ھەيئىتىنىڭ تەھدىتلىك بۇ سۆزلىرى ئۇنى ۋە يېنىدىكى قوماندانلىرىنى تېخىمۇ چۆچۈتۈپ، تىزلىرىنى تىترىتىۋەتتى.

ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ، ئاخىرقى تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، رۇستەم سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا ئەلچى يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە بىلىملىك بىرىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. سەئد ئۇنىڭغا مۇغىرە ئىبنى شەئبەنى ئەۋەتتى. رۇستەم مۇغىرەگە:

www.munber.org

ـ ماڭا قاراڭلار! سىلەر بىزنىڭ قوشنىمىز سىلەر. ئەينى ۋاقىتتا، بىز سىلەرگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ۋە سىلەرنى باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىغانىدۇق. ئۇنداق قىلماي قايتىپ كېتىڭلار! سىلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلارنى ھەرگىز توسمايمىز! ـ دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مۇغىرە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز دۇنيا تىرىكچىلىكى ئەمەس، بەلكى بارلىق ئوي ـ خىيالىمىز الله نىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش ۋە مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ھاياتىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. ساڭا بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قويايكى، الله بىزگە بىر ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«مەن ساڭا ئىمان ئېيتقانلارنى دىنىمغا قارشى چىققانلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن ۋە بۇلار ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۆچ ئالىمەن. مۇسۇلمانلارغا (ماڭا ئىشىنىپ، شەرىئىتىمگە مەھكەم ئېسىلسىلا) ھەردائىم زەپەر ۋە غەلىبە ئاتا قىلىمەن.»

بىز ئىمان ئېيتقان بۇ دىن ھەق ۋە مۇھەققەقتۇر. كىم بۇ دىندىن يۈز ئۆرۈسە ياكى قوبۇل قىلمىسا، الله ئۇنى چوقۇم رەسۋا قىلىدۇ. ئەگەر كىم ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلسا، چوقۇم ئۇلۇغ ۋە ئەزىز بولىدۇ.

بۇ دىنغا قىزىقىپ قالغان رۇستەم مۇغىرەدىن:

ـ بۇ دىنىڭلار قانداق دىن؟ ـ سورىدى. مۇغىرە ئۇنىڭغا ئىسلامنى:

ـ بۇ دىنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپىغا كەلسەك (بۇ پرىنسىپ بولماي تۇرۇپ باشقا نەرسە توغرا بولمايدۇ)، ھەممىدىن ئاۋۋال الله نىڭ ئىبادەتكە لايىق بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ۋە الله ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن بارلىق ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىش، ئىمان ئېيتىشتۇر، ـ دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. رۇستەم:

ـ شۇنداقمۇ؟! ـ دەپ ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئاندىن:

ـــ بۇنىدىن باشقا يەنە نېمىلەر بار؟ ـ دەپ سورىدى. مۇغىرە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

ـ ئىنسانلارنى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يالغۇز الله قا بويۇن ئېگىدىغان قىلىش، ئۇنى ئىنسان شەرىپىگە لايىق مەرتىۋىگە چىقىرىش....

بۇنى ئاڭلىغان رۇستەم تېخىمۇ ھەيران بولدى ۋە مۇغىرەنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۆتۈندى. مۇغىرە:

ـــ ماڭا قاراڭلار! بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى. يەنى ئەسلىدە ھەممەيلەن بىر ـ بىرىمىزگە قېرىنداش بولۇپ، بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن كۆپەيدۇق، ـ دېدى.

رۇستەم مۇغىرەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن شۇنداق تەسىرلەندى ۋە خۇشال بولدىكى، مۇغىرەنىڭ سۆزىنى كېسىپ مۇنداق دېدى:

ـــ ئۇنداقتا، بىز مۇسۇلمان بولساق، بىز بىلەن ئۇرۇشماي، ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. مۇغىرە:

ـــ ھەئە. قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، بىز قايتىپ كېتىمىز ۋە تىجارەتكە ئوخشاش قانۇنلۇق ئىشلارنى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسەت بىلەن زېمىنىڭلارغا قەدەم باسمايمىز، ـ دېدى. رۇستەم:

ـ ئۇنداقتا، بەك ياخشى! ـ دېدى.

بۇ سۆھبەتتىن كېيىن رۇستەم ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ (قاچانلا بولمىسۇن) چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆڭۈللىرى بۇ يېڭى دىنغا مايىل بولۇشقا باشلىغانىدى. دەرۋەقە، رۇستەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولماقچى بولغىنىنى يېقىندىكىلەرگە ئېيتىشتىنمۇ يانمىدى. ئەمما ئۇلار رۇستەمگە قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى. اللە تائالامۇ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى.

رۇستەم ۋە پارس ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم سەلتەنەت ۋە دەبدەبە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىنى بوياش ۋە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە قايىل قىلىش مەقسىتىدە، (رۇستەمنىڭ) چېدىرىنى ئالتۇن جىيەكلىك يىپەك توقۇلمىلار بىلەن قاپلىدى ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەپ چېدىرنى خۇددى زىننەت بويۇملىرى بىلەن لىق تولغان ھەشەمەتلىك سارايغا ئوخشىتىپ قويدى. رۇستەم ئالتۇندىن ياسالغان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، بېشىدا ناھايىتى قىممەت باھالىق تاج بار ئىدى. ئۇ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا خەۋەر يوللاپ، يېڭىدىن بىر ئەلچى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. سەئد بۇ قېتىم رەبىئ ئىبنى ئامىرنى ئەۋەتتى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ بۇ ئەلچىسى كونا ۋە تىتىلىپ كەتكەن كىيىم كىيگەن، قولىدا ناھايىتى ئاددى قورال تۇتقان ۋە بەكمۇ ۋېجىك بىر ئاتقا مىنگەن ھالدا رۇستەمنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چېدىرنىڭ سىرتىغىچە سېلىنغان يىپەك گىلەملەرنى چەيلىگەن پېتى كىلىپ، چېدىرنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ۋە يىپەك گىلەمدىن بىرنى يىرتىپ ئېتىنى باغلىدى. ئاندىن قولىدا

www.munber.org

قورالىنى تۇتقان پېتى رۇستەمنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇھاپىزلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ـ قورالىڭنى بۇ يەرگە قويۇپ ماڭ! ـ دېيىشتى. ئەمما ئۇ:

ـ مەن سىلەرنى ئۆزەم خالاپ زىيارەت قىلغىلى كەلمىدىم، بەلكى دەۋەتىڭلار بىلەن كەلدىم. ئۇنداق بولغانىكەن، ئالدىمدىن چېكىنىپ رۇستەم بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، مۇشۇ يەردىنلا قايتىپ كېتىمەن، ـ دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى. مۇھاپىزلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رۇستەمگە يەتكۈزدى. رۇستەم ئىلاجىسىز:

ـ قويۇپ بېرىڭلار، كەلسۇن! ـ دەپ ئەمىر بەردى.

ئەلچى رەبىئ ئىبنى ئامىر ھاسا ئورنىدا تۇتۇۋالغان نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يىپەك گىلەملەرگە سانجىغان پېتى رۇستەمگە يېقىنلاشتى. رۇستەم ئۇنىڭدىن:

ـ سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. رەبىئ رۇستەمگە:

ـ الله تائالا ئىنسانلارنى قۇلغا قۇل بولۇشتىن بىر ئۆزىگە قۇللۇق قىلىشنى، دۇنيانىڭ خار ـ زەبۇنلىقىدىن ئازاد بولۇپ، راھەت ۋە خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشىشنى، باتىل دىن ۋە ئېتىقادلارنىڭ جاپا ۋە زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىسلامنىڭ ھەق ـ ئادالىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىزنى ئەۋەتتى. الله تائالا ھەق دىنىنى يېيىشىمىزنى بۇيرىدى، بىز شۇڭا خەلقلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىۋاتىمىز. كىم دەۋەتنى قوبۇل قىلسا، بىز ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىمىز. ئەگەر كىم رەت قىلسا، الله تائالا بىزگە ۋەدە قىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشكەنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىز، ـ دېدى. رەبىئنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پارس قوماندانلىق ھەيئىتى ئۇنىڭدىن:

ـ سەن دەپ ئۆتكەن مۇكاپات نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. رەبىئ:

ــ دەۋىتىمىزنى رەت قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش يولىدا شېھىت بولغانلار بارىدىغان جەننەت ۋە ھايات قالغانلار ئېرىشىدىغان زەپەردۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رۇستەم ئۇنىڭغا:

ـ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندىم. ھەم سىلەر ھەم بىز بۇ مەسىلىنى قايتا بىر ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن بىزگە ئازراق مۆھلەت بېرەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. رەبىئ:

ـ ئەلۋەتتە! نەچچە كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلىسىلەر؟ بىر كۈنمۇ، ئىككى كۈنمۇ؟ ـ دېدى. رۇستەم:

ـ ياق! بۇ ئىش مۇنداق ئاسان ھەل بولمايدۇ. بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئەركانلىرىگە خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىمىز لازىم. شۇڭا، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مۆھلەت بېرىشىڭلار كېرەك! ـ دېدى. ئەمما رەبىئ بەكمۇ كەسكىن ۋە جىددى قىياپەتتە:

ـ بولمايدۇ! پەيغەمبىرىمىز بىزگە دۈشمەن قوشۇنى بىلەن قارىمۇ قارشى كەلگەن ۋاقىتتا، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۆھلەت بەرمەسلىكنى بۇيرىغان. بۇ مۆھلەت ئىچىدە ياخشىراق ئويلىنىپ مۇسۇلمان بولۇش، جىزيە تۆلەش ياكى ئۇرۇشۇشتىن بىرنى تاللاپ، قارارىڭنى بىزگە يەتكۈزگىن! ـ دېدى. رۇستەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغاندى. ئۇ رەبىئقا:

ـ سەن ئۇلارنىڭ باش قوماندانىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. رەبىئ:

ـ ياق! ئەمما مۇسۇلمانلار بىر ۋۇجۇدقا ئوخشايدۇ. ئارىمىزدىكى ئاددى بىر كىشىنىڭمۇ مۇسۇلمانلار نامىدا پاناھلىق تىلىگەنلەرنى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە.ـ دەپ ئۇنى تېخىمۇ كەمسىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، رۇستەم ئۆز قول ئاستىدىكى قوماندانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارغا:

ـ سىلەر ھاياتىڭلاردا بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىنمۇ ئېسىل، مەنىلىك ۋە ئەۋزەل سۆز ئاڭلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ:

ـ سەن ئۆز دىنىڭنى تاشلاپ، بۇ ئىتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ شۇنىڭ تۇرقىغا بىر قاراپ بېقىپ گەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟ ياكى سەن ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈۋاتامسەن؟ ـ دەپ رۇستەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتى. ئەمما رۇستەم ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ تۇرقى بىلەن سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار؟ سىلەر ئەسلىدە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە، سۆزلىرىگە ۋە ئەخلاقلىرىغا ئوبدانراق سەپسېلىڭلار! سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەرەبلەر كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەككە ئەمەس، بەلكى نەسەبكە ۋە دۇرۇستلۇققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

پارسلار قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈچۈن ھەردائىم ۋاقىت ئۇتۇشقا تىرىشاتتى. دەرۋەقە، ئەتىسى يەنە مۇسۇلمانلارغا خەۋەر يوللاپ، يەنە بىر ئەلچى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق، مۇسۇلمانلاردىن باشقا ـ باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ئېتىقاد، پىكىر ۋە قارارغا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلىش، بۇ جەرياندا بىرەر يوچۇق چىقىپ قالسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بۇ قېتىم خۇزەيفە ئىبنى مېھسانىنى ئەۋەتتى. ئۇمۇ رەبىئنىڭ تاكتىكىسى بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئەلچى



www.munber.org

تەلىپى ئۈچىنچى كۈنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. سەئىد مۇغىرە ئىبنى شەئبەنى ئەۋەتتى. رۇستەم بەكمۇ چارىسىز بولغاچقا، بۇ قېتىم ئاغزىنى بۇزۇپ مۇغىرەگە مۇنداق بىر ئورۇنسىز گەپ قىلدى:

«سىلەرنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كېلىشىڭلارنى ھەسەلنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمىغان ھەرىگە ئوخشىتىمەن. ئۇ ھەرە شۇنداق ئاچكۆزكى، ئۆزىنى ئۇ ھەسەلگە يەتكۈزۈپ قويغانلارغا ئىككى دەرھەم بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ھەسەلنىڭ ئۈستىگە قونۇشى بىلەن ئىچىگە پېتىپ قېلىپ چىقالمايدۇ ۋە ئۆزىنى بۇ يەردىن چىقىرىپ قويىدىغان بىرىنى ھەر قانچە كۈتسىمۇ، ھېچكىم كەلمەيدۇ. بۇ قېتىم ئۆزىنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭغا تۆت دەرھەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن يەنە ھېچكىمنى تاپالمايدۇ.

مەن سىلەرنى يەنە ئۈزۈم ئوغرىلاش ئۈچۈن باغقا كىرىپ، ئورەككە مۆكۈنىۋالغان ئورۇق تۈلكىگە ئوخشىتىمەن. باغ ئىگىسى ئۇنىڭ ئىسكەتسىز تۇرقىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. تۈلكە باغ ئىگىسىنىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن پايدىلىنىپ ئۈزۈمنى خالىغانچە يەۋېرىدۇ ۋە بارغانسېرى سېمىرىپ، باغنى تىلغاپ ۋەيران قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باغ ئىگىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ، ئادەملىرى بىلەن ئۇنى باغدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولىدۇ. ئەمما تۈلكە بەكمۇ سېمىرىپ كەتكەچكە ئۇنى ئورەكتىن چىقىرالمايتۇ ۋە ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، تۈلكىنى شۇ ئورەكتىلا ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. سىلەرمۇ زېمىنىمىزدىن ئەنە شۇنداق قوغلىنىسىلەر!»

رۇستەم بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ شۇ ئەخمىقانە سۆزنى قىلدى:

ـ قۇياشقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەتە ھەممىڭلارنىڭ پوقۇڭلارنى چىقىرىۋېتىمەن!

مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى مۇغىرە ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

ـ قېنى كۆرەرمىز! ـ دېدى. رۇستەم ئۆزىچە مۇغىرەنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش مەقسىتىدە:

ـ مەن سىلەرگە بىرەر قۇردىن كىيىم، قوماندانىڭلارغا بىر قۇر كىيىم، مىڭ دىنار پۇل ۋە بىر ئۇلاغ ھەدىيە قىلسام، سەنچە قانداق بولار؟ سىلەر ھەدىيەلىرىمنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقالساڭلار بولمامدۇ؟ ـ دەپ تەكلىپ بەردى. مۇغىرەنىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ رۇستەمگە:

ـــ ماڭا قارا! بىزنىڭ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارغا بېسىپ كىرىپ، شان - شەرىپىڭلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىزنى، دۆلىتىڭلارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە بېسىپ كىرگەن ۋاقتىمىزدا سىلەرنىڭ بوينۇڭلارنى قىسقان پېتى بىزگە

جىزىيە تۆلەشكە مەجبۇر بولۇشۇڭلارنى بەك يىراق دەپ ئويلامسەن؟ شۇنىسى مۇھەققەقكى، ھەممىڭلار بوينۇڭلارنى پۈكۈپ، بىزگە قۇل بولىسىلەر!

مۇغىرە قارارگاھقا قايتتى. ئۇرۇش قىلىش قارارى ئېلىندى. ئەمما باش قوماندان سەئد ئاغرىپ يېتىپ قالغان بولۇپ، ئاتقا مىنگۈدەك ھالى يوق ئىدى. شۇڭا قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا خالىد ئىبنى ئەررافانى تەيىنلىدى. ئۆزىمۇ ياتقان يېرىدە تەلىمات ۋە ئەمر بېرىشكە تىرىشتى. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلى قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتىغا، قەيس ئىبنى مەقشۇھ سول قانىتىغا مەسئۇل ئىدى.

سەئد قوشۇنغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇرۇش توغرىسىدا خىتاب قىلىپ ئۇلارنى جاسارەتلەندۈردى. ئۇرۇش باشلاندى ۋە كۈن كەچ بولغىچە داۋاملاشتى. ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ ئۇرۇش قايتا باشلاندى ۋە ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە داۋاملاشتى. تۆتىنچى كۈنى پارس قوشۇننىڭ پىللىرى مۇسۇلمانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرى بۇ پىللاردىن قاتتىق ئۈركىگەچكە، سەپ بۇزۇلۇپ تاكتىكا ئىشقا يارىمايۋاتاتتى. شۇڭا، ساھابىلەر ئاۋۋال پىللارنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى ۋە بىر ھۇجۇم بىلەن ھەممە پىلنى تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلىدى.

بۇ ئۇرۇش جەريانىدا قوماندانلاردىن جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلى، كەئكە ئىبنى ئامىر، تۇلەيھەتۇل ئەسەدى، ئامىر ئىبنى مادى يەكرەب، خالىد ئىبنى ئارفاتا ۋە دىرار ئىبنى ئەل ھەكتاب بەكمۇ خەتەرلىك مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ھاياتلىرىنى قىلچە ئويلاشماي پىللارغا ھۇجۇم قىلاتتى، كۆزلىرىنى ئويۇپ بوغرىسىغا كىرگۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پىللار ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىشقا باشلايتتى ۋە ئۈستىدىكى باشقۇرغۇچىلىرىغىمۇ بوي بەرمىگەچكە، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن (باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن بىللە) چېپىپ تاشلىناتتى.

قادىسىيە دەپ ئاتالغان بۇ مەيداندا يۈز بەرگەن پارس — مۇسۇلمان ئۇرۇشىنىڭ تۆتىنچى كۈنى (ھىجرىنىڭ ئون تۆتىنچى يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون تۆتى، دۈشەنبە كۈنى)، چۈش ۋاقتىدا پارس قوشۇننىڭ قارارگاھى تەرەپتە چېدىرلارنى ئۇچۇرتۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى. پارس قوشۇننىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ، ھەممەيلەن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قېچىشتى. دەل شۇ پەيتتە، مۇسۇلمان قوماندانلاردىن كەئكە ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمى ۋە خېلىل ئىبنى ئەلقەمە ئەت تەمىمى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، پارس قوشۇننىڭ قوماندانى رۇستەمنى ئۆلتۈردى. قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ پېشىدىن قوغلاپ ماڭغان مۇسۇلمانلار ئىمپېراتور يەزدىگىردنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان مەدائىن شەھىرىگە بېسىپ كىردى.

قادىسىيە مەيدان ئۇرۇشىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئون مىڭ ۋە قالغان كۈنلىرى يەنە ئون مىڭ بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە مىڭ دۈشمەن ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى. پۈتۈن

www.munber.org

ئۇرۇش جەريانىدا شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى جەمئىي مىڭ بەش يۈز ئىدى. ئۇنىدىن باشقا، مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ غەنىمەتنى قولغا كىرگۈزدى. خەلىپىگە زەپەرنىڭ خۇش خەۋەرلىرى يەتكۈزۈلدى. چۈنكى، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئۇرۇشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەچكە، ھەمىشە خاۋاتىرلىنىپ تۇراتتى. ھەتتا، مەدىنىدە ئىچى تىتىلداپ پات ـ پات شەھەر سىرتىغا چىقاتتى ۋە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن بىرەر خەۋەر ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، خالىد ئىبنى ۋەلىد فەتىھ قىلغان ئىراقنىڭ بەزى يەرلىرى ئىسيان چىقىرىپ، ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلغانىدى. ئەمما مۇسۇلمانلار قادىسىيەدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇلار قورقۇپ كېتىپ ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەھدىنامىگە سادىق ئىكەنلىكىنى، ئەمما پارىسلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈشكۈرتۈپ يولدىن ئېزىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئەپۇ تىلىدى.

ئىسلام قوشۇنى قوماندانلىرى ئۆز قوماندانلىقىدىكى سەپلىرى بىلەن ئارقىمۇ ئارقا تىزىلىپ، زۆھرا ئىبنى ھاۋىيە قوماندانلىقىدا مەدائىنغا قاراپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە پارىسلارنىڭ بىر بۆلەك ئەسكىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنىمۇ تېرىپېرەن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بابىلغا، يەنە بىر قىسمى نىھاۋەندكە قاراپ قاچتى. سەئد بابىلدا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، مەدائىنغا ھەرىكەت قىلدى ۋە يول ئۈستىدە يەنە بىر بۆلەك پارس قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارنىمۇ يەڭدى. ئۇنىدىن باشقا، ساباات دېگەن يەردە يەزدىگىردقا تەۋە بەزى پىدائىي ئەترەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بۇرۇنقىلار بىلەن ئوخشاش بولدى. مەغلۇپ پادىشاھ يەزدىگىرد مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى توسۇش ياكى ئازراق بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش مەقسىتىدە، يول ئۈستىگە ناھايىتى يىرتقۇچ بىر شىرنى قويۇپ بەردى. ئەتراپنى سۈر باستۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى سۇ قىلىۋەتكەن بۇ يىرتقۇچ شىرنى پالۋانلاردىن ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ كۈنى ھىجرىيە ئون تۆتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى.

تېرىپېرەن چېچىلىپ كەتكەن پارس قوشۇنىدىن ئېشىپ قالغان پىدائىي ئەترەتلەر مەدائىن يېنىدىكى بەھرى سەير دېگەن يېزىدا توپلىنىپ، ئىسلام قوشۇنىغا قارشى تۇرماقچى بولدى. بۇ يېزا مەدائىنىدىن پەقەت دىجلە دەرياسى ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇراتتى. پارس قوشۇنى بۇ يەرگە يېقىن بىر جايدا تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئاز ئىدىكى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئۆزلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشكە تىرىشىشىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى، ئەنسىرەپمۇ كەتمىدى.

پارسلار مەدائىنغا قېچىۋىدى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا ئارام بەرمەي، كەينىدىن شەھەرگىچە قوغلاپ كەلدى. بۇ ئەتراپقا كېلىش بىلەن، ئىمپېراتور (خىسراۋ) نىڭ ئاق رەڭلىك كۆركەم ئوردىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىسلام قوشۇنلىرى مەۋسۇم سەۋەبى

بىلەن كۈۋەجەپ ئېقىۋاتقان دىجلە دەرياسىنى قىلىچە ئىككىلەنمەي كېچىپ ئۆتتى. مەدائىنىدا يېڭىدىن توپلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقان پارس قوشۇنلىرى بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى.[1]

## مەدائىننىڭ فەتھى

مۇسۇلمانلار مەدائىنغا بېسىپ كىرگەندە، شەھەر ئىچىدە پارسلارنىڭ تايىنى قالمىغانىدى. چۈنكى، ئىمپېراتور قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، خەلقمۇ شەھەرنى تەرك ئەتكەنىدى. پەقەت ئوردىنىڭ ئىچىدە ئۈز ساندا ئەسكەرلا بار ئىدى. سەلمان فارىسى ئۇلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا چاقىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تەسلىم بولدى. قادىسىيە فاتىھى (فەتھە قىلغۇچىسى) ۋە ئىراقتىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بوش قالغان بۇ ئوردىغا تۇنجى كىرىشىدە مۇنۇ ئايەتنى ئوقىدى: ﴿ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى.﴾[2]

سەئد «خىسراۋ ئايۋىنى» دەپ ئاتالغان بۇ سارايىنى مەسجىدكە ئۆزگەرتتى ۋە قوشۇنى بىلەن بۇ يەردە جۈمە نامىزى ئوقۇدى. تارىخ، ھىجرىنىڭ ئون ئالتىنچى يىلى، سەپەر ئېيى ئىدى.

الله تائالا ئىسلام قوشۇنلىرىغا جەلۇلە[3]، تىكرىت ۋە مۇسۇل قاتارلىق يەرلەرنىڭ فەتھىنى مۇيەسسەر قىلغۇچە، مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ يەرلىشىپ بولغانىدى. كېيىنچە بۇ ئائىلىلەر كۇفەگە كۆچتى.

سەئد ھەر تەرەپكە قېچىپ تارىلىپ كەتكەن پارس لەشكەرلىرىنى قوغلاش ئۈچۈن كىچىك تىپتىكى روتىلارنى ئەۋەتتى. ئىمپېراتور تېخى يېقىندىلا بۇ يەردىن قاچقان بولۇپ، ئېغىر كېلىپ تاشلاپ قاچقان بەكمۇ قىممەتلىك نەرسە ـ كېرەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى قولغا كىرگۈزگەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بۇ نەرسىلەرنى مەدائىنغا ئېلىپ كېلىپ، قوشۇن قوماندانىغا تاپشۇردى.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 416 ـ، 445 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 65 ـ، 76 ـ بەتلەر.

[2] سۈرە دۇخان، 25 ـ تىن 29 ـ ئايەتكىچە.

[3] جەلۇلە ـ بۇرۇنقى زامانلاردا بابىلنى ئىرانغا باغلايدىغان تىجارەت يولى ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر بولۇپ، خارابىلىرى ئىراقتا ھازىرغىچە مەۋجۇت.

www.munber.org

سەئد غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىپ بەشىر ئىبنى ئەل ھاسساسىيە ئىسىملىك قوماندانىنىڭ مەسئۇللىقىدا مەدىنىگە ئەۋەتتى. بۇ غەنىمەتلەرنىڭ ئارىسىدا، ئىمپېراتورنىڭ تاجى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ: «بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر ھەققەتەن ئامانەت ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇلدى» دەپ دۆلەتكە ئائىت بۇ ماللارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۇنى تەستىقلىغان ھالدا: «سەن ساڭا ياراشمايدىغان سۆز ـ ھەرىكەت قىلمىغاچقا، خەلقمۇ سەندىن ئۆلگە ئېلىپ، دۇرۇست مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ» دېدى.[①]

## جەلۇلەنىڭ فەتھى

ئىمپېراتور يەزدىگىرد مەدائىندىن قاچقاندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن پارس قوشۇنىنىڭ كۆپىنچە لەشكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئىمپېراتور ھەلۋانغا چېكىنگەچ، بۇ قوشۇننىڭ بېشىغا مىھران ئىسىملىك بىرىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئاندىن ئۆزى جەلۇلە تەرەپكە ئۆتتى. پارس قوشۇنلىرى بۇ يەردىمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىدى ۋە ئىسلام قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى مۇشۇ ئارقىلىق توسماقچى بولدى.

باش قوماندان سەئد ھەزرىتى ئۆمەرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ مەدائىندا قېلىشىنى، تۇرشاۋۇللارنىڭ بېشىغا كەئكە ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمىنى، ئوڭ قاناتقا سەئد ئىبنى مالىكنى، سول قاناتقا ئامىر ئىبنى مالىكنى، ياردەمچى ئارقا سەپكە ئامىر ئىبنى مۇررا ئەل جۇھەنىنى ۋە باش قوماندانلىققا قېرىندىشى ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنى تەيىنلەپ پارس قوشۇنىغا قارشى ئەۋەتىشىنى بۇيرىدى.

بۇ بۇيرۇققا بىنائەن، ھاشىم ئىبنى ئۇتبە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، جەلۇلەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. يەنە ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. ھەر ئىككى تەرەپكە توختىماي ياردەمچى قوشۇن كېلىپ تۇراتتى. نىھايەت، اللہ تائالا مۇسۇلمانلارغا جەلۇلەنىڭ فەتھىنى نېسىپ قىلدى. پارس قوشۇنىنىڭ ئۇ قەدەر كۆپ لەشكىرى ئۆلتۈرۈلدىكى، ئەتراپتا جەسەتتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 469 ـ، 475 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 107 ـ، 115 ـ بەتلەر.

بۇ ئۇرۇشتا، قوماندانلاردىن كەئكە ئىبنى ئامىر، ئامىر ئىبنى مادى يەكرەب، ھاجار ئىبنى ئادىي، قەيس ئىبنى مەكشۇھ ۋە تۇلەيھا ئەل ئەسەدىي قاتارلىقلار ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۇردى.[①]

## ھەلۋاننىڭ فەتھى

ئىككىنچى قوماندان ھاشىم ئىبنى ئۇتبە تالاپەتكە ئۇچراپ قاچقان پارس لەشكەرلىرىنى قوغلاش ئۈچۈن كەئكە ئىبنى ئامىر باشچىلىقىدا بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتتى. پارس لەشكەرلىرى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر يېتىپ بارغان ھەر يەردىن قېچىپ، ئۆزلىرىگە ئېغىر كەلگەن نەرسە ـ كېرەكنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ ماڭاتتى. شۇ سەۋەب بىلەن، كەئكە ئىبنى ئامىر باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ئاجايىپ كۆپ مىقداردا غەنىمەت قولغا كىرگۈزدى. بۇ غەنىمەتلەر ساسانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختى مەدائىنىدا قولغا كىرگۈزۈلگەن غەنىمەتلەردىن ئاز ئەمەس ئىدى. كەئكە پارس لەشكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى پارس قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوماندانى مىھراننى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئىراننىڭ رەي (ھازىرقى تېھران) شەھىرى ئارقىلىق ھەلۋانغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەلۋان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئىشغال قىلدى.

## تىكرىت ۋە مۇسۇلنىڭ فەتھى

ھاشىم ئىبنى ئۇتبە جەلۇلەگە يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتئىم (خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن) بىر بۆلەك ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، تىكرىتكە قاراپ يولغا چىققاندى. تىكرىت ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى رۇم، بىر قىسمى خرىستىئانلاشقان ئەرەب ئىياد ۋە تەغلىب قەبىلىلىرى ۋە ئاز مىقداردا مۇسۇلدىن كەلگەن خەلقتىن تەركىب تاپقانىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتئىم شەھەرنى قىرىق كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ قىرىق كۈن ئىچىدە شەھەرگە يىگىرمە تۆت قېتىم ھۇجۇم قىلدى ۋە ھەممىسىدە خېلى ئوبدان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ۋە ئاخىرى شەھەرنى فەتھە قىلدى. مۇسۇلمان بولغانلاردىن باشقا، ئاخىرغىچە قارشىلىق بىلدۈرگەن خەلقنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن رەبئە مۇسۇلغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. مۇسۇل خەلقى جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن كېلىشىم تۈزدى.

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 476 ـ، 478ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 115 ـ، 119 ـ بەتلەر.



www.munber.org

## مەسەبزانىنىڭ فەتھى

باش قوماندان سەئد پارس قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىم ھەلۋاننىڭ ئوڭ تەرىپى ۋە ھەمەدان يولى ئۈستىدىكى مەسەبزاندا توپلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئالدى. سەئد بۇ خەۋەرنى دەرھال خەلىپىگە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىن دىرار ئىبنى ئەل خەتتاب ئەل فاھرى باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بىر ھۇجۇم بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىدى. مەسەبزان خەلقى شەھەرنى تاشلاپ تاغلارغا قاچتى. ئەمما قوماندان دىرار ئۇلارنى قىستاۋرگەچكە، تەسلىم بولۇپ، بەزىلىرى مۇسۇلمان بولۇشنى ۋە بەزىلىرى جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلدى.①

## ئەھۋازنىڭ فەتھى

پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن ھۇرمۇزان ئەھۋاز رايونىنى ئۆز كونتروللىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ پارسلارنىڭ مەشھۇر نەسەبلىرىدىن بىرىگە تەۋە بولۇپ، قادىسىيە ئۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەھۋازنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئەتراپىغا لەشكەرلەرنى توپلاپ، مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان يەرلەرگە قايتا ھۇجۇم قوزغاشقا باشلىدى. بىرى كۇفە ۋالىسىنىڭ، يەنە بىرى باسرا ۋالىسىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىككى قوشۇن ھۇرمۇزاننىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشقا قىستىدى. ئەمما، (كۆپ ئۆتمەي) ھۇرمۇزان كوردلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسيان چىقىرىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم باشلىدى. ھۇرمۇزان يېڭىلىپ قاچتى ۋە تۇستەر (ھازىرقى شۇشتەر) شەھىرىگە كىرىپ، بۇ يەردە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. ئەمما، شەھەر خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ، سۈلھە تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۇرمۇزان ئىككىنچى قېتىم سۈلھە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.②

شۇ مەزگىللەردە، تۇستەردىن باشقا جەندىسابۇر قاتارلىق (پارس ھۆكۈمىتىگە تەۋە) بىر قانچە شەھەر ئاھالىسىمۇ سۈلھە تۈزدى. ئىسلام قوشۇنى قوماندانلىرىدىن ھەرقۇس ئىبنى زۇھەير سۇقئۇل ئەھۋازنى فەتھ قىلغان بىر پەيتتە، ھۇرمۇزان ئىمپېراتور يەزدىگىردنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن سۈلھىنى يەنە بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 479 ـ ۋە 480 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 119 ـ، 121ـ بەتلەر.

② «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 136 ـ بەت.

قارشى ئىسيان كۆتەردى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، كۇفەدىكى قوشۇننىڭ نۇمان ئىبنى ئەل مۇقەررىن قوماندانلىقىدا ھۇرمۇزاننىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشىنى ئەمر قىلدى. ئىراق سېپى باش قوماندانى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس باش قوماندانلىق مەركىزىنى كۇفەگە يۆتكىگەنىدى.

خەلىپە باسرادىكى قوشۇننىمۇ سۇھەيل ئىبنى ئادىي قوماندانلىقىدا ھۇرمۇزانغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئەمرىنى بەردى ۋە ئەبۇ سەبرا ئىبنى ئەبۇ رەھمىنى ئىككى قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. كۇفەدىن كەلگەن قوشۇن ھۇرمۇزاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ھۇرمۇزان يەنە قېچىپ تۇستۇرغا بېرىۋالدى. لېكىن، بۇ يەردە ئۇنى سۇھەيل ئىبنى ئادىي قىستاققا ئالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، نۇمانمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، بۇ قورشاۋغا قېتىلدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ باش قوماندانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەبرا ئىبنى ئەبۇ رەھمىنىڭ زىممىسىدە ئىدى.

مۇسۇلمانلار ھۇرمۇزاننىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇننىڭ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ خەۋەرنى ھەزرىتى ئۆمەرگە يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىنى ئىراقتىكى قوشۇنغا ياردەم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار پارس قوشۇنلىرىنى چەمبەر شەكلىدە قورشاۋغا ئېلىپ، تەسلىم بولۇشقا زورلىدى، ئاندىن شەھەرگە مەجبۇرىيى بېسىپ كىرى. ھۇرمۇزان قەلئە ئىچىگە كىرىۋېلىپ تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار قەلئەنى قورشاپ، ئۇنى تىرىك پېتى قولغا چۈشۈردى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ئەھمەد ئىبنى قەيس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھەيئەت بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قول ئاستىدا بىر روتا بولغان ئەبۇ سەبرا ئىبنى ئەبۇ رەھىم يېنىغا ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى ۋە نۇمان ئىبنى ئەل مۇقەررىننى ئېلىپ، ھۇرمۇزاننى ياللاپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ سەپەر ئۈستىدە پارس ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇس شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە خەلىپىنى بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن خەۋەر يوللىدى. خەلىپە ئۇلارغا جاۋاب خەۋىرى يوللاپ، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىنىڭ باسراغا قايتىشىنى، زەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى كۇلەيبىنىڭ جەندىسابۇرغا يۈرۈش قىلىشىنى ئەمر قىلدى. ئەمرگە بىنائەن، ھەممەيلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ھۇرمۇزان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى بىلەن بىرگە مەدىنىگە يوللاندى.

ھەيئەت ھۇرمۇزاننى ياللاپ مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلارغا (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ) كۇفەدىن كېلىدىغان ھەيئەتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەسجىدكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئەمما

www.munber.org

مەسجىدتىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلار قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، دەرۋازا ئالدىدا ئويناۋاتقان كىچىك باللار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەيئەتتىكىلەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھۇرمۇزان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي:

ـ خەلىپە ئۆمەر نەدە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ:

ـ مۇشۇ شۇ، ـ دېيىشتى. ھۇرمۇزان ھەيران قالدى. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا نە قوغدىغۇچى، نە مۇھاپىزەتچى، نە سەلتەنەت ئىگىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ھۇرمۇزاننىڭ كۆزلىرى پارس ئىمپېراتورىنىڭ ئەتراپىدا مۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

دەل شۇ پەيتتە، سۈسنىڭ زورلۇق بىلەن فەتھە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئۇزۇن مەزگىللىك مۇھاسىرىدىن كېيىن، سۈس خەلقى سۈلھە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، پۈتۈن شەھەر مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولغانىدى. زەر ئىبنى ئابدۇللاھمۇ جەندىسابۇرنى فەتھە قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە، پارس تۇپراقلىرىغا ئىككىنچى بىر تەرەپتىن بېسىپ كىرگەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى توختىماي ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. شۇ ۋاقىتتا، بەھرەين ۋالىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەلا ئىبنى ئەل ھەزرەمى يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىلەن بەسلەشكەندەك جىھادقا ئاتلىنىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قادىسىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن (بۇ غەلىبىنىڭ تەسىر دائىرىسى بەكمۇ چوڭ بولدى)، ئەلا ئىبنى ئەل ھازرەممۇ ئۆز ئالدىغا قوشۇن تەشكىللەپ، پارسلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق، ئۇتۇق قازانماقچى بولدى ۋە خەلقنى جىھادقا چاقىردى. چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان خەلقتىن ناھايىتى زور بىر قوشۇن تەشكىللەندى. ئەلا بۇ قوشۇننى باشلاپ، (خەلىپىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ) دېڭىزدىن ئۆتۈپ پارس تۇپراقلىرىغا بېسىپ كىردى ۋە ئىستەھر شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەمما پارسلار يان تەرەپتىن يۈرۈش قىلىپ، ئەلانىڭ قوشۇنى بىلەن كېمىلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلار بىردىنلا دۈشمەن قوشۇنى بىلەن دېڭىزنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالدى. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن مۇسۇلمانلار قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دۈشمەن سېپىنى يېمىرىپ چىقتى ۋە باسراغا قاراپ ھەرىكەتلەندى. ئەمما كېمىلىرىنىڭ يېنىغا بارالمىدى. چۈنكى، پارس كۈچلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن كېمىنىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋېلىپ، يولنى كېسىپ تاشلىغانىدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتە كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھەزرىتى ئۆمەر بەكمۇ قايغۇرۇپ، ھەم ئەنسىرىدى ھەم ئازابلاندى. ئەلانى دەرھال ۋەزىپىسىنى تاشلاپ سەئد ئىبنى ئەبۇ

ۋەققاسقا قوشۇلۇشىنى ئەمر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇتبە ئىبنى غەزۋانغا ئەلانىڭ قوشۇنىغا ياردەم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك زور بىر قوشۇن تەييارلاپ سەبرا ئىبنى ئەبۇ رەھىم باشچىلىقىدا ئەلانىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇندا ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئاسىق ئىبنى ئامىر، ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيس، خۇزەيفە ئىبنى مىھسان ۋە ئەرفەجە ئىبنى ھەرسەمە قاتارلىق قوماندانلارمۇ بار ئىدى. ياردەمگە كەلگەن قوشۇن ئاخىرى قورشاۋ ئىچىدە قېلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنىدى، چۈنكى، دەل شۇ چاغدا قورشاۋدا قالغان مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا توقۇنۇش چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا بىر مەيدان قانلىق جەڭ ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن نەتىجىلەندى. مۇسۇلمانلار ئۇتبە ئىبنى غەزۋەننىڭ قوماندانلىق مەركىزى بولغان باسراغا قايتتى.

پارسلار بۇ قېتىم نىھاۋەندكە يىغىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىپ، پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پارس تۇپراقلىرىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىنى خالىمايتتى. مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرى بويىچە، ھۇرمۇزان ۋە غەنىمەتلەرنى ئېلىپ ماڭغان ھەيئەتنىڭ باشچىسى ئەھنەف ئىبنى قەيس مەدىنىگە يېتىپ كەلگىچە (قىسقا بىر مەزگىل)، ھېچ نەگە مىدىرلىماي كۈتۈپ تۇردى. ھەيئەت ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەر ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيستىن فەتىھ قىلىنغان يەرلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ بىلىشكە تىرىشتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكى كىشىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ ئىسيانغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە بۇ ئىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەل ئەھنەف قىسقىچە قىلىپ:

ـ بىز ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ۋە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشتىن باشقىنى بىلمەيمىز، ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ تېخىمۇ كونكرېتراق جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ:

ـ بۇ قانداق گەپ؟ تېخىمۇ ئوچۇقراق جاۋاب بەرگىنە؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئەھنەف مۇنداق دېدى:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۆزەڭگە مەلۇمكى، پارس تۇپراقلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىمىزنى توسۇپ، ھازىرچە فەتىھ قىلغان يەرلىرىمىزنى قوغداپ تۇرۇشىمىزنى ئەمر قىلدىڭ. ئەمما شۇنى يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى،



www.munber.org

پارس ئىمپېراتورى تېخى ھايات ۋە ئۆز خەلقى ئارىسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى پارسلارنى بىزگە قارشى ھەردائىم كۈشكۈرتۈپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. دەرۋەقە، ئۇ ھايات بولغاچقا، ئۆز خەلقىنى بىزگە قارشى توختىماي كۈشكۈرتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا پارسلار بىلەن ئارىمىزدا پات ـ پات توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، بىر دۆلەتتە ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىرى يەنە بىرىنى چوقۇم كۆزدىن يوقىتىشى كېرەك. شۇنىسى ھەقىقەتكى، پارسلار بىزگە قارشى ئىسيان چىقارغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىۋاتىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى فەتھ قىلىۋاتىمىز. ئۇلارنى كۈشكۈرتىۋاتقىنى شۇئاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان پادىشاھلىرىدۇر. ئەگەر سەن بىزگە ئىجازەت قىلساڭ، بىز پارس تۇپراقلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پادىشاھنى كۆزدىن يوقىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خەلق ئالدىدىكى نوپۇزىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان ۋاقتىمىزدىلا، پارسلارنىڭ ئوردىغا بولغان ئۈمىد ۋە غايىلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ئىشىنىش پۇرسىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىغان بولىمىز.

بۇ سۆزلەردىن تەسىرلەنگەن ھەزرىتى ئۆمەر ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيسكە:

ـ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭ. قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا بۇ مەسىلىنى ھەقىقىي شەكلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويدۇڭ، ـ دەپ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆھبەتلىشىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەرگە پارسلارنىڭ نىھاۋەندكە يىغىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈلدى. بۇ خەۋەر بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ پارس تۇپراقلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى ئەمر قىلدى. ھەتتا ئۆزىمۇ بىر روتىنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، فەتھ ھەرىكەتلىرىگە قېتىلماقچى بولدى. ئەمما ساھابىلەر كېڭىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قارشى چىقتى. بۇ ئىشتا ھەزرىتى ئەلىنىڭ رولى چوڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر بۇ نىيىتىدىن ياندى.①

ھەزرىتى ئۆمەر ئەمىلىي ئەھۋالنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلاردىن خۇزەيفە ئىبنى ئەل يامان قوماندانلىقىدىكى كۇفە قوشۇنى، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى قوماندانلىقىدىكى باسرا قوشۇنى ۋە نۇمان ئىبنى مۇقەررىن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنىڭ دەرھال ھەرىكەتلىنىشىنى، ھەممە قوشۇن ئالدىنقى سەپتە ئۇچراشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى قوماندانلارنىڭ ئۆز قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىشىنى ۋە نۇمان ئىبنى ئەل

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 496ـ، 503 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 136ـ، 145ـ بەتلەر.

مۇقەررىنىنىڭ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى، ئەگەر ئۇ شېھىت بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا قەيس ئىبنى مەكشۇھنىڭ باش قوماندان بولۇشىنى ئەمر قىلدى. ئاندىن قوماندانلار سېپىدا يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋەقەلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىملەرنىڭ باش قوماندانلىق ئورنىغا چىقسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تىزىملىكنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتى.

بۇ ئەمر بىلەن، ئىسلام قوشۇنلىرى نىھاۋەندكە قاراپ ھەرىكەتلەندى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى 30 مىڭ ئەتراپىدا، ھالبۇكى، نىھاۋەندتىكى پارسلارنىڭ سانى 150 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا چارشەنبە كۈنى باشلانغان توقۇنۇش ئەتىسى پەيشەنبە كۈنى كەچكىچە تولۇق ئىككى كۈن داۋاملاشتى. ئۈستۈنلۈك يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىدى. قىستاققا ئېلىنغان پارس قوشۇنلىرى سېپىل ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنى قوغداشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى. مۇسۇلمانلار شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. بۇ قورشاۋنىڭ ئۇزۇن مەزگىلگە سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن باش قوماندان نۇمان ئىبنى مۇقەررىن ياردەمچى قوماندانلارنى يىغىپ، باشقىچە بىر تاكتىكا تېپىپ چىقىش ئۈچۈن مەسلىھەتلەشتى. ياردەمچىلەر ئۇنىڭغا كەينىگە چېكىنىش تاكتىكىسى مەسلىھەتىنى بەردى. ئەگەر شۇنداق قىلسا، پارسلارنىڭ غەيرەتكە كېلىپ، شەھەردىن چىقىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن قوغلايدىغانلىقىنى، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىگە قايتىپ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نۇمان بۇ تاكتىكىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئاۋۋال پارسلارغا بىر ھۇجۇم قوزغاپ، ئاندىن كەينىگە چېكىنىش تاكتىكىسىنى باشلىتىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قوماندانلاردىن كەئكەگە تەلىمات بەردى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى پارسلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن، كەينىگە چېكىندى. دەرۋەقە، پارسلار مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن باستۇرۇپ كەلدى. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا بىر مەيدان قانلىق جەڭ يۈز بەردى. ئۇرۇش مەيدانى جەسەت بىلەن لىق تولۇپ كەتتى. پارسلاردىن 100 مىڭ لەشكەر ئۆلدى. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ نىھاۋەند ئۇرۇشى باش قوماندانى نۇمان ئاتتىن چۈشۈپ كېتىپ، شېھىت بولدى. ئۇنىڭ شېھىت بولغىنىنى ئىنىسى نۇئەييمدىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى. نۇئەييممۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پەرىشان بولماسلىقىنى ئويلاپ، ھېچكىمگە تىنمىدى ۋە يەرگە چۈشكەن سانجاقنى ئېلىپ، قوماندانلاردىن خۇزەيفە ئىبنى ئەل يامانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. قوشۇنغا نۇماننىڭ ئورنىدا خۇزەيفە قوماندانلىق قىلدى ۋە ئۇرۇش ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئاخىرلاشتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نۇئەييم ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلان قىلدى.

پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانى فىرۇزان ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن كەئكە فىرۇزاننىڭ كەينىدىن ئىز

www.munber.org

قوغلاپ، ھەمەدان تۆپىلىكلىرىدە تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام قوشۇنلىرى نىھاۋەندكە زورلۇق بىلەن كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇندىن كېيىن، جىي دەپ ئاتالغان ئىسپاھان ئىشغال قىلىندى. ئاندىن، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى قۇم ۋە كەشان شەھەرلىرىنى فەتھە قىلدى. سۆھەيل ئىبنى ئادىيمۇ كەرمانىنى ئالدى. نىھاۋەند ئۇرۇشىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەزرىتى ئۆمەرگە سۆزلەپ بېرىلگەندە، شېھىت بولغان ئىسلام قەھرىمانلىرىنى ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق ئازابلاندىكى، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ كەتتى.①

ئاندىن شېھىت بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇلغاندا، گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونىمىسىمۇ، يەنە شۇنداق يىغلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ تونىغىنىم بىلەن تونىمىغىنىمنىڭ نېمە پەرقى بار؟ الله تائالا ئۇلارنى تونۇيدۇ، بىلىدىغۇ؟ شۇڭا، الله ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈن قىلىپ، شېھىتلىك بىلەن مۇكاپاتلىمىدىمۇ؟! ئۆمەرنىڭ ئۇلارنى تونۇشىنىڭ ئۇلارغا نېمە پايدىسى بار؟»

ئەسلىدە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوماندان ۋە رەھبەر تەيىنلەش سىياسىتى ئۈستىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتسەك، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن كۆپ پايدىسى بار. شۇنداق، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا قوماندانلىق ماقامىغا ساھابىلەرنى قويۇشى ۋە شۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى ھەممىگە ئايان. ئەمما، ئۇنىڭ بەزىدە دەرىجىسىز، ئاددىي بىر ئەسكەرنىمۇ قوماندان قىلىپ قويغان ۋاقىتلىرى بولغان. لېكىن، بۇ قوماندانىنى ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئاددىي ئەسكەر سۈپىتىدە ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئەسكەرنى قوماندان قىلىپ قوياتتى. بىر قوماندان تېخى تۈنۈگۈن ئۆز ئەمرىدە خىزمەت قىلغان بىرىنىڭ بۈگۈن ئۆزىگە ئەمىر بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ ئارقىلىق، ھەزرىتى ئۆمەر ئىنسانىنىڭ چوڭچىلىق ھېسسىياتىغا بېرىلمەسلىكىگە، ھەركىمنىڭ ئاساسەن تەڭ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يولى بىلەن ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئورنىنى ياخشى تونۇپ يېتىشىگە، مۇلايىملىق ۋە كەمتەرلىك تۇيغۇسىنى يۈتتۈرۈپ قويماسلىقىغا، ھەممەيلەننىڭ پەقەت الله رىزاسى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىگە ئىمكان ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى.

نىھاۋەند فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، ھېچقانداق ئەندىشىسى قالمىغان ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ پارس تۇپراقلىرىدا خالىغانچە ئىلگىرىلىسە بولىدىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سانى قانچىلىك ئاز، قورال ـ ياراقلىرىنىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشىغا ۋە ئۆزلىرى دۇچ كېلىدىغان دۈشمەننىڭ قانچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمىي بىر ھەرىكەت

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 24 ـ ۋە 25 ـ بەتلەر.

باشلىنىشى ئۇچۇن يەتتە قوماندانغا يارلىق چىقىرىلدى. چۈنكى، ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە باقساق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن بۇ پارلاق نەتىجىلەر ۋە قۇچقان زەپەرلەرگە (ھەرگىز ئۇلارنىڭ) سان ۋە قورال - ياراقلىرىنىڭ ياخشى - ناچارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس، مۇستەھكەم ئىمانى ۋە چەكسىز پىداكارلىقلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.①

بۇ يەتتە قوماندان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يارلىقىغا بىنائەن فەتىھ ئىشلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

بىرىنچى، نۇئەييىم ئىبنى مۇقەررىن. ھەمەدانغا يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن، يەزىد ئىبنى قەيسنى بۇ يەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى رەي (ھازىرقى تېھران) گە قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئاندىن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئىنىسى سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىننى بىر روتا ئەسكەرگە قوماندان قىلىپ قۇس دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. سۇۋەيد ئۆزىگە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىگەن شەھەر خەلقى بىلەن سۈلھ تۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جۇرجان ۋە تابەرىستان خەلقلىرىمۇ قوماندان سۇۋەيدكە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ سەپنىڭ باش قوماندانى نۇئەييىم ھەمەداندىكى قارارگاھىدا بەكىر ئىبنى ئابدۇللاھنى ئەزەربەيجانغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەماك ئىبنى ھېرسا قوماندانلىقىدىكى بىر بۆلەك ئەسكەرنى ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇتبە ئىبنى فەرقادمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلغانىدى. بەكىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەزەربەيجاننىڭ بەزى يەرلىرىنى فەتىھ قىلىپ، خېلى كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئىككىنچى، سۇرراقە ئىبنى ئامىر. ئۇ كاسپى دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بابۇل ئەربابقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللارنىڭ بېشىدا ئابدۇرراھمان ئىبنى رابى بار ئىدى. ئابدۇرراھمان قوماندانى سۇرراقەنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى. ئاندىن قوماندان سۇرراقە بۇ يەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا بەكىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ھەبىب ئىبنى مەسلەمە، خۇزەيفە ئىبنى ئۇسەييد ۋە سۇلايمان ئىبنى رابىئەلەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇ يەرلەرنى فەتىھ قىلماقچى بولدى. ئەمما، ئۆزى ئۇ مەزگىلدە ۋاپات بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر سۇرراقەنىڭ ئورنىغا

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 11 ـ، 21 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 176 ـ، 178 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ئابدۇرراھمان ئىبنى رابىئەنىڭ قوماندان بولغانلىقىنى كېيىنچە ئۇققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمىدى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى تەستىقلىدى.[1]

ئۈچىنچى، ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيس. ئۇ تابىئىن ئارقىلىق خۇراسانغا كىرىپ، بۇ يەردە ھىرات شەھىرىنى زورلۇق بىلەن ئالدى. شەھەرگە سەھھار ئىبنى فۇلان ئەل ئابدىنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ھىرات دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، مەرۋەئى شاھجاھانغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ھارىسە ئىبنى نۇماننى شەھەرگە مەسئۇل قىلىپ، مۇرغەب ۋادىسىدىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەزدىگىردنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەرۋەئى رۇزغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ۋاقىتچە، كۇفەدىن يولغا چىققان ياردەمچى قوشۇنمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەلدى. يەزدىگىرد بۇ قېتىم قېچىپ، بەلىخ شەھىرىگە پاناھلانغانلىقى ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇن شۇ يەرگە ئەۋەتىلدى. ياردەمچى قوشۇن دەرھال ئاتلىنىپ، بەلىخ شەھىرىگە توسالغۇسىز كىرگەن بولسىمۇ، يەزدىگىرد ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ قۇتۇلۇپ، ماۋارائۇننەھرگە بېرىۋالغانىدى.

قوماندان ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيس كۇفە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بەلىخكە يېتىپ كەلگەندە، شەھەر ئاللىبۇرۇن فەتھە قىلىنىپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كەڭ كەتكەن تۇپراقنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەر - بۇ يەردە قېچىپ يۈرۈپ قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتقان لەشكەرلەرنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئاندىن، ئەل ئەھنەف مەرۋگە قاراپ كېتىۋېتىپ، مۇتەۋۋىف ئىبنى ئابدۇللاھنى نىشاپۇرغا، ئەل ھارىس ئىبنى ھاساننى سەراھسقا ئەۋەتتى.

پارس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شىمالى قىسىملىرى ۋە كاسپى دېڭىزى بويلىرىدا فەتىھ ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان قوماندان ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيس توخارىستان رايونىغا رىبى ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمىنى مەسئۇل قىلىپ، مەرۋەئى رۇزغا قايتقاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەرگە خۇراساننىڭ فەتھى توغرىلىق خەۋەر يوللىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «.....ھەرگىز دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتمەڭلار. ھازىرچە قول ئىلكىڭلاردىكى تۇپراقلارنى قوغداشقا تىرىشىڭلار. خۇراسانغا قانداق شەرت بىلەن كىرگىنىڭلارنى ئوبدان بىلىسىلەر. ئۇ شەرتلەرنى ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، داۋاملىق زەپەر قۇچقايسىلەر! ھەرگىز قارشى قىرغاققا ئۆتكۈچى بولماڭلار. بولمىسا، تارقىلىپ پەرىشان بولىسىلەر!..»[2]

تۆتىنچى، (پارس سېپى قوماندانلىرىدىن) ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاس. ئۇ، بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئىستاھرغا يۈرۈش قىلدى. بەھرەين ئارقىلىق پارس

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 33 ـ ۋە 34 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 39 ـ، 43 ـ بەتلەر.

قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، ئاۋۋال بەرقاۋان ئارىلىنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن ئىران تۇپراقلىرىغا كىردى. ئاندىن جۇر، ئىستاھر ۋە شىراز قاتارلىق شەھەرلەرنى فەتىھ قىلدى. بۇ قېتىم ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاسقا ياردەملەشتى. بۇ فەتىھلەر جەريانىدا قوماندانىنىڭ ئىنىسى ھاكەم ئىبنى ئەبۇل ئاسمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلدى.[1]

بەشىنچى، (يەنە پارس سېپى قوماندانلىرىدىن) سارىيە ئىبنى زەنىم ئەل قىنانى. ئۇ، قوشۇننى باشلاپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت يولى ئۈستىدىكى پارسلار توپلانغان بىر يەرنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. ئاۋۋال ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى، ئەمما پارسلار كوردلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى، كوردلار ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇسۇلمانلار خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. بىردىنبىر چارىسى ئەتراپتىكى دۆڭلەردىن پايدىلىنىش ئىدى ۋە شۇنداق قىلدى.

قوماندان سارىيە بىر دۆڭگە چىقىپ، بىر تەرەپتىن كەينىدە قالغان قوشۇننى قوغداشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭنى داۋاملاشتۇردى. نىھايەت، مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى.

بۇ توقۇنۇش يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنىدە جامائەتكە نامىزىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىلاھى كارامەت بىلەن بۇ ھادىسىنى ھېس قىلغانلىقى ۋە خۇتبىسىنى توختىتىپ: «ئەي سارىيە! تاغ تەرەپكە، تاغ تەرەپكە..... بۆرىنىڭ ھىيلىسىنى بىلمىگەن ھاڭۋاقتى چوپان ئۆز قويلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ» دەپ ۋارقىرىغانلىقى، شۇنداقلا، سارىيە ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى مۇجاھىدلارنىڭمۇ بۇ ئاۋازنى ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. الله بۇ يەرنى (ئەمىرگە بولغان ئىتائەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە) مۇسۇلمانلارقوشۇنىنىڭ فەتىھ قىلىشىغا مۇيەسسەر قىلدى.[2]

ئالتىنچى، قوماندان ئاسىم ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمى. ئۇ، باسرالىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، سىجىستان رايونىغا قاراپ ئاتلىنىپ، بۇ رايوننىڭ مەركىزى زەرەنجنى ئۇزۇن ۋاقىت قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن، شەھەرگە بېسىپ كىردى. شەھەر خەلقى ئۇرۇش توختىتىپ، سۈلھ تۈزۈشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاندىن، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئىدارىي ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئامانلىقىغا مەسئۇل بولدى.

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 46 ـ، 48 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 216 ـ، 219 ـ بەتلەر



www.munber.org

يەتتىنچى، (پارس سېپى قوماندانلىرىدىن) سۇھەيل ئىبنى ئادىي ئەل خەزرەج. ئۇ، بىر قوشۇننى باشلاپ كىرماننى پارسلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئىسلام تۇپراقلىرىغا قوشتى.

سەككىزىنچى، (يەنە قوماندانلاردىن) ھاكىم ئىبنى ئامىر ئەت تەغلەبى. ئۇ، قول ئاستىدىكى قوشۇن بىلەن مىقرانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلاردىن باشقا، كەينىدە بىر ياردەمچى قوشۇن بار ئىدى. مۇسۇلمانلار دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىدا بىر دەريا بار ئىدى. پارس قوشۇنى دەريادىن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇسۇلمانلار پارس قوشۇنلىرىنىڭ ئارا ـ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇ يەرنى تەلتۆكۈس فەتھ قىلدى.[1]

توققۇزىنچى، ئۇتبە ئىبنى فەرقاد. ئۇ، پارس تۇپراقلىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەرلەرنى فەتھ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ساسانىيلار دۆلىتى يىقىلىپ، ئىران تۇپراقلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرگۈزۈلدى.[2]

# ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتى

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى

ھەزرىتى ئۆمەر نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئالدىن كۆرەر بىرى ئىدى. ئۇ، ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ساپ ۋە پاكىز ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى؛ كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقان دۆلەت چېگرىسى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن ئەبجەش ۋە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. چۈنكى ئۇ، نەتىجىدە بىرمۇنچىلىغان يات پىكىر ۋە ئېقىملارنىڭ بۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى بۇلغايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقلا، كەڭ كۆلەملىك فەتھ پائالىيەتلىرىدىن كېيىن، ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ قالغانلار ۋە سىرتتىن كەلگەن مەجۇسىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئىسلامنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سالىدىغان بىر تالاي ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاشلىشىدىن خەۋپسىرەپ تۇراتتى. شۇڭا، بۇ يات مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىن (دۆلەتنى يىقىلغانلىقى ئۈچۈن) كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 219 ـ بەت.
[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 23ـ، 32 ـ ۋە 33 ـ بەتلەر.

بولغان بەزى ئىرانلىقلاردىن باشقا مەدىنىگە كېلىپ يەرلىشىش سەۋداسىدا بولغانلارنىڭ مەدىنىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى بۇ ئىرانلىقلارنىڭ (گەرچە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ) روھىي ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆتمۈشكە ۋە كونا مەجۇسىي ئېتىقادلىرىغا بولغان تەلپۈنۈش ۋە مايىللىق ئالامەتلىرى بار ئىدى. بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان ساداقەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمايۋاتاتتى. يەنى ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان، ئەمما ئىچكى جەھەتتە تېخىچە بۇرۇنقى مەجۇسىي دىنلىرىغا سەممىي، ساداقەتمەن ئىدى. ھەتتا بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق سۇيىقەست ـ پىلانلىرى بار بولۇپ، بۇ، ئۆز دۆلەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ھەزرىتى ئۆمەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەتلىرىدىن كېلىپ چىقماقتا ئىدى. بەزىلىرى تېخى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغاچقا، ئىسلامنى تولۇق، توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى بىلىپ يەتكۈدەك ئاڭ ـ سەۋىيەگە ئىگە بولالمىغاچقا، ھەمىشە ئىككىلىنىپ، تەڭقىسلىقتا يۈرەتتى.

فەتھلەردىن كېيىن، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىگەمەنلىكىگە كىرگەن يەرلەردىكى خەلقلەر ئىچىدە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەڭ كۆپ ئۆچمەنلىك قىلغانلار پارسلار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۆلىتى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلغاچقا، ئۇلارنىڭ قېچىپ قۇتۇلالىغۇدەك باشقا يەرلىرى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىزانسلىق پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام فەتھلىرىنىڭ سىرتىدا قالغان ۋە مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان دۆلەتلىرى بار ئىدى. بۇ دۆلەت فەتھ قىلىنغان تۇپراقلاردىن قېچىپ، ئۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنى سىغىندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى.

ھەقىقەتەن، فەتھ قىلىنغان يەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلاردىن باشقا، بىزانسلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرلەرگە قاچقان رۇملار ۋە فەتھتىن كېيىن بىزانسلار بىلەن بىرگە كۆچۈپ كەتكەن خرىستىئان ئەرەبلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆچۈشلەر تاكى ئىستانبۇل فەتھ قىلىنىپ، بىزانس دۆلىتى پۈتۈنلەي يىقىلغان (ھىجرى توققۇزىنچى ئەسىر) غا قەدەر داۋاملاشتى.

www.munber.org

ئۇندىن باشقا، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇۋالغان يەھۇدىيلارمۇ[1] بار بولۇپ (بۇ پۈتۈنلەي ھىيلە ـ مىكىردىن ئىبارەت)، ئۇلار بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيەتلىرى قالمىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دوپپىلىرىغا جىگدە سېلىشنىڭ ئەڭ ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىشتى. چۈنكى ئۇلار ئىسلامدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئەسلىدە ئۇلار ئۆز دىنلىرىغا قارشى چىققان ھەركىمدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆچمەنلىك قىلىسىمۇ، ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئىسلام ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بولمىغانلارغا قىلغان دۈشمەنلىك ۋە سۇيىقەستلىرىنى، يامان غەرەز ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى پۈتۈنلەي پاش قىلىپ تاشلىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ، ھەر تۈرلۈك شەخسىيەتلەرگە پۈركۈنۈپ، ھەرخىل يول ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى يوق قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرى ــ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئىسلام ئادالىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۈرنەكلىرىگە شاھىد بولغان ۋە ئىسلام قۇياشى يەر يۈزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمىغا پارلاق نۇر چاچقان دەۋر ئىدى.

كۇفە ۋالىسى مۇغىرە ئىبنى شەئبە ھەزرىتى ئۆمەردىن ئەبۇ لۇئلۇئە ئىسىملىك ئىرانلىق خىزمەتچىسى (ئەسلى ئىسمى فەيرۇز بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسمىنى لۇئلۇئەگە ئۆزگەرتكەن) نىڭ مەدىنىگە كىرىشىگە ۋە ئۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشىغا ئىجازەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ۋالى مۇغىرەنىڭ مەقسىتى، قولى ئەپچىل بۇ ھۈنەرۋەن ئۇستىنىڭ ئىسلام پايتەختىدە مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام

[1] قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھازىرقى زامان تۈركىيە جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق يەھۇدىيلار بار بولۇپ، ئۇلار سەلانىك ياكى قىرىم يەھۇدىيلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈرك نەسەبىدىن كەلگەنلىكى ۋە ھازار تۈركلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئۇلار 1600 ـ يىللاردىن كېيىن ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەكابىرلىرىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، دۆلەت سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، دەرھال رەھبەرلىكنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنى چەتكە قاقتى. 1920 ـ يىللاردىن كېيىن مارمارا ساھىللىرىنى ماكان تۇتۇپ، ناھايىتى تەشكىللىك ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلىۋالدى. قول ئىلكىدىكى چەكسىز ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلىگەن بۇ يەھۇدىيلار تۈركىيە جەمئىيىتىنى ئۆز خاھىشى بويىچە باشقۇرۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىستانبۇلدا ئىككى، ئەنقەرەدە بىر جامىئەسى بار بولۇپ، خەلق ئارىسىدا مۇسۇلمان بولۇپ ياشايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى قەتئىي مەخپىي تۇتىدۇ. ئەمما، دىنىي ئېتىقادلىرى بەكمۇ چىڭ بولۇپ، باللىرىغا ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانچە ئىسىمدىن بەكرەك تۈركچە ئىسىملارنى كۆپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلق ئارىسىدا پەقەتلا چېنىپ قالمايدۇ. ئۇلار يۇرگۈزگەن ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەردىن ئۇلارنىڭ تۈركىيەدىكى باشقا يەھۇدىيلار بىلەن ياكى ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار دۆلەت ئىچىدە يولغا قويغان تەلىم ـ تەربىيە سىستېمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرغان ھەرخىل پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماقتا.

دۆلەتكە پايدىلىق خىزمەت قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئىدى. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق ۋە نەققاشلىق ھۈنەرلىرى بار ئىدى.

ئەمما، ئەپت ـ بەشىرىسى كېيىنچە ئاشكارىلانغان بۇ ئادەم ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئىچىدە مەجۇسىيلىققا تەلپۈنىسىمۇ، باشقىلارغا بىلىندۈرمەي يۈرەتتى. بەزىدە شۇنداق ئىرقچىلىق قىلغۇسى كەلسىمۇ، يەنە بەك چاندۇرۇپ كەتمەيتتى. كوچىدا ئىرانلىق بالىلارنى كۆرسىلا، پۇرسەت بىلىپ باشلىرىنى سىلاپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ: «ئۆمەر يۈرەك ـ باغرىمنى يەپ كەتتى» دەپ ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنلىكى كۆرۈلگەنىدى. ئۇ ھەردائىم پۇرسەت تېپىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يولىنى مەخپىي كۆزىتىپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئۈچۈن پىلانلىغان قەبىھ سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيت كۈتەتتى.

ئەبۇ لۇئلۇئە كۆپ كۆزىتىش ئارقىلىق، ھەزرىتى ئۆمەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتىنىڭ ئۇنىڭ نامازغا تۇرغان ۋاقتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمايتتى، سۇيىقەستچىمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە ھېچقاندان قارشىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا يېتەلەيتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ھەر قېتىم نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن، سەپلەرنى ئارىلاپ جامائەتكە: «سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار!» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، مېھرابقا ئۆتۈپ تەكبىر چۈشۈرۈشكە ئىشارەت بېرەتتى.

ھىجرىنىڭ 23 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر ۋاقتى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بامدات نامىزىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئادىتى بويىچە سەپلەرنى تۈزلەپ چىقتى. ئاندىن تەكبىر چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، نامازغا تۇردى.

دەل شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ: «ئاھ، مېنى ئۆلتۈردى!» دەپ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەبۇ لۇئلۇئە دېگەن كاپىر ئۇنىڭ ئالتە يېرىگە خەنجەر تىققانىدى. غالجىرلاشقان قاتىل بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خەنجىرىنى ئەتراپقا قالايمىقان شىلتىپ، جامائەتتىن ئون ئۈچ كىشىنى يارىدار قىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپى يىقىلغان يېرىدە شېھىت بولدى. چوڭ ساھابە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، سەللىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىش ئارقىلىق ئۇنى توختىتىۋالدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ۋە بېشىغا نېمە ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ئەبۇ لۇئلۇئە ئۆزىنىڭ قانلىق قىلىچىنى ئۆزىگە تىقتى ۋە شۇ يەردىلا جان ئۈزدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف دەرھال ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بېقىنىدىكى يارىسىنىڭ ئۈستىگە سىرىق يوپۇقتىن بىرنى ياپقان ھالدا يەردە ياتاتتى. ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ: «اللہ نىڭ ھۆكمى ئەمەلگە ئاشتى» دېدى. ئاندىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ جامائەتكە

www.munber.org

ئىمام بولۇپ، نامازنىڭ قالغان قىسمىنى ئادا قىلىشنى بۇيرىغاندىن كېيىن، هوشىدىن كەتتى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىقى تۈپەيلىدىن نامازنى تېزلا ئوقۇپ تۈگەتتى.

جامائەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە ناماز ۋاقتىدىكى ئىنتىزامچانلىق تۈپەيلىدىن كېيىنكى سەپتە تۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىنقى سەپتە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدى. شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەكبىر ئاۋازى توختاپ قېلىشى بىلەن، ئارقا سەپتىكىلەر: «سۇبهانالاھ! سۇبهانالاھ!» دەپ ئىمامنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇشتى[①]. بۇ ئاۋازلار ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ نامازنى داۋاملاشتۇرۇشى بىلەن بېسىقتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن: «جامائەت نامازنى ئادا قىلالىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىنى ئېلىۋاتقان ۋاقىتىدىمۇ، ئىسلامنىڭ بۇ چوڭ قائىدىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ لايىقىدا ئورۇنلانغان ـ ئورۇنلانمىغانلىقىنى سوراۋاتاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: «ھەئە، ناماز ئادا قىلىندى» دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر شۇ ھالى بىلەن (بەلكىم باشقىلارغا قىلىدىغان شۇنداق مۇھىم ۋەسىيەتلىرى بار بولسىمۇ، يەنە نامازنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختىلىپ): «نامازغا سەل قارىغان ئادەمنىڭ ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دەپ ئەتراپتىكىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە تاھارىتى ئېلىندى، ئۇ نامىزىنى ئادا قىلىۋالدى. يارىلىرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، جامائەت ئۇنى ئۆيىگە يۆتكىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا: «چىقىپ مېنى كىمنىڭ قەستلىگەنلىكىنى ئېنىق ئۇقۇپ كىرگىن!» دەپ بۇيرىدى. ئابدۇللاھ ۋەقەنى شاھىد بولغانلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق سۇيىقەستچىنىڭ مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ لۇئلۇئە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ كىردى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ: «الله قا مىڭ شۈكرى! ئاخىرەت كۈنى الله نىڭ ھۇزۇرىدا پېشانىسى سەجدىگە بارغان بىرى مەن بىلەن ھېسابلاشمىغۇدەك» دەپ ئۆزىنى مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسىنىڭ قەستلىمىگەنلىكىگە خۇرسەن بولدى.[②]

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي بىرەر مۇسۇلماننىڭ مەنپەئەتىگە زىت بولغان قارار ياكى ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇپ، شۇ سەۋەبتىن سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى يېنىغا

---

[①] بەزى فىقھە مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئىمام خاتالىق ئۆتكۈزسە ياكى يېقىن ئەتراپتا بىر خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلسە، جامائەت نامازنى بۇزماي تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا «سۇبهانالاھ!» دېسە ۋە تەكرارلىسا بولىدۇ.

[②] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 227 ـ، 229 ـ بەتلەر.

چاقىرىپ: «چىقىپ جامائەتنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئېلىپ باققىن!» دەپ بۇيرىدى. ئابدۇللاھ جامائەتنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پۈتۈن خالايىق خۇددى ئۆز بالىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك سەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلىشىۋاتىدۇ» دېدى.

ئەنسارلاردىن بىر تېۋىپ كىرىپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يارىسىنى تەكشۈردى. ئۇنىڭغا ئىچۈرگەن سۈتى يارىسىدىن ئېقىپ چىقىۋېدى، تېۋىپ ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ۋەسىيىتىڭنى قىلىۋالغىن!» دەپ ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېۋىپنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكىلەر ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر: «ماڭا يىغلاپ بەرمەڭلار! يىغلاشنى خالىغانلار تالاغا چىقىپ يىغلىسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”جىنازا بېشىدا پەرياد چېكىپ، قاتتىق يىغلىغانلار جازالىنىدۇ“ دەيتتى» دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇتىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە بېرىدىغان قارارىنىڭ مەنىۋي مەسئۇلىيىتى ئاستىدا ئېزىلمەكتە ۋە قورقماقتا ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەرقانداق مۇئمىن ھەر دائىم قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئارىسىدا ياشايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ۋە پۇقرالارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك قارار ۋە ھۆكۈملىرىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا ئۇ باش ئۇچىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلارغا: «مەن ئەمدى ئۆز شەخسىيىتىم ھەققىدە ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن. ئەمما سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلارنىڭ كېلەچىكىدىنلا ئەنسىرەيمەن» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنى بۇ ئىزتىراپتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى تەسەللىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ھېلى ھەزرىتى ئەبۇبەكرگە يېقىنلىقىنى ئېسىگە سالاتتى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا: «قەسەم قىلىمەنكى، الله نىڭ ھوزۇرىدا ئاقلىنىپ، دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مۇكاپات بېرىلمىسىمۇ مەيلى، جازا بېرىلمىسىلا مەن رازى. قەسەم قىلىمەنكى، خەلىپە بولغان كۈنۈم قانداق بولغان بولسام، خەلىپىلىكتىن ئايرىلىدىغان كۈنۈممۇ شۇنداق بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ۋەزىپەم ئۈچۈن ساۋابمۇ بېرىلمىسۇن، گۇناھمۇ يېزىلمىسۇن! مەن شۇنىڭغا رازى» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنى بىزنى تېخىمۇ شەرەپلىك ئورۇنغا چىقاردىڭ، بىزنى پەخىرلەندۈردىڭ ۋە كۆپ ياردەم قىلدىڭ. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان كۈنىڭدىن

www.munber.org

ئېتىبارەن، مۇسۇلمانلارغا زەپەر قازاندۇردۇڭ، نۇرغۇن يەرلەرنىڭ فەتىھ قىلىنىشىغا ۋەسىلە بولدۇڭ. سەن يەر يۈزىنى ئۆز ئادالىتىڭ بىلەن تولدۇردۇڭ.»

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىلتىپاتتىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى. ئۇ ئابدۇللاھتىن: «راست شۇنداق ئىكەنلىكىگە الله نىڭ ھۇزۇرىدىمۇ گۇۋاھچى بولامسەن؟» دەپ سورىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ھەزرىتى ئەلى دەرھال ئابدۇللاھقا: «ھەئە دېگىن، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە گۇۋاھچى بولىمەن» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا تىرىشتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى يامانلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئوغلى ئابدۇللاھنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا قەرزلىرىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يان تەرىپىگە دەپنە قىلىنىشىغا ئىجازەت سوراش ئۈچۈن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «بېرىپ ئۇنىڭغا: ”ئۆمەر ساڭا سالام ئېيتتى“ دېگىن، ھەرگىز: ”ئەمىرۇل مۇئمىنىن“ (مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى) دېمىگىن! مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئەمىر ئەمەسمەن. ئۇنىڭغا: ”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككى دوستىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ“ دېگىن!»

ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا باردى. ھەزرىتى ئائىشە ئۆيىدە ھەزرىتى ئۆمەر ئۈچۈن يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قىلغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئائىشە: «ئەسلىدە مەن بۇ ئورۇننى ئۆزەم ئۈچۈن ئېلىپ قويغانىدىم. ھەزرىتى ئۆمەر تەلەپ قىلغان بولسا، شۇنىڭ بولسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىرىنى ئۆز ئورنىغا خەلىپىلىككە تەيىنلەشنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنى بۇ ھەقتە قايىل قىلغانىدى. ئابدۇللاھ بۇ ئىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەمشىرەم ھەفسەگە يولۇقۇپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى. مەندىن:

ـ دادىڭ ئۆز ئورنىغا بىرىنى سايلىمىغاندۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ياق! ئۇنداق قىلمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ:

ـ قاراپ تۇر، چوقۇم قىلىدۇ، ـ دېدى.

مەن بۇ ھەقتە دادامغا ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن قەسەم قىلدىم. ئاندىن دادامنىڭ يېنىغا قايتتىم، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا شۇنچىلىك ئىنتىلدىم، خۇددى ئۆشنەمگە تاغ يۈدۈۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. دادام مەندىن خەلقنىڭ ھال -

ئەھۋالىنى سورىدى. مەن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەرگەچ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

ـ دادا! خەلق بىر ئىش ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ساڭا يەتكۈزمىسەم بولماس دەپ ئويلايمەن. بەزىلەر سىېنىڭ خەلىپىلىككە ھېچكىمنى تەيىنلىمەيدىغانلىقىڭنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. بۇ راستمۇ؟ مەن ساڭا بۇ ئىشنى مۇنداق ئىزاھلاپ بېرەي: مەسىلەن، سەن تەيىنلىگەن ۋالىلاردىن بىرىنى يېنىڭغا چاقىرتقان ۋاقتىڭدا، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتىپ بولغىچە، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى نائىب قىلىپ تەيىنلەيسەنغۇ؟ يەنە مەسىلەن، سېنىڭ بىر پادىچىڭ بار دەپ تۇرايلى. ئۇنى يېنىڭغا چاقىرتقان ۋاقتىڭدا، باشقا بىرىنى پادىنى بېقىپ تۇرۇشقا تەيىنلىمەمسەن؟ ئۇنداق بولغانىكەن، ئەتە ـ ئۆگۈن الله نىڭ ھۇزۇرىغا چىققان ۋاقتىڭدا ئۆز ئورنۇڭدا ئۇنىڭ بەندىلىرىگە ئىگە بولىدىغان بىرىنى تەيىنلىمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟! ـ دېدىم.

دادام بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئاۋۋال قاتتىق چۆچۈگەندەك بولدى، ئاندىن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتتى. ئالدىغا ئېگىلىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـ الله تائالا بۇ دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر. مەن بۇ ئىشنى قانداقسىگە بىر تەرەپ قىلالايمەن. چۈنكى مەندىن بۇرۇن بۇ مەسىلىدە ماڭا ئۈرنەك بولغانلار بار. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلسام، مەن ئۆز ئورنۇمغا بىرىنى تەيىنلىمەيمەن. ئەگەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدەك قىلماقچى بولسام، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى ئۆزى تاللىغانىدى، ـ دېدى.

دادامنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھېچكىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈن كۆرمەيدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى تەيىنلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭمۇ خەلىپە تەيىنلىمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دادام يەنە مۇنداق دېدى:

ـ مەن بەزىلەر كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا بەكمۇ ھېرىسمەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما مەن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىنى ئالغان ئالتە كىشىگە تاپشۇرىمەن. ئۇلار ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەتلىشىپ بىرىنى تاللىسۇن. ئەگەر مەن كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئەبۇ خۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم ياكى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەل جەرراھ (ئىككىسىنىڭ بىرى) يېتىپ كېلەلىسە، مەن بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن تاپشۇراتتىم. ئەگەر رەببىم ئۇلار ئۈچۈن مېنى سوراققا تارتسا، مەن: «سېنىڭ ئەلچىڭنىڭ ئاغزىدىن: ”ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكىدۇر“ دېگىنىنى؛ سالىم ھەققىدە: ”سالىم الله نى ھەقىقىي تونۇغان كىشىدۇر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

www.munber.org

بۇ ئارىدا، مۇغىرە ئىبنى شەئبە ھەزرىتى ئۆمەرنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە:

ـ ئوغلۇڭ ئابدۇللاھنى سىنىڭ ئورنۇڭغا خەلىپىلىككە كۆرسەتسەم سايلامسەن؟ ـ دەپ تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپنى بەكمۇ ئورۇنسىز ۋە نامۇۋاپىق ھېس قىلغان ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ــ الله جېنىڭنى ئالسۇن! الله قا قەسەم قىلىمەنكى، مۇنداق ئىش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىققىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۆزەم بۇ ۋەزىپىنى ياقتۇرمايدىغان تۇرسام، قانداقسىگە ئۆز ئائىلەمدىن بىرىنى بۇ مەنسەپكە قوياي؟! ئەگەر بۇ ئىشتا بىرەر پايدا بولسا، بىز ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن ئېرىشتۇق. ياق، ئەگەر بۇ ئىشتا بىرەر زىيان بولسا، ئۆمەر ئائىلىسىدىن بىرىنىڭ بۇ زىياننى تارتقىنى ۋە الله نىڭ ھۇزۇرىدا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھېسابىنى بېرىشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ھەم بۇ ئىشقا كۆپ كۈچەپ كەتكەنلىكتىن ئۆز ئائىلەمگە كۆڭۈل بۆلەلمىدىم. ئۇلارنى ھەركىمنىڭ پايدىلىنىش ھەققى بولغان نېئمەتلەردىن مەھرۇم قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، (مۇكاپات ئۈمىد قىلماي) بۇ ئىشنىڭ ھېسابىدىن جازاسىز قۇتۇلالىسام، مەن شۇنىڭغا رازى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، خەلىپە تاللاش ئىشىنى ئالتە كىشىگە تاپشۇردى. بۇ ئالتە كىشى: ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىقلار ئىدى (الله ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!). ھەزرىتى ئۆمەر ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۇلارغا مەسلىھەتچى قىلىپ قويدى، ئەمما ئۇلاردىن بىرى دەپ قارىمىدى (يەنى ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويمىدى). ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن بىرىنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلەش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى. سۇھەيبنى بولسا، جامائەتكە ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىسىملىرى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئالتە كىشىدىن تەلھە بۇ چاغدا مەدىنىدە يوق بولۇپ، شەخسىي بىر ئىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ھەزرىتى ئۆمەر قالغانلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا قاراڭلار! مەن سىلەرگە خەلىپە تاللاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردۇم. شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھازىر خەلقنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى يوق. ئەگەر بۇندىن كېيىن بىرەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى چىقىپ قالسا، بۇ پەقەت سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىقىدۇ.

سىلەر ئۈچۈڭلار: ئەي ئوسمان، ئەي ئەلى، ئەي ئابدۇرراھمان! خەلق تاللاپ قالسا، چوقۇم ئۈچۈڭلاردىن بىرىنى تاللايدۇ. شۇڭا ئەي ئەلى! ئەگەر سەن خەلىپىلىككە

تەيىنلىنىپ قالساڭ، ھەرگىز (ئۆز نەسەبىڭ بولغان) بەنى ھاشىم قەبىلىسىنى خەلقنىڭ بېشىغا بالا قىلمىغىن، الله تىن قورققىن!

سەن ئوسمان! ئەگەر سەن خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ قالساڭ، ھەرگىز (ئۆز نەسەبىڭ بولغان) بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىنى مىللەتنىڭ گەجگىسىگە مىندۇرۇپ قويمىغىن، ئۇلارغا ئەمەل ـ مەنسەپ بەرمىگىن!

ۋە سەن ئابدۇرراھمان! ئەگەر سەن خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ قالساڭ، سەنمۇ ئۆز نەسەبىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتقۇزمىغىن، ئۇلارنى خەلققە يۈك قىلىپ قويمىغىن! ئەمدى بېرىپ ئاراڭلاردىن بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەڭلار!

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر: «ئەگەر ئۇلار شۇ پايىنەكۋاش[①] نى تاللىسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئىشىنى يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىرى ئىدى» دېدى. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ھەزرىتى ئەلىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن:

ــ ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ قويۇشۇڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ـ ئوغلۇم! مەن نىمشىھىت ھالەتتە تۇرۇپ خەلقنى باشقۇرۇشنى خالىمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر قېتىم سەئد ئىبنى ۋەققاسنى تىلغا ئېلىپ (ئۇ ئالتە كىشىگە) مۇنداق دېگەنىدى:

ـ ئەگەر سەئد خەلىپە بولۇپ سايلىنىپ قالسا، ئۇمۇ بۇ ئىشقا لايىق بىرى. ئەگەر ئۇ سايلانماي قالسا، سايلانغان كىشى ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلسۇن! مەن ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان بولسام، بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئىشقا يارىماسلىقىدىن ياكى ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىدىن بولمىدى. سىلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. ئەگەر ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، (بەنى جەدئان قەبىلىسىنىڭ ئازادگەردىسى) سۇھەيب ئۈچ كۈنگىچە خەلققە ئىمام بولۇپ تۇرسۇن. ئاندىن بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاراڭلاردىن بىرىنى خەلىپە قىلىپ سايلاڭلار. ئەگەر كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ، رەھبەرلىك ماقامىغا خىرىس قىلسا، دەرھال ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاڭلار!

[①] ھەزرىتى ئەلىنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇپ، بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چېچى چۈشۈپ كەتكەچكە، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى پايىنەكۋاش دەپ ئاتايتتى.



www.munber.org

ساھابىلەر چىقىپ كەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپاتىدىن سەللا بۇرۇن ئەنسارلاردىن ئەبۇ تەلھەنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا مۇھىم بىر ئىشنى تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن بېرىپ قەبىلەڭدىن 50 كىشىنى ئال ۋە كېڭەش ئەزالىرى بولغان شۇ ئالتە كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن. مەنچە ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدىكى بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىدۇ. سەن قول ئاستىڭدىكى ئادەملىرىڭ بىلەن ئۇلار يىغىلغان ئۆينىڭ ئىشىكىدە قاراۋۇللۇق قىل. ھېچكىمنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلما، ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرىنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ بولغىچە، ئارىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئۇ يەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىگىمۇ يول قويما! ھەتتا سەن شەخسەن ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇرغىن. ئەگەر ئالتە كىشىدىن بەشى بىر ئادەمنى تاللاپ، بىرسى ئۇلارغا قارشى چىقسا، دەرھال ئۇنىڭ كاللىسىنى ئال. ئەگەر تۆت كىشى بىر ئادەمنى تاللاپ، ئىككى كىشى ئۇلارغا قارشى چىقسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئال. ئەگەر ئۈچ كىشى بىرىنى تاللاپ، قالغان ئۈچ كىشىمۇ باشقا بىرىنى تاللىسا، ئوغلۇم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇلارغا ھۆكۈم چىقىرىپ بەرسۇن. ئابدۇللاھ قايسى تەرەپنى تاللىسا، شۇ تەرەپ كۆرسەتكەن ئادەم خەلىپە بولسۇن! ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغلۇمنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ چاغدا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەپ كۆرسەتكەن ئادەم خەلىپە بولسۇن! ئۇلار تاللىغان ئادەمنى يەنە بىر تەرەپتىكىلەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلار. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، تۆتىنچى كۈنى سەھەرگىچە بىرى سىلەرگە خەلىپە بولۇپ سايلىنىپ بولسۇن!

ھەزرىتى ئۆمەر سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاران ئۈچ كۈن ياشىيالىدى. تۆتىنچى كۈنى، يەنى ھىجرىنىڭ 23 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيى تۈگەيدىغانغا تۆت كۈن قالغاندا (چارشەنبە كۈنى) ۋاپات بولدى. ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنى يۇيۇپ، كېپەنلىدى. نامىزىنى سۇھەيب چۈشۈردى.①

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپە تاللاش ھوقۇقىنى كېڭەش ئەزالىرىغا تاپشۇرۇشى ئۇنىڭ خەلىپە ۋاقتىدا يولغا قويغان سىستېمىدىن ھالقىپ چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر يولغا قويغان ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى كەسكىن قارارغا تايىناتتى. گەرچە سايلام پۈرستى ئىنسانغا بۇرۇن يادىغا كەلمىگەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىرمۇنچىلىغان ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەلۇم بىر كىشى ئالدىن تاللانسا، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما جەمئىيەت بۇنداق ئىشنى خالىمايتتى. ئىنسان پسىخولوگىيىسى ئەنە شۇنداق بولۇپ، باشقىلارنى تاللاش

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 58 ـ ۋە 59 ـ بەتلەر.

ئىشى بولسا، ئۇنى قەتئىي خالىمايدۇ، ئەگەر ئۆزىمۇ ئۇ سايلام نامزاتلىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالسا، سايلامغا پۈتۈن جىنىنى ئاتىۋېتىدۇ.

كىم بىلىدۇ؟ بەزىلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بىرىنى تەيىنلەشنىڭ ئورنىغا بۇ مەسىلىنى كېڭەشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى بىر خاتالىق دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يارىلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى، ئۆزرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كىمنى تەيىنلەشكە قارار بېرەلمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يالغاندىن ئۇنى قوغداپ، خاتاسىنى يەڭگىللەتمەكچى بولۇۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ خەلىپە سايلىمىنى ئۆزىلا ھەل قىلىۋەتمەي ياكى بىرلا كىشىگە تاشلاپ قويماي، بەلكى كېڭەش ئەزالىرىغا تاپشۇرۇشى، ئۆزىگە قىلىنغان سۇيىقەستنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشى، ئېغىر يارىلانغانلىقىغا قارىماي خەلقنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە (ئاخىرقى نەپسىگىچە) ئىنچىكە ئويلانغاندىن كېيىن قارار بېرىشى ئۇنىڭ نەقەدەر توغرا پىكىرلىك، نەقەدەر ئەقىل ـ ئىدراك ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى نەقەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇ ئەسلىدە مەنىۋىي كېلەچەكىدىن قورققاچقا، ئۆز ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، ھەر دائىم بىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەپ قويۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ اللە نىڭ ھوزۇرىغا بېرىش ئالدىدا (ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ـ دېمەكچى) يەنە بىرمۇنچە باش قاتۇرغانلىقىغا قىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئەلىنى تەيىنلەپ قويماقچىمۇ بولۇپ: «ئەگەر ئۇلار شۇ پايىنەكۋاشنى تاللىسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ خەلقنى ئىشىنى يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىرى ئىدى» دېگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوغلى: «ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ قويۇشۇڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئوغلىغا: «ئوغلۇم! مەن نىمشېھىت ھالەتتە تۇرۇپ خەلقنى باشقۇرۇشنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدىن كېلىپ چىققان مەنىۋىي مەسئۇلىيەتلەردىن بىزار بولاتتى ۋە نېرى تۇرۇشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ: «مەن ئۆز شەخسىيىتىم ھەققىدە ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن. ئەمما سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلارنىڭ ئەنسىرەيمەن» دېگەنىدى. شۇنداقلا، مۇغىرە ئىبنى شەئبە ئۇنىڭغا ئوغلىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە، ئۇ: «اللە جېنىڭنى ئالسۇن! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، مۇنداق ئىش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىققىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۆزەم بۇ ۋەزىپىنى ياقتۇرمايدىغان تۇرسام، قانداقسىگە ئۆز ئائىلەمدىن بىرىنى بۇ مەنسەپكە قويااي؟! ئەگەر بۇ ئىشتا بىرەر پايدا بولسا، بىز ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن ئېرىشتۇق. ياق، ئەگەر بۇ ئىشتا بىرەر زىيان بولسا، ئۆمەر ئائىلىسىدىن بىرىنىڭ بۇ زىياننى تارتقىنى ۋە اللە نىڭ ھوزۇرىدا



www.munber.org

ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھېسابىنى بېرىشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ھەم بۇ ئىشقا كۆپ كۈچەپ كەتكەنلىكتىن ئۆز ئائىلەمگە كۆڭۈل بۆلەلمىدىم. ئۇلارنى ھەركىمنىڭ پايدىلىنىش ھەققى بولغان نېئمەتلەردىن مەھرۇم قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، (مۇكاپات ئۈياقتا تۇرسۇن) بۇ ئىشنىڭ ھېسابىدىن جازاسىز قۇتۇلالىسام، مەن شۇنىڭغا رازى» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتكەندۇق.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر سەئىد ئىبنى زەيدنى (گەرچە ئۇ كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن بىرى بولسىمۇ) تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئارىسىغا قاتمىدى.

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ مەسىلىنى كېڭەش ئەزالىرىغا تاپشۇرۇش ئارقىلىق قىيامەت كۈنى بۇ ئىشنىڭ مەنىۋىي جاۋابكارلىقىغا قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. تاغىسىنىڭ ئوغلى كېڭەش مەجلىسىنىڭ دائىمى ئەزاسى بولسىمۇ، ئۇنى بۇ ئىشتىن نېرى تۇتتى ۋە ئۆز ئورنىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمىدى. ئۇ يېقىن كېلەچەكتە ئەمەۋىي ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە بولغاندەك ئوغۇللارنىڭ دادىلىرى تەرىپىدىن ۋارىس بولۇپ تەيىنلەنمەسلىكى، رەھبەرلىك شەكلىنىڭ ھاكىممۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى ۋە دادىنىڭ بالىغا مىراسى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بۇ قاراردا خاتالىق بار بولۇپ، بۇ قارار كېيىنچە قورقۇنچلۇق پاجىئەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆز ئورنىغا ھەزرىتى ئەلىنى تەيىنلەپ قويغۇسى بارلىقى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ: «ئەگەر ئۇلار شۇ پاينەكۋاشنى تاللىسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئىشىنى يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىرى ئىدى» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىش - ھەرىكەتلىرىدىنمۇ بۇنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەسىلەن، ئۇ ھەردائىم شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالسا، ئۆز ئورنىغا چوقۇم ھەزرىتى ئەلىنى نائىب قىلىپ سايلاپ قوياتتى. ئۇ كېڭەش ئەزالىرىغا ئەڭ ئاخىرقى تەلىماتىنى بەرگەن ۋاقتىدىمۇ، ئاۋۋال ھەزرىتى ئەلىگە بۇرۇلۇپ: «ئەي ئەلى! ئەگەر سەن خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ قالساڭ، ھەرگىز (ئۆز نەسەبىڭ بولغان) بەنى ھاشىم قەبىلىسىنى خەلقنىڭ بېشىغا بالا قىلمىغىن، الله دىن قورققىن!» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغانىدى.

شۇنىسى مۇھەققەقكى، بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى بەكمۇ ئېغىر بولغاچقا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ئىشنى ئالتە كىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە، بەزىدە ئۆزىنىڭ

ئورنىغا باشقا بىرىنى تەيىنلەپ قويۇشنى ئويلىشىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئىدارە شەكلى ئىسلامىي بولغاچقا ئەگەر خەلىپە ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى تەيىنلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، مۇشۇ چارە بىلەن ھەل قىلىپ قىلىشى مۇمكىن. خەلىپىنىڭ مۇنداق قىلىشى جىھاد ھېسابلىنىپ، بۇ ئىشى ئۈچۈن الله نىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن.

ھەزرىتى ئۆمەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار مەجۇسىي، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا ئوخشاش ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەنىدى. ھەتتا بۇ ۋەقەدە بەزى بەدەۋىي قەبىلىلەرنىڭ رەئىسلىرىنىڭ رولى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قان دەۋاسى ئۈچۈن ھۇرمۇزان، جۇفەينە ۋە قاتىل لۇئلۇئەنىڭ قىزى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. كەبۇل ئەخبار ئۇيەينە ئىبنى ئەل ھىسىن ۋە باشقىلارمۇ قارىلانغان بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈلگەنلەر پەقەت يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئۆمەر ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئەبۇ لۇئلۇئە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدا ھۇرمۇزان ۋە جۇفەينەمۇ بار ئىدى. تېز - تېز مېڭىپ كېتىشىۋاتاتتى. بىردىنلا مېنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. ئارىلىرىدىن بىرىنىڭ قوينىدىن بىر خەنجەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ خەنجەرنىڭ دەستىسى ئوتتۇرىدا بولۇپ، ئىككى بىسلىق ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەرگە ئۇرۇلغان خەنجەرنىڭ قانداق خەنجەر ئىكەنلىكى سۈرۈشتۈرۈلگەندە، خەنجەر ئابدۇرراھمان كۆرگەن خەنجەرنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۇبەيدۇللاھ ئابدۇرراھماننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال سىرتقا قاراپ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ بار ئىدى. ئۇ ھۇرمۇزان تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كېلىپ، ئۇنى سىرتقا چاقىردى. ھۇرمۇزان سىرتقا چىقتى. ئۇبەيدۇللاھ: «مېنىڭ بىر ئېتىم بار ئىدى، مەن بىلەن بىرىپ بىر كۆرۈپ باقامسەن؟» دەپ بىر باھانە تاپتى. ئۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇبەيدۇللاھ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، ھۇرمۇزاننىڭ كەينىگە ئۆتتى ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى چېپىپ تاشلىدى.

ئۇبەيدۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ھۇرمۇزان مېنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغانلىقىمنى ئاڭلاپ: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جۇفەينەنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنى سىرتقا چاقىردىم. ئۇ ھىرە خرىستىئانلىرىدىن بولۇپ، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ بالىسىنىڭ تەربىيىچىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇنىدىن باشقا، ئۇ مەدىنىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى ۋە



www.munber.org

باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا مەسئۇل ئىدى. مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرغىنىمدا، ئۇ دەرھال خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەت ھەرىكىتىنى قىلدى.»

ئۇبەيدۇللاھ بۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىرىپ ئەبۇ لۇئلۇئەنىڭ كىچىك بىر قىزىنىمۇ قەتلى قىلىۋەتتى. ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئىنتىقام ئوتى شۇ قەدەر لاۋۇلداپ كەتكەنىدىكى، ئۇ فەتىھ قىلىنغان يەرلەردىن مەدىنىگە كەلتۈرۈلگەن ياتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولغانىدى. ئەمما ساھابىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ، دەرھال ئۇنى توستى ۋە يېڭى خەلىپىنىڭ ئۇنى سوتقا تارتىشى ئۈچۈن زىندانغا سولاپ قويۇشتى.[①]

## ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ئىسلام جەمئىيىتى

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئۇزۇن سۈرمىگەننىڭ ئۈستىگە، دۆلەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سالىدىغان ناھايىتى زور ۋە خەتەرلىك ۋەقەلەرگە سەھنە بولغانىدى. بولۇپمۇ، مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. تەبىئى ھالدا بۇ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ساپ كىملىك ئىچىدە يېتىشىپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانىدى. بۇ نەتىجە پەقەت ئاخىرقى كۈنلەردە مۇرتەدلەر كۆزدىن يوقىتىلىپ، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتقان قالدۇقلىرى پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پارلاق كۆرۈنۈشى ئون يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئۆمەر دەۋرىدە ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنگەنىدى.

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي ۋە پارلاق مەنزىرىسى پەقەت ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ ئادىل ھۆكۈملىرى توغرا يولغا قويۇلغاندىلا ئاندىن شەكىللىنەلەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئىنسانلار ئارىسىدا نە ئۈستۈنلۈك نە سىنىپ پەرقى دېگەن نەرسە قالمايدۇ. ئىسلام نىزامى ھاكىم بولغان يەرلەردە تەشۋىق ـ تەرغىباتلار بىلەنلا چەكلىنىدىغان ياكى بەلگىلىك نىسبەتتە ئىپادە قىلىنغان، دەرىجە ۋە مەنسەپكە قاراپ پەرق قىلىدىغان باراۋەرلىك ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەنىدىكى، مۇتلەق باراۋەرلىك باردۇر. بىز ئىسلام جەمئىيىتىنى ھەر تەرەپتىن تولۇق تەھلىل قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئىشنى بەلگىلىك بىر قىسمىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا باشلايمىز. ئەمما، بۇ ھەرگىز ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەرقلىق سىنىپ ۋە

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 70 ـ، 82ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 238 ـ، 245 ـ بەتلەر.

تەبىقىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەت دەرىجىسى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى ئىسلامدا ھەممە ئادەم تەڭ ـ باراۋەر ھەققە ئىگە بولۇپ، شەرىئەت ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتى ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە، خەلىپە بىلەن ئاددىي پۇقرا ئارىسىدا، ھەتتا خەلىپە بىلەن غەيرى مۇسۇلمان ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەنە شۇنداق ئىدى.

بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنى (شەرىئەت ئالدىدا تەڭ ھوقۇققا ئىگە بولغاندىن سىرت) پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىرى جەھەتتىنلا تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

خەلىپە ـ خەلىپىمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئۇممەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان كىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى ـ خالاس. خەلق ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلسۇن، ھەقلىرىنى قوغدىسۇن، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرسۇن دەپ ھوقۇقنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇراتتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بىر خەلىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەچكە، ھەردائىم كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا ياشايتتى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق خەلقنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ھەر بىر مىنۇتىنى خەلقنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالماسلىقتىن ۋە بۇ سەۋەب بىلەن الله ئالدىدا جاۋاب بېرەلمەسلىكتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. بۇ قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئۇنىڭ زېھنىگە ئورناپ كەتكەچكە، توختىماي ئىزدىنەتتى، تىرىشاتتى. كېچىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى، كىيىم ـ كېچىكى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى. تەن سالامەتلىكى كۈنسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ خەلقنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ھاردۇرۇپ قويىدى. ئۇ يېڭى ـ يېڭى ئادالەت سىستېمىلىرىنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئۆزى تەيىنلىگەن ۋالىي، قوماندان ۋە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپىلەرگە بەكمۇ ئېغىر يۈك ئارتىپ قويغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم الله قورقۇنچى بىلەن ياشايدىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن توختىماي كۆز يېشى قىلىپ تۇرىدىغان بىر زات ئىدى. بىرەر ئايەت ئوقۇلغان ۋاقىتتا بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. بەزىدە شۇنداق تەسىرلىنەتتىكى، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلاتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. خەلق ئۇنى كېسەل دەپ ئويلاپ، يوقلاپ كېلىشەتتى. بۇ روھىي ھالەت ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، توختىماي كۆز يېشى قىلغاچقا، مەڭزىدە ئىككى قارا سىزىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازىنى بەزىدە جامائەتنىڭ ئارقا سەپلىرىدىكىلەرمۇ ئاڭلايتتى.

www.munber.org

ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۇلىغىغا مىنىپ ئالدىراش - تېنەش كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدىن:

- ئەي مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نەگە ماڭدىڭ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- دۆلەتكە تەۋە تۆگىلەردىن بىرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئىزدەپ ماڭدىم، - دېدى. مەن:

- ماڭا ئىشەنگەنكى، سەندىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بەكمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولدۇڭ، - دېدىم. ئۇ:

- ھەزرىتى مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللە غا قەسەم قىلىمەنكى، ھوكۈمرانلىقىمىز ئاستىدىكى ئەڭ يىراق يەر بولغان فىرات دەرياسىنىڭ بويىدا بىر ئۆچكە يۈتۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھېسابى ئۆمەردىن ئېلىنىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر فەتىھ ھەرىكەتلىرى داۋامىدا مەدىنىگە توشۇپ كېلىنگەن غەنىمەت ماللارنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان دەپ قارايتتى ۋە اللە نىڭ بۇ ماللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ) ئادىل ۋە دۇرۇسلۇقىنى سىنىماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇ بايلىقلار، بۇ ماللار نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ دەۋرىدە كەلمەي، مېنىڭ دەۋرىمدە كېلىشكە باشلىدى. اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ (اللە) بۇ بايلىقلارنى ئۆز ئەلچىسى ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئەۋەتمەسلىكى ئۇلارنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولمىغىنىدەك، ماڭا ئەۋەتىشىمۇ مېنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەستۇر.»

ھەزرىتى ئۆمەر ھەر دائىم ئۆز - ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىن پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ خەلققە خىتاب قىلىۋېتىپ:

«ئەي خالايىق! مەن بەنى مەھزۇن قەبىلىسىگە تەۋە ھاممىلىرىمنى پات - پات يوقلاپ، ئۇلارغا سوغۇق سۇ ئاپىرىپ بېرەتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ ئالقىنىمغا خورما ياكى قۇرۇق ئۈزۈم تۇتقۇزۇپ قوياتتى» دەپ قويۇپلا، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنبەردىن يېنىپ چۈشتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقمالمىغان ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

- ئەي مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن ئۇ گەپلىرىڭ ئارقىلىق بىزگە نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

- ئەي ئىبنى ئەۋف! مەن ئەسلىدە ئۇ گەپنى ئۆز نەپسىمگە دېگەنىدىم. چۈنكى ھامىمام ماڭا: «سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سەن. سەن بىلەن اللە نىڭ ئارىسىدا ھېچكىم يوق. ھازىر سەندىن ئۇلۇغ كىم بار؟!» دېگەندەك (نەپسىمنى يولدىن چىقىرىدىغان) سۆزلەرنى قىلغانىدى. شۇڭا مەنمۇ ئۆز نەپسىمنىڭ ھەددىدىن ئاشماسلىقى ئۈچۈن ئۇ سۆزلەرنى قىلدىم، - دېدى.

بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇپ، ئۆز نەپسىنى ھېسابقا تارتىپ بېقىش — ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئادىتى ئىدى. ئەگەر ئۇ ئىش دۇرۇست كۆرۈنسە، دەرھال تۇتۇش قىلاتتى. ئەكسىچە بولۇپ قالسا، ئۆز نەپسىنى سوتلايتتى، ھەتتا كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، يىغلاشقا باشلايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئالدىنقى سەپلەرنىڭ بىرىگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن ئەل ئەھنەف ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا تۇرسام، بىرى ئالدىراش - تېنەش يېتىپ كېلىپ:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن پالانچىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بىلەن بىللە بېرىپ، مېنى قوغدىغىن!.... دەپ شىكايەت قىلدى. ئۇ ئادەم بەكمۇ غەۋغا چىقىرىپ كەتكەچكە، ھەزرىتى ئۆمەر ئاچچىقلاپ، قولىدىكى چىۋىقنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئۆزەڭلارنىڭ ئاددىي مەسىلەڭلار ئۈچۈن كېلىپ: ”مېنى قوغدا، مېنى قوغدا!“ دەپ ۋارقىراپ بېشىڭلارغا كىيىۋالىدىكەنسىلەر.... دېدى. ئۇ ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەي تۇرۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ئادەمگە ئازار بەرگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈندى ۋە:

— دەرھال ئۇ ئادەمنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرىدى. ئۇ ئادەم ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، قولىدىكى چىۋىقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

- مەن سېنى ئۇرغاندەك، سەنمۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆچۈڭنى ئالغىن! - دېدى. ئۇ ئادەم چۆچۈگەن ھالدا:

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن ھەققىمنى اللە قا ۋە ساڭا ھاۋالە قىلىمەن، - دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

- بۇ سۆزۈڭ خاتا بولدى. ھەققىڭنى يا اللە نىڭ ساڭا مۇكاپات ئېھسان قىلىشى ئۈچۈن ھالال قىلساڭ ياكى مېنىڭ يۈز - خاتىرەم ئۈچۈن بېغىشلىساڭ بولىدۇ. ھەم

www.munber.org

شۇنداق قىلساڭ، مېنىڭمۇ بۇندىن خەۋىرىم بولىدۇ، - دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم:

- الله نىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش ئۈچۈن ھەققىمنى ھالال قىلدىم، - دېدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ ئۆزۈ - ئۆزىگە: «ئەي بەنى خەتتاب! سەن ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىدىڭ، الله سېنىڭ مەرتىۋەڭنى ئۈستۈن قىلدى. سەن زالالەت ئىچىدىكى ئازغۇن بىرى ئىدىڭ، الله ساڭا توغرا يولنى كۆرسەتتى. سېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭ بەكمۇ تۆۋەن ئىدى، الله ساڭا شان - شەرەپ، نام - ئاتاق ئاتا قىلدى. مانا ئەمدى بىر ئادەم سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلسە، سەن ئۇنىڭغا تاياق تەڭلەۋاتىسەن. ئەتە - ئۆگۈن رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟» دەپ ئۆز نەپسىنى شۇنداق تەنقىدلىدىكى، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئالىجاناپ، پەزىلەتلىك بىرىنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشەنچىمىز قالمىغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ناھايىتى ئاددىي نەرسىلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا تىرىشاتتى. بىر ۋاق تامىقىغا بىرلا خىل تائامدىن باشقا نەرسە يېمەيتتى. دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززىتى، دەبدەبىسى ۋە ھەشەمەتىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى.

ئۇ ھەر قېتىم: ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتقانلىقىڭلار ۋە الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇسىلا دىر - دىر تىترەپ كېتەتتى.

شۇڭا ئۇ ئەڭ يوقسۇل كىشىلەر ئاران تېپىپ يېيەلەيدىغان نەرسىلەرنى يەيتتى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرگە يولۇقۇپ قالدىم، مېنىڭ قولۇمدا ئازراق گۆش بار ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر مەندىن:

- قولۇڭدىكى نېمە؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- گۆش يېگۈم كەلگەنتى، ئازراق سېتىۋالدىم، - دېدىم. ئۇ:

- ھەر قېتىم مۇشۇنداق يېگۈم كەلدى دەپلا بىرىپ سېتىۋالامسەن؟ سەن الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار﴾ دېگەن ئايىتىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ - دەپ مېنى تەنبىھلىدى.

[1] سۈرە ئەھقاف، 20 ـ ئايەت.

بىر قېتىم ھەزرىتى ئۆمەر قىزى ھەفسە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى) نى يوقلاپ ئۆيىگە كەلدى. قىزى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاچا شورپا نان قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق ياغ قۇيۇپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال:

ــ قىزىم نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بىر قاچىدا ئىككى خىل تائام يېسەك قانداق بولىدۇ؟ قەسەم قىلىمەنكى، الله نىڭ دەرگاھىغا بارغىچە مۇنداق تائامنى ھەرگىز يېمەيمەن! ـ دەپ تاماقنى رەت قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر فەتىھ قىلىنغان شام شەھىرىنى زىيارەت قىلىپ باردى. ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت تەييارلانغان بولۇپ، زىياپەتتىكى تائاملارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھەزرىتى ئۆمەر كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئەتراپىغا يىغىلغان قوماندانلاردىن:

ـ بىز بۇ تائاملارنى يەپ ئولتۇرساق، قورسىقىغا يېگۈدەك ئارپا نېنىنىمۇ تاپالماي، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان يوقسۇل مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. داڭلىق قوماندان خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇنىڭغا:

ــ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى جەننەت بولسۇن! ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما بۇ جاۋاب ھەزرىتى ئۆمەرگە ياقمىغانىدى، ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە كۆز يېشىنى تۆكۈشكە باشلىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن:

ــ ئەگەر بىزنىڭ نېسىۋىمىز بۇ لەززەتلىك ۋە ھەر تۈرلۈك تائام، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى جەننەت بولىدىغان بولسا، بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بەكمۇ چوڭ پەرق بار دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكمۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە ئەڭ ئەرزان باھالىق كىيىملەر ئىدى. كىيىم ـ كېچەك ياكى ئايىقى ھەردائىم ياماقلىق ئىدى. قىممەت باھالىق، سۈپەتلىك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى قەتئىي كىيمەيتتى. يەنى ئۇنىڭ ھاياتى بەكمۇ قىيىن ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە مۇشكۇلاتچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۈمگە ھەزرىتى ئائىشەنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزگەندە، ئۇممۇ گۈلسۈم:

ـ ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق، ـ دەپ تەلىۋىنى رەت قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۆز سىڭلىسىغا:

ــ سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ ئايالى بولۇشنى خالىماسەن؟ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇممۇ گۈلسۈم:

www.munber.org

- ئەلۋەتتە خالىمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالىلارغا بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.[1]

ئۇندىن باشقا، ئۇتبە ئىبنى رابىئەنىڭ قىزى ئۇممۇ ئەببانمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆيلىنىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ: «ئۇ ئىشىكىنى ھەمىشە سىرتىدىن تاقاپ قويىدۇ. دۇنيا ھاياتىغا ئازراقمۇ بېرىلمەيدۇ. قاچانلا قارىسا، تولۇق قاپاق يۈرىدۇ» دەپ ۋايىسغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەقىقەتەن قوپال مۇئامىلە قىلاتتى. خەلقنى بىرەر ئىشتىن چەكلىمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆيىگە كىلىپ، ھەممەيلەننى بىر يەرگە يىغاتتى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى:

«ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! مەن خەلقنى ماۋۇ - ماۋۇ ئىشلاردىن چەكلىدىم. سىلەرمۇ ئېنىق بىلىسىلەر، خۇددى قۇزغۇننىڭ كۆزى تاپتا بولغىنىدەك، خەلقنىڭ كۆزى ھەمىشە سىلەردە. ئەگەر سىلەر چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ قويساڭلار، خەلق سىلەرنى دوراپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئاراڭلاردا كىم مېنىڭ ئالدىمغا جىنايەتچى سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنىدىغان بولسا، ئائىلەم ياكى تۇغقىنىم دېمەي، باشقىلارغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئارتۇق جازالايمەن. گېپىمنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق بولسا، خالىغان جىنايەت ئۆتكۈزسۇن، خالىغانلار ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلسۇن!»

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىنى دۆلەت ئىشىغا ھەرگىز يېقىنلاشتۇرمايتتى، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشقا مەسئۇل بولۇشىغا قەتئىي قارشى چىقاتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىشىنىمۇ چەكلىگەنىدى. چۈنكى خەلق ئۇنىڭدىن: "ئۆز يېقىنلىرىغا ماددى قولايلىقلار يارىتىپ بەردى" دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ، كېچىچە ناماز ئوقۇيتتى، يېرىم كېچە بولغاندا، بالا - چاقىلىرىنى نامازغا ئويغىتىپ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يادىغا سالاتتى.

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 6 ـ بەت. «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 229 ـ ۋە 230 ـ بەتلەر.
[2] سۈرە تاھا، 132 ـ ئايەت.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز ئەمرىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بالىلىرىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغانلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بالىلىرىنىمۇ ئېغىر جازالايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مىسىرنىڭ ۋالىسى بولغان، داڭلىق قوماندان ۋە دۆلەت مۆتىۋىرى ئەمر ئىبنى ئاس ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەسلەپ مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كېيىن، الله تىن ھەزرىتى ئۆمەردەك قورقىدىغان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ دادا، بالا دېمەي، كىم جىنايەت ئىشلىگەن بولسا، قەتئىي كەچۈرۈم قىلماي، تېگىشلىك جازاسىنى بېرەتتى.

قەسەم قىلىمەنكى، بىر كۈنى مەن (مىسىردىكى) ئۆيدە ئولتۇراتتىم. خىزمەتچى كېلىپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇرراھمان بىلەن ئەبۇ سەرۋئە ئىسىملىك بىرىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت قىلدىم. قارىسام، ھەر ئىككىسى خاپىغان كۆرۈنەتتى. ئۇلار ماڭا:

ـ بىزگە الله نىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن جازا بەرگىن! تۈنۈگۈن كەچتە بۇ ئىككىمىز شاراب ئىچىپ، مەست بولدۇق، ـ دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

مەن ئاۋۋال ئۇلارغا قاتتىق تىل ـ ئاھانەت بىلەن ئازار بەردىم، ئاندىن:

ـ كۆزۈمدىن يوقۇلۇش! ـ دەپ قوغلىدىم. ئەمما ئابدۇرراھمان ماڭا:

ـ ئەگەر بىزگە جازا بەرمىسەڭ، مەدىنىگە قايتقاندا سېنىڭ ئۈستۈڭدىن دادامغا ئەرز قىلىمەن! ـ دېمەسمۇ؟! قارىسام، ئابدۇرراھماننىڭ پوزىتسىيىسى قەتئىي ئىدى. ئەگەر ھەزرىتى ئۆمەر مېنىڭ ئۇلارنى جازالىمىغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، مېنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، قىرىقتىن دەررە ئۇرغۇزدۇم. دەررىدىن كېيىن، ئابدۇرراھمان بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، چاچ ـ ساقىلىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ بىر ئادەت بولۇپ، جازاغا تارتىلغان كىشىنىڭ چاچ ـ ساقىلى چۈشۈرۈلەتتى.

الله قا قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ھەزرىتى ئۆمەرگە ھېچقانداق مەلۇمات يوللىمىغانىدىم. بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتىن ئۇنىڭ قانچىلىك ئاچچىقلانغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. خېتىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

www.munber.org

## الله نىڭ بەندىسى ئۆمەردىن ئىسيانكارنىڭ بالىسى ئىسيانكارغا:

ئەي ئەمىر ئىبنى ئاس! مېنىڭ ئەمىرلىرىمگە قارشى چىققانلىقىڭغا ۋە قىلغان يولسىزلىقىڭغا بەكمۇ ھەيران قالدىم. سېنى ۋەزىپەڭدىن ئېلىپ تاشلاشتىن باشقا چارەم يوق. ئابدۇررەھماننىڭ جازاسىنى ئۆيۈڭنىڭ تۆت تېمى ئىچىدە بېرىپ، چاچ - ساقىلىنىمۇ ئۆيدە چۈشۈردۈڭ (ئۇنى سىرتقا چىقىرىپ سازايى قىلمىدىڭ) شۇنداقمۇ؟ بۇ ئىشىڭنىڭ مېنىڭ ئەمرلىرىمگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئابدۇررەھمان سېنىڭ ئەمرىڭدە ياشايدىغان ئاددىي پۇقرادىن باشقا نەرسە ئەمەس. باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلماي، ئۆزەڭچە: «بۇ خەلىپىنىڭ ئوغلى» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلدىڭمۇ؟ الله نىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنۇش جەھەتتە مەن ئۇچۇن ھەممە ئادەم ئوخشاش. خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەرھال ئابدۇررەھماننى بىر يەكتەككە يۆگەپ، مالنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ماڭغا ئەۋەتكىن! ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ جازاسى ئۈچۈن مۇشۇ يەرگىچە شۇ پېتى كەلسۇن!

ئەمىر ئىبنى ئاس خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئابدۇررەھماننى مەدىنىگە يوللىدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇللاھ ئارقىلىق بىر پارچە مەكتۇب يوللاپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. خېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «...ئەڭ ئۇلۇغ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن، جىنايەت ئۆتكۈزگەن پۇقرانىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۆيۈمنىڭ ھويلىسىدا جازالايمەن...»

ئابدۇررەھمان مەدىنىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەكتەككە يۆگەلگەن پېتى دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىلدى. ئۇلىغى تۈگىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قەدەم ماڭغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى. ھەزرىتى ئۇنى كۆرۈپلا ناھايىتى قوپاللىق بىلەن:

ــ ئابدۇررەھمان! ئاخىرى قىلغۇلۇقۇڭنى قىلدىڭ - ھە؟- دېدى. بۇ ياش يىگىتنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرگەن ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئارىغا كىرىپ:

- ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوغلۇڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىپ بوپتۇ، - دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلى ئابدۇررەھمان: - مەن كېسەل بولۇپ قالدىم. مېنى يەنە نېمە قىلماقچىسەن؟ سەن مېنىڭ قاتىلىم سەن! ــ دەپ ۋارقىرايتتى. ئەپسۇس! ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى ۋە ئۇنىڭغا (ئىككىنچى قېتىم) جازا بېرىپ، زىندانغا تاشلىدى. ئابدۇررەھماننىڭ كېسىلى زىنداندا ئېغىرلىشىپ، كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولدى.

ئەمدى ھەزرىتى ئۆمەر تەيىنلىگەن ۋالىي، ھاكىملارغا كەلسەك، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا، ئىبادەت ۋە دىنىي ئىشلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ، ئىشەنچلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر ئادەملەرنى تەيىنلەيتتى. چۈنكى ئىبادەت ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ پايدىسى ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاستۇر. ئەگەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى پەزىلەتلىك، لېكىن باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ زىيىنى ئۇممەتكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشى ئەڭ مۇھىمى كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدە بىر نۇقسان بولسا، زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ، ئەمما ئۇممەت ئۇنىڭ كۈچى ۋە قابىلىيىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ۋالىيلىققا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ساھابىلىرىنى تەيىنلەيتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىكلىرىنى تاللايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئەگەر مەن بىر كىشىنى بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىنمۇ قابىلىيەتلىك بىرىنى ئۇچراتسام، ئىچىم سىقىلىپ، بەكمۇ بىئارام بولۇپ كېتىمەن».

دەرۋەقە، ھەزرىتى ئۆمەر مۇغىرە ئىبنى شەئبە، ئەمر ئىبنى ئاس، مۇئاۋىيە قاتارلىق زاتلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ۋە سەئد ئىبنى زەييد قاتارلىق (بۇ دۇنيادىكى چېغىدىلا جەننەتنىڭ خۇش بېشارىتى بېرىلگەن) ئەڭ مۇنەۋۋەر ساھابىلەر تېخى ھايات ئىدى. ئەمما ئالدىنقىلىرى كېيىنكىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنىدى. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم ئۆزى تەيىنلىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگەللەپ، ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭمۇ ھەزرىتى ئۆمەردىن تەپ تارتىپ، ئۇنى ھۆرمەتلىشى لازىم ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ مۇنەۋۋەر ساھابىلەرنى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ باش ئاغرىقىغا ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايتتى. ھەتتا ئۇ بەنى ھاشىم قەبىلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ۋەزىپە بەرمىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان يېقىنلىق ۋە ئارىلىرىدىكى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنداق قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، نامىنى بۇلغىشىنىمۇ خالىمايتتى.) ئۇنىڭ ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا: «بىلىشىمچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەردائىم باشقىلىرىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، سىلەرنى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرمايتتى» دېگىنى راست ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر كىشىنى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ مىلىغا يولسىزلىق قىلماسلىقىنى ۋە ھېچكىمنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقىنى، ئەمەل ۋە ھوقۇقىنى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ كوزىرىغا

www.munber.org

ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى. ۋالىلىقتا تەيىنلىگەن كىشىلەرگىمۇ مۇشۇ مەنىدە بىر ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتىپ، ئەنسار ۋە مۇھاجىر ساھابىلەردىن بىر نەچچىنى بۇ ئىشقا گۇۋاھچى قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش خېتىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق بولاتتى: «مەن سىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ۋە جېنىغا زامىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىمام بولۇش، ھەق ۋە ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇش ئۈچۈن خەلىپە قىلىپ تەيىنلىدىم.»

ھەزرىتى ئۆمەر ۋەزىپە بېشىدىكى كىشىلەرنى ھەمىشە كونترول قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىغىچە تەكشۈرۈپ تۇراتتى ۋە پات - پات ئۇلاردىن ھېساب ئالاتتى. ئۇنىدىن باشقا، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە بارلىق ۋالىلارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىراتتى ۋە خەلقتىن ۋالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان - قىلمىغانلىقىنى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى توغرا ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سوراپ، سۈرۈشتە قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋالىلىرى ھەققىدىكى ئەرز - شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ۋالىلارنى تەپتىش قىلىدىغان مۇپەتتىشلارنىڭ باشلىقى بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر ۋالىلاردىن بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت تاپشۇرۇلغان ھامان بۇ زاتنى ئەھۋال ئىگەللەشكە ئەۋەتەتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم ئۇنى ئىراق ۋالىسى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ھەققىدە مەلۇمات ئىگەللەش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى تەيىنلىگەن قوماندان ۋە ۋالىلاردىن مۇغىرە ئىبنى شەئبە، ئەمر ئىبنى ئاس، قۇدامە ئىبنى مەزئۇن، سەئد ئىبنى ئامىر، ئەييار ئىبنى غەنەم ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرز - شىكايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتقىنى مىسىر ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىتە شىكايەت ئىدى.

ئەنەس بۇ ۋەقەنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

«بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. مىسىردىن كەلگەن بىر كىشى ھەزرىتى ئۆمەردىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن:

- ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ يەر پەقەت سەندىن مەدەت تىلەيدىغانلار كېلىپ، مۇراجىئەت قىلىدىغان يەردۇر. - دەپ ۋايساشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر دىققىتىنى ئۇنىڭغا بۇراپ: - نېمە ئىش يۈز بەردى؟ قېنى ئېيتقىن! - دېدى. ئۇ ئادەم: — بىزنىڭ ۋالىي ئەمر ئىبنى ئاس ئات بەيگىسى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەنمۇ بەيگىگە قاتناشتىم ۋە بىرىنچى بولدۇم. تاماشىبىن خەلقمۇ بۇنى كۆرۈپ تۇردى. ئەمما، ۋالىينىڭ ئوغلى (ئۇمۇ بەيگىگە قاتناشقانىدى) مۇھەممەد ئىبنى ئەمر كېلىپ:

ــ ياق! كەئبىنىڭ رەبىگە قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئىتتىم بىرىنچى بولدى،ـ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئۇنى تونىدىم ۋە مەنمۇ:

ــ كەئبىنىڭ رەبىگە قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئىتتىم بىرىنچى بولدى، ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد غەزەپلىنىپ، مېنى قامچىلاشقا باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

ــ ئاڭلاپ قوي! مەن ئېسىلزادە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئوغلىمەن، ـ دەپ ۋارقىرايتتى. بۇ ۋەقە كېيىنچە ۋالىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ساڭا ئەرز قىلىشىمدىن قورقۇپ، مېنى زىندانغا پالىدى. ئەمما مەن بىر ئامال قىلىپ قاچتىم. مانا ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن، ـ دېدى.

بۇ مىسىرلىق (قىبتى) سۆزىنى تۈگەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭغا پەقەت:

ــ ئولتۇرغىن! ـ دېگەندىن كېيىن، مىسىر ۋالىسىغا: «بۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەرھال ئوغلۇڭ مۇھەممەد بىلەن بىللە يېنىمغا كەلگىن!» دەپ مەكتۇپ يوللىدى. ئاندىن مىسىرلىققا قاراپ: ــ ئەمىر كەلگىچە سەن باشقا يەرگە كەتمەي تۇرغىن! ـ دەپ جېكىلىدى.

مىسىر ۋالىسى ئەمىر ئىبنى ئاس مەكتۇبنى كۆرۈپ بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئوغلىنى چاقىرىپ:

ــ ئوغلۇم بىرەر ئىش قىلىپ قويدۇڭمۇ؟ بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

ــ ياق دادا! نېمە بولدى؟ ـ دەپتۇ. ئەمىر:

ــ ئۇنداقتا، خەلىپە سېنى نېمىشقا چاقىرغاندۇ؟ ـ دەپ ئەنسىرەپتۇ ۋە قورقۇشقا باشلاپتۇ.

ئەمىر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جىددىي تەلىماتىغا بىنائەن ئوغلى مۇھەممەدنى ئېلىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. قەسەم قىلىمەنكى يەنە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. ھەردائىم شۇنداق رەتلىك كېيىنىپ يۈرىدىغان ئەمىر ئىبنى ئاس بەكمۇ ئاۋارە كىيىملەر بىلەن كىرىپ كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بويىنىنى سوزۇپ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە قارىدى. ئاندىن ئەتراپىدىكىلەردىن:

ــ ھېلىقى مىسىرلىق نەدە؟ ـ دەپ سورىدى. مىسىرلىق ئوتتۇرىغا چىقىپ:

ــ مانا مەن، ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر قولىدىكى تاياقنى ئۇنىڭ قولىغا ئۇزىتىپ: ــ ئال، سېنى ئۇرغان شۇ ئېسىلزادىنى ئۇرغىن! ــ دەپ ئەمىر قىلدى. مىسىرلىق

www.munber.org

تاياقنى ئېلىپ مۇھەممەدنى دادىسىنىڭ كۆزى ئالدىدا بولۇشىغا ئۇردى. (راستىنى ئېيتسام) ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ھەممەيلەن ئۇنىڭ تاياق يېيىشىنى خوپ كۆرەتتۇق. ئەمما مىسىرلىق ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىپ كەتتى ۋە ئىچىمىزدە ئەمدى توختاپ قالغان بولسىچۇ دەپ كەتتۇق. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر پات ـ پات:

ـ ئۇر! شۇ ئېسىلزادىنى ئوبدانراق ئۇر! ـ دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، مىسىرلىققا:

ــ ئەمدى ئەمىرنىڭ شۇ تاز بېشىغا ئۇر! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، ئوغلى دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ئىشەنمىسە، سېنى ھەرگىز ئۇرمايتتى، ـ دېدى.

مىسىرلىق ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئۇرۇشتىن توختاپ:

ــ ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن ئۆچۈمنى ئالدىم، پۇخارىمدىنمۇ چىقتىم. مېنى ئۇرغاننى مەنمۇ ئۇرۇۋالدىم، مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن يېتەرلىك، ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۆزەڭ رازى بولغىدەك ئۇرىۋالغىچە بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا كىرمەيمىز. ئەي ئەمر! ماڭا قۇلاق سال! ئانىلىرىدىن ھۆر تۇغۇلغان شۇ ئىنسانلارنى سىلەر قاچاندىن ئېتىبارەن ئۆزەڭلارنىڭ قۇلى قىلىۋالدىڭلار؟!! ـ دېدى.

ئەمر ئىبنى ئەل ئاس نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھولۇقۇپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت ئۆزرە ئېيتتى ۋە:

ــ ماڭا ئىشەنگىن! مېنىڭ بۇ ئىشتىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق ئىدى،ـ دەپ خەلىپىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇشقا تىرىشتى. ھەزرىتى ئۆمەر مىسىرلىققا بۇرۇلۇپ:
ـ بۇندىن كېيىن، يەنە بىرەر ئىش چىقسا، دەرھال مېنى خەۋەرلەندۇرگىن! ـ دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم خەلق ئارىسىدا ياشايدىغان، ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە قۇلاق سالىدىغان ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ ھەل قىلىدىغان زات ئىدى. يولدىشى جىھادقا چىقىپ كەتكەن ئاياللارنى پات ـ پات يوقلاپ، بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بار ـ يوقلۇقىنى سورايتتى، بەزىدە بۇ ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى ياكى خىزمەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا بازارغا بېرىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. ئالدىنقى سەپتىن پوچتالىيون كەلگەن ھامان خەت ـ چەكلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ساۋادى بولمىغان ئائىلىلەرگە خەتنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ساۋاتلىق كىشىلەرنى ئەۋەتەتتى ياكى (ئۇلار خالىسا) ئۆزى بېرىپ ئوقۇپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇلارغا پوچتىكەشنىڭ قاچان يولغا چىقىدىغانلىقىنى، ئەگەر يولداشلىرىغا

خەت ئەۋەتمەكچى بولسا، پوچتىكەشكە قايسى كۈنى تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر توپ كىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ قالسا، ئۆزى باشقىلاردىن كېيىن يولغا چىقاتتى ۋە ھايالدىغان يەردە قېلىپ قالغان نەرسىلەر بولسا، ئېلىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. يولدا ئۇلىغى يارىلانغان ياكى باشقا ھەرقانداق قىيىنچىلىقى كۆرۈلگەن سەپەرداشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم قىلىشقا تىرىشاتتى.

كېچىلىرى مەدىنىنى ئايلىنىپ، پۈتۈن شەھەرنى چارلاپ چىقىش ــ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دائىملىق ئىشى ئىدى. مەدىنىگە چۈشكەن كارۋانلارنىڭ بېشىدا قاراۋۇللۇق قىلاتتى، موھتاج كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، دەرتلىرىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشاتتى. ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالسا، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئايالىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خىزمەتچىسى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ:

بىر كېچىسى ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھاررا دېگەن يەرگە كېتىۋاتاتتۇق. سەررار دېگەن يەرگە كەلگەندە، سەل نېرىدا كۆزىمىز بىر ئوتقا چۈشتى. ھەزرىتى ئۆمەر ماڭا:
ـ ئەي ئەسلەم! ئاۋۇ يەردە ھايالدىغان بىر كارۋان بار ئوخشايدۇ. قاراڭغۇ ۋە سوغۇقتا يولنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقى ئېنىق. تېزراق بېرىپ قاراپ باقايلى، بىرەر ئېھتىياجى بارمىكىن ھەقچان؟ ـ دېدى. بىز تېز ـ تېز مېڭىپ ئوت يېقىلغان يەرگە يېقىنلىشىپ كەلدۇق. قارىساق، بىر ئايالنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئۇششاق بالا يىغلىشىپ ئولتۇراتتى. ئوتنىڭ ئۈستىدە بىر قازان قايناۋاتاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر يىراقتىن سالام بېرىپ:

ـ يېنىڭلارغا بارسام بولامدۇ؟ ـ دەپ ئىجازەت سورىدى. ئۇ ئايال:

ـ بىر پايداڭ تەگسە كەل، بولمىسا، بىزنى ئاۋارە قىلما! ــ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر مېنى جايىمدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ـ سىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ بىرەر ئېھتىياجى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ئايال:
ـ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، قاراڭغۇ ۋە سوغۇقتا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق، ـ دەپلا قويدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ بۇ باللار نېمىگە يىغلاۋاتىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. ئايال:

ـ نېمىشقا بولاتتى؟ ئاچلىقتىن شۇ... ئۆمەر:

ـ قازاندا نېمە بار؟ ـ دېدى. ئايال:

www.munber.org

ـ سۈدىن باشقا نەرسە يوق. باللار ئۇخلاپ قالغىچە مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى ئالداپ تۇرمىسام بولمايدۇ. الله بىزنىڭ ھەققىمىزنى ئۆمەردىن سورىسۇن! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ الله كۆڭلۈڭلارغا يارىشا بەرسۇن! ئۆمەر سىلەرنىڭ بۇ ھالدا ئىكەنلىكىڭلارنى نەدىن بىلسۇن؟ ـ دەپ سورىدى. ئايال:

ـ بىشىمىزغا خەلىپە بولۇشنى بىلىدۇ. ئەمما دەرتلىرىمىزگە كەلگەندە بىزدىن خەۋىرى يوق، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىمغا كەلدى. ئىككىمىز ناھايىتى ئالدىراش قايتىپ، خەزىنە ئامبىرىغا باردۇق. ھەزرىتى ئۆمەر بىر خالتا ئۇن بىلەن بىر كۈپ ياغنى ئايرىپ ئېلىپ:

ـ ئۆشنەمگە ئارتىپ قويغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى خەلىپە! مەن كۆتۈرەي،ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ ئاناڭ ئۆلسۇن! قىيامەت كۈنى مېنىڭ گۇناھلىرىمنى سەن كۆتۈرەمسەن؟ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇن بىلەن ياغنى ئۇنىڭ ئۆشنىسىگە ئارتتىم. تېز ـ تېز مېڭىپ، ئايالنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق. ھەزرىتى ئۆمەر خالتىدىن ئازراق ئۇننى ئېلىپ ئۇ ئايالغا:

ـ سەن ئۇننى قولۇمغا تۆك، مەن ئارىلاشتۇراي،ـ دەپ بىر تەرەپتىن بولماقنى ئارىلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتنى پۈۋلەيتتى. ئوتنىڭ تۈتۈنى ئۇنىڭ ساقاللىرىنىڭ ئارىسىغىچە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. نىھايەت، بولماق پىشتى. ھەزرىتى ئۆمەر قازاننى يەرگە قويۇپ:

ـ قاچا بولسا بەرگىن! ـ دېدى. قازاندىكى بولماقنى قاچىغا قۇيۇپ:

ـ بۇنى باللارغا يېگۈزگىن، مەن قالغىنىنى سوۋۇتقاچ تۇراي، خاتىرجەم يېۋالسۇن! ـ دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر باللارنىڭ تائام يېيىشىگە قاراپ تۇردى. ئۇلار يەپ تويغاندىن كېيىن، بىز قايتماقچى بولۇپ ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. ئۇ ئايال بۇ ئىشقا شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ:

ـ الله سەندىن رازى بولسۇن! سەن بىزگە خەلىپىدىنمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ـ دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ئايالغا:

ـ شۇنداقتىمۇ، خەلىپىگە ياخشىلىق تىلىگىن! ئەگەر خەلىپىنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ بارساڭ، مېنى شۇ يەردىن تاپالايسەن، ـ دەپ (ئۈستى

يىپىق سۆز بىلەن) ئۆزىنىڭ يەنە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن بىر چەتكە بېرىپ، ئۇلارغا قاراپ تۇردى. مەن:

ـ قىلغۇدەك باشقا ئىش بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، ئەمما ئۇ لام ـ جىم دېمەي ئۇلارغا قاراپ تۇرىۋەردى. ھەزرىتى ئۆمەر باللار بىر ـ بىرلەپ ئۇخلاپ كەتكەندە ئاندىن خاتىرجەم بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ الله قا ھەمدۇ سانا ئوقۇغاچ يېنىمغا كېلىپ:

ــ ئەي ئەسلەم! بۇ باللار ئاچلىقنىڭ دەردىگە چىدىماي يىغلاۋاتاتتى، ھەم ئۇيقۇلىرىمۇ قاچقانىدى. شۇڭا ئۇلار شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىچە، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلۇم ئۇنىمىدى.ـ دەپ ئۆزىنىڭمۇ خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى[①].

ھەزرىتى ئۆمەر خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋلىنى ئىگەللەش، ۋاقتىنى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، تەڭ خۇشال بولۇپ، ئازابلىرىغا ئورتاق بولۇش، ئەگەر بىرەر داۋا ئىشى بولسا، دەرھال ئۇنى ھەل قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئادالەتنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەردائىم بازار ـ رەستىلەرنى ئايلىنىپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتەتتى. ۋاقىت تاپسىلا قۇرئان ئوقۇيتتى. نامازدىن كېيىن خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان قاراۋۇل تۇرمايتتى.

ئۇندىن باشقا، ئۇ ئىسلام قوشۇنىنىڭ غايىۋى قوماندانى ۋە قوراللىق قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئىدى. قوراللىق قوشۇننىڭ بېشىغا ئايرىم قوماندان تەيىنلەيتتى، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىگە ئاساسەن پىداكار كىشىلەرنى قوماندانلىققا تاللايتتى. مەسىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر بىر قېتىم خەلقنى جىھادقا چاقىرغاندا، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەس سەقافى تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قوشۇن قوماندانلىقىغا تاللىغانىدى.

بەزىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ، ئۇنى قوشۇندىكى ئەڭ ئاددى نۆكەرلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قوياتتى ۋە ئەينى ۋاقىتتا، ئەڭ ئاددى، ئەمما جاسارەتلىك ۋە باتۇر بىر نۆكەرنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەيتتى. بۇ ئارقىلىق، قوماندانىنىڭ ئۆز ئەمەل ـ مەنسىپىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا، ئۇنىڭدىن يامان نىيەتتە پايدىلىنىشىغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ۋاستە قىلىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. مەسىلەن، بىر كۈنلەردە، كەينى ـ كەينىدىن قۇچۇلغان زەپەرلەرنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ باش قوماندانلىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك تارقىلىشقا

---

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 63 ـ ۋە 64 ـ ئايەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 226 ـ بەت.



www.munber.org

باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىنسانغا زەپەرنى مۇيەسسەر قىلغۇچىنىڭ پەقەت اللە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىگە قادىر اللە تىن باشقىسىغا ئۈمىد باغلىماسلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ زەپەر اللە تەرەپتىن كېلىدۇ، اللە نىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بولماي تۇرۇپ زەپەر قۇچۇش مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، قوشۇن ۋە خەلق ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر بۇ زەپەرلەرنى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوماندانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلاپ، تۇيۇق ھېسلارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

خەلىپە ئۆمەر ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلار بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا تەلىمات ۋە ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغاچقا، خۇددى ئۆزى شۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندەك ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەردائىم قوماندانلارنى اللە نىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە قەتئىي بويسۇنۇشى ۋە اللە قا چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىشى توغرىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. جەڭدە باتۇرلارچە ئېلىشىشى ۋە قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارنى جاسارەتلەندۈرۈپ، روھلىرىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى ۋە ھەر بىر توقۇنۇشتىن كېيىن ئۆزىگە تەپسىلىي مەلۇمات يوللىشىنى تەلەپ قىلاتتى. خەۋەرلەر سەل كېچىكىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزى مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، كېلىپ - كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئىشەنچلىك ۋە مۇۋاپىق دەپ قارالغان كىشىلەر ئارقىلىق مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشاتتى ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى كۈچەيتەتتى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلگەن ھامان شەخسەن ئۆزى بىر بۆلەك ئەسكەرگە قوماندان بولۇپ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىناتتى. بۇنداق چاغلاردا (باشقا مۇھىم مەسىلىلەرگە ئوخشاش) ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئالاتتى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئۆز پىكرىدىن يېنىپ، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى مەدىنىدە بولسىمۇ، ئالدىنقى سەپنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇپ تۇرغانلىقى ھەقىقەتتۇر. ئۇ شاتۇرلار ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە توختىماي تەلىمات بېرەتتى، قوماندانلارغا ۋەزىپىگە قوياتتى، تۇرشاۋۇل، ئوڭ - سول قانات ۋە ئارقا سەپ قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرىنى بەلگىلەيتتى، فەتىھ قىلىنغان يەرلەرگە ۋالى، فەتىھ قىلىنماقچى بولغان يەرلەرگە قوماندان تەيىنلەيتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسىدىن تۆلەم تۆلەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «بىر مۇسۇلماننى كاپىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەن ئۈچۈن پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىنمۇ مۇھىمدۇر.»

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى غەيرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئادىل ۋە غايىۋى رەھبەر ئىدى. ئۇ گەرچە غەيرى مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمانلاردىن

پەرقلىق كېيىنىش ۋە مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە بەزى شەكلىي قانۇنلارنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتتە ھەممەيلەنگە تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى.

بىر غەيرى مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇنى دەرھال جىزيەدىن ئازاد قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ قەرزلىرى پۈتۈن مال - بارلىقىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇنىڭدىن نە ئۆشرە، نە جىزيە ئېلىنمايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ۋالىلارغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىنى، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇماسلىقىنى تاپىلىغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۈنى قېرى ۋە ئەما بىر تىلەمچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بېرىپ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـ سەن ئەھلى كىتابلاردىن قايسى جامائەتكە تەۋە؟ـ دەپ سورىدى. تىلەمچى:

ـ مەن يەھۇدىي،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ نېمە سەۋەب بىلەن تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدۇڭ؟ـ دەپ سورىدى. تىلەمچى:

ـ دۆلەتنىڭ مەندىن ئالىدىغان جىزيەسىنى تۆلەش ۋە شەخسىي ئېھتىياجىمنى قامداش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىپ قالدىم، باشقا ئىش قىلالمايمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىچى ئېچىشتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئاۋۋال ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ پارچە - پۇرات بىر نەرسىلەردىن ئازراق بەردى. ئاندىن ئۇدۇل خەزىنە مەسئۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەلىمات بەردى: «بۇنىڭغا ۋە مۇشۇنداق كىشىلەرگە ياردەم قىلغىن! قەسەم قىلىمەنكى، بۇ كىشىگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلماپتۇق، قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنە مۇشۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپتۇق.»

ساھابىلەر ــ بۇ دەۋردە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ساھابىلەر ئىگەللەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرى مەدىنىدە ياشايتتى. خەلىپە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بىر مەقسەت (قوراللىق ئۇرۇش بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ) مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئىسلام، ھەق، ئادالەت يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ كۈرەشلىرىنى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ قارايتتى. شۇنداقلا، ئۇلارنى باشقىلارمۇ قىلالايدىغان ئاددىي ئىشلار ياكى باشقا خىزمەتلەر ئۈچۈن مەشغۇل قىلىپ، ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى خالىمايتتى. جىددىي مەسىلىلەرنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، مەسلىھەتلىشەتتى، ئۆزى ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ قىممەتلىك



www.munber.org

پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ ھەردائىم ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىقلاردىن سوئال سورايتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى. شۇنداقلا، پۈتۈن خەلقنىڭ بۇ پەزىلەتلىك شەخسلەرنى ئۈزلىرىگە ئۈلگە قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ساھابىلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى، يول كۆرسىتەتتى، مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھەل قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققىتىنى ۋە ھېرىپ ـ چارچىغىنىنى كۆرۈپ: «اللّٰه ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! سەندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغانلارغىمۇ اللّٰه ياردەم قىلسۇن! سەن شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىسەن، ئەمما سەندىن كېيىنكىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ھەم ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى تەقدىرلەيتتى ۋە ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى ھەم ئۇنىڭ جاپا تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئېچىشاتتى.

تەۋھىد، گۈزەل ئەخلاق، دۇرۇستلۇق، ئادالەت قاتارلىقلارنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئۆگىتىلىشى يولىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن، ھەق ۋە ھەقىقەت يولىدا جان ۋە ماللىرىنى ئاتىۋەتكەن بۇ مۆتىۋەر ساھابىلەر ھەمىشە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولاتتى. شۇڭا خەلق ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى قىلاتتى، ئۇلارمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش خەلققە مېھرىبانلىق قىلاتتى، شەپقەت كۆرسىتەتتى. ئۇلارنى تەربىيىلەتتى، ئىلىم ـ ئىرپان تارقىتاتتى، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆگىتىش ۋە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتەتتى.

ساھابىلەرگە بېرىلىدىغان ھۆرمەت ـ ئېتىبار دەرىجىسى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە قاراپ ئايرىلاتتى. شۇڭا خەلق سۇھەيب ۋە سەلمان فارىسىنى (جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان) ئەبۇ سۇفيان، سۇھەيل ئىبنى ئامىر ۋە ئەل ھارىس ئىبنى ھىشام قاتارلىق (مەككىلىك قىلىچ مۇسۇلمانى) لارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈن كۆرەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى سۇھەيل ئىبنى ئامىر بىلەن ھارىس ئىبنى ھىشام مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ئالدىدا سۇھەيب بىلەن سەلمان فارىسىمۇ تۇراتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. بۇ ئىش ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ دوستى سۇھەيلگە:

ـ بۇ ئادەم بىزگە نېمە ئۈچۈن مۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ـ دەپ تاپا ـ تەنە قىلدى. سۇھەيل:

ــ بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە قىلدۇق. بۇ ئادەملەر ئىسلامغا دەۋەت قىلىندى، بىزمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما بۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، بىز كەينىمىزگە داجىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى،ـ دېدى.

ئەتىسى، ئەبۇ سۇفيان ۋە ھارىس ئىبنى ھىشام ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ــ باشتىن بېرى ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئوساللىق قىلغانلىقىمىزنى بىلىمىز. ئىسلامنى ئەڭ ئاخىرىدا قوبۇل قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ھازىرقى مەۋقەمىزمۇ ئېنىق بېكىتىلىپ بولدى. مانا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمىز. ئەجەبا، ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز ئۈچۈن قانداق قىلساق بولار؟ ـ دەپ سوراشتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئۈندىدى. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە كېتىپ، تەكرار قايتىپ كەلمىدى. چۈنكى ئۇلار شېھىت بولغانىدى.

مەسئۇلىيەت ۋە ئادالەت جەھەتتىن بۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزاسى تەڭ ـ باراۋەر بولۇپ، بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇق جەھەتتە كېيىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. ئەسلىدە بارلىق ساھابىلەر بىر ـ بىرىگە قان ـ قېرىنداشتەك يېقىن بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەزىزلەيتتى.

مۇسۇلمانلار ــ پۈتۈن جەمئىيەت بىر پۈتۈن ئۇيۇلتاشتەك بولۇپ، ئۇرۇش زامانلىرىدا ئۆيدە قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ جىھادقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇلار خەلىپىنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. بىر ـ بىرىگە كۈچلۈك ئىمان بېغى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقى، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بارلىق ئائىلە بىر ـ بىرىگە تايانچ كۈچ بولۇش روھى ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلار ئەرلەرنىڭ ئالدىنقى سەپتە ۋە دۆلەت چېگرالىرىدا الله نىڭ سۆزىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا، مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. باللار، ئانىلار، ياشانغانلار، ئاياللار بولسا، ئالدىنقى سەپتىن كېلىدىغان خەۋەرلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە خەلىپە ۋە رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قوغدىلاتتى، ئۇلارنىڭ ياردەم، خىزمەت ۋە شاپائىتىگە نائىل بولاتتى. ئۇلارمۇ بۇ ئىشلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆز ئارىلىرىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشىش ۋە مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يۈرەكلىرىدىكى كۈچلۈك ئىمانى تۈرتكە بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان

www.munber.org

بىر جەمئىيەتنى مۇنداق دەپ تەرىپلەيتتى: «مۇئمىنلەر بىرمۇنچىلىغان ئىچكى ئورگاندىن تەركىپ تاپقان بىر بەدەنگە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ئورگانلاردىن بىرى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاغرىسا، باشقا ئورگانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاغرىغاندەك، مۇئمىنلەرمۇ بىر ـ بىرى ئۈچۈن شۇنداق ھېسسىياتتا بولىدۇ.»

جەمئىيەتتە ئومۇمىي خەلقتە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن، زەپەر خەۋەرلىرى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆيۈندۈرۈپ، ھەممەيلەننى تەڭ خۇشال قىلاتتى. ھىجرىنىڭ 18 ـ يىلى يۈز بەرگەن قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى بارلىق مۇسۇلمانلار تەڭ تارتىشقا تىرىشتى. بىرى يېسە، يەنە بىرى نېرىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ قالمىدى. كىمدە نېمە بولسا، ھەممىسى تەڭ بۆلۈشتى. ئاندىن يىراق مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئاشلىق ئاۋۋال قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يۇرتلارغا، ئاندىن مۇسۇلمانلىق ھاياتىنىڭ ئۆزۈن ـ قىسقىلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇسۇلمان ـ غەيرى مۇسۇلماننىمۇ ئايرىمىغان ئاساستا، كىم ئەڭ ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنىڭدىن باشلاپ تارقىتىپ بېرىلدى.

زىممىلەر (غەيرى مۇسۇلمانلار) ــ بۇلارنىڭ بىر قىسمى يەھۇدىي ۋە ناسارالار (خرىستىئانلار) دىن تەركىپ تاپقان ئەھلى كىتابلار، يەنە بىر قىسمى مەجۇسىيلار (ئاتەش پەرەسلەر) بولۇپ، بۇلار فەتىھ داۋامىدا تەسلىم بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھىلەشكەن ۋە تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان، دۈشمەنلەرنى ساقلىمايدىغان (ئۇلارنىڭ نامىدا سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارمايدىغان)، ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئالاقىلەشمەيدىغان، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پۇقرالار ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلغان ۋە سەممىمىي پوزىتسىيىدە بولغان مۇددەت ئىچىدە، كۆڭلىرى خۇشال ـ خۇرام ئۆتەتتى ۋە ئىسلامنىڭ ئادالەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالايتتى، مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆي ـ جايلىرىدىن خاتىرجەم، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ھۆر ياشايتتى. ھېچكىم ئۇلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلالمايتتى. ئەگەر بىرەر زۇلۇمغا ئۇچرىسا، دەرھال شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ھەقلىرى ئېلىپ بېرىلەتتى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زۇلۇم قىلغان كىشى چوقۇم تېگىشلىك جازاغا تارتىلاتتى. پۈتۈن جەمئىيەت ئەزاسى ھەق ۋە ھوقۇقتا تەڭ ــ باراۋەر بولۇپ، ھېچكىم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا ۋاقىتلاردا، غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيتتى ۋە بەزى ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى. ئۇلارنىڭ دۆلەتكە تۆلەيدىغان جىزيەنىڭ مىقدارى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتكە تۆلەيدىغان زاكاتنىڭ مىقداردىن ئاز ئىدى. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمەيتتى، شەھەر ئىچىدە خاتىرجەم ياشاۋېرەتتى. ئۇلار ئۆز

مەسىلىلىرىنى ئۆز ئېتىقادلىرىنىڭ قانۇنى بويىچە ھەل قىلسىمۇ ياكى (خالىسا) ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھەل قىلسىمۇ بولاتتى.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ يېرىم ئارالدا ئىككى دىن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ» دېگەن سۆزىگە بىنائەن، مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بۇ پۇقرالار يەنىلا ھۆر ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشىدى.

ھەر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بۇ ئادالەتلىك مەزگىللەردە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئوخشاش خۇشال ـ خۇرام، ئەخلاقىي پەزىلەتكە تولغان شەرەپلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. بارلىق جەمئىيەت ئەزاسى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغانىدى، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە تەڭ ـ باراۋەرلىك، ھۆرلۈك، مېھرى ـ شەپقەت ۋە مەرھەمەت ھۆكۈم سۈرەتتى.

www.munber.org

# ھەزرىتى ئوسمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

## ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھاياتى

ھەزرىتى ئوسمان دادا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يىراق تۇغقان كېلىدۇ ۋە نەسەبتە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سانىغاندا تۆتىنچى نەسىلدە (يەنى تۆتىنچى ئەجدادى ئابدۇمەنناپتا) ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇ ئابدۇمەنناپ ئىبنى ئابدۇششەمس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئەبۇل ئاس ئىبنى ئەففۆاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى تەرەپتىنمۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقان كېلىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئانىسى ئەرۋە ــ قۇرەيزنىڭ قىزى بولۇپ، ئەرۋەنىڭ ئانىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى بەيزا ئىدى.

ھەزرىتى ئوسمان ھىجرەتتىن 47 يىل بۇرۇن تائىپتە تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ دادىسى ئەففۆان باي سودىگەر ئىدى. ئۇ تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، شامدا ۋاپات بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ئوغلى ئوسمانغا ناھايىتى كۆپ بايلىق مىراس قالدى. ئوسمانمۇ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈردى. تىجارىتى يۈرۈشۈپ، تاپقان پايدىسىنى ھەردائىم خەلققە تارقىتىپ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇناتتى. شۇڭا خەلق ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىنىڭ خوجايىنى بولغاندىن سىرت، قۇرەيشلەرنىڭمۇ كاتتا زاتلىرىدىن بىرى ئىدى.

مانا بۇلار، ئۇنىڭ جاھىلىيەت ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (بىزگە قالدۇرۇلغان) مەلۇماتلار ئىدى. ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھاياتى باشقا ساھابىلەرنىڭ ئۇ دەۋرىدىكى ھاياتىدىن ئاساسەن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى ھاياتىي كەچۈرمىشلىرى تەپسىلىي قەيت قىلىنغان بولۇپ، بىزگىچە تولۇق تەپسىلاتى بىلەن يەتكۈزۈلگەن. چۈنكى ئىسلام ئۇلارنى ھاياتقا يېڭىباشتىن تەييارلىغان، تەربىيىلىگەن ۋە يېتىشتۈرگەنىدى. شۇڭا تارىخ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتى پائالىيەتلىرىنى ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن ئەڭ پارلاق سەھىپىلەرگە يېزىپ قالدۇرغانىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتتا ھەزرىتى ئوسمان 34 ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ كۆپ ئۆتمەي ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئالدىنقىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. تارىختا قەيت قىلىنىشىچە، ئۇ

ئالدىنقى ئون مۇسۇلماننىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغلارغا، مۇسۇلمانلار كىچىلىرى ئەل ئەركام ئىبنى ئەبۇل ئەركامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېڭى باشلىغانىدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانى مۇنداق ئىدى:

ھەزرىتى ئوسمان تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن شېرىك تىجارەت قىلىپ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. سەپەردە مۆگدەپ قالدى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ الله تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىنىپ، مەككىگە ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدە بىر نىدا ئاڭلىدى.

ئىبنى ھاجەر ئۆزىنىڭ «ئەل ئىسابە» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھاممىسى سۇئدە بىنتى قۇرەيز جاھىلىيەت دەۋرىدە كاھىن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ئوسمانغا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھەزرىتى ئوسمان:

ــ ھاممامنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەر دائىم قايمۇقتۇرۇپ قوياتتى، ـ دەيدۇ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇبەكرى بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ پاراڭلىشاتتىم. بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇ يالغۇز ئىدى. مېنى بىرئاز خىيالچان كۆرگەن بولسا كېرەك، نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇبەكرى ھەقىقەتەن ئېغىر ـ بېسىق، توغرا سۆز ۋە ئالدىن كۆرەر بىرى ئىدى. مەن ھاممامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم. ئۇ:

ـ ئەي ئوسمان! سەن ئەقلى ـ ھوشۇڭ جايىدا، توغرا ـ خاتانى پەرق قىلالايدىغان ئادەمسەن. مىللىتىمىز چوقۇنىۋاتقان شۇ بۇتلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئۇلار گاس ـ گاچا تاش پارچىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ؟ـ دېدى. مەنمۇ ئۇنى تەستىقلاپ:

ـ ئېيتقانلىرىڭ راست شۇنداق، ـ دېدىم. ئەبۇبەكرى:

ـ ھاممالڭ ئەسلىدە توغرا گەپ قىپتۇ. شۇ الله نىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنى بىلىسەنغۇ؟ الله ئۇنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ ئۆز ھۆكمىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. خالىساڭ، سېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرەي،ـ دەپ تەكلىپ قىلدى. مەن:

ـ ياق! بولدى، ـ دەپ تۇراتتىم، دەل شۇ چاغدا ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن ھەزرىتى ئەلى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەبۇبەكرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:



www.munber.org

— ئەي ئوسمان! كەل، الله نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ جەننەتكە كىرگىن. شۇنىسى ھەقىقەتكى، مەن ساڭا، شۇنداقلا بارلىق ئىنسانلارغا ئەلچى ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن،- دېدى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم.[1]

ھەزرىتى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى قۇرەيشلەرگە بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. قۇرەيش ئىچىدە ساراسىمە مەيدانغا كەلدى ۋە داۋالغۇش پەيدا بولدى. چۈنكى ھەزرىتى ئوسمان قۇرەيشلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ تاغىسى ئەل ھاكەم ئىبنى ئەبۇل ئاس ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرماقچى بولۇپ، كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەزرىتى ئوسمانغا قاتتىق بېسىم قىلىپ، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. ئەمما بۇ ئەشەددىي زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىلەر ھېچقانداق ئىشقا يارىمىدى، ئوسماننىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئىسلامغا بولغان ساداقىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. تاغىسى ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز يولىغا داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بوشىشىپ قالدى. ئەمما بۇ قېتىم ئانىسى ئەرۋە بىنتى قۇرەيز ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىمۇ نۆلگە تەڭ بولدى. ئۇ يەنىلا ئۆز يولىدىن قەتئىي قايتمىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆزگە خاس ئىككى ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. بىرىنچىسى، ئۇ بەكمۇ ئۇياتچان بولۇپ، ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاش ئېڭى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، خەلق ئۇنىڭ ئالدىدا ھايا قىلاتتى، ئەيمىنەتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتى ۋە: «مالائىكىلەرمۇ ھايا قىلىپ، ئەيمىنىدىغان بىر كىشىدىن مەن قانداق ئەيمەنمەي تۇرالايمەن؟!» دەيتتى.

تارىخچى ئىبنى ئەساكىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئوسمان ھەققىدە: «ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ كىشىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك!» دېگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، قولى ئوچۇق، سېخىيلىقى ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىدا سېخىيلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىرى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيەگە ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلدى. رۇقىيە ئۇنىڭدىن ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا تۇغدى، ئەمما ئۇ ئالتە يېشىدا ۋاپات بولدى.

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 326 ـ ۋە 327 ـ بەتلەر.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن چاغلاردا، ھەزرىتى ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن (ئايالى رۇقىيەنى ئېلىپ) ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار سېپىغا قېتىلدى. ھەبەشىستاندا قىسقا ۋاقىت تۇرۇپلا مەككىگە قايتىپ كەلدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر مۇسۇلمانلار كارۋىنىغا قېتىلىپ، ھەبەشىستانغا ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلدى.

ئەقەبە يىغىلىشىدىن كېيىن، زۇلۇم ئاستىدىكى مەككىلىك مۇسۇلمانلار ئاستا ـ ئاستا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئوسمان ئايالى رۇقىيەنى ئېلىپ، ھەبەشىستاندىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ جەرياندا بەدرى غازىتى بولۇپ ئۆتتى، ئەمما ھەزرىتى ئوسمان بۇ غازاتقا قاتنىشالمىدى. چۈنكى، ئايالى رۇقىيە ئېغىر كېسەل ئىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن مەدىنىدە قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇرۇشقا قېتىلغانلار قاتارىدا غەنىمەتتىن بىر ئۈلۈش بەردى. كۆپ ئۆتمەي رۇقىيە ۋاپات بولدى (بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار تېخى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى). بۇ ئىش ھەزرىتى ئوسماننى بەكمۇ قايغۇلاندۇردى.

ھەزرىتى ئوسمان جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەبۇ ئامىر تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغانىدى. رۇقىيە ئابدۇللاھنى تۇغقاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئەبۇ ئابدۇللاھ دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. رۇقىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇممۇ گۈلسۈمگە ئۆيلەندى. ئەمما ئۇنىڭدىن بالىسى بولمىدى ۋە ئۇممۇ ھەدىسىگە ئوخشاش (ھەزرىتى ئوسمان ھايات چاغدا) ۋاپات بولدى.

تۆۋەندىكىلەر ھەزرىتى ئوسمان كېيىنچە ئۆيلەنگەن ئاياللاردۇر:

فاتىھە بىنتى غەزۋان: بۇ ئايالدىن ئابدۇللاھ ئەل ئەسقەر(توغرىسى ئەسغەر ـ ت) تۇغۇلدى. بۇ بالا كىچىك چېغىدىلا چاچراپ كەتتى. ئۇممۇ ئامىر بىنتى جۇندۇب: بۇ ئايالدىن ئامىر، خالىد، ئەببان ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار تۇغۇلدى. فاتىمە بىنتى ۋەلىد ئەل مەھزۇمىييە: بۇ ئايالدىن سەئىد، ۋەلىد ۋە ئۇممۇ سەئىد قاتارلىقلار تۇغۇلدى. ئۇممۇ بەنىن بىنتى ئۇيەينە ئىبنى ھىسن: بۇ ئايالدىن ئابۇلمەلىك تۇغۇلدى، ئەمما چاچراپ كەتتى. راملە بىنتى شەيبە ئىبنى رابىئە: بۇ ئايالدىن ئائىشە، ئۇممۇ ئەببان ۋە ئۇممۇ ئامىر ئىسىملىك ئۈچ قىز تۇغۇلدى. بۇ ئايالدىن ئوغلى يوق ئىدى.

نائىلە بىنتى ئەل فەراسىفە: بۇ ئايالدىن مەريەم تۇغۇلدى.

دېمەككى، ھەزرىتى ئوسمان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي سەككىز ئايالغا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇ شېھىت قىلىنغان ۋاقىتتا، نىكاھىدا ئۇممۇ بەنىن، فاتىھە ۋە نائىلە قاتارلىق ئۈچى بار ئىدى.[1]

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 351 ـ ۋە 352 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ھەزرىتى ئوسماننىڭ جەمئىي توققۇز ئوغلى بولغانىدى. ئۇلاردىن ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئەل ئەسقەر ۋە ئابدۇلمەلىك قاتارلىق ئۈچى كىچىك چېغىدىلا چاچراپ كەتتى. قالغان ئامىر، خالىد، ئەببان، ئۆمەر، ۋەلىد ۋە سەئىد قاتارلىق ئالتىسى ياشىدى. ئۇندىن باشقا مەريەم، ئۇممۇ سەئىد، ئائىشە، ئۇممۇ ئەببان، ئۇممۇ ئامىر ۋە كىچىك مەريەم قاتارلىق ئالتە قىزى بار ئىدى.

ھەزرىتى ئوسمان چوڭ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇ ۋەقەلەرگە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشتىراك قىلغانىدى.

ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنى زىيارەت قىلغاچ ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ساھابە بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما مەككىگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇش قىلغىلى كەلدى، شەھەرگە بېسىپ كىرمەكچى دەپ ئويلىغانىدى.

قۇرەيش چوڭلىرىدىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھەرگە كىرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، قالغانلىرى جاھىللىق بىلەن قەتئىي رەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بىرىنى مەككىگە ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، قۇرەيشلەرنى قايىل قىلماقچى بولدى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى چاقىرىپ ئۆز نىيىتىنى ئۇنىڭغا بىلدۈردى. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ ماڭا بىر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئائىلەم بەنى ئادىيدىن مېنى مەككىدە قوغدىغۇدەك بىرەر كىشىمۇ يوق. قۇرەيشلەر مېنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارشى چىققانلىقىمنى ۋە ئۇلارغا قانداق قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا مەن سىلەرگە بۇ ئىشقا مەندىنمۇ مۇۋاپىقراق بىرىنى كۆرسىتىپ قوياي. ئۇ، ئوسمان ئىبنى ئەففاندۇر» دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئوسماننى مەككە لىدىرى ئەبۇسۇفيان ۋە باشقا مۆتىۋەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بويىچە قۇرەيش چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. ئەمما ئۇلار ھەزرىتى ئوسمانغا:

- سەن كەئبىنى تاۋاپ قىلساڭ مەيلى، ساڭا بىر نەرسە دېمەيمىز. ئەمما سەندىن باشقىسىغا ھەرگىز يول قويمايمىز، - دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان:

ـــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، كەئبىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاۋاپ قىلمايمەن،- دېدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش تەلىپىگە قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈپ تۇرىۋالدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ قۇرەيش چوڭلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەشكە ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن خەۋپسىرەشكە باشلىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ بەك تىت - تىت بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئۆچىنى ئالماي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتىشكە بولمايدۇ!» دېيەلمەي تۇرالمىدى ۋە ساھابىلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىيەت قارشىسىدا تەمتىرەپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان قوراللىق توقۇنۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن بەيئەت ئالدى. «رىدۋان (رىزۋان - ت) بەيئىتى» دەپ ئاتالغان بۇ مەشھۇر بەيئەت ھەزرىتى ئوسمان ئۈچۈن ئېلىنغانىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھايات - ماماتى مەسىلىسى ئۈچۈن ئېلىنغان بۇ ۋەقەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەيئىتىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى بىر - بىرىگە تۇتۇشتۇردى (بۇ ئارقىلىق ھەزرىتى ئوسماننىڭ بەيئىتىنىمۇ ئالغانلىقىنى بىلدۈردى). ۋەزىيەت بەكمۇ جىددىي تۈسكە كىرگەنىدى.[1]

ئىمام بۇخارى «سەھىھۇلبۇخارى» دا ھەزرىتى ئوسمان ۋاپات بولۇپ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن بىر دىئالوگنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

مىسىر خەلقىدىن بىرى ھەجگە كەلگەنىدى. ئۇ چەتتە ئولتۇرغان بىر توپ كىشىنى كۆردى. كىشىلەردىن:

ـ بۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ـ ئۇلار قۇرەيشلەر،- دەپ جاۋاب بەردى. مىسىرلىق:

ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ ياشانغان كىشى كىم بولىدۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ـــ ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ،- دېدى. مىسىرلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 2 ـ جىلد، 188 ـ ۋە 189 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ـ ئەي ئىبنى ئۆمەر! سەندىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن. ماڭا ئېنىق جاۋاب بەرگىن! سەن ئوھۇد كۈنى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

ـ ھەئە، بىلىمەن،ـ دېدى. مىسىرلىق يەنە:

ـ بەدرى كۈنى ئۇرۇشقا چىقمىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھمۇ:

ـ ھەئە، بۇنىمۇ بىلىمەن، ـ دېدى. مىسىرلىق ئۈچىنچى قېتىم:

ـ ئۇنىداقتا، رىدۋان بەيئىتىدە ئۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەمسەن؟ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

ـ شۇنداق، ئۇنىمۇ بىلىمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مىسىرلىق ھەزرىتى ئوسماننى زاڭلىق قىلغاندەك ھېجىيىپ تۇرۇپ:

ـ ئەلھەمدۇلىللاھ! ـ دېدى. ئۇنىڭ غەرىزىنى ئۇققان ئابدۇللاھ ھەزرىتى ئوسمان ھەققىدىكى شۇبھىلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا:

ـ مەن ساڭا بۇ ئىشلارنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي! ئۇھۇد كۈنىدىكى ئىشنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن ساڭا شاھادەت ئېيتىپ بېرىمەنكى، الله ئۇنىڭ بۇ ئىشنى كەچۈردى ۋە مەغپىرەت قىلدى.

بەدرى غازىتىغا قاتناشماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇرۇش كۈنلىرى رۇقىيە ئېغىر كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى. ھەزرىتى ئوسمان رۇقىيەگە قاراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن شەھەردە قېلىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ساۋابىڭ غازاتقا قاتناشقانلار بىلەن ئوخشاش، ھەم غەنىمەتلەردە سېنىڭمۇ بىر ئۇلۇشۇڭ بار» دەپ ئۇنىڭغا رازىلىق بەرگەنىدى.

ئەمدى رىزۋان بەيئىتىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ ئەزىز (ھۆرمەتلىك) بىرى بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنى ئەۋەتكەن بولاتتى. ئەمما باشقا بىرى بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئوسماننى ئەۋەتتى. بۇ بەيئەت ئىشى ئوسمان مەككىگە كەتكەندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. بەيئەتنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ ئوسماننىڭ قولىدۇر» دەپ سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە: «بۇ ئوسماننىڭ بەيئىتىدۇر» دېگەنىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مىسىرلىققا قاراپ:

ــ ئەمدى سەن بېرىپ بۇ ئىشلارنى خالىغان ئادىمىڭگە ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېدى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقماقچى بولدى، ئەمما خەلق يوقسۇل بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلاردىن 30 كىشىنى تولۇق قورالاندۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى ئىئانە توپلاشقا قايتا ـ قايتا چاقىرىق قىلدى. ھەزرىتى ئوسمان پۈتۈن قوشۇننى ئۆزى يالغۇز شۇنداق قورالاندۇردىكى، قوشۇندا بىر يوگەن ياكى ئېغىزدۇرۇق چاغلىق بىر نەرسىمۇ كەم قالمىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا تەبۇك غازىتىغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام قوشۇنىغا 950 تۆگە ۋە 50 ئات ئىئانە قىلغانلىقى، ئۇنىدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا مىڭ دىنار قويغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ تەڭداشسىز سېخىيلىقى ۋە پىداكارلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغانىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئوسماندىن رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە، ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىنىڭ باش كاتىبى دەپ قارىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بولسا، خەلىپىدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدىغان ئىككىنچى چوڭ ھۆكۈمدار ئىدى.[2]

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنىدى. خەلق توپلىنىپ خەلىپىگە مۇراجىئەت قىلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! يامغۇر ياغمىدى، تۇپراقتىن بىر نەرسە ئۈنۈپ چىقمىدى، خەلق ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇۋاتىدۇ. سەن قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسەن؟ ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى:

ـ بىرئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار! ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرگە بىر يول كۆرسىتىدۇ، ـ دەپ بىر تەرەپتىن ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي چارە ئىزدەشكە چۈشكەنىدى. ئۇ كۈنى كەچكە يېقىن ھەزرىتى ئوسمانغا ئائىت بىر تىجارەت كارۋىنىنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە مەدىنىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەلق خۇشاللىقىدىن كارۋان يولىغا چىقىپ، تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى.

كارۋان مىڭ تۆگىلىك بولۇپ، ئۈستىدىكى يۈك بۇغداي، زەيتۇن يېغى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش ـ يېمىش) ئىدى. تۆگىلەر ھەزرىتى ئوسمانغا تەۋە بىر يەرگە

---

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 334 ـ ۋە 335 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 327 ـ ۋە 328 ـ بەتلەر.



www.munber.org

چۆكتۈرۈلۈپ، يۈكلىرى چۈشۈرۈلۈپ بولغىچە، سودىگەرلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ بېشىغا ئولىشىپ بولغانىدى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇلاردىن:

ـ ھە، نېمە دېمەكچىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. سودىگەرلەر:

ـ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى سەن ئوبدان بىلىسەن. مېلىڭنى تېزراق سېتىپ بەرسەڭ، بىز يولىمىزغا كېتىۋالغان بولساق. قارا! خەلق ئاچلىقتىن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ھەممىسى بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇلاردىن:

ـ ھە ماقۇل، ئۇنداق بولسا، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ماڭا قانچىلىك نەپ بېرىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ كۆرە بېشىغا ئىككى دەرھەمدىن بېرىمىز، ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان:

ـ ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرمەكچى بولغانلار بار، ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

ـ ئۇنداق بولسا، تۆت دەرھەمدىن بېرەيلى، ـ دەپ باھا تالىشىشقا چۈشۈپ كېتىشتى. ھەزرىتى ئوسمان يەنە:

ـ ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرمەكچى، ـ دېدى. سودىگەرلەر:

ـ ھە بوپتۇ، بەش دەرھەمدىن بەرسەكقۇ يېتەر؟! ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان:

ـ ياق، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرمەكچى بولدى، ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇ گەپكە ھەيران بولغان سودىگەرلەر:

ـ ئەي ئەبۇ ئامىر! مەدىنىدە بىزدىن باشقا سودىگەر بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن بۇرۇن باشقىلار كەلمىگەن تۇرسا، ساڭا شۇنچىۋالا كۆپ نەپ بەرمەكچى بولغان كىمدۇ؟ ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان:

ـ الله تائالا ھەر دەرھەم ئۈچۈن ماڭا ئون ھەسسە ئارتۇق بېرىشنى ۋەدە قىلدى.[1] سىلەرمۇ شۇنچىلىك نەپ بېرەلەمسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ياق، بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمىز، ـ دېيىشتى.

دۇنيادا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى ئوسمان ئۆز كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر قارار بەرگەنىدى. ئۇ بۇ قارارىنى ئېلان قىلىپ، مەككە سودىگەرلىرىگە مۇنداق دېدى:

[1] ھەزرىتى ئوسمان بۇ سۆزى ئارقىلىق الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى كۆزدە تۇتقانىدى: ﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ...﴾ سۈرە ئەنئام، 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ـ ت.

- ماڭا قاراڭلار! اللە گۇۋاھچىمدۇر، مەن بۇ كارۋان يۈكىنىڭ ھەممىسىنى (پەقەت اللە رازىلىقى ئۈچۈن) پەرىشان ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غېرىپ - غۇرۋالىرىغا سەدىقە ئورنىدا تارقىتىپ بېرىشكە نىيەت قىلدىم.

ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارنامىنى يازغانىدى.

ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆكۈمدار ئىدى. خەلق ھەزرىتى ئۆمەردىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ھەزرىتى ئوسمان بىلەن كۆرۈشەتتى. خەلقنىڭ نوپۇسقا ئېلىنىشى ۋە ھىجرىيە تارىخىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدىن باشلىنىشى قاتارلىق پىكىرلەرنى تۇنجى بولۇپ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوپال مىجەزى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇلايىملىقىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولغىنىدەك، ھەزرىتى ئوسماننىڭ يۇۋاش مىجەزىمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوپاللىقى بىلەن بىرلىشىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايتتى. شۇڭا بۇ ئىككى دەۋردىكى دۆلەت رەھبەرلىكىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى. چۈنكى قوپال مۇئامىلىنىڭ يېنىدا ئۇنى تەڭشەپ تۇرىدىغان يۇۋاشلىق، غەزەپ - نەپرەتنىڭ يېنىدا ئۇنى بېسىپ تۇرىدىغان مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت بار ئىدى.

## ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىكى

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جىنازا نامىزى سۇھەيب تەرىپىدىن چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، مىقداد ئىبنى ئامىر شۇرا (كېڭەش) ئەزالىرىنى دەرھال ئەل مۇنەۋۋەر ئىبنى مەھرەمەنىڭ ئۆيىگە چاقىردى. بۇلاردىن ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەل ئاۋام ۋە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىق بەشى تەق بولدى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەسلىھەتچى ۋە مۇپەتتىش سۈپىتىدە قاتناشتى. ئەبۇ تەلھە ئەل ئەنسارى ئەللىك كىشىلىك ئامانلىق ئەترىتى بىلەن ئۇلار يىغىلغان ئۆينىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئىشىكتىن ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە قەتئىي رۇخسەت قىلمىدى.

كېڭەش ئەزالىرى مانا بۇ يەردە مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى. ھەممىسى ئۈممەتنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكى ھەققىدىكى ئارزۇ - ئىستىياقلىرىنى، بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرنى بىرەر قۇر تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دېدى (بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالغان ئۇ ئىدى):

www.munber.org

ـ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار! ئاراڭلاردا كىم ئۆزىنى خەلىپىلىككە نامزات قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ ۋە ئۆز ئورنىنى ئارىمىزدىكى «ئەڭ پەزىلەتلىك كىشى» گە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ؟

بۇ سوئالغا باشتا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇررەھمان:

ـــ ھەممىدىن بۇرۇن مەن چېكىنىدىم. ـ دېدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئوسمانمۇ:

ـ مەنمۇ چېكىنىشكە رازىمەن. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... بۇ ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالمىغان ئادەم يەردىمۇ، كۆكتىمۇ (الله نىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ نەزىرىدە دېمەكچى ـ ت) خاتىرجەم بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ـ دېدى. ھەزرىتى ئەلىدىن باشقا ھەممەيلەن نامزاتلىقتىن چېكىنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇررەھمان ھەزرىتى ئەلىگە:

ـ ئەي ئەبۇ ھەسەن! سەن بىر نېمە دېمەمسەن؟ قارىغاندا بۇ ئىشقا ھەۋەسىڭ باردەك تۇرىدۇ. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ھەر ۋاقىت ھەق تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىڭغا، ئۆز مەيلىڭچە ئىش قىلمايدىغانلىقىڭغا، يېقىنلىرىڭغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىڭغا، ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىگە كەلگەندە ئارقىغا چېكىنىۋالمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بېرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى:

ـ سىلەرمۇ ھەقىقەتلەرنى بىلمەي، ئىشنى بۇزماقچى بولغانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭدە مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ، مېنى قوللايدىغانلىقىڭلارغا، مەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشىلەرگە رازى بولىدىغانلىقىڭلارغا (ئۇلارنىڭ ئەمر ۋە تەلىماتلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىڭلارغا) دائىر ۋەدە بېرەلەمسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ۋەدە بېرەلىسەڭلار، مەنمۇ ھېچبىر يېقىنىمغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىمغا ۋە ئۇممەتنىڭ مەسىلىلىرىگە بېپەرۋالىق قىلمايدىغانلىقىمغا دائىر سىلەرگە ۋەدە بېرىمەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ئۇنىڭ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە:

ـــ سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان بولغانلىقىڭ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقىڭ ۋە بۇ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن كۆپلىگەن خىزمەتلىرىڭنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزەڭنى بۇ ماقامغا ئەڭ لايىق كۆرۈۋاتىسەن ـ شۇنداقمۇ؟! ئەگەر بۇ ۋەزىپە ساڭا بېرىلمىسە، بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئورۇنغا كىمنى ئەڭ مۇناسىپ كۆرگەن بولاتتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى:

ــ ئوسمانىنى ئەڭ مۇناسىپ دەپ ئويلايمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇررەھمان ئوسمانىنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئالنى سورىدى. ھەزرىتى ئوسمان:

ـ مەن ئەلىنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئابدۇرراھمان بۇ سوئالنى زۇبەيردىن سورىدى. ئۇ: ـ مەنچە ئەلى مۇناسىپ،ـ دېدى. ئابدۇررەھمان ئەڭ ئاخىرىدا سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن سورىدى. ئۇ:

ـ مەن ئوسمانىنى لايىق دەپ بىلىمەن،ـ دېدى.

بۇ تەڭپۇڭ ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ تارازىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئېغىر بېسىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپكە ئىككىدىن ئاۋاز بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىشىلەر ئابدۇررەھمان كىمنى تاللىسا، ئەڭ مۇۋاپىقى شۇ بولىدۇ دەپ ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قارايتتى. بۇ زاتلارنىڭ ھېچبىرىدە شەخسىيەتچىلىك دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف كېچەش ئەزالىرى ئارىسىدىكى خەلىپە سايلىمىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇپ، خەلقنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئېلىش نىيىتىدە سىرتقا چىقتى ۋە مەدىنىدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە قوماندانلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئالدى، ئۇلار بىلەن كۆپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەزرىتى ئوسمانغا مايىل ئىدى. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تۈگەشكە ئۆز قالغانىدى. ئۇ كۈنى يېرىم كېچىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈلىۋاتقان ئەل مۇنەۋۋەر ئىبنى مەھرەمەنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئويغىتىپ:

ـ نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆپ ئۇخلايسەن؟ ماڭا قارا، مەن بۇ كېچە كۆزۈمنى يۇمۇپمۇ قويمىدىم. ماڭ بېرىپ زۇبەير بىلەن سەئدنى چاقىرىپ كەل!ـ دەپ قوپال چاقچاق قىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئابدۇررەھمان بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىۋېتىشكە ئالدىرايتتى. ئەلۋەتتە، كېڭەش ئەزالىرىدىن باشقا ئۆزى كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ھېسابقا ئېلىپ، بۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقىرىش ئارزۇسىدا ئىدى. زۇبەير ۋە سەئدنى قايىل قىلىپ، ھەزرىتى ئوسمان ياكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن ئارىلىرىدىن بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىمەكچى ئىدى.

ئەمما زۇبەير ۋە سەئد بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز رايىدىن يانمىغانلىقىنى بىلىپ، ساھابىلەردىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە بەيئەت تەلەپ قىلماقچى بولدى. شۇنداق قىلغاندا، بۇ بەيئەت ھەم كۈچكە ئىگە بولاتتى ھەم



www.munber.org

مەلۇم بىر مايىللىققا تايانماي قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقاتتى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھەققى قالمايتتى.

ئەتىسى سەھەردە، جامائەت بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇررەھمان كېڭەش ئەزالىرىنى يەنە بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن مەيلى ئەنسار بولسۇن ياكى مۇھاجىر بولسۇن، مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان مۆتىۋەرلەر ۋە قوماندانلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئادەم شۇنداق جىق ئىدىكى، كەلگەنلەر مەسچىدكە سىغماي قالدى. ئابدۇررەھمان ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي خالايىق! كېڭەش ئەزالىرى (باشقا شەھەرلەردىن بۇ يەرگە كەلگەن ۋالىلارنىڭ پىكىردىن تەيىنلىنىدىغان خەلىپىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆز شەھىرىگە قايتىشى ئۈچۈن) بىر قارارغا كېلىپ بولدى.

ئابدۇررەھماننىڭ سۆزى بۇ يەرگە كەلگەندە، ئولتۇرغانلاردىن بەزىلىرى ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئون مۇبەششىر (دۇنيادا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشى) دىن بىرى بولغان سەئىد ئىبنى زەيىد سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفكە ئاۋاز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئابدۇررەھمان:

— ياق! بۇندىن باشقا پىكرىڭ بولسا بايان قىلغىن،- دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇندىن كېيىن ئەممار ئىبنى ياسىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە ئاۋاز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مىقداد ئىبنى ئامىر ئۇنىڭغا قېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەزرىتى ئوسمانغا ئاۋاز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇرابىئەمۇ ئۇنىڭغا قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئۆزى بىلگىنىچە بىر نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئابدۇررەھمان! قالايمىقانچىلىق چىقىدىغان بولدى، تېزراق بول، بۇ مەسىلىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى!- دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. ئەمما ئابدۇررەھمان كېڭەش ئەزالىرىغا مۇنداق دېدى:

- ئەي دوستلار! مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە خەلقىنىڭمۇ پىكرىنى ئالدىم، ئۇلار بىلەن كۆپ مەسلىھەتلەشتىم. ئەمما سىرتتىكىلەرنىڭ سىلەرگە مۇداخىلە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭلار! - دەپ بۇ يەردە بولۇۋاتقان غۇلغۇلىنىڭ ئۆزلىرىگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاندىن ئۇ ھەزرىتى ئەلىنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

ـ الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىڭغا ۋە بۇرۇنقى ئىككى خەلىپىنىڭ ئىزىدىن ماڭىدىغانلىقىڭغا ۋەدە قىلالامسەن؟ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى:

ــ بىلىمىم ۋە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن،ـ دېدى. (بەلكىم ئۇ سۆزنى كېسىپ ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك) ئابدۇررەھمان ھەزرىتى ئوسماننى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ شۇ سوئالنى سورىدى. ھەزرىتى ئوسمان:

ــ ھەئە، ۋەدە بېرەلەيمەن،ـ دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن دەرھال ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. بۇنى كۆرگەن جامائەتمۇ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتى.[1]

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ھېچقانداق ئىختىلاپ ۋە غەۋغا چىقارمىغان ئاساستا مەسىلىنى ھەل قىلدى. ئۇ ھەزرىتى ئوسماننى قوللايدىغان كىشىلەر ئەزالىرىنىڭ پىكرىدىن باشقا پىكىرلەرنىڭ ئېغىر بېسىپ كېتىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توسۇپ، تەڭ ئاۋازغا ئېرىشكەن ئىككى كىشىنىڭ ھېچبىرىگە تەرەپدار بولماي تۇرۇپ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغاندى. بۇ نەتىجىگە، ئەلۋەتتە بۇ ئىككى چوڭ ساھابىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەچكە ئېرىشەلىگەنىدى.

ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كۆنى كېچەش ئەزاسى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

ـ بېرىپ ئوسمانغا بەيئەت قىل!ـ دېيىشتى. تەلھە:

ـ قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن رازىمۇ؟ـ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ـ شۇنداق،ـ دېيىشتى. ئۇ يەنە:

ـ پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدىمۇ؟ـ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ـ شۇنداق،ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

ــ ئەگەر پۈتۈن خەلق پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن بولسا، مەن خەلقىمدىن ئايرىلمايمەن،ـ دېدى ۋە بېرىپ ھەزرىتى ئوسمانغا بەيئەت قىلدى.[2]

تارىخچىلار ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى بۇ كېچەش ئەزالىرىنىڭ ۋە بۇ ئۈچ كۈن بويىچە ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن تالاش ـ تارتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل كۆز ـ قاراش ۋە پىكىرلەرنى بايان قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بايانلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرمۇنچىلىغان زىتلىقلار مەيدانغا كېلىپ چىقتى. مانا مۇشۇ

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 70 ـ، 76 ـ بەتلەر.
[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 77 ـ بەت.

www.munber.org

سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خۇددى ساھابىلەر ئارىسىدا زىددىيەت ۋە سۈركۈلۈش باردەك ھېسسىيات شەكىللىنىپ، بەزى كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدە ئۇ تەڭداشسىز جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ قىممەتلىك رەھبەرلىرى ئارىسىدا ھەردائىم سىياسىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن دېگەندەك گۇمانلار پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق ئىش قەتئىي يوق ئىدى. چۈنكى بۇ خىل پوزىتسىيە ئۇلارنىڭ الله قا بولغان مەھكەم ۋە تەۋرەنمەس ئىمانىغا، ساپ ئەخلاقى ۋە خاراكتېرلىرىغا پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. يۈكسەك ماقامغا چىقىپ خەلقنى ئۆزىنىڭ چاكارى قىلىۋېلىش، دۇنيانىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى الله تىن قورقۇش چۈشەنچىسىگە تامامەن زىت ئىدى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتىكى ھەقىقەت شۇكى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپە بولۇشى جەريانىدىكى يىغىلىشلاردا ھېچقانداق ۋەقە چىقمىدى، ھېچقانداق مەسىلىمۇ كۆرۈلمىدى. شۇنداقلا، بۇ سايلام ئۈممەتنى پارچىلايدىغان، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۈرۈندىغان ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولمىغانىدى.

ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن مېھرابقا چىقىپ قىسقىلا سۆز قىلدى. كېچەش ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدىكىسى ئۇ ئىدى. سۆزىدە خەلققە بەزى نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئۇلارغا ئاخىرەت ھاياتىنى ئەسلىتىپ، بۇ دۇنيانىڭ پىتنىلىرىگە ئارىلاشقاسلىقى ھەققىدە ئۆگۈت بەردى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ بەيئىتى ھىجرىيەنىڭ 24 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كەلگەنىدى.[①] ئۇ ۋاقىتتىكى ۋالىلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

مەككە ۋالىسى: نافى ئىبنى ئابدۇلھارىس ئەل خۇزەي

تائىف ۋالىسى: سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ ئەس سەقافى

سەنئا ۋالىسى: يەئلا ئىبنى مۇنەببىھ

جەنەد ۋالىسى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رابىئە ئەل مەھزۇمى

كۇفە ۋالىسى: ئەل مۇغىرە ئىبنى شەئبە ئەس سەقافى

بەسرە ۋالىسى: ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى

شام ۋالىسى: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان

ھىمس ۋالىسى: ئۇمەير ئىبنى سەئد

---

[①] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 228 ـ بەت.

مىسىر ۋالىسى: ئەمر ئىبنى ئاس

بەھرەين ۋالىسى: ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاس[1]

## ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى فەتىھلەر

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرى ھەقىقەتەن فەتىھلەر بىلەن ئۆتكەن دەۋر بولدى. بۇ فەتىھلەر ئاساسى جەھەتتىن ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە باشلانغان فەتىھلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، ئون يىل بويىچە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا توختىماي داۋاملاشتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يىلى قالايمىقانچىلىق ۋە پىتنە ـ پاساتقا تولۇپ كەتتى. ھەتتا بۇ پىتنىلەر شۇنداق يېيىلىپ كەتتىكى، ئالدىنقى يىللاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن پۈتۈن نەتىجە بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاندى. ئىنسانلار ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنى پۈتۈنلەي قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆتتى دەپ بىلىپ، بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقتى دەپ قارىشاتتى. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، بۇ ۋەقەلەر كۆنسېرى شىددەتلىك تۈس ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرى ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ ۋاقىتلاردا، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان شامنىڭ ۋالىسى ئىدى. ئۇ بىزانسلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ دەۋردە ئامۇرىيە دەپ ئاتالغان (ھازىرقى) ئەنقەرەگىچە يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۇبادە ئىبنى ئەس سامىت، خالىد ئىبنى زەييىد، ئەبۇزەر ئەل ئەنسارى ۋە شەددار ئىبنى ئەۋس قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەسكەر سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى كەڭ تۇپراقلارنى فەتىھ قىلدى. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانىغا نىسبەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا ھەر فەتىھ قىلغان يېرىدە ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچنى ئۇ يەرگە قويۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى ئالدى تەرەپلەردە ئۇرۇشقا تەييار دۈشمەن قوشۇنلىرى ۋە چەكسىز كەتكەن چېگرالار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى داۋاملىق قوغداپ تۇرمىسا بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ۋەزىيىتىدىكى مەركەزلىرى ۋە ۋاقتى كەلگەندە لازىم بولغان يەرلەرگە ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكىرىي بازىلىرى بار ئىدى.

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 82 ـ بەت.

www.munber.org

يۇقىرىقى سەۋەبلەر يېڭى فەتىھ قىلىنغان يەرلەرگە ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. ھەم شۇنداق قىلغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ بىردىنلا جاسارەتلىنىپ جىزيە تۆلەشكە قارشىلىق بىلدۈرۈشىنىڭ ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇپ - قوغلاپ، ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىسيان چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

يەرلىك خەلق ئۆز يۇرتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتىھ قىلىنىشىنى ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن بىر خاتالىق ياكى خاتا قىلىنىپ قالغان بىر ئىشنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى (يەنى خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى) ۋاقتىدا ئاڭقىرالمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقلا، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشلىرىنى ۋە تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن دۆلەتلىرىنى خىيال قىلىشىپ ھەسرەت چېكىشەتتى، ئۇ كۈنلىرىگە قايتىدىن ئېرىشىش ئارزۇ - خىياللىرىدا يۈرۈشەتتى ۋە ئۇلار ھەردائىم مۇسۇلمانلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن سۈرتۈۋاي قىلىدىغان مۇۋاپىق پۇرسەت ئىزدەيتتى.

ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى مانا مۇشۇنداق بولۇپ، ھەر دائىم پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقراسىغا ئايلىنىپ بولغان غەيرى مۇسۇلمان خەلق پات - پات ئىسيان كۆتۈرۈپ، كېلىشىمنى بۇزاتتى.

مەسىلەن، ئاللىبۇرۇن فەتىھ قىلىنغان ئىران ۋە بىزانس تۇپراقلىرىدىكى خەلق ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۇيەر - بۇ يەردە ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى زەئىپلىشىپ كەتتى دەپ ئويلاشقانىدى. مۇسۇلمانلار يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇنقى كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالمىغانلىقىنى، ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنىڭ بۇ جەھەتتە ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشتى.

## غەربىي سەپ

ھىجرىيە 25 - يىلى، مىسىر ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاس كېلىشىمنى بۇزغان ئىسكەندەرىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇرۇش بىلەن ئۇلارنى قايتا بويسۇندۇردى. ھەزرىتى ئۆمەر قوماندانلىرىدىن ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ترابلۇسنىڭ فەتھىدىن كېيىن ئافرىقىغا ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىشىنى توسۇپ قويغانىدى. ئەمما ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭغا قايتا ئىجازەت بەردى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇسەرھنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، شۇ تەرەپكە ئەۋەتتى.

ئابدۇللاھ تىرابلۇستىن ئۆتۈپ، دېڭىز ساھىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىزانس كېمىلىرىدىن بىر مۇنچىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن شىمالىي ئافرىقا سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ھىجرىيە 27 ـ يىلى، (ھازىرقى تۇنۇسنىڭ شەھەرلىرىدىن) قەيراۋاننىڭ غەربىدىكى سۇبەيتىلا دېگەن يەردە بىزانس قوشۇنىغا دۇچ كەلدى. قەيراۋان شەھىرى ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى شەھەر بولۇپ قۇرۇلمىغانىدى. بىزانس قوشۇنىنى گېئورگ (George) ئىسىملىك بىر قوماندان باشقۇرۇۋاتاتتى. ئىسلام قوشۇنىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بۇ ئۇرۇشتا گېئورگنى ئۆلتۈردى. مۇسۇلمانلار زەپەر قۇچقان بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇللاھنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى.

ئەمما ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئەبۇسەرھ ئۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ بىزانسلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا جىزيە ئېلىش شەرتى بىلەن ئافرىقىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، مىسىرغا جەنۇپ تەرەپتىن تەھدىت سېلىۋاتقان نۇبالارنى توسۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.[1]

شام ۋالىسى مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىلا فەتھە ئىشلىرىنى دېڭىز ئارقىلىقمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، ھىمس شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ ئىسلام تېررىتورىيىسىگە قاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى خەلىپىگە بىلدۈرگەنىدى. ھەتتا ھىمس يېزىلىرىدىن بىرىنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى رۇم يېزىلىرىدىن كەلگەن ئىت ۋە توخۇ ئاۋازلىرىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خەلىپىنى قايىل قىلماقچى بولغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، دېڭىز ھەققىدە مەلۇمات ئالماقچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ دېڭىز توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتى يوق ئىدى. شۇ مەقسەتتە، ئەمر ئىبنى ئاسقا قىسقىچىلا خەت يېزىپ: «ماڭا دېڭىز سەپىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگىن! چۈنكى مەن نەپسىم بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن» دېگەنىدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا ھەزىل قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «دېڭىزدا بىرمۇنچىلىغان مەخلۇقنىڭ بىر مەخلۇققا مىنىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. دېڭىز جىمىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئاغزىغا كېلىپ قالىدۇ. دېڭىز شۇنداق چايقىلىشقا باشلىسىلا، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ. دېڭىز سەپىرىدە ئىمان سۇسلىشىپ، گاڭگىرش ۋە ئىككىلىنىش ئېڭى كۈچىيىدۇ. دېڭىز سەپىرىگە چىققان كىشىلەر خۇددى دەرەخ شېخىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ئوخشايدۇ. كېمە قىيسىيىپ كەتسە، ھەممىسى دېڭىزغا تۆكۈلۈپ چۆكۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆز يۇرتلىرىنى تاپالماي مۇساپىر بولىدۇ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالىدۇ.»

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 91 ـ، 92 ـ، 94 ـ، 97 ـ بەتلەر.

www.munber.org

ھەزرىتى ئۆمەر مۇئاۋىيەنىڭ جاۋاب خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇئاۋىيەگە مۇنداق دەپ خەت يازدى: «ياق! مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ھېچ بىر مۇسۇلماننىڭ كېمىگە چىقىشىغا يول قويمايمەن.»

ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن مۇئاۋىيە بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قايتا بىلدۈردى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭ بىر كېمە بىلەن يولغا چىقىشىغا قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەلىمات بەردى: «ھېچكىمنى مەجبۇرىيي ياكى چەك تاشلاپ ئەسكەرلىككە ئالما، خەلق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلسە، ئۇلارنى ئېلىپ ماڭ ۋە ئۇلارغا ياردەمچى بول!»

مۇئاۋىيەمۇ ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى ۋە بەنى فەزارە قەبىلىسىنىڭ تەرەپدارلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئەل جاسىنى ئەسكەرلەرگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى.

ھىجرىيەنىڭ 28 ـ يىلى، ئۇ سىپرۇس ئارىلىغا سەپەر قىلىپ، خەلقىنى يىللىق يەتتە مىڭ دىنار جىزيەگە باغلىدى. ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى بولغان مىسىر ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇسەرھ قوماندانلىقىدا سىپرۇس فەتھى ئۈچۈن (مۇئاۋىيەگە) ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما ئابدۇللاھ سىپرۇسقا يېتىپ بارغاندا، مۇئاۋىيە ئۇ ئارالنى پۈتۈنلەي قولغا چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغانىدى.

سىپرۇس فەتھىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۇبادە ئىبنى سامىت، مىقداد ئىبنى ئامىر، شەدداد ئىبنى ئەۋس ۋە ئەبۇزەر ئەل غىفارى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن ئۇبادە ئىبنى سامىت ئايالى ئۇممۇ ھەرامنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغانىدى.[①]

بۇ ۋاقىتتا، ھەبىب ئىبنى مەسلەمە سۈرىيەدە تېخى بىزانسلارنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان بەزى يەرلەرنى ئىستىلا قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىسلام تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى.[②]

ھىجرىيە 31 ـ يىلى، كىلىكىيا[③] ساھىلىدا مۇسۇلمانلار بىلەن بىزانس قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئەرەبلەر تەرىپىدىن «زاتۇس سەۋارى»[④] دەپ ئاتالغان قانلىق ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، ھەر ئىككى تەرەپ ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ، فىلوتلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇردى ۋە تۈۋرۈكلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتتى. ئەمما كېيىنچە، بىزانس قوشۇنىنىڭ قوماندانى

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 101 ـ، 104 ـ بەتلەر.
② «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 251 ـ ۋە 252 ـ بەتلەر.
③ كىلىكىيا ـ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئادانا ۋە مەرسىن ۋىلايەتلىرى بىلەن كونيا ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىنى ۋە ئانتاليا ۋىلايىتىنىڭ شەرقى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوننىڭ بۇرۇنقى ئىسمى.
④ زاتۇس سەۋارى ـ يەلكەن تۈۋرۈكلىرى ئۇرۇشى دېگەن مەنىدە.

ئۇرۇش قىلىشقا قارار بەردى. ئىسلام فىلوتلىرىنىڭ قوماندانى مىسىردىن كەلگەن قوشۇننىڭ بېشىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ سەرھ ئىدى. بىزانسلارغا بولسا، ئىمپېراتور كونستانتىن ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. بىزانسلارنىڭ فىلوتى بەش يۈزدىن ئارتۇق كېمىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.[1]

بىزانس كېمىلىرىنىڭ تۇۋرۇكلىرى ناھايىتى تۈز بولۇپ، پۈتۈنلەي قارىغاي دەرىخىدىن قىلىنغانىدى. بۇ، دەرەخ ۋە ئورمانلارنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ رايوننىڭ ساھىللىرى پۈتۈنلەي مۇشۇ تۈردىكى قارىغاي ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغانىدى.

شام ۋالىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بىزانسلارنىڭ قولىدىكى مالاتيا[2] ئەتراپلىرىدىكى ھەسنۇل مەرئە (ئايال قەلئەسى) نى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، مىسىر ۋالىسى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇسەرھ ئىسلام دۆلىتى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزۇپ، ئىسيان كۆتەرگەن ئافرىقىغا يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ رايوننى ئىككىنچى قېتىم فەتھ قىلىپ (بەرمەسلىك ئۈچۈن تىركەشكەن جىزيەنى يىغىدىن بېرىدىغان قىلىپ)، ئۇزلىرىگە باش ئەگدۈردى.[3]

## شەرقىي سەپتە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەر

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئەزەربەيجان ۋە ئەرمىنىيە ئۆلكىلىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ۋەكىلى خۇزەيفە ئىبنى ئەل يامان بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، شەرتنامىگە ئاساسەن تۆلەشكە تېگىشلىك جىزيەنى تۆلىمەسلىككە تىركەشتى. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەل ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. قوشۇن تۇرشاۋۇللىرىنىڭ بېشىدا سەلمان ئىبنى رابىئە ئەل باھىلى بار ئىدى. نەھايەت، بۇ ئىككى ئۆلكە خەلقى قايتىدىن ئەھدىنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە ئىبنى خالىد ئەل فەھرى غەربتىن ئەرمەنىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى شام ۋىلايىتىگە مەنسۇپ قوشۇنغا كۇفەلىكلەر سەلمان ئىبنى رابىئە ئەل باھىلى قوماندانلىقىدا سەككىز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياردەم قىلدى. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى فەتىھ ھەرىكەتلىرى مۇنداق داۋاملاشتى:

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 122 ـ، 124 ـ بەتلەر.
[2] مالاتيا ـ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ مالاتيا ۋىلايىتى.
[3] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 142 ـ بەت.



www.munber.org

ھىجرىيە 29 ـ يىلى، خۇراسان ئەمىرى ئۇمەير ئىبنى ئۇسمان ئىبنى سەئىد (ھازىرقى ئۆزبەكىستانغا تەۋە) فەرغانە شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. شۇ يىلى يەنە سىجىستان (ئىراندا) ئەمىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەير ئەل لەيسى كابۇلغا، كىرمان (ئىراندا) ئەمىرى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇئەممەر ئەت تەمىمى سىنا دەرياسىغا قەدەر يېتىپ باردى. شۇنداقلا، باسرا (ئىراقتا) ئەمىرى ئابدۇللاھ ئامىر ئىبنى قۇرەيز بىر توپ قوشۇننى باشلاپ، ئىسيان كۆتەرگەن ئىستاھىر (ئىراندا) ئاھالىسىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللىرىغا ئۇسمان ئىبنى ئەل ئاس باشچىلىق قىلاتتى.

بۇ ۋاقىتتا، كۇفە ئەمىرى سەئىد ئىبنى ئەل ئاس ئۆز يېنىغا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەين، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbas، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير قاتارلىقلارنى ئېلىپ، خوراسانغا سەپەر قىلدى.

ئەمما باسرا ئەمىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر باشقا بىر تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۇفە ئەمىرى سەئىد ئىبنى ئەل ئاس يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ كومەسكە قاراپ ماڭدى. كومەس خەلقى نىھاۋەند ئۇرۇشى ۋاقتىدا خۇزەيفە ئىبنى ئەل يامان بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە رىئايە قىلىۋاتاتتى. شۇڭا سەئىد بۇ يەردىن جۇرجانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن ھەر يىلى ئىككى مىڭ دىنار جىزيە تۆلەشكە كېلىشكەندىن كېيىن، چۆلگە يېتىپ بارغىچە سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما جۇرجان خەلقى سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ۋە يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەل باھىلى خۇراسان ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

پارس خەلقى يەنە قوزغالغانىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر قوشۇن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئىككىنچى قېتىم فەتھ قىلدى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغان ساسانىيلار ئىمپېراتورى يەزدىگىرد كىرمانغا قاچتى. مۇشاجى ئىبنى مەسئۇد ئەس سىلمى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا مەسئۇل قىلىندى. يەزدىگىرد قېچىپ كېتىۋېتىپ، مورگاب دەرياسى بويىدىكى بىر تۈگمەنگە يولۇقۇپ ئۆتتى. كېيىنچە (بىلىنمىگەن بىر سەۋەب بىلەن) بۇ يەردە تۈگمەنچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى.

خۇراسان خەلقىمۇ قوزغالغانىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر بۇ يەرگە قوشۇن تارتتى. قوشۇن تۇرشاۋۇللىرىنىڭ بېشىدا ئەل ئەھمەد ئىبنى قەيس بار ئىدى. بۇ قېتىملىق سەپەر جەريانىدا تۇس، ئەبىۋرد ۋە نەسەنى ئىشغال قىلىپ، سەراھسقا يېتىپ باردى. ئاندىن مەرۋ خەلقى بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈش ئارقىلىق خۇراسان رايونىنى ئىككىنچى قېتىم فەتھ قىلدى.

ھىجرىيە 32 ـ يىلى، ھەزرىتى ئوسمان كۇفە ئەمىرى سەئد ئىبنى ئاسقا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ سەلمان ئىبنى رابىئەنى ئەل باب دېگەن يەرگە ئەۋەتىشىنى ئەمر قىلدى. سەلمان خەلىپەنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ باشقا بىر يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قېرىندىشى ئابدۇررەھمان ئىبنى رابىئە ئەل باھىلى شېھىت بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن تالاپەتكە ئۇچراپ، تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ ، بەزىلىرى گەيلانغا، يەنە بەزىلىرى جۇرجانغا كەتتى.

ساھابىلاردىن ئەبۇھۇرەيرە ۋە سەلمان فارىسىمۇ بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. تارقىلىپ كەتكەن بۇ قوشۇننىڭ بەزى ئەسكەرلىرى سەلمان ئىبنى رابىئەنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. قوماندان خۇزەيفە ئىبنى ئەل يامانىمۇ سەلمان بىلەن بىللە ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان ئەرمىنىيەدە تۇرۇۋاتقان شام قوشۇنىنىڭ قوماندانى ھەبىب ئىبنى مەسلەمەگە خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭ ئەل بابتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان سەلمان ئىبنى رابىئە ئەل باھىلىغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشىنى ۋە ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشىنى ئەمر قىلدى. خەلىپىنىڭ ئەمرى ئورۇندالدى.

لېكىن خۇراسان خەلقى يەنە قوزغالغاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ياردەمچى قوماندانلاردىن ئەل ئەھمەد ئىبنى قەيسنى مەرۋى رۇزغا ئەۋەتتى. ئۇ بۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن ئەھدىنامە تۈزدى. ئەمما تالەغان، فەرياب، جۇزجان ۋە تاخارىستان رايونلىرىنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، الله نىڭ ئىزنى بىلەن مۇسۇلمانلار يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. ئۇندىن باشقا، بەلخ خەلقى بىلەنمۇ ئەھدىنامە تۈزۈلدى. ئاندىن ئەل ئەقرا ئىبنى ھابىس جەۋزجان دېگەن يەرگە ئەۋەتىلىپ، بۇ يەرمۇ فەتھە قىلىندى ۋە بۇ ئارقىلىق ھىجرىيەنىڭ 33 ـ يىلى خۇراسان ئۈچىنچى قېتىم فەتھە قىلىنغان بولدى.

فەتھە ھەرىكەتلىرى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك قانات يايغاندى. بىر تەرەپتىن ئافرىقا، سىپرۇس ۋە ئەرمىنىيە قاتارلىق يېڭى تۇپراقلار ئىسلام تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراننىڭ خۇراسان ۋە بابۇل ئەبۋاب رايونلىرىدا ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىنغان خەلق قايتىدىن ئىتائەتكە بويسۇندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىند رايونى، كابۇل ۋە پەرغانە شەھەرلىرىمۇ ئىسلام تۇپراقلىرىغا قېتىلدى.[①]

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد 114 ـ، 116 ـ، 129 ـ، 134 ـ، 136 ـ، 138 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 260 ـ، 266 ـ بەتلەر.

www.munber.org

# ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مۇسۇلمان خەلق تېخىمۇ پەزىلەتلىك بولۇپ، كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئىچەكىشىپ كەتكەن ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش ناھايىتى كەڭ قانات يايغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن كۈنى خەلق بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتمىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە قارىغاندا خەلقنى بىر ئاز ئەركىگە قويۇپ بەرگەچكە، خەلق ئۇنىڭدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغانىدى. چۈنكى خەلق ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇشىدىن بىزار بولۇپ تۇرغانىدى. شۇڭا خەلق ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە مېھرىبانلىقى ۋە مۆلايىم مۇئامىلىسىگە بولغان رازىمەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەشكە باشلىغانىدى.

تارىخچىلار بۇ ئىككى دەۋر ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ۋە ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىسىمۇ، خەلقنىڭ بۇ دەۋردە يولغا قويۇلغان ‹قاتتىق باشقۇرۇش› تىن بىزار بولغانلىقىنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپىلىك ماقامىغا چىقارغان كېڭەش ئەزالىرىنىڭ خەلققە نىسبەتەن بېسىمى ياكى ھېچقانداق يامان تەرىپى بولۇپ باقمىدى. ئەكسىچە، ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى ناھايىتى نورمال شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى ۋە ھېچكىم بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرمىدى.

كېڭەش ئەزالىرىغا كەلسەك، ئابدۇررەھماننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن نامزاتلىقتىن چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. زۇبەير بىلەن سەئدمۇ باشقىلىرىنى نامزات كۆرسەتتى. ھەزرىتى ئەلىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئەسلىدە، باشتىن ئاخىرغىچە ئۇنىڭمۇ خەلىپىلىكتە ھېچقانداق كۆزى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ھەزرىتى ئوسمانغا ئاۋاز بەرگەنىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھنىڭ ھۇرمۇزان، جۇفەينە ۋە ئەبۇ لۇئلۇئەنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى جەمئىيەتتە ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەرگە قىلىنغان بۇ سۇيىقەست مەجۇسىي، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ قىلغان ئىشى ئىدى. بۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتتى. بەزىلىرى بولسا، سىرتتا ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا قولى بار ئىدى.

بۇ ئەھۋالدا، قاتىللارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە ئىدىئولوگىيىلىك مەقسەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە بۇ جازا پەقەت خەلىپە تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ خەلىپىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان ھېسابلىناتتى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىككە (باشباشتاقلىققا) يول ئاچاتتى. شۇنداقلا، بۇ خالىغان ئادەم ھەر ئىشنى ئۆز ئىستىكى بويىچە قىلىش دېگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىگە سەل قاراشقا بولمايتتى.

شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ جازاسىنى تارتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىدىغان كىشى يەنىلا خەلىپە ئىدى. خەلىپە جىنايەتنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ بولغىچە ئۇبەيدۇللاھ تۇتۇلۇپ، زىندانغا تاشلانغانىدى. ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ مانا بۇ مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن كىشىنى چوقۇم جازالىشى، يەنى ئۇبەيدۇللاھنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشى شەرت ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ۋە باشقا بىر قانچە ساھابىمۇ شۇ پىكىردە ئىدى. باشقا ساھابىلەرنىڭ قارىشىچە، تېخى تۇنۇگۇنلا ناپاك قوللاردا ئۆلتۈرۈلگەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ناھايىتى قىيىن بىر مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆككەن چاغدىلا ئاندىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى. ئەمما خەلق ھۇرمۇزاننىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنەتتى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ھەزرىتى ئوسمانغا (ئىسلام ھوقۇقىغا كۆرە باشپاناھى بولمىغان بۇ ياتلارغا خەلىپە سۈپىتى بىلەن باشپاناھ بولۇپ) دۆلەت خەزىنىسىدىن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى باشپاناھلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۆلەمنى يەنە خەزىنىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلسا، يەنە بىر قىسمى بۇ تۆلەمنى دۆلەت خەزىنىسىدىن ئەمەس، بەلكى شەخسىي مۈلكىدىن تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىاتتى.

ئەمما خەلىپە بۇ خىل ھىيلە ـ مىكىرلىك چارىلەر بىلەن ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ ھۆكمىدىن بىرىنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقىغا كۆز يۇمالمايتتى. شۇڭا ئۇ جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇبەيدۇللاھنى ھۇرمۇزاننىڭ ئوغلى كۇمازەبانغا تاپشۇردى. چۈنكى ھۇرمۇزاننىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىلغانىدى.

كۇمازەبان بۇ ئىبرەتلىك ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«كېيىنچە مەدىنىگە كېلىپ يەرلەشكەن (بىز) ئەجەملەر بىر ـ بىرىمىزنى يوقلاپ، ئۆز ئارىمىزدا باردى ـ كەلدى قىلىشىپ تۇراتتۇق. بىر كۈنى فەيرۇز[1] دادامنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى باشلىق بىر خەنجەر بار ئىدى. دادام خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ:

[1] فەيرۇز ــ ھەزرىتى ئۆمەر نامازغا تۇرغاندا سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەن ئىرانلىق مەجۇسىي.



www.munber.org

ـ بۇ مەملىكەتتە بۇنىڭ بىلەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ـ دەپ سورىدى. فەيرۇز:

ـ ھېچ ئىش قىلمايمەن، ئۆزەم مۇنداقلا كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن شۇ... ،ـ دېدى. دادام خەنجەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا بىرى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەتىسى ھەزرىتى ئۆمەر قەتىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم بېرىپ بۇ خەنجەرنى دادامنىڭ قولىدا كۆرگەنلىكىنى ۋە خەنجەرنى فەيرۇزغا دادامنىڭ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇبەيدۇللاھ كېلىپ دادامنى ئۆلتۈردى. ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مېنى چاقىرىپ ئۇبەيدۇللاھنى ماڭا تاپشۇردى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا قارا بالام! مانا بۇ دادىڭنىڭ قاتىلى. سەن دادىڭ ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ) بەكرەك قىممەتلىكسەن. بۇ ئادەمنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغىن!

مەن ئۇبەيدۇللاھنى ئېلىپ ماڭدىم. مەدىنىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۈتۈن خەلق ئەتراپىمىزغا توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىم ئۈچۈن يالۋۇراتتى. مەن ئۇلارغا:

ـ مەن بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرسەم بولامدۇ؟ـ دەپ سورىدىم. ئۇلار:

ـ ئەلۋەتتە ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ،ـ دېيىشتى ۋە ئۇبەيدۇللاھقا تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مەن يەنە:

ـ مەن ئۇنى ئۆلتۈرسەم، مېنى توسۇپ، ئۇنى قوغدامسىلەر؟ـ دەپ سورىدىم. ئۇلار:

ـ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز،ـ دېيىشتى ۋە ئۇنىڭغا توختىماي ئاھانەت ياغدۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن الله نىڭ رازىلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇبەيدۇللاھنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. الله قا قەسەم قىلىمەن، خەلق بۇ ئىشقا شۇنداق سۆيۈندىكى، دەرھال مېنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ، ئۆيۈمگىچە كۆتۈرۈپ باردى.»[①]

مانا مۇشۇ تەرىقىدە، ھەق ئىگىسى ئۆز رازىلىقى بىلەن ھەققىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئۇبەيدۇللاھنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ تۆلىمىنى ھەزرىتى ئوسمان ئۆز مېلىدىن چىقىرىپ تۆلىدى.[②] قالغان ئىككىسىنىڭ باشپاناھى بولمىغاچقا، ھەزرىتى ئوسمان ئۇلارغا بېرىلىدىغان تۆلەمنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، مەسىلە تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنىپ، غۇلغۇلا بېسىقتى ۋە خەلق يەنە بۇرۇنقى كۆڭلىرىگە قايتىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ياردەملىشىدىغان، ئەخلاقى ـ پەزىلەتلىك ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ مەزگىل ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. خەلق ئاستا ـ ئاستا شەرىئەت سىزىقىدىن چىقىپ، ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە،

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 81 ـ ۋە 82 ـ بەتلەر.

② «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 244 ـ بەت.

بۇنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبلىرى بار ئىدى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە خەلىپىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزىلىرى ئۆزگەرگەن دۇنيا ۋە دۆلەت شارائىتلىرى بىلەن ۋە بەزىلىرى يولغا قويۇلغان سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەزرىتى ئۆمەر ناھايىتى كەسكىن، پرىنسىپچان ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىشىلەرگە قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىرى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئىھتىرام بىلدۈرەتتى ۋە ھېچكىم ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئىبنۇل جەۋزى مۇنداق بىر ۋەقەنى نەقىل قىلىدۇ: «بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر مەككىگە كەلگەنىدى. شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئەمىرۇل مۇئمىنىن! ئەبۇسۇفيان سايىنىڭ ئىچىگە توساق قۇرغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە يىغىلغان يامغۇر سۈيى بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ،ـ دەپ شىكايەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر قولىدىكى تاياقنى تۇتقان پېتى ئەبۇسۇفيانىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، ھەقىقەتەن ئەبۇسۇفيان تاشلارنى يىغىپ كېلىپ، بىر توسما ياسىغان ئىكەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا ۋارقىرىغان تەلەپپۇزدا:

ـ شۇ تاشنى ئېلىۋەت!ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان تاشنى ئېلىۋەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر قالغان تاشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەنە شۇ تەلەپپۇزدا:

ـــ ئەمدى ماۋۇنى ئال! ئاۋۇنىمۇ ئېلىۋەت! ئاۋۇنىمۇ... ـ دەپ تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئالغۇزۇۋەتتى. ئاندىن كەبىگە قاراپ:

ـ شۇ مەككىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆمەرنىڭ ئەبۇسۇفيانغا ئەمر قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭمۇ ئىتتىراز بىلدۈرمەي بۇ ئەمرلەرنى ئورۇندىشىغا مۇيەسسەر قىلغان الله قا ھەمدى بولسۇن! ئۇ (ئەي الله! سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟! ـ دەپ) بىر تەرەپتىن الله قا شۈكرى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ۋاقىتلاردا قۇرەيشنىڭ لىدىرى ۋە مەككىنىڭ رەئىسى ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئۆزىدىن نەقەدەر ئەيمەنگەنلىكىگە ھەيران قالغانىدى.»

تارىخچى تەبەرىمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئۆمەر سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن غەنىمەت مالنى خەلققە تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىر ۋاقىتتا، سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئاچچىقىدا قولىدىكى توقماق بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ تۇرۇپ: ــ الله نىڭ دۇنيادىكى ھۆكمىگە قارشى كەلدىڭ، شۇنى بىلىپ قويكى، الله نىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ ساڭا قارشى تۇرىدۇ،ـ دېدى.»

ھەزرىتى ئوسمانغا كەلسەك، ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى تۈپەيلىدىن خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن خەلقنىڭ غەلىيانى بارغانسېرى كۆپەيگىلى



www.munber.org

تۇردى. ئۇلار ئالدى بىلەن خەلىپىدىن ۋەزىپە بېشىدىكىلەرنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن كۇفە ۋالىسى مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنى ۋالىلىقتىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاسنى تەيىنلىدى. ئاندىن ئۇنىمۇ ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى تەيىنلىدى. ئۇندىن كېيىن سەئىد ئىبنى ئەل ئاسنى تەيىنلىدى. ئاندىن ئۇنىمۇ ئېلىپ تاشلاپ ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرىنى تەيىنلىدى. ئۇندىن باشقا، ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرىنى باسرا ۋالىلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى قۇرەيزنى تەيىنلىدى. ئەمر ئىبنى ئاسنى مىسىر ۋالىلىقىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ سەرھنى تەيىنلىدى.

ھەزرىتى ئوسمان ۋەزىپە بېشىدىكى كىشىلەرگە بەكمۇ مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاچقا، بەزىدە ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئەمرلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرەتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا تىل تەككۈزۈشتىنمۇ يانمايتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بەكمۇ قاتتىق قول، ئەمما ھەزرىتى ئوسماننىڭ كۆڭلى بەكمۇ يۇمشاق ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز ئائىلىسىگىمۇ ناھايىتى قاتتىق قول مۇئامىلە قىلاتتى. خەلققە بىرەر چەكلىمە قويۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىگە مۇنداق دەيتتى: «ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! مەن خەلقنى ماۋۇ ـ ماۋۇ ئىشلاردىن چەكلىدىم. سىلەرمۇ ئېنىق بىلىسلەر، خۇددى قۇزغۇننىڭ كۆزى تاپتا بولغىنىدەك، خەلقنىڭ كۆزى ھەمىشە سىلەردە. ئەگەر سىلەر چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ قويساڭلار، خەلق سىلەرنى دوراپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئاراڭلاردا كىم مېنىڭ ئالدىمغا گۇناھكار سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنىدىغان بولسا، ئائىلەم ياكى تۇغقىنىم دېمەي، باشقىلارغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئارتۇق جازالايمەن. گېپىمنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق بولسا، خالىغان گۇناھ ئۆتكۈزسۇن، خالىغانلار ئىش ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلسۇن!»[1]

ھەزرىتى ئوسمان بولسا، ئۆز ئائىلىسىگە ۋە يېقىن ئەتراپىدىكىلەرگە بەكمۇ يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. ئەسلىدە ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئىنسان ھەر زامان ئالدى بىلەن ئۆز يېقىنلىرىغا مېھرى ـ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ مەرھەمەت تۇيغۇسى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان تۇنجى كۈنى ئۇ نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئاتىغانىدى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىدە ھەردائىم شۇنداق قىلاتتى.

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 64 ـ بەت.

ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھ ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرگە، مال - بايلىق ۋە غەنىمەتلەر مەدىنىگە قاراپ ئېقىشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى كۈچلىنىشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئوسمانمۇ يېقىنلىرىغا تېخىمۇ كۆپلەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە قانۇنلۇق مالدىن ئۇلارغىمۇ تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتى، ھەم ئۇلارنىمۇ ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇردى. ئەلۋەتتە، يېقىنلىرىغا ۋە خىش - ئەقرىبالىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئەمما ئۇنىڭ بۇ يۇمشاق مۇئامىلىسى، مېھرى - شەپقىتى ئۇلارنىڭ خۇيىنى ئۆزگەرتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بەزى يېقىنلىرىنى ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە دەپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەچكە، كۆرۈنۈشتە ھەزرىتى ئوسمان ئۆز تۇغقانلىرىغا ئەمەل - مەنسەپ تۇتقۇزغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆز خىش - ئەقرىبالىرىغا بۇرۇندىن تارتىپلا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادي ئەھۋالي بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. خەلق بەكمۇ يوقسۇل بولغاچقا، ھاياتى ئاددى - ساددا، تۇرمۇشى غورىگىل، تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، تاپالمىسا سەۋر قىلىپ ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بەكرەك بويسۇناتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىشىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش، ئىلاھىي چاقىرىقنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە داۋاملىق تۈردە فەتىھ ۋە جىھاد ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. بىر جەڭ مەيداندىن يەنە بىر جەڭ مەيدانىغا يۆگرەيتتى. دۆلەتنىڭ چېگرىسى بىردىنلا كېڭىيىپ، دۆلەت ئىچىگە ئولجا ۋە غەنىمەت ئېقىپ كىرىپ، پۇل - مال مۇجاھىدلارغا ۋە خەلققە تارقىتىلىشقا باشلىشى بىلەن خەلق قىسقا مۇددەت ئىچىدە بېيىپ كەتتى.

ھەم دۆلەت خەزىنىسىنىڭ تولۇپ كېتىشى ھەم ھەزرىتى ئوسماننىڭ سېخىيلىقى تۈپەيلىدىن دۆلەت خەزىنىسىگە بىرىكىپ قالغان مال - دۇنيا پات - پات خەلققە تارقىتىلىپ تۇراتتى. ھەتتا ھەزرىتى ئوسمان بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بەزىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي مېلىنىمۇ تارقىتىپ تۇراتتى. مانا بۇلار، شەرت - شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشىگە، ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھەزرىتى ئوسمان دەۋرلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشىغا، بۇ پەرقنىڭ ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىگە يول ئاچقانىدى.

www.munber.org

ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان فەتىھ ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلارنى الله يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى چېگرا ياكى ئالدىنقى سەپكە ئاتلانسا، يەنە بىر قىسمى بۇ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا يېقىن (شەھەرلەشتۈرۈلگەن) يەرلەرگە ئورۇنلىشاتتى، ئۆي ياساپ ماكان تۇتاتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئەمەس، بەلكى كۆپىنچىسى تەمىم، قىندە، قۇزائە، كەلب، باھىلە، ئابدۇلقەيس ۋە بەكىر ئىبنى ۋائىل قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ كۆچمەن ئەرەبلەر بولۇپ، فەتىھ ھەرىكەتلىرىدە بۇلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇلار ئىسلامغا دەسلەپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئوخشاش مۇھىم، ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە كۈچلۈك، ئەھمىيەت بېرىشكە ھەتتا باش ئېگىشكە تېگىشلىك سىياسىي كۈچ نەزىرىدە قارىلاتتى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار داۋاملىق تۈردە فەتىھ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە مال - مۈلۈك ساھىبىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇرۇش توختىتىلغان مەزگىللەردە بۇ قەبىلىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈش ۋە ئۇلارنى تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن باشقۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى شەھەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ نوپۇسى بەكمۇ ئازلاپ كېتىپ، بۇلارنىڭ ئورنىغا قۇللار ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرى توشۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا بۇ يەرلەردىكى بۇرۇنقى ئىنتىزام، ئىجتىمائىي قۇرۇلما تەڭپۇڭلۇقى ۋە ماسلىششچانلىق بۇزۇلۇپ، ئىپتىدائىي ۋە كۆچمەن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى بۇ يەرلەرگە ھاكىم بولغانىدى. ئۇندىن باشقا، سىرتتىن كېلىپ بۇ شەھەرلەرگە يەرلەشكەن ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل دىن ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ يەرلەردە ھەرخىل، ئەبجەش جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىققانىدى. فەتىھلەردىن كېيىن بۇ يەرلەرگە كەلگەن ھەرخىل ئىرق ۋە ئېتىقادقا تەۋە ئىنسانلار شۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدىكى، بۇ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ياكى ئەڭ بولمىغاندا بەزى كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشمۇ پەۋقۇلئاددە قىيىنلىشىپ كەتتى. كىشىلەر بىر - بىرىگە پەرقلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى ۋە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئىسلام ئەسلا يول قويمايدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى قەتئىي چەكلەنگەن پەرقلىق تەبىقىلەر مانا بۇ شارائىت ياراتقان ئىدىيىۋى مۇھىتتا ئوتتۇرىغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى.

مانا بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان ئەمما نىيىتى بۇزۇق بەزى گۇرۇھلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئىبنۇس سەۋدا ئىسمى بىلەن تونۇلغان سانا يەھۇدىيلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەبە ئىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ قايسى مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ئىنسان ئەقلىگە كەلمەيدىغان ھەرقانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلاردىن پايدىلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەھۇدىيلار ئىسلامغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭمۇ بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن باراۋەر مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئىسلام نىزامىدا سىنىپىي پەرق يوق بولۇپ، پەقەت تۇنجى دەۋرلەردە ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ۋە بەدر غازىتىغا قاتناشقان چوڭ ساھابىلەرلا بەزى ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى - خالاس. شۇنداقلا، بىر كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كەچۈرۈۋېتىدۇ. يامان نىيەتلىك يەھۇدىيلار مانا بۇ ئىمتىيازلاردىن پايدىلىنىپ ھەردائىم ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

بۇندىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەزرىتى ئۆمەر چوڭ ساھابىلەرنىڭ ئۆزىگە مەسلىھەت بېرىشى ۋە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىشىنى چەكلىگەنىدى. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ كىشىلەرنىڭ مەركەزدىن يىراق مەملىكەتلەردە دۇنيا جەزبىسىگە بېرىلىپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىش ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بۇلارغا قاراپ: «قاراڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى مۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ» دېيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى يۇرت سىرتىغا چىقارمايتتى ۋە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان جىھاد ۋە ئىسلام ئۈچۈن قىلغان قىممەتلىك خىزمەتلىرىڭلارنىڭ ئەجرىمۇ سىلەر ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ» دەيتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەدىنە سىرتىغا چىقىشىغا ۋە خالىغان يەرگە بېرىشىغا ئىجازەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ چوڭ ساھابىلەر مەدىنىدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ، باشقا شەھەرلەرگە كېتىشتى ۋە مال - مۈلككە ئېرىشىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشتى. مەسىلەن، زۇبەير ئىبنى ئەل ئاۋامنىڭ باسرا، كۇفە ۋە مىسىردا بىردىن ئۈچ ئۆيى بار ئىدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ كۇفەدە ئۆزىگە بىر ئۆي سېلىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەرلەردىكى قورا - جاي ۋە ئېكىنزارلىقلىرىنى توختىماي ئايلىنىپ چىقاتتى.

ئۇندىن باشقا، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، زەييىد ئىبنى سابىت ۋە باشقىلارمۇ مەدىنىدە ئۆزلىرىگە قورا - جاي قىلىۋالدى. ئىسلام تېررىتورىيىسىگە يېڭى قېتىلغان شەھەرلەرنىڭ يەرلىك خەلقلىرى مانا مۇشۇ ئارقىلىق ساھابىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالايتتى.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئوسمان ئۆزى ھېچ ئۆزگەرمىگەن، ئىسلام نىزامىدىن



www.munber.org

ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتمىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىككى خەلىپىنىڭ ئەخلاق ۋە مىزانلىرىدىن پەقەتلا ئايرىلمىغانىدى.

ھەزرىتى ئوسمان ھەققىدىكى غەيۋەت ـ شىكايەت پەقەت ئۇنىڭ ئۆز يېقىنلىرىغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقى، شۇنداقلا قۇل ۋە ئەسىرلەرنىڭ مەدىنىگە تولۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغانىدى.

چوڭ ساھابىلەرنىڭ مەدىنە سىرتىغا چىقىپ كېتىشى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنى جاسارەتلەندۈرسە، خەلقنىڭ يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشى تىلىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. خەلىپە ھەققىدىكى يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىنتىزامىنى بۇزۇشقا قويۇلغان ھەرىكەتنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

سانا يەھۇدىيلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى پىتنە رەسمىي تۇردە يېيىلدى.

بۇ ئادەم يېڭىدىن فەتىھ قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئىلىمسىز خەلقىنى ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغان بەدەۋىي ئەرەبلەرنى يولدىن چىقىرىش ۋە ئەقىللىرىنى بۇلغاش ئۈچۈن ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مۇسۇلمان بولۇۋالغانىدى. ئۇ شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ (ئىسلامغا ۋە ھەزرىتى ئوسمانغا قارشى) تەشۋىق ـ تەرغىباتلارنى ئېلىپ باراتتى. ئۇ پائالىيىتىنى ھىجازدىن باشلاپ، ئۇيەردىن باسراغا، ئاندىن كۇفەگە ۋە ئاخىرىدا سۇرىيەگە ئۆتتى. ئەمما ئۇ شام خەلقىنى قوزغىتالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۇلار تەرىپىدىن قوغلاندى. ئەڭ ئاخىرى مىسىرغا بېرىپ يەرلەشتى. بۇ ئادەم نەگە بارسا، دەرھال شۇ يەرنىڭ خەلقى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بەزى شەخسلەر بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئاڭلىتاتتى ۋە ئىسلامغا بولغان كۆز ـ قارىشىنى ئېيتاتتى، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى كىتابىي تىللار بىلەن پەردازلاپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى شۇ سۆزلەر بىلەن بۇلغاشقا ئۇرۇناتتى.[1] ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنياغا قايتا كېلىدىغانلىقىنى، ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانلارغا ھەيران قالىمەن. چۈنكى اللە تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ.﴾[2] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنياغا قايتىشقا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا تېخىمۇ ھەقلىق ۋە لايىق ئەمەسمۇ؟»

---

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 149 ـ بەت؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 276 ـ ۋە 277 ـ بەتلەر.

[2] سۈرە قەسەس، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسانلار تېخى يېڭى مۇسۇلمان بولغاچقا، كونا ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ بولالمىغان، شۇنداقلا پەلسەپەۋي ئوي ـ پىكىرلەرنى چۈشەنگىدەك سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سەبە ئۇلارنىڭ زېھنىدە شۈبھە يارىتىپ، كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. بولۇپمۇ، بۇلار بىلەن بىرگە ياشايدىغان بەدەۋىيلەر (ئىلىمسىز ۋە ئىپتىدائى چۆل ئەرەبلىرى) تېخىمۇ قوپال ۋە ساددا بولۇپ، ئۇلار بىر نەرسىگە ئىشەنگەندىن كېيىن (ئۇلارنى) بۇ يولدىن قايتۇرۇش، ھەقنى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ ھىيلىگەر يەھۇدىي ھەزرىتى ئەلىنىڭ چوڭ ساھابىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر شەخس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ خەلىپىدىن قالسىلا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇندىن بۇرۇنقى خەلىپىلەرنىڭ مۇھىم ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساسالامغا بولغان يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتقان بۇ خائىن ۋە مەككار يەھۇدىي ئۇنى ئۆزىنىڭ كوزىرى قىلىپ تاللىۋالدى. ئۇ ھەزرىتى ئەلىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئىچىدە پىتنىخورلۇقنىڭ ئوت پىلتىسىنى يېقىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى ھەققىدە ھەرخىل تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزى قۇرغان بۇ پىلانلىق ھەرىكەتنىڭ بىلىنىپ قېلىشىنىڭ ۋە كىشىلەرنى شۈبھىلەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

ئۇنىڭ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئۆزىنىڭ كوزىرى قىلىۋېلىشى، ھەر يەردە ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇشى، باشقىلارغا ئۇنىڭ تەرەپدارىدەك كۆرۈنۈشى ... ئۇنىڭ يامان نىيەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ساقلاپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى ۋە بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بۇزۇق ئەقىدىلىرىنى خەلققە ئاسانلا قوبۇل قىلدۇرالايتتى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى ئەلىنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا: «ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىردىشى ئىدى. چۈنكى ھەر پەيغەمبەرنىڭ بىر سىردىشى بولىدۇ» دەيتتى.

يەنە بۇ ئادەم كېيىنچە ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كىشىلەرگە تىل ئۇزاتتى. ئۇنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن باشقا ساھابىلەردىن كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كىشىلىرىنىڭ ئالدىنقى خەلىپىگە تۇغقان بولۇش ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىشغال قىلىنغان ئورۇنلارغا كېلەلىگەنلىكىنى، ئالدىنقى خەلىپە ياشىنىپ قالغاچقا، ئۇنى قوللىرىدىكى قورچاققا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقاتقانىدى.



www.munber.org

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقەت يولىدا ئەڭ ئۈستۈن بىرى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان باشقا بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەش جائىزدۇر. ئەمما كۈچلۈك بىر مۇسۇلمانىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى (نەقەدەر پەزىلەتلىك بولۇپ كەتسە كەتسۇن، باشقۇرۇش قابىلىيىتى بولمىغان) مۇلايىم بىر مۇسۇلمانىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشىدىن تېخىمۇ خەيرلىك ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى ۋالى ۋە قوماندانلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئوسمانغا تىل تەككۈزۈش ناھايىتى ھەقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى تۇنجى پىتنە كۇفە ۋالىسى سەئىد ئىبنى ئەل ئاس ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەردىن باشلاندى، كۆپ ئۆتمەي بۇ سۆز - چۆچەكلەر خەلىپىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ سۆز - چۆچەكلەرنى ئىسلامغا يېڭى كىرگەن، ئەمما ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە نائىل بولالمىغان، قارا قورساق كىشىلەر تېپىپ چىقاتتى. مالىك ئىبنى ھارىس ئەل ئەشتەر ئەنناھىلى، سابىت ئىبنى قەيس ئەننەھى، كامىل ئىبنى زىياد ئەننەھى، زىياد ئىبنى سەيخان ئەل ئابدى، جۇندۇب ئىبنى زۇھەير ئەل غەمرى، جۇندۇب ئىبنى قەئاب ئەل ئەزدى، ئۇرۋە ئىبنى ئەل جائاد ۋە ئامىر ئىبنى ئەل ئەخمەق ئەل خۇزەي قاتارلىقلار شۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھەممىسى چۆل ۋە قەبىلە ئەرەبلىرى ئىدى.

بۇ ۋەقەلەر ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ تېخى ئون يىل ئۆتمىگەن، يەنى ھىجرىيە 34 ـ يىلى ئىدى. بۇ ئازغۇن ئادەملەر ئاۋۋال كۇفەدىن شامغا سۈرۈلدى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي يەنە كۇفەگە قايتۇرۇلدى. ئۇلار: «ھەر ئىككىلىسى بىزگە يۇرت بولمىغۇدەك» دېيىشتى. چۈنكى ئۇلار بۇ يەرلەردە كۆڭۈلدىكىدەك پائالىيەت ئېلىپ بارالمىغانىدى.

شۇڭا ئۇلار ئىجازەت ئالمايلا جەزىرەگە قاراپ يول ئالدى. ئەمما جەزىرە ۋالىسى ئابدۇررەھمان (خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئوغلى) ئۇلارغا قوپاللىق مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەشتەر مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا قەيەرنى خالىسا، شۇ يەرنى ماكان تۇتسابولىدىغانلىقىغا دائىر بىر ۋاراق ھۆججەت يېزىپ بەردى. ئۇ جەزىرەنى، يەنى ئابدۇررەھمان ئىبنى خالىد ئىبنى ئەل ۋەلىدنىڭ ۋىلايىتىنى تاللىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئىبنۇس سەۋدا (ئابدۇللاھ ئىبنى سەبە) باشقا شەھەرلەردە ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان كىشىلەر بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى ھەر يەرگە چېچىۋاتاتتى. ھىجرىيەنىڭ 34 ـ يىلى، ھەج مەۋسۇمىدە ھەزرىتى ئوسمان

جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان، ئەمر ئىبنى ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ سەرھ، سەئىد ئىبنى ئەل ئاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر قاتارلىق ۋالىلارنى ئۆز يېنىغا چاقىردى.

ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئازغۇنلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى؛ يەنە بەزىلىرى ئۇلار بۇ يوللىرىدىن قايتقىچە مۇسۇلمانلارغا تارقىتىلىدىغان غەنىمەت ماللاردىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما خەلىپە بۇ پىكىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە، ۋالىلار ئۆز ۋىلايەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، كۇفە ۋالىسى سەئىد ئىبنى ئەل ئاسنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سەئىدنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىنى ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇندىن باشقا، كۇفە خەلقىگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «تەلىپىڭلار بويىچە سەئىدنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەبۇمۇسانى سىلەرگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدىم. الله قا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ خەلىپەڭلار بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەرقانداق تەنقىد ۋە شىكايەتلىرىڭلارغا شەرەپ ۋە نۇمۇسۇم بىلەن قۇلاق سالىمەن، شۇنداقلا سىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە مۇلايىم ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. (ئەتە ـ ئۆگۈن الله نىڭ ھۇزۇرىدا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىشقا ھېچقانداق دەلىل قويماسلىق ئۈچۈن) الله قا ئاسىيلىق قىلماسلىق شەرتى بىلەن نېمە تەلەپ قىلساڭلار، شۇنى قىلىپ بېرىشكە تىرىشىمەن.»

دەل شۇ كۈنلەردە، خۇزەيفە ئىبنۇل يامان بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، بابۇل ئەبۋاب دېگەن يەرگە يۈرۈش قىلغانىدى.[①]

خەلىپىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقى ۋە ئالغان تەدبىرلىرى بۇ بەتنىيەتلەرنى يامان يولدىن توسۇپ قالالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار تەشۋىقات ۋە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە خەلقنىڭ بۇ ئازغۇنلارنىڭ كەينىگە كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بەزى ساھابىلەرنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتتى.

بۇ ساھابىلەردىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كۇفەگە، ئۇسامە ئىبنى زەيد باسراغا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ شامغا، ئەممار ئىبنى ياسىر مىسىرغا ئەۋەتىلدى.

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 138 ـ، 152 ـ، 155 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 275 ـ، 279 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ئۇنىڭدىن باشقا ساھابىلەرمۇ باشقا ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەنىدى. ئەممار ئىبنى ياسىردىن باشقىسى ياخشى خەۋەرلەر بىلەن قايتىپ كېلىشتى. پەقەت ئەممار مەلۇم ۋاقىت كېچىكىپ كەلدى ۋە خەلق ئارىسىدا بەزى سۆز - چۆچەكلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ھىجرىيەنىڭ 35 - يىلى، رەجەپ ئېيىدا مىسىردىن ھىجازغا بىر ھەيئەت كەلدى. ئۇلار ئېغىزىدا ئۆمرە ھەج قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقان بىلەن كۆڭلىدە خەلىپە بىلەن تالاش - تارتىش قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، مەدىنە ئىچىدە قالايمىقانچىلىق چىقىرىشنى پىلانلاپ كېلىشكەنىدى.

دەرۋەقە، ئۇلار خەلىپە بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئەرز - شىكايەتلىرىنى بايان قىلىشتى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇلارغا بولغان پىكىرلىرىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى شەخسەن ئۆزى ياكى ھەزرىتى ئەلى ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قاتارلىق ساھابىلەر ئارقىلىق قايىل قىلدى. مەدىنىنىڭ سىرتىدا كۈتۈۋېلىنغان بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى شەھەرگە كىرىپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىدى. ھەزرىتى ئوسمان خۇتبىسىدە بۇ كىشىلەرنى ماختاپ، ئۇلارغا الله تىن مەغپىرەت تىلىگەنىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تىلغا ئېلىپ يىغلىغاندىن سىرت، جامائەتنىمۇ يىغلاتقانىدى. بۇنى كۆرگەن مىسىرلىق ھەيئەت ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

ئەمما ئۇلار مىسىرغا بارار - بارمايلا باشقا ۋىلايەتنىڭ يەرلىك خەلقلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە قۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ۋە ۋالىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىشقا كۈشكۈرتتى. مەدىنە مەركەز بولغاچقا، بۇ يەردە ئىسيان كۆتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇ يەردىن تارقالغان پىتنە باشقا يەرلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالاتتى.

تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئۆتكەن بۇ ئازغۇنلارنىڭ سانى 600 دىن 1000 غىچە بولۇپ، بۇ ئازغۇنلار كۈشكۈرتكەن كۇفە ۋە باسرالىق ئازغۇنلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقتى، ھەممىسى ھىجازدا بىر يەرگە كەلمەكچى ئىدى. ھەر بىر يۇرتتىن يولغا چىققان ئازغۇنلار تۆتتىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ بېشىدا بىردىن مەسئۇل كىشى بار ئىدى ۋە ھەممە گۇرۇپپىغا بىر رەئىس مەسئۇل بولۇپ، بارلىق ئىشلارنى ئۇ ئورۇنلاشتۇراتتى.

ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلار ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللەنگەنىدى. مىسىرلىق ئازغۇنلارنىڭ بېشىدا ئەل غەفىقى ئىبنى ھارب ئەل قەئقى بار بولۇپ، يەھۇدىي ئابدۇللاھ ئىبنى سەبە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى كۆرسىتىپ، خەلىپىلىك ئورنىغا ئۇنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى. كۇفەلىك ئازغۇنلارنىڭ

بېشىدا ئەمر ئىبنى ئاسام، ئۇنىڭ يېنىدا زەيد ئىبنى سەھۋان ئەل ئابدى؛ باسرالىق ئازغۇنلارنىڭ بېشىدا ھەركۇس ئىبنى زۇھەير ئەل سەئدى، ئۇنىڭ يېنىدا ھەكىم ئىبنى جەبە ئەل ئابدى بار ئىدى.

بۇ ئازغۇنلار ناھايىتى چوڭ ھەج ئۆمىكىنىڭ ئارىسىغا قېتىلىۋالغاچقا، ئۆمەك مەسئۇللىرى يول بويى بۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇنداقلا، بۇ ئازغۇنلارنىڭ ئىسلامنىڭ مەركىزىگە بېرىپ، خەلىپىگە سۇيىقەست قىلىپ قېلىشىنى ئەقلىگە كەلتۈرۈپمۇ باقمىغاچقا، ئارىلىرىدا بۇنداق ئۆكتىچىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاجىلار بىلەن بىللە يولغا چىقىشى ياكى مەدىنىگە كىرىشىنى توسۇش كېرەك دەپ ئويلاشمىغانىدى.

ئۈچ ئايرىم نۇقتىدىن يولغا چىققان بۇ ئازغۇنلار مەدىنىگە يېقىنلاپ كېلىشتى. پىلان بويىچە مىسىرلىقلار زىل مەرۋەگە، كۇفەلىكلەر ئەل ئەئۋاسقا، باسرالىقلار زىل ھاشابقا چۈشتى. بۇ ۋاقىتچە مەدىنە خەلقى يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇلار بۇ ئادەملەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى خالىمايتتى. ھەتتا بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپمۇ ئۆلگۈرگەنىدى. ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بۇ ئازغۇنلارنىڭ مەدىنىگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئاتلىنىشىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا دەرھال ئاۋاز قوشتى. ئۇنىڭدىن باشقا تەلھە، زۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ۋە باشقا مۆتىۋەر ساھابىلەرمۇ ھەزرىتى ئوسمانغا ھەمراھ بولدى. ئازغۇنلار ساھابىلەرنىڭ ھىجرەت يۇرتىنى (مەدىنە مۇنەۋۋەرنى دېمەكچى ـ ت) ئۆزلىرىدىن قەتئىي قوغداش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇشتى.

بولۇپمۇ، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا خىتاب قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىدىغان ۋە شەرىئەت ھۆكمىگە شەرتسىز بويۇن ئېگىدىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇلار دەرھال ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىدىغانلىقىنى ۋە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتى ۋە كەينىگە قايتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار مەدىنە ئۈچۈن ئەنسىرىگۈدەك بىرەر ئىشنىڭ قالمىغانلىقىنى، خەتەرلىك پەيتلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، مەدىنىگە قايتتى. ئەمما ئۇلار مەدىنىگە كىرەر ـ كىرمەي كۆزلىرىگە ھەيران قېلىشتى. چۈنكى كوچىلاردا تەكبىر ئاۋازلىرى جاراڭلايتتى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيى قورشىۋېلىنغانىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار خەلىپىنىڭ مىسىر ۋالىسىغا مەكتۇب ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى قايتىپ بارغاندا بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈش ئەمرى بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ

www.munber.org

مىسىرغا قايتىشنى خالىمىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئاندىن يانلىرىدىن خەلىپىنىڭ مىسىر ۋالىيسىغا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىلىق ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپنى چىقىرىپ، ئۇنى ھەزرىتى ئەلىگە بۇ ئىشنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسىتىشتى. ھەزرىتى ئەلى:

ـ ئۇنداقتا، بۇ كۇفەلىكلەرگە نېمە بولدى؟ ئۇلار نېمىشقا يۇرتلىرىغا قايتمىدى؟ ـ دەپ ناھايىتى نارازى كەيپىياتتا سورىدى. كۇفەلىكلەر:

ـ بىز (مىسىرلىق) دوستلىرىمىزغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ۋەدە بەردۇق، شۇڭا... دەپ پەرۋاسىزلارچە جاۋاب بېرىشتى. باسرالىقلارمۇ ھەم شۇنداق دېيىشتى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئۇلارنىڭ مەدىنىگە كىرىش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلىغان ھىيلىسى ئىدى. شۇنداقلا، مىسىرلىق ئۆكتىچىلەر يانلىرىدىن چىقىرىپ ھەزرىتى ئەلىگە كۆرسەتكەن مەكتۇبمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلى ئىدى.

ئۆكتىچىلەر دەسلەپىدە ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى بەكمۇ چىڭ قورشاۋغا ئالمىدى، شۇڭا ھەزرىتى ئوسمان سىرتقا چىقاتتى، جامائەتكە ئىمام بولاتتى، ساھابىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاتتى، ئۇمۇ ساھابىلەرنى يوقلاپ تۇراتتى. كېيىنچە ئىش چىڭغا چىققىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئوسمان ھەرقايسى ۋالىيلارغا خەۋەر يوللاپ، ئۆزىگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشىنى ۋە بۇ ئاسىيلارنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمما ئاسىيلار ھەببە ئىبنى مەسلەمەنىڭ شامدىن، مۇئاۋىيە ئىبنى خۇدەيجنىڭ مىسىردىن، قەئقە ئىبنى ئامىرنىڭ كۇفەدىن ۋە مۇشەجى ئەس سۇلەمىنىڭ باسرادىن (خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن) مەدىنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورشاۋنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بىر جۈمە كۈنى، ھەزرىتى ئوسمان يەنە جۈمە نامىزىدا جامائەتكە ئىمام بولۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. جۈمە خۇتبىسىدا ئاسىيلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بىر ۋاقىتتا، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئورنىدىن تۇرۇپ مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە خەلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۆكتىچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ھەكىم ئىبنى جەبەلە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىشقا ئۇرۇندى. زەيد ئىبنى سابىت ئۇنى توسماقچى بولۇۋىدى، ئۆكتىچىلەرنىڭ يەنە بىر كاتتىبېشى مۇھەممەد ئىبنى قۇتەيرە ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئارىسىدا غەليان چىقتى ۋە ھەممىسى بىر ـ بىرىگە تاش ئېتىشقا باشلىدى. ئېتىلغان تاشلاردىن بىرى ھەزرىتى ئوسمانغا تېگىپ كېتىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى دەرھال ئۆيىگە يۆتكەپ چىقتى. ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى بۇ يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولغان ئاسىيلارغا بەكمۇ شىددەتلىك نارازىلىق بىلدۈرۈشتى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن، سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس، ئەبۇھۇرەيرە، زەيد ئىبنى سابىت ۋە باشقا بىر قانچە ساھابە بىرلىشىپ ئاسىيلارغا قارشى قورال ئىشلەتمەكچى بولدى. ئەمما خەلىپە ئۇلارغا رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى سەۋەبلىك بىرەر ئىشنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەلى، تەلھە ۋە زۇبەير بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئۆيىگە قايتقاندا، ئۆيىنىڭ ئەتراپىنىڭ پۈتۈنلەي قورشالغانىدى. شۇ بىر كىرىپ كەتكەنچە، تاكى شېھىت بولغانغا قەدەر ئۆيىدىن سىرتقا چىقالمىدى.

ھەزرىتى ئوسمان ئۆيىگە قامىلىپ قالغان بۇ كۈنلەردە، ئاسىيلار مىسىرلىق ئەل غەفىقى ئىبنى ھارب ئەل قەئقىنى جامائەتكە ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى ياكى تەلھە مەسجىدتە بولۇپ قالسا، ئۇ ئىككىسىدىن بىرى ئىمام بولاتتى.

ئازغۇنلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇشنىمۇ چەكلىدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەلى، تەلھە، زۇبەير، ھەزرىتى ئائىشە ۋە مۆئمىنلەرنىڭ باشقا ئانىلىرىغا خەۋەر يوللاپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە راملە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. ئۇلار ئاسىيلارغا تىل - ئاھانەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، بۇ ئاسىيلارغا ئارتۇق گەپ قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى قالمىغانىدى.

بەزىدە ھەزرىتى ئوسمان ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارغا نەسىھەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ باقاتتى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار شۇنداق ۋەھشىيلىشىپ كەتكەنىدىكى، بىر قېتىم ئۇممۇ ھەبىبە ھەزرىتى ئوسمانغا سۇ ئېلىپ كەلگەنىدى، ئاسىيلار ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ قېچىرىنى ئۈركۈتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. بۇ ھۆرمەتسىزلىك مەدىنە خەلقىنى چۆچۈتۈپ قويدى، ھېچكىم سىرتقا قورالسىز چىقمايدىغان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت شەھىرى بولغان مەدىنىدە «ئامانلىق» لىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرىگەن ساھابىلەر بالىلىرىنى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۆيىگە ئەۋەتتى. بۇلار: ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۇسەن، تەلھەنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ۋە باشقا بىرنەچچە ياش يىگىت ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان بۇلاردىن ئاسىيلارغا قارشى ھەرگىز قورال ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى ۋە ئەكسىچە ھەرىكەت قىلماقچى بولغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى.

www.munber.org

ئۇ ۋاقىتلاردا، ھەزرىتى ئائىشە ھەجگە بېرىشقا نىيەت قىلغانىدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۇ يىل ھەجگە بارماقچى بولغانلارغا مەسئۇل قىلدى. ئابدۇللاھ باشقا ياش دوستلىرى بىلەن بىللە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن مەدىنىدە قېلىشنى خالىسىمۇ، ھەزرىتى ئوسمان ئۆز ئەمرىدە چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەجبۇرىيي يولغا چىقتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۆكتىچىلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، شامدىن كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ۋادىل قۇراغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاسىيلار ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇشتى. ئەمما ئىشىكنى قوغداپ تۇرغان (ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن، زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، تەلھەنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ھاكەمنىڭ ئوغلى مەرۋان، ئاس ئوغلى سەئىد ۋە باشقا) ياش ساھابىلەر ئۇلارنى توسۇۋالدى. ئەمما ئازغۇنلار تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيى بىلەن ئۆمەر ئىبنى ھازىمنىڭ ئۆيى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق ئارقىلىق ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشىككە ئوت قويۇۋەتتى.

ۋەزىيەت بۇ ئەھۋالغا يەتكەن بولسىمۇ، ھەزرىتى ئوسمان ياش ساھابىلەرنىڭ قولىنى قان قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى ۋە ئاسىيلارغا قارشى قورال ئىشلەتمەسلىكنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى پەقەت خەلىپىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق ئۈچۈنلا قولىدىكى قىلىچنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئەمما ۋەھشىيلىشىپ كەتكەن بۇ ئاسىيلار بۇ ياش ساھابىلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا خەلىپىنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بەدبەخ ئەل غەفىقى ئىبنى هارب ئەل قەئقى ھەزرىتى ئوسماننىڭ بېشىغا بىر پارچە تۆمۈر بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنى شېھىت قىلدى. ھەزرىتى ئوسماننى قوغداش ئۈچۈن ئارىغا كىرگەن (ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئايالى) نائىلەگە ئېتىلىپ كەلگەن قۇتەيرە ئىبنى ھەمران ئىسىملىك ئاسىي بىر ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. بۇ ئاسىينىڭ قېرىندىشى سۇدان ئىبنى ھەمران ۋە قىنانە ئىبنى بەشىر ئىبنى ئۇتابمۇ خەلىپىنىڭ قاتىللىرى ئارىسىدا ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، ھەزرىتى ئوسماننى ئامر ئىبنى ئەل ئەخمەق ئىسىملىك بىر ئاسىي شېھىت قىلغانىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى سۇدان ئىبنى ھەمراننى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاكىسى قۇتەيرە ئىبنى ھەمران خىزمەتچىنى شېھىت قىلدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ يەنە بىر خىزمەتچىسى قۇتەيرە ئىبنى ھەمراننى ئۆلتۈرىۋەتتى. ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئاسىيلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ مۇسىبەت الله ئورۇنلاشتۇرغان

ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىر ئىدى ـ ئەلۋەتتە! تۆت خەلىپىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان ھىجرىيە 35 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى شېھىت قىلىندى. ئۇ 12 كۈن كەم 12 يىل خەلىپىلىك قىلدى، شېھىت بولغان ۋاقتىدا، 82 يېشىدا ئىدى.

ھاجىلار مەدىنىگە قايتىپ، خەلىپىنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىنى ۋە شەھەر ئامانلىقىنىڭ تېخى تولۇپ ئورنىتىلىپ بولۇنمىغانلىقىنى كۆردى.

مەشھۇر ئۇرۇمە قۇدۇقىنى ئۈز پۇلىغا سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە سۇنغان، قۇرئانى كەرىمنىڭ بۈگۈنكى شەكلىدە قىلىپ رەتلىگەن ۋە جامائەت كۆپىيىپ كېتىپ، مەسجىدكە پاتمىغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن مەسجىدنى كېڭەيتىپ ياسىغان كىشى ھەزرىتى ئوسمان ئىدى. ئۇنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ پەزىلەتلىك ئىشلىرى باردۇر. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن![1]

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 156 ـ، 187 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 281 ـ، 325 ـ بەتلەر.



www.munber.org

# ھەزرىتى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياتى

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، كۈيئوغلى (قىزى فاتىمەنىڭ يولدىشى)، تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ تۆتىنچىسى، ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغانلاردىن ۋە دۇنيادا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون چوڭ ساھابىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ ھىجرەتتىن 23 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 30 ياش كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدىمەنافتۇر. ئۇ، «ئەبۇ تالىپ» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تاغىسى بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى مەككە مۇشرىكلىرىدىن كۆپ قوغدىغان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئىمان ئېيتمىدى ۋە كاپىر پېتى ئۆلۈپ كەتتى.[1] ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئانىسى ئەسەد ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدىمەنافنىڭ قىزى فاتىمە بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغانىدى. چۈنكى دادىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ناچار بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بالا ـ چاقىسى كۆپ ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا تاغىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدى ۋە ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، بەزى بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ تالىپ ئۇلارغا: «بالىلىرىمدىن خالىغىنىنى ئېلىڭلار، ئەمما ئۇقەيلنى ماڭا قويۇڭلار!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى، ھەزرىتى ئاببباس جافەرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەلىرىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى چۈشكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلىمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ باشقىلىرىغا ئوخشاش دەرھال ئىمان ئېيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى ئون ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. ھەزرىتى ئەلى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان تۇنجى بالا

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 3 ـ جىلد، 190 ـ، 195 ـ بەتلەر.

مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇتقا پەقەتلا چوقۇنمىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىسلام تەربىيىسىدە چوڭ بولدى.

ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان كېچىسى سۈيىقەستچىلەرنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە، شۇنچە چوڭ خەتەرگە قارىماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆشىكىگە كىرىپ ياتقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زىممىسىدە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانىتى قالغانىدى، ئۇ مەككىدە قېلىپ، ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

كۆپ ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇشلار باشلىدى، ھەزرىتى ئەلى بۇ جەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭ قەھرىمانىغا ئايلاندى. ئۇ ئىسلام قوشۇنلىرى سېپىدا دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلاتتى ۋە دۈشمەنلەرگە پەقەتلا ئارام بەرمەيتتى. مەسىلەن، ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى يۈز بەرگەن بەدرى جېڭىدا ئۇ يەكمۇ يەك ئېلىشىپ، قۇرەيش پالۋانلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنى ئۆلتۈردى، ئارقىدىن تاغىسى ھەمزەگە ياردەملىشىپ، ۋەلىدنىڭ دادىسى ئۇتبەنىمۇ يەرگە يىقىتتى.

ھەزرىتى ئەلى بەدرى جېڭىدىن كېيىن ھەزرىتى فاتىمەگە ئۆيلەندى. ئۇنىڭ ئۇھۇد جېڭىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى بەدرى جېڭىدىكىدىن قالمايتتى. ھەر ئىككى جەڭگە تاغىسى ھەمزە بىلەن بىللە قاتناشتى، ئۇ ئىككىسى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەڭ كۈچتۈڭگۈر پالۋانلىرى ئىدى. بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەلى جەڭ قەيەردە قىزىپ كەتسە، دەرھال شۇ يەردە پەيدا بولاتتى. دۈشمەنلەر ئەتراپىنى قورشىۋالسىمۇ، يەنە بىردەمدىلا تىرىپىرەن بولۇشۇپ كېتەتتى. چۈنكى ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قاچقانلىرىنىڭ كەينىدىن ئۆزى قوغلاپ كېتەتتى.

شۇنداقلا، «خەندەك ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان، مەدىنىنى مۇشرىكلارنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدا ھەزرىتى ئەلى دۈشمەنلەرگە قارشى پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن مۇداپىئەدە تۇردى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مەشھۇر پالۋانلىرىدىن بىرى بولغان ئامىر ئىبنى ۋۇدۇل ئامىرى قاتارلىق بەزى مۇشرىكلار خەندەكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىشكە ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، توخۇ يۈرەك پالۋانلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى دەرھال سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشتى ۋە كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلار بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى، ئۇلاردىن خېلى يىراق بىر يەردە تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇ ئازغۇننى يەڭگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.



www.munber.org

ھەزرىتى ئەلى مەككە فەتھىنىڭ ھارپىسىدا يۈز بەرگەن «رىزۋان بەيئىتى» دىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدى. خەيبەر جېڭىدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئىسلام قوشۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا تەبۇكقا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ مەدىنىگە ئەمىر بولۇپ قېلىپ قالدى. ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ مەدىنىدىن يولغا چىققىپ بولغاندىن كېيىن بەرائەت سۈرىسى نازىل قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ھەزرىتى ئەلىگە تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چېغىدا ئۇنىڭغا بولغان رازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. كېسەل تارتىپ قالغان ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئەلىگە يۆلىنىپ مەسجىدكە چىقاتتى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى ھەزرىتى ئەلى ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغانلاردىن بىرى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ كۈنلەردە ھەزرىتى فاتىمەنىڭ (دادىسىنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن) كېسەللى بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇڭا ئۇ پەقەت جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا سىرتقا چىقاتتى ۋە نامازدىن كېيىن دەرھال ئۆيىگە قايتاتتى. ھەزرىتى فاتىمە شۇ كېسەل بولغىنىچە، دادىسى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە ئاي كېيىن بۇ دۇنياغا كۆزلىرىنى يۇمدى. بۇ جەرياندا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پات - پات كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى ۋە بەزى ئىشلاردا ھەزرىتى ئەلى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى.

ھەزرىتى ئەلى ھەر دائىم ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىدا بولدى. بولۇپمۇ مۇرتەدلەر، زاكات بېرىشنى خالىمىغانلار ۋە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغانلار چىقارغان قالايمىقانچىلىقلاردا ئۇ ھەمىشە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى قوللاپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆز ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنى خەلىپە قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولغاندا: «ئۇنىڭدىن باشقىسىنى خالىمايمىز!» دەپ ۋارقىرىغىنىمۇ ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرگىمۇ ھەر دائىم يار - يۆلەك بولدى، ئىشلىرىغا ياردەملەشتى ۋە ئۇنىڭ قازىلىقىنى قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر دائىما: «ئەبۇ ھەسەن (ھەسەننىڭ دادىسى) مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قازىدۇر» دەپ ئۇنى ماختايتتى ۋە مەدىنىدىن سىرتقا چىقسىلا، ئۇنى ئۆز ئورنىغا نائىب قىلىپ قوياتتى. ھەردائىم ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالاتتى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

ھەزرىتى ئەلى قىزى ئۇممۇ گۇلسۇمنى ھەزرىتى ئۆمەرگە ئۆيلەندۈرۈپ قويغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەر سۈيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بىر نەچچە ساھابىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەت بىلەن ئۆز ئارىلىرىدىن بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىشىنى تاپشۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئەلىمۇ بار ئىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئۆمەر: «ئەگەر ئۇلار شۇ پايىنەكۋاشنى تاللىسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئىشىنى يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىرى ئىدى» دەپ ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى مەمنۇنىيىتى ۋە ئارزۇسىنى تىلغا ئالغانىدى. بىر ئىشقا قارار بېرىشتە، توغرا مۇئامىلە قىلىشتا، ئوي - پىكىرلىرىدە ۋە الله نىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ھېچكىمنىڭ گەپ - سۆزىگە پەرۋا قىلماسلىقتا ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەڭ ئوخشايدىغىنى ھەزرىتى ئەلى ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا دەرھال بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولدى. ھەزرىتى ئوسمانمۇ ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلاتتى. ئاسىيلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشاۋغا ئالغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەلى ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئوسمان تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دەرۋەقە، قورشاۋ جەريانىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى كېچە - كۈندۈز ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىشىكىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ، ئۇنى قوغدىدى.

ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى. ئۇ باشتا بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ خەلىپە بولۇشنىڭ ئورنىغا ھەردائىم خەلىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشنى تېخىمۇ ياقتۇراتتى. ئەمما ساھابىلەر ئىسلام ئۈممىتىنى ئۇ كۈنلەردىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۈممەتنى بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدىدە (گەرچە خالىمىسىمۇ)، خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار بەكمۇ پەرىشان ئەھۋالدا بولۇپ، ساھابىلەر شۈبھىلەردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشتى، ھەتتا بەزىلىرى ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەتمۇ قىلمىدى.[①]

بۇ ۋاقىتلاردا، سۈرىيە ئەتراپى شام ۋالىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇمۇ ۋەزىيەت مۇقىملاشقىچە ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنى قايغۇلاندۇرغان ۋە ھەر ۋاقىت قايغۇلاندۇرىدىغان قانلىق

[①] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 195 ـ بەت.

www.munber.org

ۋەقەلەر يۈز بەردى. ۋە نىهايەت، هەزرىتى ئەلى هىجرىيەنىڭ 40 ـ يىلى، رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە بامدات نامىزى ۋاقتىدا، خاۋارىجلاردىن ئابدۇررەھمان ئىبنى مۈلجەم ئەل ھۇمەيرى ئىسىملىك بىر قانخور تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. مېيىت نامىزىنى ئوغلى ھەزرىتى ھەسەن چۈشۈردى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

ھەزرىتى ئەلى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەگە ئۆيلەندى ۋە ئۇ (ھەزرىتى فاتىمە) ھايات ۋاقتىدا باشقا ھېچكىمگە ئۆيلەنمىدى. فاتىمە ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇممۇل بەنىن بىنتى ھارام ئەل كىلابىييەگە ئۆيلەندى. بۇ ئايالدىن ئابباس، جافەر، ئابدۇللاھ ۋە ئوسمان ئىسىملىك باللىرى تۇغۇلدى، ئەمما ھەممىسى ھەزرىتى ھۈسەين بىلەن بىرلىكتە كەربالادا قەتىل قىلىندى. بۇ تۆت قېرىنداش ئىچىدە ئاببastتىن باشقىلىرىدىن ئەۋلاد قالمىغاندى.

ھەزرىتى ئەلى كېيىنچە، لەيلا بىنتى مەسئۇد ئەل تەمىمىييەگە ئۆيلەندى. بۇ ئايالدىنمۇ ئابدۇللاھ ۋە ئەبۇبەكرى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى تۇغۇلدى. بۇلارمۇ باشقىلىرىدەك ھەزرىتى ھۈسەين بىلەن بىرلىكتە كەربالادا شېھىت قىلىندى. ھەر ئىككىسىدىن ئەۋلاد قالمىدى.

ئۇندىن باشقا، ئەسما بىنتى ئۇمەيس ئەل ھۇسۇمىييەگە ئۆيلەندى. بۇرۇن بۇ ئايال ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاكىسى جافەرنىڭ ئايالى ئىدى. جافەر «مۇتە جېڭى» دا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇ ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى ۋە مۇھەممەد ئىسىملىك بالىسى دۇنياغا كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايال ھەزرىتى ئەلىگە نىكاھلاندى. ئەسما ھەزرىتى ئەلىدىن يەھيا، مۇھەممەد ئەل ئەسغەر ۋە ئەين ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. ئەمما ئۈچىلىسىنىڭ نەسەبى ئۈزۈلدى (باللىرى يوق ئىدى دېمەكچى ـ ت).

ئاندىن بەنى تەغلىب قەبىلىسىدىن ئۇممۇ ھەبىبە بىنتى زەمئاغا ئۆيلەندى. بۇ ئايال خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىراقنىڭ ئەينۇت تەمىر دېگەن يەرنى فەتىھ قىلغان ۋاقىتتا ئەسىر ئالغانىدى. ئۇممۇ ھەبىبە ھەزرىتى ئەلىدىن ئۆمەر ۋە رۇقىيە ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتلىك بولدى. ئۆمەر 35 يېشىدا ۋاپات بولدى ۋە ئۇنىڭ نەسەبى داۋاملاشتى.

ئۇندىن كېيىن، ئۇممۇ سەئىد بىنتى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ئەس سەقافىييەگە ئۆيلەندى. بۇ ئايالدىن ئۇممۇل ھەسەن ۋە راملە ئەل كۇبرا ئىسىملىك ئىككى قىز تۇغۇلدى. ۋە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بىر كۈيئوغلى ئەبۇل ئاسنىڭ قىزى، يەنى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ھەمشىرىسى زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامەگە ئۆيلەندى. بۇ ئايالدىن مۇھەممەد ئەل ئەۋسات تۇغۇلدى.

ئەلى ئاخىرىدا، بەنى ھانىفە قەبىلىسىدىن ھەۋلە بىنتى جافەرگە ئۆيلەندى. بۇ ئايال مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى ۋاقتىدا خالىد ئىبنى ۋەلىد تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. بۇ ئايالدىنمۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەل ھەنەفىيىيە دەپ تونۇلغان مۇھەممەد ئەل ئەكبەر ئىسىملىك بالىسى تۇغۇلدى.

ھەزرىتى ئەلى ۋاپات بولغان ۋاقىتتا تۆت ئايالى ۋە 19 چۆرىسى بار ئىدى. ئانىلىرىنىڭ ئىسمى بىلىنمىگەن قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇممۇھانى، مەيمۇنە، زەينەپ ئەس سۇغرا (كىچىك زەينەپ)، راملە[1] ئەس سۇغرا (كىچىك راملە)، ئۇممۇ گۇلسۇم ئەس سۇغرا (كىچىك ئۇممۇ گۇلسۇم)، فاتىمە، ئۇمامە، خەدىچە، ئۇممۇل كىرام، ئۇممۇ جافەر، ئۇممۇ سەلەمە ۋە جۇمانە.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ 14 ئوغۇل، 17 قىز، جەمئىي 31 بالىسى بولغانىدى. ئەمما بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەربالادا شېھىت قىلىنغان بولۇپ، نەسەبى پەقەت بەش بالىسى ئارقىلىقلا داۋاملاشتى. بۇلار: ھەزرىتى ھەسەن، (نەۋرىسى ئەلى زەينەل ئابىدىن ئارقىلىق) ھەزرىتى ھۈسەيىن، مۇھەممەد ئىبنى ئەل ھانىفىيىيە، ئاببا س ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار ئىدى.[2]

ھەزرىتى ئەلىنىڭ مازىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭ كۇفەگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى ۋە كېيىنچە بالىلىرى تەرىپىدىن مەدىنىگە كۆچۈرۈلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا، مەخپىي دەپنە قىلىش ئۈچۈن تاۋۇتىنىڭ بىر تۆگىگە ئارتىلغانلىقىنى ۋە تۆگىنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر يوقاپ كەتكەنلىكىنى، تاۋۇتنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك بايلىق بار دەپ ئويلىغان بىر توپ كىشىنىڭ تۆگىنى تىقىۋالغانلىقىنى، ئەمما تاۋۇتنى ئېچىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مېيىتىدىن باشقا نەرسە تاپالمىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنى تەي تېغىغا دەپنە قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ.

بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر بەكمۇ كۆپ ھەم ھەرخىل بولۇپ، قولىدا ھېچقانداق دەلىلى بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭ مازارلىقىنىڭ نەجەفتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنماقتا.[3]

[1] راملە ــ ئۇيغۇرچىدىكى راملە ـ ت.
[2] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 404 ـ ۋە 405 ـ بەتلەر.
[3] «ئەل كامىل» 3 ـ جىلد، 404 ـ بەت؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 517 ـ ۋە 518 ـ بەتلەر.



www.munber.org

# ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى

ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مەدىنە ئىگىسىز قالغانىدى. بۇ ئارىدا، ئۆكتىچىلەرنىڭ كاتتىبېشى ئەل غەفىقى ئىبنى ھارب ئەل قەئقى ھۆكۈمرانلىقنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. ئەلۋەتتە، پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇ ئۆكتىچىلەر كونترول قىلىۋالغانىدى. مەدىنىنىڭ ئەسلى خەلقى (كۆپىنچىسىنى ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى تەشكىل قىلىدۇ) ھېچقانداق ئىشقا ئارىلىشالمايتتى، ئارىلىششقىمۇ پېتىنالمايتتى. بۇ ۋەزىيەت بەش كۈن داۋاملاشتى.

بۇ ئەھۋالنىڭ تۈزىتىلىشى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن چوقۇم بىر خەلىپە تەيىنلىنىشى كېرەك ئىدى - ئەلۋەتتە! ئەمما كىم خەلىپە بولىدۇ؟ بۇنى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئويلىشىپ، ئۆز ئارىلىرىدىن بىرىنى تاللىشى كېرەك ئىدى.

ئاسىيلار قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئالدىنقى خەلىپىنى چوقۇم ئۆرۈۋېتىشنى نىيەت قىلىشقانىدى ۋە ئاخىرىدا شۇنداق قىلدى. ئەمما ئۇلار يېڭى خەلىپە ھەققىدە بىر - بىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشتى. چۈنكى ھەر بىر ۋىلايەتتىن كەلگەن ئاسىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بار ئىدى. مىسىرلىقلار ھەزرىتى ئەلىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا قەتئىي يېقىنلاشمىدى.

باسرالىقلار تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنى تاللىدى، ئەمما ئۇنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ھېچيەردىن تاپالمىدى. كۇفەلىكلەر بولسا، زۇبەير ئىبنى ئەل ئاۋامنى تەلەپ قىلىشتى، ئەمما زۇبەيرمۇ ئۇلاردىن قېچىپ، قەتئىي قوبۇل قىلمىدى.

بۇ سىياسىي بوھران جەريانىدا كۇفە ۋە باسرالىقلار قىيىن ئەھۋالدا قالدى ۋە مىسىرلىقلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان ۋە قوللىماقچى بولغان شەخسلەرنى قايىل قىلالمىغاچقا ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالمىغانىدى. مىسىرلىقلارنىڭ ۋاقتىنچە بۇ قىيىنچىلىقى يوق ئىدى. چۈنكى مىسىرلىق ئازغۇنلارنىڭ كاتتىبېشى بۇ قالايمىقانچىلىقتا مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغانىدى.

بۇ ئۈچ ساھابە ئاسىيلارنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، ئاسىيلار يەنە چوڭ ساھابىلەردىن سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاسنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ئەمما ئۇمۇ باشقا كېڭەش ئەزالىرىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

ئۇنىڭسىزمۇ باشتىلا ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن ئابدۇللاھ بۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئۇ چوڭ ساھابىلەردىنمۇ بەكرەك قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى.

ئاسىيلار بۇ ھەقتە بەكمۇ چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئىسلام خەلىپىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تەيىنلىيەلمەيۋاتاتتى. شۇنداقلا، مەدىنە خەلقىمۇ ئوخشاشلا قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىدى. چۈنكى مەدىنە ـــ ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى پايتەختى ئاسىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئاسىيلار خالىغىنىنى قىلاتتى، ئەمما مەدىنىلىكلەر چارىسىز بولۇپ، ھېچبىر ئىشقا ئارىلىشالمايتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ خەتەرلىك پەيتتىن قۇتۇلۇش ۋە دۆلەت ۋەزىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر خەلىپە سايلاش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى ئەلى ھەم كېيىنكى ئەزاسى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ۋە ئىسلام ئۈچۈن بىباھا خىزمەتلەرنى قىلغان، جەڭ مەيدانىدا جان پىدالىق بىلەن جىھاد قىلغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ كەڭ مەلۇماتى، ئىلىم ۋە ئىرپانى، بەكمۇ قىممەتلىك فىقھى بىلىملىرى ئۇنىڭ لاياقىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلاتتى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇ شۇ دەۋردىكى زاماندىشلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇڭا مەدىنە خەلقى توپلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە رەھبەرلىكنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇ رەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «رەھبەرلىكتە كۆزۈم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەمىر بولۇش ئەمەس، ۋەزىر بولۇش (خەلىپە بولۇش ئەمەس، مەسلىھەتچىسى بولۇش) مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىراق. سىلەر مەندىن باشقا كىمنى تاللىساڭلار، مەن ئۇنىڭغا رازى.»

بۇ ئىش ئۇزىراپ كەتتى، ھەم باشقا ۋىلايەتلەردىن كېلىۋاتقان قوشۇن مەدىنىگە كىرىشكە ئاز قالغانىدى. ئاسىيلار ئۇلارنىڭ كېلىپ شەھەرنى ئۆز كونتروللىقىغا ئېلىشىدىن ۋە ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى تېپىپ جازالاندۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ ئىشنى تېز سۈرئەتتە ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە ھەش - پەش قىلىپلا بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەشكە ئۇرۇناتتى. ئەمما بۇ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ قولىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەققى ئىدى.

ئەگەر ئۇلارغا خەلىپىنى تاللىغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالىسا ۋە (ئەڭ يامان ئېھتىمال بولغاندا) مەدىنىدىكى كۈچلىرىنى قوغداپ قالالىسا، خەلىپە ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىناتتى ۋە شەھەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى جازالاشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. ياكى سانى كۆپ بولغاچقا ھېچكىم ئۇلارغا (ئاسىيلارغا) چېقىلالمايتتى ۋە ئۇلارغا قارشى ھېچقانداق جازا



www.munber.org

يۈرگۈزەلمەيتتى. ئەگەر مەدىنىنى قوغداشقا كەلگەن ئەسكەرلەر خەلىپە تاللىنىشتىن بۇرۇن مەدىنىگە يېتىپ كېلەلىسە، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئۆزلىرىدىن (ئاسىيلاردىن) قاتتىق نەپرەتلىنىپ تۇرغان مەدىنىلىكلەر يېتىپ كەلگەن قوشۇنغا قېتىلىپ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئالاتتى ۋە ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى چوقۇم جازالاندۇراتتى. ئۇندىن كېيىن خەلق ئۇلار (ئاسىيلار) خالىغاننى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى خالىغان بىرىنى خەلىپە قىلىپ تاللايتتى.

ئىشنى مانا بۇ نۇقتىدىن باشلىغان ئاسىيلار ھەممىدىن بۇرۇن دەرھال بىر خەلىپە تەيىنلەش ئارزۇسىدا ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئەگەر بىرى دەرھال خەلىپىلىككە تەيىنلەنمىسە، ئۇلار (ئاسىيلار) مەدىنە خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ كېچەش ئەزالىرىنى ۋە چوڭ ساھابىلەرنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى، خەلىپىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى قەتلى قىلىدىغانلىقى ۋە مەدىنىدە كىمنى كۆرسە ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالماقچىمۇ بولۇشتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ پىلانى ئىدى.

دەرۋەقە ئۇلار خەلقنى بىر يەرگە يىغىپ:

«ئەي مەدىنىلىكلەر! سىلەرگە ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمىز. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بىرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىسەڭلار تەيىنلىدىڭلار، بولمىسا ھەزرىتى ئەلى ۋە زۇبەيردىن باشلاپ بىرمۇنچە كىشىنى ئۆلتۈرىمىز!» دەپ ئېغىر تەھدىت سالدى.

پۈتۈن مەدىنە خەلقى، چوڭ ساھابىلەر ھەتتا ئىسلام دۆلىتى بەكمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. خەلقمۇ يىغىلىپ ئۇنىڭغا:

— بىز سېنى تاللىدۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى سەنمۇ كۆرۈۋاتىسەن،- دەپ ئۇنى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا:

- مېنى زورلىماي، باشقا بىرىنى تېپىڭلار. چۈنكى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدۇقكى، بۇ ۋەقەنىڭ ھەرخىل سەپلىرى، ھەرخىل رەڭلىرى ۋە چېھرىلىرى بار. بۇنىڭغا يۈرەك چىدىمايدۇ، ئەقىل يەتمەيدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما مەدىنىلىكلەر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى ۋە:

- الله ھەققىدە سېنى بۇ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىمىز. بىز كۆرۈۋاتقان كۈنلەرنى سەن كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئىسلامنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ كۆزلىرىڭ بۇ پىتنىلەرنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ الله تىن قورقمامسەن؟- دەپ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا:

— ماقۇل، بۇ جىددىي ۋەزىيەتتە سىلەرنىڭ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئەمما سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن توغرا دەپ قارىغان ھەر ئىشتا سىلەرنىڭمۇ مېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر مېنى يالغۇز تاشلاپ قويساڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىردىن ھېچقانداق پەرقىم بولمايدۇ (يەنى ھەر بىرىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قانچىلىك بولسا، مېنىڭمۇ شۇنچىلىكلا بولىدۇ ـ ت) ـ ئەلۋەتتە! مەن سىلەرگە خەلىپە بولۇش سۈپىتىم بىلەن دەرتلىرىڭلارغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە دەرمان بولۇشقا تىرىشىمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان خەلق ئەتىسى كۈنى قايتا يىغىلىشقا مەسلىھەتلىشىپ تارقاپ كېتىشتى. ئەتىسى تەلھە ۋە زۇھەيرنىمۇ يانلىرىغا ئېلىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلدى. تارىخ: ھىجرىيەنىڭ 35 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيى تۈگەشكە تۆت كۈن قالغاندى (جۈمە كۈنى ئىدى).

مۇھاجىرلاردىن سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە سۇھەيم؛ ئەنسارىلاردىن مەدىنىدىن مەككىگە كەتكەن ھاسان ئىبنى سابىت، زەيد ئىبنى سابىت، كەئاب ئىبنى مالىك، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، نۇئمان ئىبنى بەشىر، رافى ئىبنى خۇدەيج، سەلەمە ئىبنى ۋاقىش، ئەبۇ سەئد ئەل خۇزرى، قۇدامە ئىبنى مەزئۇن، مەسلەمە ئىبنى مەھلەد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سەئد ئىبنى ئەل ئاس، ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ۋە مەرۋان ئىبنى ھەكىم قاتارلىق كۆپىنچىسى بەنى ئۇمەييە ئايمىقىغا تەۋە كىشىلەردىن باشقا پۈتۈن خەلق ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلدى.

ھەزرىتى ئەلى ئىككى ئىشتىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى، چوقۇم شۇنداق قىلماي باشقا ئامالى يوق ئىدى. بىرىنچىسى، ئۆزىگە سۇنۇلغان خەلىپىلىك تەكلىپىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش بولۇپ، ئەگەر شۇنداق قىلسا، مەدىنىدىكى قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت ۋە ئاسىيلارنىڭ شەھەر ۋە دۆلەتكە بولغان ھۆكۈمرانلىقى داۋاملىشاتتى. ياۋايى بەدەۋىيلەر بىلەن شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغان بۇ ئۆكتىچىلەر خالىغىنىنى قىلماي قويمايتتى. بەلكىم ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ، بۇ ئازغۇنلار شەھەردە قەتلىئام ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

چۈنكى كۆزلىرىگە قان تولغان بۇ ئاسىيلار ئەڭ چوڭ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام خەلىپىسىنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ۋە ئىسلامنىڭ يۈرىكىدە (مەدىنىدە ـ ت) ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلغانىدى. ئىنسان بىر قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزدىمۇ، ئۇنىدىن كېيىن داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن تەسكە چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاسىيلار كېيىنكى ئەزالىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا دائىر تەھدىتلىك سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

www.munber.org

ئۇندىن باشقا، ئەگەر باشقا ۋىلايەتتىن كېلىۋاتقان قوشۇن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، بۇ ئاسىيلارنى شەھەردىن قوغلاپ، قاتىللارنى جازالاندۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سالماقچى بولسا، ئاسىيلار بىلەن ئىسلام قوشۇنى ئارىسىدا قانلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، بىرمۇنچىلىغان ساھابە ھاياتىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، مۇسۇلمانلارمۇ بۆلۈنۈپ كېتەتتى. ھېچبىر ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ چىقىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسكەرلەر خەلق رەھبەرلىكىگە ئارىلىشىشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ خەلىپە سايلاش ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىمۇ ناھايىتى چوڭ ئېھتىمال ئىدى. ھالبۇكى، ئەڭ توغرىسى بۇنداق بىر ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. ھەزرىتى ئەلى مانا بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن خەلقنىڭ خەلىپىلىك تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

ئىككىنچىسى، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پىتنىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەت يۇرتىنىڭ خەلقىگە ئىشەنچ ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلىش، ئامانلىقنى قوغداش، خەلىپىلىك ماقامىنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋەت ۋە ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، اللہ نىڭ قانۇنلىرىنى يەر يۈزىدە قايتىدىن يولغا قويۇش كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەزرىتى ئەلى خەلقنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى قولىغا ئېلىشنىڭ نەقەدەر قىيىن، مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. چۈنكى خەلىپە شۇ كۈنكى شارائىتتىدا قانخورلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى سوتلىغۇدەك ۋە تېگىشلىك جازالىرىنى بەرگۈدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنى قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈشى، جەمئىيەت تىنچىپ، ئامانلىق ساقلىنىشى ۋە خەلىپىلىكنىڭ بۇرۇنقى ھۆرمەت - ئېتىبارى ئەسلىگە كېلىشى لازىم ئىدى.

مانا بۇ تەرەپلەرنى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر قىسمى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلار خەلىپىدىن دەرھال بۇ قاتىللارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى ۋە بېسىم ئىشلىتەتتى. ھالبۇكى، خەلىپىنىڭ بۇنىڭغا كۈچ - قۇدرىتى يەتمەيتتى. چۈنكى مەدىنى تېخى ئىشغال ئاستىدا ئىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئاسىيلارنىڭ مەدىنىدىن چىقىرىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلۇشى ياكى چەت - چېگرا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇندىن باشقا، بەزى كىشىلەر

ئۇنىڭغا قارشى (ئۆكتىچى) بولۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمايتتى. ئەمما بۇ خەلىپىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا سەۋەبچى بولالمايتتى. چۈنكى ئۇ اللہ نىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە ئالسا بولمايتتى، اللہ تىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماسلىقى ۋە ھېچكىمگە ياخشىچاق بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

بەيئەت ئىشىغا كەلسەك، ھەزرىتى ئەلى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ساھابىلەردىن بىر قىسمىنىڭ بەيئىتىنى ئالالماسلىقى مۇمكىن (ئالالمىسىمۇ بەك مۇھىم ئەمەس) ئىدى. شۇڭا ئۇ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بەيئەتلىرىنى مۇھىم بىلمەي، تەلھە ۋە زۇبەيرنىڭ بەيئىتىدە چىڭ تۇردى. چۈنكى بۇلار ئاسىيلار كۆزىدىمۇ بەك مۇھىم كىشىلەر ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى قاتىللارنىڭ جازالىرى مۇۋاپىق شارائىت يارىتىلغانغا قەدەر كېچىكتۇرۇلسە، خەلقمۇ بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ دەپ قارايتتى. چۈنكى بۇ مەسىلە يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇپ تۇرۇلۇپ، ئالدى بىلەن دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ ساقلىنىشى ۋە خەلىپىلىك ئورگانلىرىنىڭ رەسمىي خىزمەت باشلىشى ئەڭ مۇھىم ۋە شەرئىي ۋەزىپە ئىدى. شۇڭا ھەزرىتى ئەلى بۇ ۋەزىپىنى خەلقنىڭ زورلىشىغا شۇنچە كۆپ قارشىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئەسلىدە، بۇ ئورۇن ياكى باشقا دۇنيا مەنپەئەتلىرىدە ئۇنىڭ كۆزى يوق ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىكنى قولىغا ئېلىپلا، ئالدى بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئويلايتتى. ئەمما بۇ ئاسىيلارنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاسىيلار بولسا، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ قايتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. يەنى ئۇلارغا نىسبەتەن دۆلەت ئىنتىزامى بۇرۇنقى خەلىپىنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن مۇقىملاشقان ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەر بۇرۇنقى خەلىپە تەيىنلىگەن ۋالىلاردىن قۇتۇلغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قانائەت ھاسىل قىلسا، ئاندىن تارقاپ كېتىشكە رازى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭسىزمۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەزى ۋالىلارنى ئالماشتۇرۇش خىيالى بار ئىدى. ئۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بەزى ۋالىلارنى ئالماشتۇرۇشقا قارار بەردى. بەزى ساھابىلەر ۋە مۆتىۋەرلەر ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە بۇ ۋالىلارنى ئالماشتۇرماي تۇرۇشى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز قارارىدىن يانمىدى. چۈنكى ئۇ، خەلىپە خالىغان كىشىنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، خالىغان كىشىنى تەيىنلەشكە كۈچى يەتمىسە، دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بولمىسا، ۋالىنىڭ خەلىپىگە قاراشلىق ئىكەنلىكى قانداق بىلىنەتتى؟ بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتى نەدە قالىدۇ؟ ئەگەر خەلىپە بىر ۋالىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىيالمىسا، بۇ ۋالىنىڭ ئۆزىنى خەلىپە دەپ بىلگەنلىكى،



www.munber.org

خەلىپىنىڭ ئەمرلىرىنى رەت قىلغانلىقى، ھەتتا ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان تەقدىردە بىر دۆلەتتە بىر قانچە خەلىپە (دۆلەت رەئىسى) ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. بۇ جائىز ئەمەس بولۇپ، ئىسلام بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

بۇمۇ بىر چوڭ مەسىلە ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسىيلارمۇ ۋالىلار ئالماشتۇرۇلمىغۇچە ئۆز مەقسەتلىرىگە تولۇق يەتمىگەنلىكىنى باھانە قىلىشىپ، مەدىنىدىن چىققىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى. ئاسىيلار چىققىلى ئۇنىمىسا، خەلىپە ھېچقانداق ئىشقا ئارىلىشالمايتتى، الله نىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايتتى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئەلى الله نىڭ ئەمرلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ۋە خەلق ئارىسىدا ئادالەت ئورنىتىش يولىدا ھېچكىمنىڭ توسقۇنلۇقىدىن قورقمايدىغان بىرى ئىدى. شۇڭا، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كونا ۋالىلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋالىلار تەيىنلىنىشى شەرت ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى بۇنىڭغا تولۇق قارار بەرگەندىن كېيىن، يېڭى ۋالىلارنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتتى. باسرا ۋالىلىقىغا ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفنى تەيىنلىدى. بۇ زات ئەنسارىلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئىدى. ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف باسراغا يېتىپ بارغاندا، كونا ۋالى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمەي ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئەمما ئۇ يەردىن مەككىگە قايتىپ كەتتى. ھەزرىتى ئەلى كۇفە ۋالىسى ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرىنى ئۆز ۋەزىپىسىدە قالدۇردى. ئەبۇمۇسا ھەزرىتى ئەلىگە باشتىلا ئۆزىنىڭ ۋە كۇفە خەلقىنىڭ بەيئىتىنى يوللىغانىدى.

ھەزرىتى ئەلى سەھل ئىبنى ھۇنەيفنى شامغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ماڭغان بۇ زات شام چېگرىسىدىن كەينىگە قايتۇرۇۋېتىلدى. ئۇنى بەلكىم چېگرا مۇھاپىزلىرى شام ۋالىسى مۇئاۋىيەنىڭ ئەمرى بىلەن قايتۇرۇۋەتتى ياكى بولمىسا مۇئاۋىيە نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆزىلا قايتۇرۇۋەتكەنىدى.

خەلىپىگە بەيئەت قىلمىغان ئاز سانلىق كىشىلەر ئىسيان كۆتەرمىگەن ۋە ھېچكىم بىلەن زىددىيەت - توقۇنۇشقا كىرمىگەن ھالدا ھەربەتتا دېگەن مەھەللىگە يىغىلىپ ماكانلاشتى ۋە ئۆزلىرىنى خەلقتىن ئايرىم تۇتۇشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ھەزرىتى ئەلى يېڭى خەلىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈچ كىشىنى ئۈچ مۇھىم ۋىلايەتكە ۋالى قىلىپ تەيىنلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت جىھاد ۋە چېگرا ئىشلىرىدا ئەڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئەلى مەككىگە خالىد ئىبنى ئەل ئاس ئىبنى ھىشام ئىبنى ئەل مۇغىرە ئەل مەھزۇمىنى ۋالىلىققا تەيىنلىدى. ئەمما يېڭى ۋالى مەككىگە بارغاندىن كېيىن، پىتنىدىن قېچىپ مەدىنىدىن يېنىپ چىققان خەلق ئاممىسىنىڭ، بەنى ئۇمەييەگە مەنسۇپ بىر توپ كىشىنىڭ ۋە ۋەزىپىلىرىدىن ئايرىلغان كونا ۋالىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقانلىقىنى كۆردى. بۇ سەۋەبتىن شەھەر خەلقى بۇ يېڭى ۋالىنى قوبۇل قىلمىدى. شەھەردىكى ھەر بىر جامائەتنىڭ ئۆز ئالدىغا مۆتىۋەر كىشىلىرى بار بولۇپ، ئارىلىرىدا بىرەر ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا بۇ مۆتىۋەرلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى.

ھەزرىتى ئەلى يەنە تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاbباسنى يەمەنگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇبەيدۇللاھ يەمەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كونا ۋالى يەئلا ئىبنى ئۇمەييەمۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇدۇل مەككىگە قاراپ يول ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دۆلىتىنىڭ شامدىن باشقا بارلىق ۋىلايەتلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگدى.

شام ۋىلايىتىنىڭ بېشىدا مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بار ئىدى. مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى خەلق تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ رەسمىيلەشتى. ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيەگىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشنى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما مۇئاۋىيە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ۋە مەدىنىدىكى ئاسىيلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋالدى ۋە بەيئەت توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.[1]

## ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى

ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. يولغا قويۇلغان نىزام اللە نىڭ شەرىئىتى، ئىجرا قىلىنغان ۋە بويسۇنۇلغان قانۇنلار اللە نىڭ ھۆكۈملىرى ئىدى.

بۇ دەۋردە ئۆزگەرگەن بىردىنبىر نەرسە شۇ ئىدى: ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ كۆڭۈللىرى ئاساسەن چەك ـ چېگرادا ۋە ئالدىنقى سەپلەردە يۈز بەرگەن فەتىھ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆتسە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ دەۋرىدە دۆلەت ئىچىدە بولۇۋاتقان

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 195 ـ، 203 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 360 ـ، 371 ـ بەتلەر.



www.munber.org

مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىچىدە ئۆتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا خەلقنىڭ مەۋقەسى مانا بۇ ئىدى.

ئۇلارنىڭ ۋالىلارغا بولغان مەۋقەسىگە كەلسەك، خەلق بۇ ئىشلارغا بۇرۇنقىدىن كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئۇندىن باشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىكىدەك قارشى ئالماسلىقىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى ئوسمان چوڭ ساھابىلەرنىمۇ مەدىنە سىرتىغا چىقارمىغان ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىن خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە خەلققە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە خەلقنى پۇل ۋە مال - بايلىققا كۆمۈۋەتكەنىدى. شۇڭا خەلق ئۇنىڭ خەلىپىلىكىگە بەكمۇ سۆيۈنگەنىدى ۋە تۇنجى كۈنلىرىدىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىغانىدى. ھەتتا بەزىلەر (بۇ سەۋەبتىن) ئۇنى ھەزرىتى ئۆمەردىنمۇ ئۈستۈن كۆرەتتى.

ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. دۆلەت خەزىنىسىنى چىڭ تۇتتى. قۇرەيشلەرنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدىن چىقىپ، دۆلەتنىڭ باشقا يەرلىرىگە ماكانلىشىشىنى چەكلىدى. ئۇ خەلقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشى مەككىگە ماكانلىشىپ، مەككىلىك يەرلىك خەلقنىڭ بىر قىسمى دۆلەتنىڭ باشقا مەركەزلىرىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئەنە شۇنداق ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىنتىزامىنى قايتىدىن يولغا قويۇشقا تىرىشتى. ئەمما بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى بىرنىڭ مۇلايىم مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قوپاللىققا ۋە قاتتىق مۇئامىلىنى قەتئىي كۆتۈرەلمەيتتى. شۇڭا خەلق ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن پسىخولوگىيىلىك بىئاراملىققا دۇچار بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ھەزرىتى ئوسماننى قەتلى قىلغان پىتنىچىلەرنىڭ مەدىنىگە بولغان بېسىمى تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازالىرىمۇ تېخى بېرىلمىگەنىدى.

ئەمدى ئۇ دەۋردىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى:

ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن يەمەن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس يەمەنگە بېرىپ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇرۇنقى ۋالى يەئلا ئىبنى ئۇمەييە ۋەزىپىنى دەرھال ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. يەمەن خەلقىنىڭ ھاياتى بۇرۇنقىدەكلا

داۋاملىشىۋەردى، جىنايەتچىلەرگە جازا بېرىلدى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تولۇق رىئايە قىلىندى.

مەككە مۇكەررەمىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

ھەج ئىبادىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەدىنىگە قايتىۋاتقان بىر توپ كىشى يولدا ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ قورقۇپ كەتتى ۋە بۇ يەتتىندىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن يەنە مەككىگە قايتتى. چۈنكى مەككە تېخىمۇ بىخەتەر بولۇپ، بۇ مۇقەددەس شەھەر ھېچكىم تەرىپىدىن باستۇرۇلمايتتى ۋە ھېچكىمنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمايتتى.

مەدىنەلىك ھاجىلاردىن باشقا، بەنى ئۇمەييەگە ئوخشاش بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرگە قاتتىق غەزەپلەنگەن بەزى قەبىلىلەرمۇ مەككىگە ئېقىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن مەككىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن خالىد ئىبنى ئەل ئاس ئىبنى مۇغىرە قايتۇرۇۋېتىلدى، مەككە ۋالىسىز قالدى.

كۆپ ئۆتمەي، (ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرىدىن) تەلھە ۋە زۇبەيرمۇ ئۆمرە ھەجنى باھانە قىلىپ، ھەزرىتى ئەلىدىن مەككىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئۇلارمۇ مەككىگە بارغاندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىشنى خالىمىدى. چۈنكى مەككىنىڭ ۋەزىيىتى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن مەدىنىنىڭ ۋەزىيىتىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن مەككىگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئوغلى قۇسسەم مەككىگە كېلىپ يەرلەشتى ۋە ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالدى. يەتتىندىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغان كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، مەككە ۋەزىيىتىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز دەپ ئويلاشتى. ئۇلار مەككىدە كۈن كەچۈرۈشنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرى كۆنۈپ قالغان تىجارەت ئىشلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئاقمايۋاتقانلىقىنى، بۇرۇنقى كۈنلەرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ۋە باسرانىڭ تىجارەت ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، باسراغا قاراپ كۆچۈشكە قارار بەردى. باسراغا كۆچۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەر ھەزرىتى ئائىشەنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتىشكە قايىل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئايالى ھەزرىتى ھەفسەنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئۇ (ھەفسە) نىڭ ئالدىنى توسمىغان بولسا، ئۇمۇ باسراغا كەتكەن بولاتتى. كۆچمەن كارۋان باسراغا قاراپ يولغا چىقتى. كارۋانغا ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەتتاب ئىبنى ئۇسەييد ئىماملىق قىلدى. ئابدۇررەھماننىڭ دادىسى ئەتتاب پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرلىرىدە ئۇزۇن مۇددەتكىچە مەككىنىڭ ۋالىيلىقىنى قىلغانىدى.

مەككىنى تەرك ئەتكەن بۇ كارۋاندىكى كىشىلەرنىڭ سانى 700 ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپچىلىكىنى مەككە ۋە مەدىنە خەلقى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەلھە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر، يەئلا ئىبنى ئۇمەييە، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەتتاب ۋە ھەزرىتى ئائىشە قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. سەئد ئىبنى ئەل ئاس، ئەل مۇغىرە ئىبنى شۇئبە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى خالىد ئىبنى ئۇسەييد قاتارلىقلار يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدى. ئەمما بۇ كارۋانغا يولدا ئۈچ مىڭغا يېقىن بەدەۋىي كېلىپ قېتىلدى.

ئۇلار مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەھەرنىڭ ۋەزىيىتى بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. كارۋان ھەۋئاب سۈيى دېگەن يەرگە كەلگەندە يېقىن ئەتراپتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئائىشە كارۋانغا بىر ئاز دەم ئېلىشنى ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: «الله قا قەسەم قىلىمەنكى، كېچە ۋاقتى ھەۋئاب ئىتلىرىنىڭ ئاۋازىنى تۇيىدىغىنى مەگەر مەن ئىكەنمەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئاياللىرىغا: "ئاراڭلاردىن كىمنىڭ ھەۋئاب ئىتلىرىنىڭ ئاۋازىنى تۇيىدىغانلىقىنى بىر بىلگەن بولسام" دېگەنىدى.»

كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەۋئابتا نىمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ھەزرىتى ئائىشە دەرھال يولغا چىقتى.[1]

مەدىنىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، مەدىنە خەلقى ھەزرىتى ئەلىنى ھۆرمەتلەيتتى. چۈنكى ئۇ شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەللىرى ئاللىبۇرۇن ۋاپات بولغانىدى. شۇڭا ئۇلار ھەزرىتى ئەلىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، ھەزرىتى ئوسماننى قەتلى قىلغان ئۆكتىچىلەر چىقارغان قالايمىقانچىلىقنىڭ بېسىقىشى ئۈمىدىدە دەرھال ئۇنى دەرھال خەلىپە بولۇشقا قىستىدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ دەسلەپ بۇ تەكلىپكە قارشىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، قوبۇل قىلدى. چۈنكى بۇزۇلغان ئىنتىزامنى تۈزەش ئۈچۈن «ئەمىر» نىڭ، يەنى دۆلەت رەھبىرى بولۇشى شەرت ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، ساھابىلەر ئۇنىڭدىن بۇ قانخورلارنىڭ تېگىشلىك جازالىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار دېمىسىمۇ، ھەزرىتى ئەلى بۇنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشىنى ۋە خەلىپىلىكنىڭ بارلىق خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈچلۈك ھالغا كېلىشىنى كۈتەتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئاسىيلار مەدىنىدىن چىقىپ كەتمىگىچە ئۆزىنىڭ

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 373 ـ بەت.

رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆلەتنىڭ بەزى يەرلىرى تېخى ئۆزگە بەيئەت قىلمىغانىدى.

شام ۋىلايىتى ۋە بەزى ساھابىلەر بەيئەت قىلمىغانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى قىسمى ئىدى. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ۋەزىيەت يامانلاشقان ۋاقىتلاردا ھەر ئىنسان ئۆز خىيالى بويىچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىگەچكە، ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ساھابىلەر ھەزرىتى ئەلىگە بۇ قانخورلارنىڭ جازاسىنى دەرھال بېرىشكە قىستايتتى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ شارائىتتا ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى ھېچ بىر ئىشقا ئىشلىتەلمەيتتى. مەسىلەن، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە يېڭى ۋالىلارنى ئەۋەتتى، ئەمما شامنىڭ يېڭى ۋالىسى چېگرىدىن قايتىپ كەلدى.

ھەزرىتى ئەلى خەلققە قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەق يولىدا قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى. شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭغا ۋەزىيەت مۇقىملاشقىچە مۇئاۋىيەنى شامنىڭ ۋالىلىقىغا قويۇشنى، تەلھەنى باسراغا، زۇبەيرنى كۇفەگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇ تەكلىپنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسمۇ ئۇنىڭ بىلەن پىكىرداش ئىدى.

ۋەزىيەت شۇ قەدەر يامان ئىدىكى، ھەزرىتى ئەلى شامنى دۆلەت رەھبەرلىكىگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە خەلقنى ئەسكەر بولۇشقا چاقىردى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى پەقەتلا خالىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھېچكىمنى مەجبۇرلىمىدى، پەقەت پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلاردىنلا بىر قوشۇن تۈزدى.

قوشۇننىڭ تۇغىنى ئۆز ئوغلى مۇھەممەد ئەل ئەكبەر ئىبنى ئەل ھەنەفىيىگە تۇتقۇزدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئوڭ قاناتقا، ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەنى سول قاناتقا قويدى. ئەبۇ لەيلا ئىبنى ئامىر ئىبنى ئەل جەرراھنى تۇرشاۋۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، شامغا يۈرۈش قىلدى.①

قۇسەم ئىبنى ئابباسنى مەدىنىگە نائىب قىلىپ قويدى، ئاندىن ئۆزى تەيىنلىگەن مىسىر ۋالىسى قەيس ئىبنى سەئدكە، كۇفە ۋالىسى ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىگە ۋە باسرا ۋالىسى ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفكە خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلەرگە قارشى باشلاتقان ھەرىكىتىگە چاقىردى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغانىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ۋەزىپە بەرمىگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ۋە تەلۋە

① «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 371 ـ بەت.

www.munber.org

كىشىلەر بار ئىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ باش ئاغرىقى ئىچىدە تۇرغان ۋاقىتتا، بىر توپ كىشىنىڭ مەككىدىن باسراغا كۆچكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە قوشۇننى باشلاپ دەرھال باسراغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ كىشىلەر باسراغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى، ئەمما كېيىن قالغاندى.

ھەزرىتى ئەلى ھەرىكەت يۆنىلىشىنى شامدىن باسراغا ئۆزگەرتكەن چاغدا، مەدىنىگە سەھل ئىبنى ھۇنەيفنى نائىب قىلىپ، قۇسەمنى مەككىگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەمۇ ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقماقچى بولغانىدى، ئۇ بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەلىگە مۇنداق دېدى: «اللہ نىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقمايدىغانلىقىمنى ۋە سېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە ئاتلانغان بولاتتىم. ئەمما ساڭا ئوغلۇم ئۆمەرنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇ سېنىڭ بىلەن بىللە بولسۇن، كۆرىدىغان كۈننى ئۇمۇ كۆرسۇن، تەقدىرنى سەن بىلەن بىللە ياشىسۇن!»

دەرۋەقە، ئۆمەر ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلاندى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى قوشۇننىڭ سول قانىتىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنى ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايتتى. كېيىنچە ئۇنى بىر ۋەزىپە بىلەن بەھرەينگە ئەۋەتتى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر كېيىن ئۇنىمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.[1]

بەزىلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ سەپەرگە چىقماسلىقىنى، ئەگەر چىققان تەقدىردە قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا پىدائىيلارنىلا ئەۋەتىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ پىدائىيلارغا باش بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ھەزرىتى ئەلى مەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سەھل ئىبنى ھۇنەيف ئۇنىڭ ئورنىغا نائىب بولۇپ قالدى ۋە شەرىئەت ئەھكامىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ نامىدا ئىجرا قىلىشقا تىرىشتى. ھەزرىتى ئەلى زى ـ قار دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە باشقا ۋىلايەتلەردىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇننى كۈتتى.

مىسىرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا مىسىرغا كىردى. سابىق ۋالىي ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇسەرھ ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنلا ۋەزىپىسىنى تاشلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇخۇزەيفە چىققانىدى. قەيس ئىبنى سەئد مىسىرغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپچىلىك خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدى. پەقەت ئازغىنە كىشىلەرلا بەيئەت قىلمىدى. ئۇلار خەلقتىن ئايرىلىپ ھەربەتا دېگەن مەھەللىگە يىغىلىپ ماكانلاشتى ۋە ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەمما ئۇلار ئىسيان چىقارمىدى ۋە ھېچكىم بىلەن زىددىيەت ـ توقۇنۇش

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 226 ـ ۋە 227 ـ بەتلەر.

ئىچىگە كىرمىدى. ۋالى قەيسمۇ ئۇلارغا چېقىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەسلەمە ئىبنى مەھلەد، مۇئاۋىيە ئىبنى خۇدەيج، بەشىر ئىبنى ئەبۇ ئەرتائا ۋە باشقىلىرى بار ئىدى.

بەزى كىشىلەر ھەزرىتى ئەلىدىن ئۇلارنى مەجبۇرىيي بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مىسىر ۋالىسى قەيسكە ئەمر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شۇنداق قىلغاندىلا مىسىر بۇ ئىختىلاپچىلاردىن تازىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش ئەمرىنى بەردى، ئەمما ۋالى قەيس ئۆز كۆز ـ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، مىسىردىن ئايرىلدى ۋە ھەزرىتى ئەلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىگە قايتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد چىقتى ۋە بۇ ئىختىلاپچىلارنى مەجبۇرىيي بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتتى. نەھايەت، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. ۋالى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى بۇ ئىختىلاپچىلارغا قارشى تۇرالمىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەل ئەشتەر ئەن ناھئىنى تەيىنلىدى. ئەمما ئەل ئەشتەر ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغىلى مىسىرغا ماڭغان يولدا زەھەرلىنىپ ئۆلدى.[1]

ھەزرىتى ئەلى بۇ قېتىم مىسىرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ تۇرۇش مەقسىتىدە مۇھەممەدنى قايتا ۋالىلىققا قويدى ۋە كۇفە خەلقىگە خەۋەر يوللاپ ئۇلارنى مۇھەممەدكە ياردەم بېرىشكە چاقىردى. ئەمما ھېچكىم چىقمىغاچقا، مەجبۇرىي بولسىمۇ كىچىك بىر قوشۇن ئەۋەتىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ قوشۇن تېخى مىسىرغا بارماي تۇرۇپ ئەمر ئىبنى ئاس مۇئاۋىيەنىڭ نامىدا مىسىرنى ئىشغال قىلدى ۋە ۋالى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ھىجرىيەنىڭ 38 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مىسىر ۋىلايىتى ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىكىنىڭ سىرتىدا قالدى.

كۇفەگە كەلسەك، بۇ يەرنىڭ كونا ۋالىسى ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولغاندىن كېيىن كۇفە خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ئۆنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتمىدى. دەرۋەقە، ئەبۇمۇسا باشتىلا ئۆز نامى ۋە كۇفە خەلقىنىڭ نامىدىن ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلغانىدى. ئەبۇمۇسا تىنچلىقپەرۋەر بولۇپ، زىددىيەت ـ توقۇنۇشنى ياقتۇرمايتتى. بولۇپمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق چىقىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى.

ئەمما كۇفە خەلقىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. مەسىلەن، بەزىلىرى زۇبەيرنى قوللىسا، يەنە بەزىلىرى ھەزرىتى ئەلىنى قوللايتتى.

[1] «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 405 ـ، 409 ـ بەتلەر.

www.munber.org

شۇنداق بولسىمۇ، ئەبۇمۇسا پۈتۈن خەلقنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتمىدى. بەزى كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىشنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايتتى.

ھەزرىتى ئەلى ئەبۇ مۇساغا خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭ ئىختىلاپچىلارغا قارشى قاتتىق قول بولۇشىنى ئەمر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى جافەرنى ئەۋەتتى. ئەمما بۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى. ئۇندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن ئەل ئەشتەرنى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىنمۇ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئوغلى ھەسەن بىلەن ئامىر ئىبنى ياسىرنى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ھەسەن كۇفە خەلقىگە ناھايىتى ئورۇنلۇق خىتاب قىلدى ۋە ئۇلارنى خەلىپىگە ياردەملىشىشكە چاقىردى. ئۇنىڭ خىتابى خەلققە بەكمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى ۋە ئۇ مەدىنىگە قايتقاندا، بىر قانچە مىڭ كىشى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، مەدىنىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى فىرات دەرياسىدىن ئۆتتى، يەنە بىر قىسمى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئىلگىرىلىدى، جەمئىي سانى ئالتە مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

ئەل ئەشتەرمۇ ۋالى ئەبۇمۇسانى ۋالى مەھكىمىسىدىن چىقىشقا مەجبۇرلىدى. ئەبۇمۇسا كۇفەدىن ئايرىلىپ، مەككىگە كەتتى. بۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەلى قوشۇن بىلەن بىرلىكتە زى ـ قار دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، كۇفەدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇننى كۈتۈۋاتاتتى.

باسراغا كەلسەك، ھەزرىتى ئەلى باسراغا ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفنى يېڭى ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئوسمان ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن باسراغا كەلگىنىدە، كونا ۋالى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر باسرانى تەرك ئېتىپ، مەككىگە قاراپ يول ئالدى. شەھەر خەلقى بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، سىياسىي ھاۋاسى ناچار ئەھۋالدا ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي، مەككىدىن يولغا چىققان كۆچمەن كارۋىنى باسراغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كونا ۋالى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر شەھەرگە مەخپىي قايتىپ كەلدى. يېڭى ۋالى ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللانماقچى بولدى، ئەمما ئەھۋال بەكمۇ چاتاق بولۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ بىر قىسمى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ۋالىغا ئىتائەت قىلمايۋاتاتتى، بىر قىسمى بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىشنى خالىسا، يەنە بىر قىسمى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنىڭ جازالاندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، ۋە يەنە بىر قىسمى ھەزرىتى ئەلىنى قوللايتتى.

دەل شۇ ۋاقىتلاردا، مەككىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر باسراغا كىردى. شەھەرنىڭ مىربەد دەپ ئاتالغان يېرىدە ھەرقايسى تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتى. تەلھە ۋە زۇبەير ئالدى بىلەن مەككىدىن كەلگەنلەرنىڭ نامىدا سۆز قىلدى. ئەمما ۋالى ئوسمان

ئىبنى ھۇنەيفىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغىلى ئاز قالدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئىشقا ئارىلاشتى ۋە ۋالى ئوسماننىڭ تەرەپدارلىرىمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ھەزرىتى ئائىشە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ بېشىدا ھەكىم ئىبنى جەبەلە ئەل ئابدى بولۇپ، بۇ ئادەم ئۆكتىچىلەردىن بىرى ئىدى ۋە ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى ئوسمانغا تىل تەگكۈزۈپ، پىتنە تېرىغانىدى. بۇ ئادەم ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە كۈشكۈرتۈپ، ئەڭ ئاخىرى ئارىغا زىددىيەت سالدى. زىددىيەت كۈچلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما مۇسۇلمانلار پەسكويغا چۈشۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىمايتتى. دەل ئەكسىچە، بىر - بىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى دەپ بىلەتتى. بۇ غەۋغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىياسىي ئايرىمچىلىقتىن كېلىپ چىققانىدى.

بۇ ئايرىمچىلىق بەزىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يولدىن چىقىشىغا سەۋەبچى بولاتتى. نىھايەت، ئىككى تەرەپ مەدىنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە ئۆز رازىلىقى بىلەن ياكى بېسىم بىلەن بەيئەت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېلىشتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە مەجبۇرىي بەيئەت قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، يېڭى ۋالى ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف ۋالىلىق ۋەزىپىسىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن بەيئەت قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، مەككىدىن كەلگەن ئىشغالچىلار باسرادىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئەلچى مەدىنىدىن قايتىپ كەلگىچە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى تۇرغان يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەسئۇل بولىدىغان، زۇبەير ۋە تەلھە خالىغان يەرگە بارىدىغان، جامائەتكە ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف ئىماملىق قىلىدىغان، دۆلەت خەزىنىسى ۋە باسرانىڭ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

مەدىنىگە كەئب ئىبنى سەۋر ئەلچى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ مەدىنىدە تەلھە ۋە زۇبەيرنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە قانداق شەرت بىلەن بەيئەت قىلغانلىقىنى شۇنچە سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرگۈدەك بىرىنى تاپالمىدى. ئەمما ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇلارنىڭ بېسىم ئاستىدا بەيئەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ناھايىتى چوڭ قالايمىقانچىلىق چىققىلى ئاز قالدى. چۈنكى خەلق يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقنىڭ بېسىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كۆڭۈلەردە، بۇ سۆزنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايتتى. كەئب باسراغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزى ئاڭلىغانلارنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت يەنە جىددىيلەشتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھەزرىتى ئەلى باسرا ۋالىسى ئوسماننى تەنقىدلەپ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تەپرىقچىلىق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىلگەنىدى» دېدى.

www.munber.org

شۇ ئىشتىن كېيىن، ۋالى ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفنىڭ تەرەپدارلىرى ئازىيىپ، ئۇنى قوللايدىغانلار قالمىدى. ئۇلارنىڭ سىپىگە يوشۇرۇن كىرىۋالغان ئۆكتىچىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ بەدنىيەتلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، زىندانغا قامىدى ۋە ئۇنىڭ قاش ـ ساقاللىرىنى پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى باسرادىن قوغلىۋەتتى. ئوسمان باسرادىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ قارارگاھى زى ـ قارغا يېتىپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بۇ ئىشتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ قالدى ۋە ئۆلتۈرۈلمىدى. چۈنكى ئۇ ھېچبىر تەرەپنىڭ دۈشمىنى ياكى ئۇرۇش جىنايەتچىسى ئەمەس بولۇپ، ساپ دىل كىشى ئىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ تەرەپدار ۋە قوللىغۇچىلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشتا قارشى تەرەپكە مەغلۇپ بولدى ۋە بىر نەچچە چۈپرەندىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ، شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئەگەر بۇ ئىختىلاپ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ خاتا تەسەۋۋۇر قىلغىنى بويىچە بولغان بولسا، ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف چوقۇم ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئەسىرگە ئېلىنغان بولاتتى. چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇمۇ بىر تەرەپنىڭ لىدىرى ئىدى.

ئۇ باسرادىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، خەلقىقە (مەككىنىڭ بۇرۇنقى ۋالىيسىنىڭ ئوغلى) ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەتتاب ئىبنى ئۇسەييد ۋالى بولدى ۋە شەھەر مەككىدىن كەلگەن ئىشغالچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا، باسرادىن مەدىنىگە بېرىپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشىغا قاتناشقان ئاسىيلارنىڭ (ھەرقۇس ئىبنى زۇھەير ئەل ئادىيدىن باشقا) ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا، ئاسىيلارنىڭ كاتتىبېشى ھەكىم ئىبنى جەبەل ئەل ئابدىمۇ بار ئىدى. قاتىللارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا يەتمىدى، ئەكسىچە، ئېچىشقان يارىغا تۇز سەپكەندەك بولۇپ، قاتىللار مەنسۇپ بولغان قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

بەنى ئابدۇلقەيس قەبىلىسىمۇ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ھەكىم ئىبنى جەبەلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھەزرىتى ئەلىگە قارشى يۈرۈدى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئەلى ئۆز كۆڭلىدە بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئەمر ـ پەرمان چۈشۈرمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن قارار بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

باسرانى ئىشغال قىلغان كۈچلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ باشقا قاتىللىرىنى جازالاش ئۈچۈن باشقا شەھەرنىڭ مەسئۇللىرىغىمۇ خەۋەر يوللىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ۋەقەنى تىنجىتىش مەقسىتىدە ئەل قەئقە ئىبنى ئامىر ئەت تەمىمىنى باسراغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئەلچىسى ھەزرىتى ئائىشە، تەلھە ۋە زۇبەيرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا پىتنىچىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن خەلقنىڭ پارچىلىنىپ

كېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ ئىنتىقام ھەرىكەتلىرى ھەممە يەردە ئېلىپ بېرىلسا، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ئۇلار ئەل قەئقەدىن بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سوئال سورىدى. ئەل قەئقە ئۇلارغا: «بۇ يارىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ، خەلق بىر - بىرىگە ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ پىتنىگە سەۋەب بولغانلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. مەن مۇشۇنداق دەۋاتىمەن، ئەمما مەنچە الله بۇ ئۈممەتتىن ئالىدىغىنىنى تولۇق ئېلىپ بولمىغىچە، بۇ پىتنە ئاسانلىقچە بېسىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ پىتنە بەكمۇ كەڭ يېيىلىپ كەتتى ۋە خەلق ناھايىتى چوڭ بالا - قازاغا مۇپتىلا بولدى» دەپ جاۋاب بەردى.

قەئقەنىڭ سۆزى ئۇلارغا ياقتى. ئۇلار: «ئەگەر ھەزرىتى ئەلىمۇ مۇشۇنداق دەپ قارىسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە رازى» دېيىشتى. قەئقە باسرادىن قايتىپ بېرىپ، ھەزرىتى ئەلىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئىشقا بەكمۇ سۆيۈندى. كۆپ ئۆتمەي، باسرادىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ زى - قاردىكى قارارگاھىغا ھەيئەتلەر كەلدى. ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، بەنى مۇدار، بەنى رابىئە، يەمەنلىكلەر قاتارلىق ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن خەلق تويى بىر - بىرى بىلەن بىرلىششكە ۋە ھەممەيلەن ئىتتىپاقلىششتىن سۆز ئېچىشقا باشلىدى. خەلق ئىشلارنىڭ ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارغا نىسبەتەن پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بىرلىششىگە ناھايىتى ئاز ۋاقىت قالغانىدى. باسرالىقلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ مەسىلىنى بىرلىكتە ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى چاقىردى. ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا جاۋابەن ھەرىكەتلەندى ۋە ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە: «ئەي خالايىق! ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشىغا ئارىلىشىپ قالغانلار ھەرگىز بىز بىلەن بىللە بارمىسۇن!» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنىغىمۇ سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ھەزرىتى ئوسماننىڭ پىتنە - پاساتچى قاتىللىرى ئەگەر بىرلىشىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى ۋە ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن ئۆز گورىمىزنى ئۆزىمىز كولىغۇدەكمىز؟» دېيىشىپ، دەرھال يېڭى بىر پىتنە تېپىش ئۈچۈن ئۆز ئارا مەخپىي ئۇچرىششقا باشلىدى.

ئۇلارنى تەشكىللىگەن يەمەنلىك مەشھۇر كاتتىباش يەھۇدىي ئابدۇللاھ ئىبنى سەبە ھېچقايسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆرمىدى. نىھايەت، ئۇلار ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە بىر باھانە تېپىپ ئارىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش ئارقىلىق قايتا پىتنە تېرىشقا قارار بەردى.



www.munber.org

ئىككىنچى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە يېقىن يەرگە كېلىپ قارارگاھ قۇرۇشتى. ھەزرىتى ئەلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى تەلھە ۋە زۇبەيرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ مۇھەممەد ئىبنى تەلھەنى ھەزرىتى ئەلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

ئۇ كېچە ئىتتىپاقلىشىش سۆھبەتلىرى بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ئۆتتى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ قارارگاھى باسراغا يېقىن بولۇپ، باسرالىقلارنىڭ قارارگاھىمۇ ئۇنىڭ چېدىرىغا يېقىن بىر يەردە ئىدى. پىتنىچىلەر دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئاۋۋال ئەرزىمەس باھانىلەر بىلەن ئىككى تەرەپ باللىرىنىڭ ئارىسىدا غەۋغا چىقاردى. باللارنىڭ كەينىدىن قۇللار ئارىلاشتى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن چوڭ پەرەندە ئىنسانلار ئىشنى ئۇلغايتتى.

پىتنىچىلەر بۇ تەرەپلەرنىڭ ھېچبىرىدە يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ۋە پىلانلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ غەۋغالارنىڭ ئىچىگە قەتئىي كىرمەي، ئاستىرتتىن كۆزىتىپ تۇردى.

نىھايەت، بۇ ۋەقە شۇنداق يوغىناپ كەتتىكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر - بىرىگە ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ھەزرىتى ئەلى ئارىدىكى بوش مەيدانغا چىقىپ، تەلھە بىلەن زۇبەيرنى يېنىغا چاقىردى ۋە زۇبەيردىن: «سەن رەسۇلۇللاھنىڭ ساڭا: ”سەن (ھەقسىز بولساڭمۇ) ئەلى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىسەن...“ دېگەنلىكى يادىڭدىمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان زۇبەير قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە: «شۇنداق يادىمدا، ئەگەر بۇرۇنراق يادىمغا كەلگەن بولسا، بۇ يەرلەرگىچە كەلمىگەن بولاتتىم» دېدى ۋە ئۇ يەردىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

مىڭ ئەپسۇس، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى بولغان بۇ چوڭ ساھابە ۋادىس سىبا (شىرلار ۋادىسى) دېگەن يەرگە كەلگەندە ئىبنى جۇرمۇز ئىسىملىك بىر قانخورنىڭ سۇيىقەستى بىلەن شېھىت بولدى.

سەبە تەشكىللىكىدىكى پىتنىچىلەر ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان ئۇرۇشنى باشلىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەرقايسى تەرەپلەرگە قورال تاشلاش ھەققىدە ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقنى قىلدى. ئەمما ئىش ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ بولغانىدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە قاراپ ئېتىلدى. باسرا قوشۇنى 30 مىڭ كىشىدىن ئارتۇقراق بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوماندانلىقىدىكى كۇفە قوشۇنىنىڭ سانى 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

تارىخ، ھىجرىيەتنىڭ 36 - يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە مىنىۋالغان تۆگىنىڭ ئالدىدا قانلىق جەڭ يۈز بەردى. تۆگىنىڭ چۆلۈۋرىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، ھەزرىتى ئائىشەنى قوغداۋاتقان 70 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئاخىرىدا، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تۆگىسىنىڭ پۇتلىرى چېپىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا باسرالىقلار يېڭىلدى. تەلھە ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، يارىسىدىن توختىماي قان ئاقاتتى. باسرالىقلار ھەزرىتى ئائىشەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھالەفنىڭ ئۆيىگە يۆتكىدى. بۇ، بەكمۇ ئېچىنىشلىق بىر پاجىئە ئىدى.

تارىخچىلارغا ئاساسلانغاندا، باسرا قوشۇنىدىن ئون مىڭ، ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىدىن بەش مىڭ كىشى شېھىت بولغانىدى. بىز تارىخچىلار تەرىپىدىن بەكمۇ ئېچىنىشلىق تەسۋىرلەنگەن بۇ ئۇرۇشنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەقىقەتەن ئىككى دۈشمەن تەرەپ ئارىسىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ياكى ئەسلىدە بىر ـ بىرىگە قېرىنداش تۇرۇپ دەماللىقا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كەتكەن ۋە كېيىنچە ھوش ـ كاللىسىنى يىغىۋالغان ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يۈز بەرگەنلىكىگە باھا بېرىپ باقايلى. بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىدىن بۇرۇن، ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ باسرا قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغان تەلھە، زۇبەير ۋە ھەزرىتى ئائىشەگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە مۇئامىلىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى:

ئۇرۇش راسا قىزىغان بىر پەيتتە، ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان قەئقە ئىبنى ئامىر ئەل تەمىمى باسرا قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن تەلھە بىلەن يۈزمۇيۈز كېلىپ قالدى. تەلھە يارىلانغانىدى. قەئقە ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇمۇھەممەد! يارىلىنىپسەنغۇ؟ مەنچە سەن بىر پاناھ جاي تاپقىن!» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئويلاپ باقايلى، بىر قوشۇننىڭ قەھرىمانى ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى قوشۇننىڭ قوماندانىنى يارىلانغان ھالدا ئۇچراتسا، ئۇنىڭغا بېرىپ ئارام ئېلىشنى، يارىسىنى تېڭىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلامدۇ ياكى دەرھال ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇ؟

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىبنى جەرمۇز قىلىچتاققا دەسسىدى ۋە ھەزرىتى ئەلىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ ئىشىك ئالدىدىكى قاراۋۇلغا ئۆزىنى: «زۇبەيرنىڭ قاتىلى كەلدى، قانداق؟» دەپ تونۇتتى. ھەزرىتى ئەلى قاراۋۇلغا: «كىرسۇن، ئەمما ئۇنىڭغا جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىپ كىرگىن!» دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

بۇمۇ ئويلىشىپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر ۋەقە. ئەجەبا بىر قوماندان ئۆز دۈشمىنىنىڭ قوماندانى ئۆلتۈرۈلسە، بۇ ئىشقا سۆيۈنەمدۇ ياكى: «كىم ئۇنى ئۆلتەرسە، شۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ!» دەپ ئۇنىڭ قاتىلىغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەمدۇ؟

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا توگىمەيدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلىدى. ئۇنىڭغا قارشى سۆز - چۆچەك تارقاتقانلارنى جازالىدى. رەجەب ئىبنىنىڭ باشلىرىدا، ھەزرىتى ئائىشەنى قېرىندىشى مۇھەممەد بىلەن بىللە ئۇزىتىپ قويغان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا لايىقىدا ھۆرمەت كۆرسىتىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ۋە: «ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق ئايالىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا كۆپ مىقداردا پۇل بېرىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە تىرىشتى ۋە بىر توپ ئايالنى ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى قىلىپ تەيىنلىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئابدۇللاھ ئىبنى ھالەفنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلىغان ۋاقىتتا، ئۆيىنىڭ باشقا ھۇجرىلىرىدا ئۇنىڭ قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ يارىلانغان باسرالىق ئەسكەرلەر بار ئىدى. ھەزرىتى ئەلى گەرچە بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولسىمۇ، ھېچ بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، ئاجايىپ ئالىيجاناپلىق قىلغانىدى.

چۈنكى، ئەسلىدە ئۇلار بىر - بىرىگە ھەقىقىي دۈشمەن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي دۈشمەن بولغان بولسا، تېخىمۇ پاجىئەلىك ئىشلار يۈز بەرگەن بولاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەزرىتى ئەلى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن (ھەقىقىي دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردىن تامامەن پەرقلىق سىياسەت يولغا قويۇپ) ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇشتىن قاچقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلىماسلىق، ياردارلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، ھېچبىر ئۆيگە بېسىپ كىرمەسلىك، ھېچكىمنىڭ مېلىنى مۇسادىرە قىلىۋالماسلىق، ئايال - بالىلارغا، قولىدا قورال بولمىغانلارغا ۋە ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارغا قورال تەڭلىمەسلىك ھەققىدە قاتتىق تەنبىھ بەرگەنىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناپ قېرىنداشلىق ھېس - تۇيغۇسىنىڭ دەلىللىرى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويغانىدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بار ئىدى. بىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەممىي نىيەت بىلەن پەقەت ھەقنى تەجەللى قىلدۇرۇش يولىدا ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئۇلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز.①

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 209 ـ، 271 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 371 ـ، 405 ـ بەتلەر.

ئۇرۇش ئاياغلىشىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى باسراغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. باسرا خەلقى ھەزرىتى ئەلىگە بۇرۇنلا بەيئەت قىلىپ بولغانىدى. ھەزرىتى ئەلى شۇ كۈنى شامغا قاراپ ھەرىكەتلەندى.

شامنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇ يەرنىڭ ۋالىسى تا ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىن ئېتىبارەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. مۇئاۋىيە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلغانىدى، خەلقمۇ ئۇنىڭغا شەرتسىز بويۇن ئېگەتتى. بەزىدە مۇئاۋىيە سەل - پەل قوپال تېگىپ قالسىمۇ، ئۇلار يەنە ساداقەتمەنلىك بىلەن بويۇن ئېگەتتى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇئاۋىيە خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنىدى.

شام خەلقى ئۆزلىرىگە مۇئاۋىيەدىن باشقىسىنىڭ ۋالى بولۇشىنى خالىمايتتى. مەدىنىدە پىتنە چىقىپ، ئاسىيلار شەھەرنى كونترول قىلىۋېلىپ، خەلىپىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، نۇمان ئىبنى بەشىر خەلىپىنىڭ قانلىق كۆينىكى بىلەن، ئاياللىرىنىڭ بارماقلىرىنى شامغا ئېلىپ كەلدى ۋە شام خەلقىگە كۆرسەتتى. شام خەلقى تەۋرەپ كەتتى، خەلىپىنىڭ قانخورلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە بەكمۇ ئېچىندى ۋە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشتى. ياشىنىپ قالغان خەلىپە رەزىل ۋە پەسكەش قانخورلارنىڭ قولىدا بەكمۇ قەبىھ شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچكىم قاتىللارنىڭ جازاسىنى بېرەلمەيۋاتاتتى، بۇزۇلغان ئىنتىزام تەرتىپكە چۈشمەيۋاتاتتى. چۈنكى بىر توپ ئۆكتىچى مەدىنىنى ئىشغال قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەت يۇرتىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، مەدىنىدىن چىققان خەۋەرنىڭ شامغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر ئاي، شامدىن مەدىنىگە قايتىشى ئۈچۈن يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت كېتەتتى. بۇقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە، ئەلۋەتتە، يېڭى - يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ يەنە شۇنداق ۋاقىت ئاۋارىچىلىقى كېلىپ چىقاتتى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ شامغا ئەنە شۇ شارائىتلاردا يەتكۈزۈلدى.

ئەمما ساھابىلەردىن ئۇسامە ئىبنى زەيد، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، ھاسان ئىبنى سابىت، زەيد ئىبنى سابىت، كەئاب ئىبنى مالىك ۋە كېيىنكى ئەزاسى سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس قاتارلىقلار ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى ئەزالىرىدىن تەلھە ۋە زۇبەيرمۇ ھەزرىتى ئەلىگە مەجبۇرىي بەيئەت قىلدى.

ئۇ كۈنلەردىكى كېيىنكى ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە قىلىپ مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ: ئەلى ــ خەلىپىلىككە نامزات. تەلھە بىلەن زۇبەير ــ



www.munber.org

ھەزرىتى ئەلىگە مەجبۇرىي بەيئەت قىلدى. سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ــ ھەزرىتى ئەلىگە پەقەتلا بەيئەت قىلمىدى.

مەسىلىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقساق، تۆۋەندىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز: ھەزرىتى ئەلى ۋەزىيەتنى تېخى تولۇق كونترول قىلىپ بولالمىغاچقا، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى جازالىيالمايتتى. چۈنكى قاتىللار مەدىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. شامغا يېتىپ بارغان خەۋەرلەر مانا مۇشۇنداق بولۇپ، مۇئاۋىيە ئەھۋالنىڭ مانا مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلىش ئۇچۇن مەلۇم مەزگىل كۈتۈشى كېرەكلىكىنى ئويلاشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەم ئۆزى ھەم شام خەلقى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشىغا قاتتىق ئېچىنماقتا ئىدى. شۇنداقلا، ئۇممەتنىڭ بەزى مۆتىۋەرلىرى پىتنىگە ئارىلاشماسلىق ئۈچۈن مەدىنىنى تەرك ئېتىپ مەككىگە ماڭسا، يەنە بەزىلىرى مەدىنىدە تۇرۇپ ئاسىيلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتاتتى. شامغا كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئىچىدە مانا بۇلارمۇ بار ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي، يېڭى خەلىپە ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە يېڭى ۋالىلارنى تەيىنلەپ ئەۋەتىشكە باشلىدى. شامغا سەھل ئىبنى ھۇنەيفنى ۋالى تەيىنلەپ، مۇئاۋىيەنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئەمما يېڭى ۋالى شام چېگرىسىدىن كەينىگە ياندۇرۇلدى. چۈنكى مۇئاۋىيە مەلۇم مەزگىل ۋەزىيەتنى تىنىڭ - تىڭلاپ بېقىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە قارشى چىققان بىر توپ كىشىنىڭ مەككىدىن باسراغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدا تەلھە، زۇبەير، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى.

بۇ خەۋەردىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى تېخى تولۇق قولىغا ئېلىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇڭا مۇئاۋىيە يەنە بىر مەزگىل كۈتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە شۇنداق قىلدى. شام خەلقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە داۋاملىق كۈتەتتى.

بۇ كۈنلەردە، (سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك) باسرا ۋەقەلىرى بولۇپ ئۆتتى. جەمەل ئۇرۇشى پارتلىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئېغىر قايغۇغا سالىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر مۇئاۋىيەنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلىشىنى كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولاتتى. مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىدىيىسى بۇنىڭدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇ مۇئاۋىيەنى خەلىپە تەرىپىدىن سايلانغان ۋالى دەپ بىلەتتى. شۇڭا خەلىپە ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغاندا، ئۇ دەرھال ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، ئەگەر خەلىپە ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىگە قويسا، ئۇ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ۋالى «يولباشچى» (خەلىپە) ئەمەس، بەلكى «ئەگەشكۈچى» (خەلىپىگە بويسۇنغۇچى) بولغاچقا، ۋالىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە خەلىپىگە بەيئەت قىلىش ئىدى. بولۇپمۇ، مەدىنە خەلقىنىڭ خەلىپىگە بەيئەت قىلىشى خەلىپە ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىدى (مەدىنە خەلقى ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلدى). ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ ئىشنى سەۋەبسىزلا كەينىگە تارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ مەسلىھەتنى ئېلىپ ئىش قىلغىلى كېچەش ئەزاسى بولمىسا يا؟ خەلىپە ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىكەن، ئۇ چوقۇم خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشى لازىم ئىدى.

مانا بۇلار، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇئاۋىيە ھەققىدىكى كۆز قارىشى بولۇپ، توغرىسىمۇ مۇشۇ ئىدى. چۈنكى ۋەزىيەتنىڭ تېخى پەسكويغا چۈشمىگەنلىكىنى ۋە ئاسىيلارنىڭ مەدىنە ۋە دۆلەتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىنى بىلگەن ھەر بىر ئۈممەت ھەممىدىن بۇرۇن خەلىپىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇنى قوللىشى لازىم ئىدى.

بۇ ئاسىيلار خەلق ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتاتتى ۋە سەپلىرى چۇۋۇلۇپ تارقىلىپ كېتەتتى. شۇندىلا خەلىپە ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئېلىپ، بۇ ئاسىيلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرەلەيتتى. ئەمما ھازىرچە ئۆكتىچىلەر كۈچلۈك بولۇپ، مەدىنىدە خالىغان ئىشنى قىلالايتتى. شۇڭا ئۇلارنى جازالاندۇرۇشمۇ بەك تەس ئىدى. ھەتتا مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۇلارنى جازالاندۇرماقچى بولسا، ئۇلار خەلىپىگە چوقۇم قارشىلىق بىلدۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ ۋە مەدىنە خەلقىنىڭ جېنىغا قەست قىلىشتىنمۇ يانمايتتى.

بۇمۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى پىتنىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە مۇشۇنداق ئويلىغانلىقى ئۈچۈن الله تىن كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب تىلەيمىز.

شام ۋالىسىنىڭ بۇ خەتەرلىك پەيتتە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. چۈنكى ۋالى خەلىپىنىڭ ئەمرىگە چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ۋالى ئۇنداق قىلىپ تۇرۇۋالسا، خەلىپىمۇ ھەقنىڭ تەجەللى قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشتىن يانمايتتى. چۈنكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەزىرىدە بۇنداق كىشىلەرگە يۇمشاق قوللۇق قىلىش ئاجىزلىقنىڭ



www.munber.org

ئىپادىسى ئىدى. شۇڭا ئىشلارنى ئۆز يولىغا سېلىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتلىنىش ۋە شامغا يۈرۈش قىلىش كېرەك ئىدى.

دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەلى بىر قوشۇن تەييارلىدى. ئەمما شامغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا، مەككىدىن كەلگەن شۇم خەۋەر سەۋەبى بىلەن يۈرۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى ۋە قوشۇننى باشلاپ ئىراققا يۈرۈپ كەتتى. قوشۇن باسراغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇ يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىدا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جەمەل ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى باسراغا كىرىپ، شەھەر ئىنتىزامىنى تۈزەتتى. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەندىن سىرت، ئۇرۇش چىقىمىغا ئۇچرىغانلارغا ئىگە چىقتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلىرىگە خەير ـ ئېھسان قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى باسراغا ۋالى قىلىپ، ئۆزى شامغا قىلىدىغان يۈرۈشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن كۇفەگە قاراپ يولغا چىقتى.

ھەزرىتى ئەلى ھىجرەتنىڭ 36 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا كۇفەگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئۇرۇشقا تۆت ئاي تەييارلىق قىلدى ۋە ئەسكەر توپلىدى.

ھەزرىتى ئەلى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا پەقەتلا ئىچ ئاغرىتمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ، ھاياتى بويىچە داۋاملاشقانىدى. ئالدىغا قانچىلىك توسالغۇلار چىقسا چىقسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر بولۇپ، توغرا يولدىن ھەرگىز چەتنىمەيتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۆز رەئىسلىرىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس غايىلىرى ئۈچۈن ئۆز راھەت ـ پاراغەتلىرىنى قەتئىي ئويلاشمايتتى.

ھەزرىتى ئەلى ئاۋۋال جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل بۇجەلىنى ئەلچى قىلىپ مۇئاۋىيەگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىنى ۋە ھەممەيلەن قوبۇل قىلغان خەلىپىلىكنى ئۇنىڭمۇ قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما مۇئاۋىيە ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. جەرىر ئۇنىڭ يېنىدىن نەتىجىسىز قايتتى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بەزىلىرى مۇئاۋىيەنىڭ دەرھال جاۋاب بېرىشىنى كۈتكەنىدى. شۇڭا جەرىرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق بەجا كەلتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە بەزى تەنقىدلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا ئەشتەر ئاۋازىنى جەرىر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ تاپا ـ تەنە قىلدى. بۇ سۆزلەردىن قاتتىق رەنجىگەن جەرىر قارارگاھنى تەرك ئەتتى ۋە ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھابۇر ئۆستىڭى بىلەن فىرات دەرياسى بىرلىشىپ كېتىدىغان يەردىكى قەرقىسە شەھىرىگە كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي، مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە ئەبۇمۇسا ئەل خولانى قاتارلىق بىر نەچچە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ نەتىجىسىزلىكلەردىن

ئىچى پۇشقان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەمراھلىرى يەنە ۋاقىت ئۆتكۈزمەي مۇئاۋىيەنىڭ ئۇستىگە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ باشلىرىدا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆرشاۋۇللىرى شام تۇپراقلىرىغا ئاياق باستى.

ئەمما ھەزرىتى ئەلى ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قورال تەڭلىشىدىن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكنى ئەمر قىلدى. مۇئاۋىيەمۇ ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى تۇيۇپ، دەرھال شام قوشۇنىنى باشلاپ، سىففىن دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ قوشۇننى فىرات دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنالايدىغان بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئىچكۈدەك سۈيىمۇ قالمىغانىدى. ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيەدىن ھەر ئىككى قوشۇننىڭ سۇدىن خالىغىنىچە پايدىلىنىشىغا توسالغۇ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما مۇئاۋىيەدىن بىر جاۋاب چىقمىدى. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى يەنە ئارىدا سۈركىلىش پەيدا قىلدى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىراق قوشۇنى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مۇئاۋىيە قوشۇننى چېكىندۈردى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى ھەر ئىككى قوشۇننىڭ سۇدىن تەڭ پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككى قوشۇن دەريانىڭ بويىغا ئورۇنلىشىپ، بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئىككى قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى سۇ ئالغىلى بارغان يەردە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى، بەزىلىرى پات - پات كۆرۈشۈپ تۇراتتى ۋە بەزىلىرى بىر چىرايلىق ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەتتى، مۇنازىرىلىشەتتى.

تارىخچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قاتتىق دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغانلىقى ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ھەر دائىم بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ بايان قىلغان مەلۇماتلىرىنى ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. چۈنكى بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ پەقەت پىكىر ئايرىمچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى بىر - بىرىگە نىسبەتەن قېرىنداشلىق ھېس - تۇيغۇسى بىلەن تولغانىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ پىكىر ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق مېھرىنى ئوچۇق - ئاشكارە ئىپادە قىلالمايتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. ئەمما ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلمايتتى ۋە بىر - بىرىنى قىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنمايتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوماندانلىق مەركەزلىرىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇ قەدەر شىددەتلىنىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى، ئەسلى مەقسەت بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قايسى تەرەپتىن ئادەم ئۆلسە ئۆلسۇن، نەتىجىدە بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلىشىشى دېگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان

www.munber.org

قوشۇنلىرىنىڭ سەپلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرالىرىنى قوغداش ۋە فەتىھ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بىر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن الله نىڭ بۇ غەلىيانىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئارىلىرىدا تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشنى، ھەممەيلەننىڭ ھوش ـ كاللىسىنى يىغىپ، توغرا يولغا مېڭىشىنى تىلەيتتى.

بۇ توقۇنۇشلار زۇلھەججە ئېيى چىققۇچە پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇردى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن پۈتۈنلەي توختىتىلدى. ئەسكەرلەر ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى، ھەممىسى ئارىدا بىرلىكسەپ ئورنىتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا دىپلوماتىك كۆرۈشۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىدى. «ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن ھوش ـ كاللىسىنى يىغىپ ئۇرۇش توختىتىشنى ئويلاپمۇ قويۇشمىغانىدى» دېگەندەك خاتا ھېس ـ تۇيغۇغا بېرىلمەسلىك ئۈچۈن ۋەزىيەتنى ئوبدانراق تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە ھەر ئىككى تەرەپ كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن ئەمەس، بەلكى قان ـ قېرىنداشلىق نەزەرى بىلەن قارايتتى ۋە پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن پىتنىنىڭ ئاياغلىشىپ، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشى ئۈچۈن تىرىشاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۆز ئىددىيىسىدىن قەتئىي يانمىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆز قارىشى ئېنىق بولسىمۇ، مۇئاۋىيەنىڭ كۆڭلى سۆھبەتلىشىشكە پەقەتلا مايىل بولمىغاچقا، ئارىدا ئۇرۇش چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

دەرۋەقە، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قايتا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇرۇش ھىجرىيەتنىڭ 37 ـ يىلى، سەفەر ئېيىغىچە داۋاملاشتى. قوشۇنلار بۇ ئىشنىڭ بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە بىراقلا ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى. ئۈچ كۈنگىچە قانلىق جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدىن ئاممار ئىبنى ياسىر ۋە ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇل ئاس؛ مۇئاۋىيە سېپىدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر ئۆلتۈرۈلدى. مۇئاۋىيە قوماندانلىقىدىكى شام قوشۇنى يېمىرىلىشكە باشلىدى. شام قوشۇنلىرى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىغا قۇرئان كەرىم پارچىلىرىنى ئېسىپ، ئىراق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئىراق قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ھەزرىتى ئەلى ۋە قوماندانلاردىن ئەل ئەشتەر ئەن ناھى قاتارلىقلار ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەسكەرلەر ئەل ئەشتەرنىڭ «توختا» ئەمرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى ۋە ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنى ئىتتىپاقلىششقا باغلىغانىدى. ئەگەر بۇ ئۈمىد بولمىغان بولسا، ئۇرۇشنىڭ توختىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى

ھەقلىق تەرەپ بولغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنى زەپەرگە بەكمۇ يېقىنلاشقانىدى، شۇڭا ئۇرۇشقا قاتتىق كىرىشىپ كەتكەنىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇئاۋىيە ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەلچىسى ئەل ئەشتەرگە بۇ مەسىلىنى ئىككى تەرەپتىن ۋەكىل ھاكىم سايلاپ، شۇلار ئارقىلىق ھەل قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىتىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىش كېلىشىمى تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىمگە شام قوشۇنى پۈتۈنلەي رازى بولدى. ئەمما ئىراق قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى رازى، يەنە بىر قىسمى نارازى بولسىمۇ، ھېچكىم ئاۋازىنى چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. بۇ كېلىشىمدىن ئىككى كۈن كېيىن، ئۆلۈكلەر دەپنە قىلىنىپ، ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن كۇفەگە قايتىش ئەمرى بېرىلدى. ئۇلار كۇفەگە قايتقاندىن كېيىن، مۇئاۋىيەمۇ قوشۇنىنى باشلاپ شامغا قاراپ ھەرىكەتلەندى.①

ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىنىڭ ھەممىسى كۇفەگە كىرمەي، بىر قىسمى ئىتتىپاق كېلىشىمگە نارازىلىقى تۈپەيلىدىن ھارۇرە دېگەن يەرگە كەتتى. ئۇلار بۇ كېلىشىمگە بەكمۇ نارازى بولغاچقا، ئۆز ئارىلىرىدا تەشكىللىنىپ، شىبس ئىبنى رەبئى ئىسىملىك بىرىنى ئۆزلىرىگە رەئىس قىلىپ سايلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەل قەۋۋا ئىسىملىك بىر بۇ ئايرىمچىلارغا ئىماملىق قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، قايتىپ كېلىشىنى ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. بەلكىم ئۇلارمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلماسلىقىنى ۋە جەڭ مەيدانىغا قايتىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ رەئىسى شىبس ئىبنى رەبئى ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئۇلار بىلەن كۆپ مۇنازىرىلەشكەن بولسىمۇ، بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى شەخسەن ئۆزى بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە پۈتۈن دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى. ھەممەيلەن بىرلىكتە كۇفەگە قايتتى.

كۆرۈنۈشتە بۇ مەسىلە ھەل قىلىنغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، بۇ ئايرىمچىلار ئۆز پىكىرلىرىدىن يانمىغانىدى ۋە يەنىلا شۇ كونا مۇقامىنى غىڭشىپ تۇرۇۋالغانىدى: «اللہ نىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈم يوقتۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئېيتقان سۆزلەر تامامەن توغرا، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرى باتىللىققا تۇتىشىدۇ» دەپ جار سالاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ جەڭ مەيدانىغا قايتا بارىدىغانلىقىنى ۋە ھازىرچە قوشۇنغا ئارام ئالدۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىشىپ يۈرەتتى.

① «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 409 ـ، 447ـ بەتلەر.



www.munber.org

نىھايەت، ئالدىن بەلگىلەنگەن كۈنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ۋەكىل ھاكىملىرى دەمەتۇل جەندەل دېگەن يەردە كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەيلا ئايرىلىپ كەتتى. ئەمما تارىخچىلارنىڭ بۇ ھەقتە بايان قىلغان مەلۇماتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خاتادۇر. مەسىلەن، ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھاكىم ــ ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرى تارىخچىلار تەسۋىرلىگەندەك ئۇنداق مۆڭ ۋە غاپىل كىشى ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ ساھابە ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش دانا ۋە ئىنتىزامچان خەلىپە تەرىپىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تارىخچىلار تەسۋىرلىگەن كىشىدەك بىرىنى ۋالىيلىققا تەيىنلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، مۇئاۋىيە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھاكىم ئەمر ئىبنى ئاسمۇ ئەخمەق، ئىمانى چالا، ۋاپاسىز ۋە ئىنساپسىز بىرى ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى ھاكىم (قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي ئايرىلىپ كەتكەنىدى.

ئىتتىپاقلىشىش ئارزۇسىدىن بىر نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى شامغا قايتا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى ۋە باسراغا تەيىنلىگەن ۋالىيسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا خەۋەر يوللاپ، باسرادىن ئەسكەر يىغىشقا بۇيرىدى. ئابدۇللاھ يىغقان ئەسكەرلەرنى ئەۋەتتى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ قالدى ۋە تېخى تۈنۈگۈنلا قوشۇننىڭ سەپلىرىنى تەرك ئەتكەنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلگەن بۇ مەۋقەسىز ئادەملەر مانا ئەمدى باسرادىكى ھەقەمسايىلىرىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قېتىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

ھەزرىتى ئەلى ۋاقتىنچە ئۇلارغا بىر نەرسە دېمىدى ۋە ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى: «ئەگەر ھۆرت - پۆرت دېمىسە، بىزمۇ چېقىلمايمىز. ئاغزىنى ئاچسا، مۇنازىرە قىلىشىمىز. ئەگەر قالايمىقانچىلىق چىقارسا، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايمىز» دەپ ئويلىدى.

كۆپ ئۆتمەي (شامغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا)، ئۇلارنىڭ پىتنە چىقىرىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. چۈنكى ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇباب ئىبنى ئەل ئەرەتنى خۇددى قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر مۇنچە ئاياللارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشكەنىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا بىر ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇلار ئەلچىنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شامغا كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدىن خالىغان يامانلىقلارنى قىلىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويغاندىن، ھەرقانداق بىر ۋاستە بىلەن دەرھال كۆزدىن يوقىتىش تېخىمۇ ياخشىراق ئىدى. شۇ مەقسەتتە، ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى ۋە ئالدى بىلەن سۆز

ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبابنىڭ قاتىللىرىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار: «ھەممىمىز ئۇنىڭ قاتىلى» دەپ تۇرىۋالدى ۋە ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە نەھراۋان دېگەن يەردە بۇ ئاسىيلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى كۇفەلىك بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ كۇفەلىكلەر ئىدى. مەسىلەن، زەيد ئىبنى ئادىي ئىبنى ھاتەم ئاسىيلارنىڭ سېپىدا ئۆلتۈرۈلگەندى. ئۇنىڭ دادىسى ئادىي ئىبنى ھاتەم بولسا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدا ئىدى. بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇنداق ئاتا - بالا ياكى شۇنىڭغا يېقىن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى كىشىلەر ئىدى.

شۇڭا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئىشتىن كېيىن بەكمۇ ئازابلاندى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى، پىكىر ۋە پوزىتسىيىلىرى (خالاپ - خالىماي) ئۆزگىرىشكە باشلىدى.[①]

بۇ قاراڭغۇ دەۋرلەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى پىكىر ئايرىمچىلىقى بەكمۇ چوڭ ئىدى. ھەركىم ئايرىم - ئايرىم گۇرۇھ بولۇپ، ئۆزلىرىگە قارشى گۇرۇھنى يوق قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىشى ئۆلۈم بىلەن تەڭ تۈگەيتتى، ئەمما ئۆلتۈرگەنلەر ئۆز يېقىنلىرى ئۈچۈن پەرياد چېكىپ، ئاھ ئۇراتتى.

ھەزرىتى ئەلى بۇ ۋەزىيەتتە، خەلقنىڭ ئۇرۇش ھارغىنلىقىنى چىقىرىۋېلىشى ۋە دەرت - ئەلىمىنى ئۇنتۇپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بىر مەزگىل دەم ئېلىشقا قارار بەردى. مۇئاۋىيە بۇ ۋاقىتلاردا شامدا ئىدى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ شامغا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال تەييارلىق قىلىپ، سىففىن دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. ئەمما بۇ يەردە ئىراق قوشۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇ يەردە تۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلى بىلەن بولغۇنچىلەر ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە خاتا مەلۇمات بېرىلگەنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ، شامغا قايتتى، ئەسكەرلىرىنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆزىمۇ خاتىرجەم ھالدا باشقا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى.

ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىنىڭ يەتكۈدەك دەم ئېلىۋالغانلىقىنى ئويلاپ، ئەسكەرلەرگە قولىغا قورال ئېلىش ئەمرىنى بەردى. ئەمما ھېچكىم قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ھەزرىتى

---

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 275 ـ، 332 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 447 ـ 487 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ئەلى ئۇلارغا شۇنچە كۆپ تەبلىغ قىلىپ، روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچكىم ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشمىدى، ھەتتا سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالمىدى. ئۇلارغا خىتابەن قاتتىق گەپ قىلسا، سەل - پەل مىدىرلىغاندەك قىلىپ، ۋەزىپىگە چىقىدۇ - يۇ، يەنە ھېچنەرسە تۇيمىغاندەك قايتىدىن بوشىشىپ كېتەتتى. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ھەزرىتى ئەلىمۇ بۇ كۇنلەردىن قاتتىق زېرىكىشكە باشلىدى، چۈنكى بۇ كۇنلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغانلا بولسام دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن بەكمۇ كېچىككەنىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ھاياتى جاپا - مۇشەققەت، دەرت - ئەلەم ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدىلا ئۆتتى. بەرگەن ئەمرىگە ھېچكىم پىسەنت قىلمايتتى، قىلغان چاقىرىقلىرىغا ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى. بەلكىم بۇ ئىشلار كۇفەلىكلەرنىڭ ئۆز خەلىپىلىرىگە ئاسىيلىق قىلىشى ياكى نەھراۋان دېگەن يەردە ئۆز يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋەياكى فەتىھە ھەرىكەتلىرىنىڭ توختاپ قېلىشى سەۋەبىدىن چىقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى دۆلەت رەھبەرلىكى ئالدىنقى مەزگىللەرگە قارىغاندا سىرتقا قارىتا كېڭىيىش كۈچىنى يوقىتىپ، بەكمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى.

مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزانسلىقلار قايتىدىن شام چېگرىلىغا كۆز تىككىشكە باشلىدى. ئەمما مۇئاۋىيە ۋەزىيەت ئۇڭشالغىچە ئۇلارنى مەلۇم مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن جىمىقتۇرۇپ تۇردى. شەرقىي چېگرالىرىدا بولسا، دۆلەت ئىنتىزامىنىڭ تەرتىپسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

خەلقنىڭ راھەت - پاراغەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشى بۇ ئىنتىزامسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى ئەلى توختىماي خەلققە مال - بايلىق تارقىتىپ تۇراتتى ۋە كىشىلەرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرەتتى. دۆلەت خەزىنىسىنى خەلققە تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، پات - پات خەزىنىگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى. بەلكىم بۇ باياشاتچىلىق ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆزگەرتىپ، بەكمۇ ھورۇن ۋە قاشاڭ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. مانا بۇلار، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، مۇشكۈللۈكلەرگە مۇپتىلا قىلغان سەۋەبلەر ئىدى.

شۇنداقلا، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇئاۋىيەمۇ ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلىشنى خالىمايتتى ۋە باشقىلار ماڭغان يولدىن مېڭىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى ئۇ خەلىپىنىڭ مەۋقەسىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىنى ۋە بىرمۇنچە ساھابىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ھەزرىتى ئەلى نەھراۋان ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلەرنىڭ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنى خىيال قىلغانىدى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى كۆزدىن يوقىتالىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ كۆپ ئاسىيلار بار بولۇپ، ئۇلار يېڭى - يېڭى پىتنىلەرنى تارقىتاتتى، باشقىلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارە بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دەرت - ئەلىمىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى ھۆر پىكىرلىك ئىنسان بولۇپ، دۈشمەنلىرى بىلەن ئوچۇق - يورۇق تالاش - تارتىش قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئەمما بۇ ئەبلەخلەر ھەزرىتى ئەلى ۋە باسرادىكى ۋالىسىنىڭ يېنىدا «ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق» ھالىتىدە ياشايتتى. كېچە بولۇشى بىلەن تەڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرخىل پىتنە - پاسات تېرىيتتى، بىرەر مۇسۇلماننى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرەتتى. بۇ ۋەقەلەر شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ھەزرىتى ئەلى ئۆز ئۆلۈمىنى تەمەننى قىلىدىغان ھالغا چۈشكەندى ۋە بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە: «شۇ بەدبەخت ئادەم نېمىشقا بالدۇرراق كەلمەيدىغاندۇ؟» دەپ قوياتتى. ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق مۇنداق دېمەكچى بولاتتى: «مېنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەدبەختى ھېسابلىنىدىغان شۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق كېلىپ ئىشنى تۈگىتىپ، مېنى بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرمايدۇ؟!»

ھەزرىتى ئەلى بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى، شېھىت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ (بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ بەدبەختى تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھەزرىتى ئەلى كۇفەدە، ۋالى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس باسرادا ئىدى. خەلق ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماس بولۇۋالغانىدى. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە خەلىپە بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ بىزار بولغانىدى. ھەتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ باسرا ۋالىلىقىنى زەيد ئىبنى ئەبىھكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەككىگە كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەردىن بىزار بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئەمما ئەسلىدە ئۇ باسرانى خەلىپە شېھىت بولغانغا قەدەر تەرك ئەتمىگەنىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئەلى شېھىت بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ھەسەن مۇئاۋىيە ئۈچۈن خەلىپىلىكتىن چېكىنگەنگە قەدەر بۇ يەردە قالغان ۋە كېيىنچە مەككىگە كېتىپ يەرلەشكەنىدى. ئەگەر ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا، خەلقتىن تارتقان بۇ ئازابلىرى تۈپەيلىدىن بەلكىم شۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما خەلىپىنىڭ ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شام خەلقى خەلىپىگە ھېچكىمنىڭ قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ شام تەرەپلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ بىر سىمۋولدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، شۇنداق

www.munber.org

بولىسىمۇ، ئۇنىڭ جىددىي ئىرادە بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەردائىم ياخشىلىققا ئەمر قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندى. ئەھۋال بۇ دەرىجىدە بولغىنىغا قارىغاندا، ئۆزلىرى بىلەن ھەپىلەشىدىغان ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى.

شۇ سەۋەبتىن، ئەمر ئىبنى ئاس مۇئاۋىيە نامىدا مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ يەردىكى ۋالىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى يېڭىدىن ۋالىلىققا تەيىنلىگەن ئەل ئەشتەر مىسىرغا يېتىپ بارالمىدى. چۈنكى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغىلى كېتىۋاتقان يولدا زەھەرلىنىپ ئۆلدى (ھىجرىيەنىڭ 38 - يىلى).

ئەل ئەشتەر سىففىن ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە بولۇپ، قايتىشتا ھەزرىتى ئەلى ئۇنى جىزىرەگە يېقىن بولغان نۇسەيبىن ئەمىرلىكىگە (كونا ۋەزىپىسى) تەيىنلىدى. ۋە كېيىنچە ئۇنى مىسىرغا ئەۋەتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا زەھەرلىنىپ ئۆلدى.

قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئامانلىق كۈچلىرىنىڭ بېشىدا ئىدى. خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇئاۋىيە باسراغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئەل ھەزرەمىنى ئەۋەتتى. چۈنكى بۇ شەھەردە ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنىڭ ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە جەمەل ۋەقەسىدە پالاكەتكە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر بار ئىدى. بەزى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، مۇئاۋىيە ئۈچۈن پايدىلىق ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. ئۇندىن كېيىن (ھىجرىيە 39 - يىللىرى)، مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرلەرنىڭ چېگرالىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە باشلىدى. مەسىلەن، نۇمان ئىبنى بەشىر قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاينۇت تەمىر دېگەن يەرگە، سۇفيان ئىبنى ئەۋف قوماندانلىقىدىكى ئالتە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بولسا، ھىت دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. سۇفيان ئىبنى ئەۋف بۇ يەردە ھېچكىم بىلەن دوقۇرۇشمىغاچقا، ئۇ يەردىن ئەنبارغا ئۆتۈپ، شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

ئۇندىن باشقا، دەھھاق ئىبنى قەيسنى تەدمۇرغا ئەۋەتتى. ئەمما ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ يەردىكى قوماندانى ھاجەر ئىبنى ئادىي تەرىپىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. مۇئاۋىيە يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئادە ئەل فەزارىنى 1700 كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيماغا يوللىدى. شام خەلقىنىڭ بۇ تۈيۈقسىز ھۇجۇملىرى ئىراق خەلقىنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئىشنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈندەيتتى.

بۇ ئىشلار ئاز كەلگەندەك، مۇئاۋىيە يېقىنلىشىپ قالغان ھەج مەۋسۇمى مۇناسىۋىتى بىلەن شامدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان ھەج ئۆمىكىگە يەزىد ئىبنى شەجەرە ئەررەھاۋىنى باشلىق قىلىپ قويىدى. بۇ ئۆمەك مەككىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەككىدىكى ۋالىيسى قۇسەم ئىبنى ئابباس قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، خەلق ئارىسىغا كىرىۋالدى. ھىجرىيەنىڭ 39 ـ يىلى، خەلق ئوسمان ئىبنى تەلھەنى ھەج ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىدى.

ھەزرىتى ئەلى يەزىد ئىبنى شەجەرەنىڭ مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەككىگە ماڭغان ھەج ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كەينىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى قارشىلىق بىلدۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئەمرىگە پىسەنت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى مەئقەل ئىبنى قەيسنى بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن مەككىگە يوللىدى. ئەمما بۇلار مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، ھەج مەۋسۇمى ئاياغلىشىپ، ھاجىلار تارقاپ بولغانىدى. ئۇلار شام ئۆمىكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۆمەكنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان بىر قىسمىغا يېتىشىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ كۇفەگە كەلتۈردى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ باش قاتىلاڭچىلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت بىلگەن پارس ۋە كىرمان خەلقى جاسارەتلىنىپ، ئىسلام دۆلىتىگە جىزيە تۆلەشنى رەت قىلدى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ يەردىكى ۋالىيسى سەھل ئىبنى ھۇنەيفنى قوغلىۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى ئۇ يەرگە زىياد ئىبنى ئەبىھنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قايتا باش ئەگدۈردى.

ھىجرەتنىڭ 40 ـ يىلى، مۇئاۋىيە بۇسرى ئىبنى ئەبۇئەرتائانىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ھىجازغا ئەۋەتتى. قوشۇن مەدىنىگە يېتىپ بېرىشى بىلەن، مەدىنە ۋالىيسى ئەبۇ ئەييۇب ئەل ئەنسارى مەدىنىدىن چىقىپ، كۇفەگە كەتتى. مەدىنە خەلقى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئا ۋە ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمە قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا بۇسرىغا بەيئەت قىلىپ، مۇئاۋىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەسمىي قوبۇل قىلدى.

مەدىنە خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ پىكرى بىلەن شۇنداق قىلدى. ئۇممۇ سەلەمە مەدىنە خەلقىنىڭ بېشىغا بىر ئىش كېلىشىدىن قورقۇپ، شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلقمۇ قاتتىق ئەندىشە قىلىپ تۇراتتى.

بۇسرى ئىبنى ئەبۇئەرتائا مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. قوشۇن شەھەرگە كىرىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇرۇنقى ۋالىيلىرىدىن ئەبۇمۇسا ئەل ئەشئەرى ئۆز ھاياتىدىن بەكمۇ خەۋپسىرىدى، ئەمما شام قوشۇنى ئۇنىڭغا چېقىلمىدى



www.munber.org

ۋە ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى. بۇسرى مەككىدىن كېيىن يەمەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. يەمەننى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋالىلىرىدىن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاباس باشقۇرۇۋاتاتتى. خەلق ئۇنىڭغا بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۇبەيدۇللاھ ھەزرىتى ئەلىگە مەكتۇپ ئارقىلىق بۇ توغرىسىدا شىكايەت قىلغانىدى. ھەزرىتى ئەلى خەلققە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما چىرايلىق گەپنىڭ ئۇلارغا كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن، قورقۇپ كەتكەن خەلق مۇئاۋىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇسرى قوشۇنى مۇئاۋىيەنىڭ تەلىماتى بىلەن مەككىدىن يەمەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەسلىدە، بۇسرى يەمەنگە بېرىپ قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلماقچى، ھەتتا تائىف خەلقىنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى، ئەمما مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ نەسىھەتى بىلەن بۇ نىيىتىدىن ياندى.

قوشۇن يەمەنگە يېتىپ بارغاندا، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاباس ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل مەددانىنى قويۇپ، يەمەندىن كۇفەگە كەتكەنىدى. بۇسرى شەھەرگە كىرىپ، بۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئەمما ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ كەينىدىن جارىيە ئىبنى قۇدامە ۋە ۋەھب ئىبنى مەسئۇدنى ئىككى مىڭدىن جەمئىي تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھىجازغا ئەۋەتتى. جارىيە نەجرانغا يېتىپ كەلگەندە، بۇسرى يەمەندىن مەككىگە قاچتى. جارىيە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مەككىگە كىردى ۋە خەلقنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئۇنىڭغا مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەككە خەلقىدىن ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى كىمگە بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭمۇ شۇنىڭغا بەيئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مەككە خەلقى بۇنى قوبۇل كۆردى.

جارىيە مەككىدىن مەدىنىگە يۈرۈش قىلىپ، شەھەرگە كىردى. خەلققە ئەبۇھۇرەيرە ئىماملىق قىلىۋاتاتتى. قوماندان جارىيە مەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، خەلق ھەزرىتى ھەسەنگە بەيئەت قىلدى.

ھەزرىتى ئەلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشماس بولۇۋالدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىلىرى، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشلىرى ئۇنىڭ الله يولىدا مېڭىشىغا، مول تەجرىبە ۋە تىرەن ئىلمى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قىلالمىغانىدى.

بىر ۋاقىتلاردا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى ماختاپ: «ئەلى ئارىمىزدىكى ئەڭ ياخشى سوتچىدۇر» دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئەلىمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش ئىنتىزامچانلىق بىلەن ئىش قىلغانىدى ۋە ساھابىلەرنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلىشىنى چەكلىگەنىدى. ئۇمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش قولىدىكى قامچىسى بىلەن ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ئەدىبىنى

بېرەتتى. ئۇ ھىزىيۇران دەپ ئاتالغان بىر دەرەختىن قىلىۋالغان كالتىكى بىلەن ھەمىشە كىشىلەرنى ئەدەبلەپ تۇراتتى.

بازار - رەستىلەرنى ئايلىنىپ، مال باھاسىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى، تىجارەتچى، سودىگەرلەرگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە يامانلىقتىن نېرى تۇرۇشقا ئۈندەيتتى. مەسجىدتە ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ دەرت - شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى، مەسىلىلىرىنى ھەل قىلاتتى، بىر - بىرىنى ياراشتۇراتتى. جامائەتكە خىتاب قىلاتتى ۋە ئۇلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى بېرەتتى.[1]

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېھىت قىلىنىشى

بىر كۈنى، خاۋارىجلاردىن بىر نەچچە كىشى بىر يەرگە يىغىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىقلار ھەققىدە پاراڭلاشقاچ، نەھراۋاندا يوقىتىپ قويغان يېقىنلىرىنى ئەسلەشتى ۋە ئۇ ئىشقا بولغان نارازىلىقىنى ۋە غەزەپ - نەپرەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇ ۋەقەگە ھەزرىتى ئەلى، مۇئاۋىيە ۋە ئەمر ئىبنى ئاسنى سەۋەبچى بولدى دەپ قارىشىپ، بۇ ئۈچ كىشىنى يوقىتىۋەتكەندىلا، ئۈممەتنىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى خىيال قىلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلدى.

بۇلاردىن ھەزرىتى ئەلىنى ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇلجەم ئەل مۇرادى ، مۇئاۋىيەنى بۇراق ئىبنى ئابدۇللاھ ، ئەمر ئىبنى ئاسنى ئامىر ئىبنى بەكىر ئەت تەمىمى ئۆلتۈرىدىغانغا كېلىشتى. بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق ۋە ھىجرىيە 40 - يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى بامدات نامىزى ۋاقتىدا بۇ ئۈچىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بىر - بىرىگە قەسەم بېرىشتى.

بۇ ئۈچ سۈيىقەستچىدىن ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇلجەم بىر كۈنى تەيمۇرراباب قەبىلىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ يەردە گۈزەللىكى بىلەن نام چىقارغان قەتۇم بىنتى شەجەنە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ قىزنىڭ يېقىنلىرىمۇ نەھراۋاندا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئىبنى مۇلجەم بۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. بۇ قىز ئىبنى مۇلجەمدىن ناھايىتى ئېغىر مېھىر ھەققى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپىدە ئۈچ مىڭ دىنار، بىر قۇل، بىر دېدەك ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ بېشى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئابدۇررەھمان ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ۋە بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن:

[1] «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 357 ـ، 359 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 490 ـ، 498 ـ، 501 ـ، 508 ـ بەتلەر.

www.munber.org

ـ مەن شەرتىڭنى قوبۇل قىلىمەن. ئەمما بۇ سۆزلىرىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىسى بىلەن بىللە ياشاشنى خالىمايدىغان بىرىنىڭ سۆزىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ـ دەپ سورىدى. قىزمۇ ئۇنىڭغا:

ـ ئەگەر قۇتۇلۇپ قالساڭ، ئەلۋەتتە، بىرلىكتە ئەڭ بەختلىك هالدا ياشايمىز. ئەگەر قۇتۇلالمىساڭ، سېنىڭ بىلەن جەننەتتە بىللە بولىمىز!ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇررەهمان ئىبنى مۇلجەمنىڭ بولغۇسى ئايالى ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپ بىلجىرلىدى. هالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بېشارىتى بويىچە ئېيتقاندا، هەزرىتى ئەلىنىڭ قاتىلى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەسكىشى ۋە ئەڭ بەدبەختى ئىدى. نىهايەت، پىلانلانغان كۈن يېتىپ كەلدى. ئىبنى مۇلجەم زەهەرلىك بىر قىلىچ بىلەن هەزرىتى ئەلىنى شېهىت قىلدى.[1] بۇراق ئىبنى ئابدۇللاهمۇ مۇئاۋىيەنىڭ

---

[1] ألله نىڭ شىرى، رەسۇلۇللاهنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، رەسۇلۇللاهنىڭ كۈيئوغلى، مەسلىهەتچىسى، قىيىن كۈنلىرىكى جان يولدىشى، مۇبارەك ئورۇنباسارى، بەدرى، ئۇهۇد ۋە خەيبەر غازاتلىرىنىڭ قەهرىمانى، ئىلىم ۋە ئىرپان بۇلىقى، هەسەنەين (هەسەن ۋە هۈسەين) نىڭ شەپقەتلىك دادىسى، جەننەت دىلبەرلىرىنىڭ خانىشى هەزرىتى فاتىمەنىڭ يولدىشى، ئۇلۇغ ساهابە هەزرىتى ئەلى بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ خەيىرلىك شەخسلىرىدىن بىرى بولۇپ، هايات ۋاقتىدا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرىدۇر.

تارىخچىلار ئۇنىڭ شېهىت قىلىنىشىنى هەرخىل ئۇسلۇب ۋە ژانىرلار ئارقىلىق كىتابخانلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ قەلبىدە ئىز قالدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ تېمىنى هېسسىي مەزمۇنلار بىلەن جانلاندۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. هالبۇكى، بۇ ئىنساننىڭ هاياتى ۋە شېهىت قىلىنىشىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە مەيدانغا كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەر هەققىدە ئىزدىنىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

هەزرىتى ئەلىنىڭ شېهىت قىلىنىشى ئاساسەن هەزرىتى ئوسماننىڭ شېهىت قىلىنىشى بىلەن باشلانغان ۋە ئىسلام تارىخىدا تۈنجى ۋە ئەڭ چوڭ پىتنە دەپ ئاتالغان ۋەقەنىڭ ئىككىنچى هالقىسى ئىدى. تەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ۋەقەلەر 1400 يىللىق زامان ئىچىدە ئۈچ ئايرىم پىكىر ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. پەلسەپەۋي، روهانىي، سىياسىي ۋە ئىدىيەۋي چۈشەنچىلىرى، رادىكال مەۋقەسى ۋە پوزىتسىيىسى قاتارلىق جەهەتلەردىن ئىسلامنىڭ ئەسلى سىزىقىدىن يىراقلاپ كەتكەن بۇ ئۈچ ئېقىم: خاۋارىجلار، شىئەلەر ۋە سوپىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغان بۇ ئۈچ ئاشقۇن ئېقىم ئىچىدىكى خاۋارىجلار سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەهەتتىن ئەڭ دەسلەپ تولۇق تەشكىللەنگەن ئېقىمدۇر.

خاۋارىجلار هەزرىتى ئەلى دەۋرىدە باشلىنىپ، ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئاساسى جەهەتتىن يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، هەزرىتى ئەلىنى شېهىت قىلىپ شىئەلىك ۋە سوپىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەڭ چوڭ رول ئوينىغانىدى. بۇ سەۋەب بىلەن، خاۋارىجلار پەقەت جىنايەت تەشكىلاتى بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخنىڭ هەر بىر دەۋرىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكىنى بۇزغان، مۇسۇلمانلارنى ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ توغرا يولىدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنغان، هەرخىل دىنلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىڭبىر تۈرلۈك بىدئەت ۋە خۇراپىيلىقلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادىتىنى ئۆزگەرتكەن، ئۇلارنى زامانىمىزدىكى دىنسىزلىق، بۇتپەرەسلىك ۋە دېموكراتىزمغا ئوخشاش ئازغۇن پىكىرلەر بىلەن باشقۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان گۇرۇهلارنىڭ، ئەسكىرىي ۋە خەلق باسقۇنچىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى بولغان شىئە ۋە سوپىلىققا ئوخشاش ئېقىملار پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاۋارىجلار تەييارلىغان شارائىتتا مەيدانغا كەلگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈنىمىزدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم تارىخنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە كۆز يۈگۈرتىشىمىز ۋە ئۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تۈنجى ئوت

پاقالچىقىدىن ياردار قىلدى، ئەمما مۇئاۋىيە داۋالىنىپ ساقايدى. ئۇ، بۇ ھادىسىدىن كېيىن مەخسۇس سېلىنغان سارايدا تۇرىدىغان بولدى (بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئېلىنغاندىن كېيىن زىيارەتچى قوبۇل قىلاتتى).

مۇئاۋىيەنىڭ مىسىر ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاسقا كەلسەك، ئۇ سۈيىقەست كۈنى بىتاپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەسجىدكە چىقالماي، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئامانلىققا مەسئۇل خادىم خارىجە ئىبنى خۇزافەنى ئىمام قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا سۈيىقەستچى بۇ كىشىنى ئەمر ئىبنى ئاس دەپ ئويلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

ھەزرىتى ئەلى زەربە يېگەندىن كېيىن، جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىزنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولساق، ھەزرىتى ھەسەنگە بەيئەت قىلامدۇق؟ - دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەلى:

— مەن سىلەرگە شۇنداق قىلىڭلار ياكى قىلماڭلار دېيەلمەيمەن. سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى مەندىن ياخشىراق بىلىسىلەر،- دەپ ئىخچام جاۋاب بەردى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئۆز قاتىلىنىڭ بەدىنىنى پارچىلىۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىڭلار. ئەگەر مەن ئۆلمەي قالسام، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن،- دېدى.

ھەزرىتى ئەلى ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. ئۇنى باللىرى ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى جافەر يۇيۇپ كېپەنلىدى.

ئۇنىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت بەكمۇ كۆپ بولۇپ، زادى نەگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

ھەزرىتى ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلق دەرھال يىغىلىپ ھەزرىتى ھەسەنگە بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان كىشى قەيس ئىبنى سەئد ئىدى.

ھەزرىتى ھەسەن خەلىپىلىك ماقامىدا ئالتە ئايغا يېقىن ئولتۇردى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇممەتنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

---

پىلتىسىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ۋەقەلەر بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي چېتىشلىقتۇر.



www.munber.org

ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولدى ۋە مۇئاۋىيەنى يېنىغا دەۋەت قىلدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلدى.

ھىجرىيەنىڭ 41 ـ يىلى، رابىئەلئەۋۋەل ئېيىدا خەلىپىلىك ئورنىدىن ۋاز كەچتى. مۇئاۋىيە كۇفەگە كېلىپ خەلىپىلىكنى قولىغا ئالدى. ھەزرىتى ھەسەن ئىنىسى ھۈسەين بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كۆچتى. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ھەسەننىڭ بۇ قارارىغا ھەزرىتى ھۈسەين ۋە قەيس ئىبنى سەئد قارشى ئىدى.

تۆت خەلىپە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورناتقان، ھەققانىيەت ۋە ھەقىقىي ئادالەتكە تايانغان سىياسىي رەھبەرلىك) شۇنداق قىلىپ ئاخىرلاشتى. ئۇلاردىن كېيىن ھەق ۋە ئادالەتتىن يىراقلىشىش بىلەن پەيدا بولغان يوچۇق كۈنسېرى يوغىناپ باردى.[①]

① «ئەل كامىل» ئىبنۇل ئەسىر، 3 ـ جىلد، 397 ـ، 404 ـ، 406 ـ، 411 ـ بەتلەر؛ «ئەل بىدايە» ئىبنى كەسىر، 7 ـ جىلد، 508 ـ، 525 ـ بەتلەر.